تۇرسۇن لېتىپ

# زېمىن مۇھەببىتى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ISBN 7-228-09193-0
9 787228 091935 >

5

ISBN 7-228-09193-0
（民文）定价：19.00元

15
1247.5
113

تۇرسۇن لېتىپ

# زېمىن موھەببىتى

( رومان )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەمتىمىن شىپە
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئەلى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# زېمىن مۇھەببىتى

(رومان)

## تۇرسۇن لېتىپ

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى لۇڭيىدا مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168، 1/32 مىللىمېتىر
باسما تاۋىقى: 12.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2004 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN 7—228—09193—0
باھاسى 19.00 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

土地之情/吐尔逊·力提甫著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2004.12

ISBN 7—228—09193—0

Ⅰ. 土… Ⅱ. 吐… Ⅲ. 长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. 1247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 136555 号

责任编辑:买买提依明·西帕
责任校对:帕丽达·艾力
封面设计:艾克拜尔·萨里

**土地之情** （维吾尔文）
（长篇小说）
**吐尔逊·力提甫** 著

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新 疆 新 华 书 店 发 行
乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 12.625 印张 2 插页
2004 年 12 月第 1 版 2004 年 12 月第 1 次印刷
印数：1 — 3000

ISBN 7—228—09193—0 定价:19.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە .............................. 1
بىرىنچى باب ھەسرەت ۋە ئىشقۋازلار .......... 10
ئىككىنچى باب تۇل خوتۇنلار ئاشخانىسى ........ 42
ئۈچىنچى باب سۈرىتىنى تارتىش .............. 64
تۆتىنچى باب ئەندىشىلىك كۈنلەر .............. 79
بەشىنچى باب تۇل خوتۇنلار غېمىدە .......... 103
ئالتىنچى باب داۋۇت دودەن .................. 115
يەتتىنچى باب تۇردى تۇلۇم .................. 143
سەككىزىنچى باب ئېدىتلىق ئىش .............. 168
توققۇزىنچى باب قىمار دەردى ................ 186
ئونىنچى باب ئەرەنچە كىيىنگەن سودىگەر ...... 211
ئون بىرىنچى باب ھېكمەت ئىشكىنى ئېچىش ...... 233
ئون ئىككىنچى باب مېھرىگۈلنىڭ گۈللىرى ........ 256
ئون ئۈچىنچى باب يېشىلزارلىق .............. 267
ئون تۆتىنچى باب چوپان قىز ................ 287
ئون بەشىنچى باب ساختىمۇ ئالدىنىدىكەن ........ 314
ئون ئالتىنچى باب «ئۇھ» .................... 334
ئون يەتتىنچى باب ئۆي يولغا چىقىپ كەتكەندە ...... 366
خاتىمە .................................. 388

# مۇقەددىمە

## 1

ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىي بېكىتىدىن كەچ سائەت يەتتىدە چىق-قان ئاپتوبۇس تاشپاقىدەك ئۆمىلەپ، ئەتىسى سەھەر سائەت ئۈچتە شىخوغا ئاز قالغان جايدىكى سايغا يېقىنلاشتى. قاتتىق سوقۇلۇش پەيدا قىلغان سىلكىنىشتىن يولۇچىلار ئويغىنىپ كەت-تى، خوتۇن - قىزلار چىرقىرىشىپ كەتتى. مالىمانچىلىق ئىچىدە بىر ئايالنىڭ:

— ۋاي ئانىمەي، نېمە بولدى؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاپتوبۇس تېيىلىپ بېرىپ، ئالدىدا تۇرغان يۈك ماشى-نىسىغا ئۇرۇلدى.

— قاراڭلار، ئاپتوبۇسنىڭ ئالدى چوڭ ئەينىكى پىقىش - پىقىش بولۇپ كېتىپتۇ.

— يائاللا، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز؟...

ئۇلار دېگەندەك ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىدىن سوغۇق كىرىپ ھەممىنى مۇزلاتقىلى تۇردى. ئەرلەر ئاپتوبۇستىن يەرگە چۈ-شۈشتى. سايغا كىرىدىغان يول تىكرەك ئىدى. 3 - ئاينىڭ ئاخىرى بولسىمۇ يول توڭ ئىدى. قار پاختەكتەك - پاختەكتەك چۈشۈۋاتاتتى. ئاپتوبۇس تېيىلغىنىچە سول تەرەپ يولدىن چى-قىپ، تېيىلىپ بېرىپ قىڭغىر توختاتقان يۈك ماشىنىسىنىڭ كەينى ساندۇقىغا ئۇرۇلغىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ھاي يىگىتلەر، تېز يولنىڭ چېتىگە چىقىڭلار، يەنە بىر ماشىنا تېيىلىپ كېلىپ مىجىۋەتمىسۇن! — دېدى يولنىڭ يېنى-

www.uyghurkitap.com

دىكى دۆڭدە تۇرغان بوۋاي.

شۇ ھامان بوۋاينىڭ ئاغزىدىن سائەت چىققاندەك، سايدىن دۆڭگە چىقىۋاتقان بىر يۈك ماشىنىسى كەينىچە تېيىلىپ كېلىپ، ئاپتوبۇسنىڭ كەينىگە گاچچىدە ئۇرۇلدى. ئاپتوبۇسنىڭ كەينى ئەينىكىمۇ پاچاقلاندى. يىگىتلەر بوۋاينىڭ گېپىگە كىرىپ، يول چېتىگە چىقىپ ئۈلگۈرگەنىدى. شوپۇرلارنىڭ بىر-بىرىگە ۋارقىراپ دېيىشكەن قوپال سۆزلىرى كۆپەيدى.

— سېنى تۇغقان ئاناڭنى تىللاۋەرمەي، ئاۋۋال مۇنۇ مۇزلاپ كەتكەن ئانا - بالىلارنى ئىسسىقراق يەرگە ئاپىرىشنىڭ ئامالىنى قىل! — دېدى بوۋاي.

ئاپتوبۇستىكى خوتۇن - قىزلار يولۇچىلارنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيتتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر چىرايلىق ئايال بىرىنچى رەتتە ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتى. قورققان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ نەچچە سائەت ئىلگىرى ساۋەندىكى خۇيزۇ ئاشخانىسىدا بوۋاينىڭ سامسىسى ۋە نېنىنى يەپ قورسىقىنى تويغۇزغان، شۇندا بوۋاي ئۇنى تونۇغاندەك قىلغانىدى. ئەدەب يۈزىسىدىن كىملىكىنى سورىمىغان ۋە سىنچىلاپ قارىمىغانىدى ... شوپۇرنىڭ ياردەمچىسى يولۇچىلارنى نەگىدۇر باشلاپ كەتتى. گۈزەل خانىم بولسا، جايىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى. بوۋاي ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ھوي سىڭلىم، سوغۇق بولۇۋاتىدۇ، يولۇچىلار بىلەن بىللە ئىسسىق ئۆيگە بېرىڭ.

— رەھمەت، بارغۇم يوق، — دېدى ئايال كەينىگىمۇ قارىماي.

بوۋاينىڭ كۆڭلىگە «يولدا يولدىشىڭنى سىنا» دېگەن ماقال كەلدىمۇ، بۇ گۈزەل ئايالنى يالغۇز تاشلاپ كەتكۈسى كەلمىدى. ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— سىز مېنى تونۇمىدىڭىز، — دېدى ئايال، — ئاخشام «ئۆز مۇئەللىمىم ئىكەنغۇ» دەپ ئىشەنچلىك هالدا تامىقىڭىزغا شېرىك بولغانىدىم. بەلكىم مېنى قېلىن خوتۇنكەن دەپ قالغانسىز.

— ئوهوي، سىز ... سىز هېلىقى مۇشتۇمدەك، گېپىڭىز چاقماقتەك ئوقۇغۇچۇم مېهرىنگۈلغۇ! مانا قاراڭ، بىرىنچى قېتىم كۆرسانتىلىرىم بىلەن ماڭا تاماق ئېتىپ بەرگىنىڭىزدىمۇ تونۇيالمىغانىدىم، ئەمدىزە، هەي قېرىلىق!

— مېنى راستتىنلا تونۇدىڭىز، مەن ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، — بۇ مېهرىنگۈلنىڭ نەچچە سائەتتىن بېرى قىلغان تۇنجى سۆزى بولدى.

قاتناش ساقچىلىرى كېلىپ، ئاپتوموبىللارنىڭ سوقۇلۇش سەۋەبلىرىنى تەكشۈردى. يول ياسىغۇچى ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلار يولغا شېغىل، كۆمۈر ئۇۋاقلىرىنى تۆكتى. شۇڭغىچە ئۇلار ئوبدان مۇڭدىشىۋالدى. مېهرىنگۈل ئوغلىنىڭ ئاغىنىسىنى شاڭخەيدىن تېپىپ، ئۇنىڭدىن قەرز پۇلنى ئۇندۇرۇپ كەلگىنىنى سۆزلەپ ئۈلگۈردى. سائەت 12 دە ئاپتوبۇس سايىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتى. ئۇ يەردە قاتار كەتكەن ئاشخانىلار بار ئىدى. شوپۇر يولۇچىلارنى تاماق يەۋېلىڭلار، دەپ قويۇۋەتتى.

مۇئەللىم مېهرىنگۈلنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي، خۇيزۇ ئاشخانىسىغا باشلاپ كىردى. مۇئەللىم خۇيزۇ ئاشخانىسى بولغاندىكىن، خۇيزۇچە تاماق بۇيرۇتتى.

— هەي، هازىر يول ئۈستىدىكى ئاشخانىلارمۇ بولۇۋالدى. شوپۇرلارنى بىكار ئېسىل تائام، پۇل بىلەن سېتىۋالدى. يولۇچىلار ئامالسىز ئىسسىق ئۆتسۇن، دەپ لازا بىلەنلا قورۇغان تامىقىنى يېيىشكە مەجبۇر، ئۇلار سىزدەك لەڭمەن ئېشەلمەيدۇ.

— مېنىڭ لەڭمىنىمنى ئۇنتۇماپسىز - دە.

— سىزنى ئۇنتۇغان بىلەن ئاغزىمدا قالغان تەملىك تامىقى-

كىزنى ئۇنتۇغىنىم يوق!

## 2

مۇئەللىم سەپەرگە چىقىپ تەمىسىز تاماق يېگەندىلا مېهر-
گۈلنىڭ تامىقىنى ئەسلەيتتى. ئون يىل مۇقەددەم مۇئەللىم
ناھىيىسىدە ئېچىلغان يازلىق تەتىلدىكى كۇرسقا دەرس ئۆت-
تى. چۈشلۈك تاماققا كۇرس ئېچىلغان مەكتەپ ئاشخانىسىغا
كىردى، ئاشخانا چىنىدەك پاكىز، سۇ سېپىلگەچكىمۇ سالقىن
ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر تەخسە لەڭمەن قويۇلدى. ئۇ بېشىنى
كۆتۈرۈپ لال بولۇپ قالدى. لەڭمەن كۆتۈرۈپ كەلگەن قىز
قاشلىرى بەرگى قىياقتەك، قاڭشىرى ئېقىپ چۈشكەندەك، ئاغ-
زى ئويماقتەك چىرايلىق، ئاپئاق يۈزى سۈزۈك قىز ئىدى. قىز
شەھلا كۆزلىرىنى مۇئەللىمگە تىكىپ تەكلىپ قىلدى:

— ئوخشىمىسىمۇ تاماققا بېقىڭ، مۇئەللىم.

قىز كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى – دە،
يەنە ئىككى تەخسە لەڭمەن كۆتۈرۈپ چىقىپ، كۇرسانتلار ئالدىغا
قويدى، ئۇ ماڭغان، ئېگىلگەندە بېلىدىن ئېشىپ تۇرغان سۇم-
بۇل چېچى يەلپۈنۈپ تۇراتتى. مۇئەللىم ئۇنىڭ گۈزەل سۇمبا-
تىدىن كۆزىنى ئېلىپ، تەخسىنى ئالدىغا تارتتى، ئاشپەزنىڭ
چېچىدەك ئىنچىكە سوزۇلغان لەڭمەننى ئىلەشتۈرۈپ، بىر چوكا
ئاغزىغا سالدى، «پاھ، نېمىدېگەن تەملىك، يېسە يېگۈسى كەل-
گۈدەك». ئاشپەز ھەممە كۇرسانتلارغا ئاش توشۇپ بولۇپ،
مۇئەللىمگە لەڭمەن سۈيى ئېلىپ كەلدى. مۇئەللىم:

— سىز يالغۇز ئىشلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

قىز جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىشىگە «ھەدە»
دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بوسۇغىدا ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر
ئوغۇل تۇراتتى، بالىنىڭ كىيىمىگە ياماق سېلىنغان بولسىمۇ



www.uyghurkitap.com

پاكىز ئىدى. مۇئەللىم يېنىدا تاماق يەۋاتقان كۇرسانتتىن سورى-
دى:
— ئاۋۇ بالا ئاشپەزنىڭ ئىنىسى ئوخشىمامدۇ؟
كۇرسانتلار پىخىلداپ كۈلۈشتى، كۇرسانت:
— ياق، مۇئەللىم، ئۇنىڭ ئوغلى، — دېدى.
مۇئەللىم ئىشەنمىدى. ياپياش قىزنىڭ شۇنچە چوڭ ئوغلى
بار، دېسە كىممۇ ئىشەنسۇن؟ ئاشپەز ئايال ئوغۇلنى بوسۇغىدىلا
قايتۇرۇۋېتىپ، چىنە - قاچىلارنى يىغىشتۇرغىلى باشلىدى.
— ئۇ بالىغا تاماق بەرمەيلا قايتۇرۇۋەتتىڭىزغۇ.
— ھەي مۇئەللىم، — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ئاشپەز
ئايال، — ئۈچ بالامغا بۇ ئاشخانىدىن تاماق بەرسەم ماڭا كۈنىگە
بېرىدىغان ئىككى سوم ئىش ھەققىمۇ يەتمەيدۇ - دە، تېخى بۇ
ئىككى سومنى مۇشۇنداق كۇرس ئېچىلسىلا تاپالايمەن.
— ئىش ھەققىڭىز بەك تۆۋەنكەنا!
— بۇغۇ ئادەتتىكى ئىش، — دېدى ئاشپەز ئايال ئۇلۇغ -
كىچىك تىنىپ، — ئۈچ بالامنى باقىمەن، دەپ يەتتە يىلدىن
بېرى كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئۆلمىدىم، ئۇنىڭ بىرىسى بولدۇم.
دېھقانچىلىقنىڭ ئېغىر ئىشلىرىغا قارىغاندا، بۇ يېنىك. ئەترەتتە
كۈنىگە بىر تىيىندىن ئىشلىگەندىن كۆرە، بۇ يەردە ئىككى
سومدىن ئىشلىگىنىم ئەلا ئەمەسمۇ؟
— ئېرىڭىزچۇ؟
ئاشپەزنىڭ شەھلا كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىدى.
— يەتتە يىل مۇقەددەم ئېتىلىپ كەتكەنىدى...
ئۇنىڭ بوش ئاڭلانغان بۇ سۆزى مۇئەللىمگە قاتتىق تەسىر
قىلدى. ئۇ خىجىل بولغان ئاۋازدا:
— كەچۈرۈڭ، كۆڭلىڭىزنىڭ زىل تارىنى چېكىپ قويۇپتى-
مەن، — دېدى.
— مېنىڭدە پەقەت بىرلا، يەنى بالىلىرىمنى ئوقۇتۇپ قاتارغا

قوشۇش دېگەنلا ئارزۇ بار. بۇ ئارزۇ مېنى يەر ھەيدەشتىن تارتىپ، ھوسۇلنى يىغىۋالغۇچە بولغان بارلىق ئىشنى چىدام بىلەن قىلىشىمغا ئۈندەيدۇ. ھەممىدىن ئېغىرى سۇ تۇتۇش. بايىقى ئوغلۇم «مەن تۇتىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. مەن «بالام، ئەلا ئوقۇساڭلا ھاردۇقۇم چىقىدۇ» دەپ ئۇنى ئىشقا سالمىدىم. بالىلىرىم ياخشى ئوقۇۋاتىدۇ.

ئۇ قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. كۇرس باشقۇرغۇچى مۇئەللىمگە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

— ئېغىر ئەمگەك، بالىلىرىنىڭ غېمى بۇ جۇۋاندا ئانچە تەس كەلمىدى، ئەمما ئۇنىڭ گۈزەل جامالى ئۇنىڭغا ئېغىر ھەسرەت ـ نادامەتلەر ئېلىپ كەلدى. ئۇ يىگىرمە ئۈچ يېشىدا ئېرىدىن تۇل قالغان. مەن ـ مەن دېگەن باشلىق، سودىگەر، باي خوجايىن، ھەتتا ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەرمۇ «كۆيدۈم ـ پىشتىم» دەپ ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى. بەزىلىرى ئەلچى كىرگۈزدى، بەزىلىرى كوچىدا توستى، لېكىن ئۇ ئۇلارغا: «مەن ئەرگە تەگمەيمەن، بالىلىرىمنى يارامliق ئادەم قىلىمەن!» دەپلا جاۋاب بەردى. بۇنىڭغا كۆپ قىسمى ئىشەنمىدى، ئۇ كوچىدا ماڭسا «پاھ ـ پاھ، كوچىغا ئاي چۈشتى! ...» دېيىشتى. كېچىسى ئۇنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىسىنى چېكىدىغان، ئۆگزىسىگە چالما ئاتىدىغان قىلىقلارمۇ پەيدا بولدى. بۇنداق قىلىقلار ئۇنى كېچە ـ كېچىلەپ يىغلاشقا مەجبۇر قىلاتتى. ھەي مۇئەللىم، چىراي دېگەنمۇ ئادەمگە دۈشمەنكەن.

— ئەرگە تېگىپلا بۇ خاپىچىلىقلاردىن قۇتۇلسا بولمامدۇ؟

— ئۇنداقتىغۇ بەختى ئېچىلاتتى، بىراق ئۇ ياشلىقىنى بالىلىرى ئۈچۈن قۇربان قىلىۋاتىدۇ...

ئىككى خىل ھېسسىيات مۇئەللىمنىڭ مېڭىسىنى چىرمىۋالدى. ئۇ مۇشۇ گۈزەل ھۆسنى بىلەن بىرەر ئەرگە تەگسە نەقەدەر بەختلىك ئۆتەر ئىدى ـ ھە! ياش ئۆمرىنى بىكارلا خازان

قىلىۋېتىپتۇ! بۇنىڭغا مۇئەللىمنىڭ يەنە بىر ھېسسىياتى قارشى تۇردى: ئۇنىڭ پاك قەلبى بالىلىرىغا تەلپۈنگەن، ئۇ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق تارتىدۇ، ئەمما پەرزەنتلىرىنى مەڭگۈلۈك بەختلىك قىلىدۇ!...

مانا ھەش - پەش دېگۈچە ئون يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. مۇئەللىم ئاشپەز، يەنى مېھرىگۈل بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ يەنىلا ئەرنىڭ خوۋلىقىنى كۆرمەي تۇل ھالدا ئۇزاق يىللارنىڭ سىيھىرلىك كېچىلىرىنى ياستۇقنى ھۆل قىلىپ ئۆتكۈزۈۋاتقان-مىدۇ! مېھرىگۈل شۇ چاغدا ئۇنىڭغا: «بالىلىرىم بايلىقىم، بەختىم» دېگىنى ئېسىگە كەلدى. ھە، مېھرىگۈلنىڭ ھېلىقى ئوغلى، قىزى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلا بولسا ياكى ئوقۇمۇش-لۇق ئادەم بولالىغانلا بولسا، ھەقىقەتەنمۇ ئۇ بەختلىك ئانىدۇر.

مۇئەللىم ھاياجان بىلەن پىكىر ئېقىمىغا كىرىپ كەتتى:

— مېھرىگۈل بىلىمنىڭ ناھايىتى زور كۈچ ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئانا. بىلىملا خەلقنى نۇرلۇق يولغا باشلىيالايدۇ، خۇددى نۇرلۇق مەشئەلدەك، قۇياشنىڭ پارلاق نۇرىدەك كىشىلەر قەلبىنى نۇرلاندۇرىدۇ. نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. بىلىم-سىزلىك — نادانلىق. بۇ نادانلىق خەلقىمىزگە ئاز بولمىغان كۈلپەتلەرنى كەلتۈردى. ئەمدى بىلىمسىز ياشاشقا ئورۇن قالمى-دى. بەزى پۇلى، مال - دۇنياسى تۇرۇپمۇ بالىلىرىنى ئوقۇتماي-دىغان، بالىلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىمايدىغان ئاتا - ئانىلار-مۇ بار، ئۇلارغا لەنەت!

## 3

— يەنە چاتاق چىقتىمۇ، نېمە؟

مۇئەللىم سوئالغا جاۋاب بەرمەي ئاپتوبۇستىن چۈشتى. ئۇ بىر يۇك ماشىنا شوپۇرىدىن سورىۋىدى، شوپۇر تەلكىنىڭ تېغىدا

قار كۆچۈپ، يول توسۇلۇپ قالغىنىنى سۆزلەپ بەردى. ئاپتو-
بۇس شوپۇرى:
— يېقىنلا يەردە ئەرزان ياتاق بار، شۇ يەرگە چۈشەيلى.
يول ئېچىلغان هامان ماڭىمىز، — دېدى.
شوپۇر باشلاپ بارغان ياتاق ئىلگىرى هەربىيلەر تۇرغان
گازارما ئىكەن. كۈتكۈچى توپا بېسىپ كەتكەن كارىۋاتلاردىكى
كۆرپىلەرنى سۈپۈردى. ياتاق هەققى بەش سوم ئىكەن. مۇئەل-
لىمنىڭ يېنىدا بارى - يوقى ئالتە سوملا قالغانىدى. بىر سومغا
نان ئېلىپ قويدى. ئەتىسى سائەت يەتتىدە ئاپتوبۇس يولغا چىق-
تى. مۇئەللىمنىڭ كۆزى قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ماشىنى-
لاردا ئىدى. ئۇ بىردىن:
— يول ئېچىلىپتۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتكىنىنى تۇيماي قال-
دى.
— قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى مېهرىنگۈل.
— ئاۋۇ ئۆتۈپ كەتكەن ماشىنا ئىلىنىڭ ئىكەن. نومۇر
بەلگىسىدىن بىلدىم.
— ئۇھ، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم.
مېهرىنگۈل ئەمدى سىرىنى پاش قىلدى. ئۇ چوڭ ئوغلىنىڭ
ئالمۇتىدا ئوقەت قىلىۋاتقىنىنى، ئۆزىنىڭ تاشلىق يەرنى گۈل-
زارلىققا ئايلاندۇرغىنىنى، مۇرابىا زاۋۇتى قۇرماقچى بولغاندا،
پۇل يېتىشمىگىنىنى، ئاخىر ئوغلىدىن قەرز ئېلىپ شاڭخەيگە
بېرىۋېلىپ، قەرزىنى بەرمىگەن ئوغلىنىڭ ئاغىنىسىدىن 500
مىڭ سومنى ئېلىپ كەلگىنىنى، بۇ پۇلنى بانكىغا قويۇۋەتكەنلى-
كىنى، يول راسخوتىغا ئاز پۇل ئېلىپ قالغاچقا، مۇئەللىمنىڭ
تامىقىنى يېيىشكە مەجبۇر بولغىنىنى مۇئەللىمگە هېكايە قىلىپ
بەردى. مۇئەللىم ئاڭلاپ بولۇپ قايىل بولدى ۋە:
— ئەمدى يەرلىك مەهسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەڭ، بار
پۇلىڭىز يەتمىسە بانكىدىن قەرز ئېلىڭ! — دېدى.
— يەرلىك مەهسۇلاتلارنى قانداق پىششىقلاشنى دەيسىز؟

— بەرپا قىلغان بېغىڭىزنىڭ مېۋىسىدىن مۇراببا چىقى-
رىلىك، گۈللەردىن ئەتىر چىقىرىلىك، بوردىغان مالنىڭ گۆشىدىن
گۆش كونسېرۋاسى، قېزا قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقى-
رىلىك، دېمەكچىمەن.
— شىركىتىمىزدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى خوتۇن - قىز-
لار، ئۇلار ھۆددىسىدىن چىقالارمۇ؟
— قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە، —
دېدى مۇئەللىم كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا، — كوممۇنا دەۋرىدە نى -
نى ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلغان ئاياللار ئەمدى قىلالماسمۇ؟ قىلى-
دۇ، قىلغاندا، ھەسسىلەپ قىزغىنلىق، تىرىشچانلىق بىلەن
قىلىدۇ.
— مۇئەللىم، سىز ئون يىل مۇقەددەم بىزگە ئۆتكەن دەر-
سىڭىزدە «بىئولوگىيىلىك تۈرلەرنى تەڭ راۋاجلاندۇرمىساق تە-
بىئەت ھالاك بولىدۇ. تەبىئەت ھالاك بولسا، ئىنسانىيەتمۇ ھالاك
بولىدۇ» دېگەنىدىڭىز. مەن بۇنى ئەمەلىيىتىمدە ئىسپاتلىدىم.
— پاھ، سىز ئۇ بىلىملەرنى دەرسىمگە قاتناشماي تۇرۇپ
نەدىن بىلىۋالدىڭىز؟
— كۇرستا دەرس ئۆتكىنىڭىزدە سىنىپ ئىشىكىنى قىيا
ئېچىپ قويۇپ ئاڭلىغانمەن.
مۇئەللىم ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ھەيرانلىق، ھەم قايىللىق
بىلەن قارىدى. بۇ قاراشقا مېھرىگۇل مۇنداق ئىلتىجا بىلەن
جاۋاب قىلدى:
— سىز مەھەللىمىزگە بىر بېرىپ كەلسىڭىز مۇئەللىم،
بىز تۇل خوتۇنلارغا ئاتىدارچىلىق قىلغان بولاتتىڭىز.
— بارىمەن، ئەلۋەتتە بارىمەن. سىلەرنىڭ ئىش - نەتىجەڭ-
لار مېنى بەكمۇ قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ.

## بىرىنچى باب

# ھەسرەت ۋە ئىشقۋازلار

### 1

نورۇز — يىلنىڭ باشلىنىشى. كىشىلەر ھاياتىنىڭ يېڭى بىر قەدىمى، تەبىئەتنىڭ ئويغانغان ۋاقتى. ئادەمزات ۋە تىرىك جانلارنىڭ يېڭى ھاياتقا تەلپۈنۈشى.

قىشنىڭ توقسان كۈنى توشۇپ، نورۇز باشلىنىدۇ. بۇ كۈنى زېمىنغا ئىسسىقلىق يۇگۇرىدۇ. ئوت - چۆپلەر، دەل - دەرەخلەر، زىرائەتلەر ئويغىنىدۇ، باھار شامىلى تاۋلىنىۋاتقان نەم توپا پۇرىقىنى تارىتىدۇ. ئۆۋىلىرىدا ئۇخلاپ قىشتىن چىققان قۇرت - قوڭغۇزلار ئۆچەكلىرىدىن چىقىدۇ، ھاشاراتلار تىرىلىدۇ، ئىسسىق بەلۋاغلارغا كەتكەن ئۇچار قۇشلار قاناتلىرىنى كېرىپ كېلىشكە باشلايدۇ. نورۇز يەنە يېڭى يىلنىڭ توقلۇق ياكى ئاچارچىلىق يىلى بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ توق ياكى ئاچ قېلىشى — بەخت، نادامەت، ھەسرەت، ياخشىلىق - يامانلىقنىڭ باشلىنىشى، شۇڭا نورۇز كۈنى ئۇلۇغ كۈن، بايرام كۈنى.

مېھرىگۇل مانا شۇ قۇتلۇق كۈننى تەبرىكلەپ كۆجە[1] تەييارلايتتى. ئۇ نورۇز كىرىشتىن خېلىلا بۇرۇن بۇغداي، ئارپىنى

---

① كۆجە - نورۇز ئېشى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇندۇرمە قىلاتتى. ئۇندۇرمىلەرگە كۆپتۈرگەن قوناق، تېرىق، قۇرۇت، قېتىق ئارىلاشتۇراتتى، بۇ كۆجە چۇچۇمەل، تەملىك بولۇپ، كىشىنىڭ يېسە يېگۈسى كېلەتتى. ئۇنىڭ نىيىتى يېڭى بىر يىلدا بۇغداي، ئارپا، قوناق، تېرىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش، سىيىردىن كۆپ سۈت ئېلىش ئىدى. ئۇ داستىخاننى مول راسلايتتى، داستىخانغا پىششىق گۆش، نان، قۇرۇق مېۋە- چېۋىلەرنى تىزاتتى. نورۇزغا تۇغقانلىرى، يېقىن دوستلىرىنى چاقىراتتى، نورۇز تائاملىرىدىن تويۇنغان مېھمانلار بەزمە قىلاتتى، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايتتى. تېپىشماقلار ئېيتىشىپ، تاپالمىغانلارغا كۈلكە قوزغايدىغان جازالارنى بېرەتتى. بېيىتلار بىلەن بىر - بىرىنى يېڭىشكە تىرىشاتتى.

خوتۇن - قىزلار نورۇزنى مۇشۇنداق بايرام قىلسا ئەرلەر نورۇز مەشرىپىگە كېتەتتى. مېھرىگۇلنىڭ ئېرى ئەزىمەت مەشرەپتىن تاڭ سۈزۈلگەندە كېلەتتى - دە، ئېتىزغا چىقىپ، يەر ھەيدەشكە كىرىشەتتى. تۇنجى ئۇرۇقنى چۆكۈرەتتى. نورۇز كۈنى چاچقان ئۇرۇق تولۇق ئۈنۈپ چىقاتتى. شۇ يىلى بۇغداي بىخى توپىنى يېرىپ چىققان كۈنى ئەزىمەتنىڭ چوڭ ئوغلى تۇغۇلدى. ياش ئەر - خوتۇنلار ئوغلىنىڭ ئىسمىنى «نۇرتاي» قويدى. بۇ ئۇلارنىڭ شۇ يىلقى نورۇزغا بولغان شادلىقى، سوۋغىسى ئىدى. ئەزىمەت تۇنجى ئوغلىنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە خۇش بولۇپ، يېقىن ئاغىنىسى داۋۇت بىلەن ناخشا ئېيتىشتى. ئىككى يىل ئۆتۈپ، ئۇلار يەنە بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەندە، مېھرىگۇل ئۇنىڭغا ئاتا تىلىكىنى كۆزلەپ «ئاتاي» دەپ ئىسىم قويدى. چۈنكى شۇ كۈنى بىر قىز، ئىككى ئوغۇلنىڭ دادىسى قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ تۈرمىسىدە ياتاتتى.

مېھرىگۇل ئېرى تۈرمىدىن چىقىپ كەلسە بۇ يىلقى نورۇزنى بىللە ئۆتكۈزۈپ ساپ ھاۋادىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتماقچىدى. بۇ تىلەك - ئارزۇ مېھرىگۇلنىڭ

www.uyghurkitap.com

قەلبىنى ئېلىپتقان، شۇڭا ئۇ مۇلايىملىشىپ كەتكەندى.
ئەپسۇس، بۇ ئىللىق ئارزۇ ـ تىلەكلەر كۆپۈككە ئايلاندى،
بۇ ئارزۇنى ئېرى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتتى. بۇ كۈنى مېھرىگۈل-
نىڭ مەجنۇنتالدەك خۇشپىچىم قامىتى پۈكۈلدى. ئۇنىڭ شەھلا
كۆزلىرى قۇرۇماس بۇلاققا ئايلاندى. يەتتە، قىرق نەزىرلەردىن
كېيىنمۇ كۆزىدىن ئاققان ياش مەڭزلىرىنى يۇيۇپ تۇردى، كې-
چىسى ياستۇقىنى ھۆللىدى. ئەگەر ئۇنىڭ كۆز يېشىنى يىغسا
بىر كۆل تولار ئىدى. قاپقارا قەلەم قاشلىرى ئاستىدىكى قاپاقلى-
رى تۇخۇمدەك ئىششىپ، ئاھۇ كۆزلىرىنى يېپىۋالدى. ئېرى-
نىڭ روھى قەلبىدە ئىدى.

## 2

راست، ئۇ كۈنلەر مېھرىگۈلگە ھارام بولدى. ئۇ ئۆزىنى
بىر بىلىپ ـ بىر بىلمەي يۈردى. چىگىش خىياللار ئىچىدە بىردە
ئۈمىد يۇلتۇزلىرى چاقنىغاندەك بىلىنسە، بىردە ئۆچكەندەك
بىلىنەتتى. ئۈمىد يۇلتۇزى چاقنىسا، كۆڭلى يۇلتۇزدەك نۇرلى-
نىپ كېتەتتى. ئۆچكەندە بولسا، ئىچى قاراڭغۇلىشىپ قويغان
ـ ئەتكىنىنى بىلمەي قالاتتى. ئۇنى بۇ ھالغا ھەرخىل خەۋەرلەر
كەلتۈرەتتى: «ئېرىڭ پالانى تۈرمىدىكەن»، دېگەن خەۋەر كەل-
سە، ئۈمىد يۇلتۇزى ياناتتى. بۇنداق چاغلاردا ئېرىنىڭ بىر
ئېغىز گېپى قۇلىقىدىن، باغلانغان كۈچلۈك بىلەكلىرى كۆز
ئالدىدىن كەتمەيتتى. شۇ تاپتىمۇ بۇ قارا كۈن كۆز ئالدىغا
كېلىۋالدى: يېرىم كېچە، ئەر ـ خوتۇنلار بىر يوتقان ئىچىدە
شېرىن ئۇيقۇدا ياتاتتى. ئەزىمەت ئۆز ئىسمىنى چاقىرغان قاتتىق
ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كىيىنىپ ھويلىغا چىقتى، مېھ-
رىگۈلمۇ كەينىدىن چىقتى. بىلىكىدە قىزىل يەڭ بەلگىسى بار
قارا كۆلەڭگىلەر ئەزىمەتكە يېپىشىپ كەلدى ـ دە، بىر ئېغىزمۇ

گەپ قىلماي ئۇنىڭ قوللىرىنى باغلاپ ئېلىپ ماڭدى.

— مېھرى، باللارغا ياخشى قارىغىن، خوش!

قېتىپ قالغان مېھرىگۈلنىڭ قۇلىقىغا مۇشۇ سۆزلا كىردى. قاراڭغۇلاشقان كۆزلىرى دۇشكەلىنىپ ئېلىپ كېتىلىۋاتقان ئەزىمەتنىڭ بەستىدە ئىدى. ئۇ ئازاب بىلەن:

— ئەزىمەت، باللارنى تاشلاپ كەتمەڭ! — دەپ چىرقىردى.

جاۋاب تۇرماق ئەزىمەتمۇ، قىزىل قوغدىغۇچىلارمۇ كۆرۈنمىدى. مېھرىگۈل ئازاب ئىچىدە نالە قىلدى:

— ئاھ، يارانقۇچى ئاللا، ئۇلار ئەزىمەتنى نېمە قىلار؟ مەن نېمانچە ئاجىز، جاھاننى بېشىمغا كىيىپ نېمىشقا ۋارقىرىمايمەن؟ ياردەم بېرىڭلار!...

مېھرىگۈل ئۆزىنى تۇنجى قېتىم ئاجىز، تەنھا ھېس قىلدى. شۇ كۈندىن بېرى ئۇنىڭ ئىشتىھاسى، ئۇيقۇسى بولمىدى. غەم - ھەسرەت تاشلىرى يەلكىسىنى بېسىپ، ئون يىل كېسەل تارتقاندەك ياداپ كەتتى. گۈل چىرايى ساماندەك سارغايدى. نۇر چېچىپ تۇرىدىغان شەھلا كۆزلىرى غۇۋالاشتى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەندى، ئەلەملىك ئۆكۈندى. ئولتۇرغان يېرىدە تولغاندى. ئاخىر بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

ئەزىمەت قولغا ئېلىنىپ، ئىككىنچى كېچىسى مېھرىگۈل ئېرىنى چۈشەپ چىقتى، چۈشىدە مېھرىگۈل: «ھاياتىڭىزنى بېزەيدىغان چىرايلىق گۈل بولالماقچىدىم، ئەپسۇس، بۇ گۈل خازان بولۇۋاتىدۇ» دېدى ئۆكسۈپ يىغلاپ.

— يىغلىما گۈلۈم، سەن مېنىڭ ئىككى دۇنيالىق گۈلۈم، ئۇ مەڭگۈ خازان بولمايدۇ. باللىرىمىز سېنىڭ تەشنالىقىڭنى قاندۇرۇپ تۇرىدۇ، بېشىڭنى تىك تۇت!»

ئەزىمەتنىڭ مېھىر - مۇھەببەتلىك مەدىتى مېھرىگۈلنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزدى.

«كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئەتراپ باش-
لىقى مېھرىگۈلنى ئېتىزغا ھەيدىدى. مېھرىگۈل ئۇ بۇيرۇغان
ئىشنى قىلمىسا، نورما ئاشلىق بېرىلمەيتتى. ئۇ بوينىنى باغلى-
غاندەك، ئاتاينى كۆتۈرۈپ نۇرتاينى يېتىلەپ، نۇرگۈلنى ئەگەش-
تۈرۈپ ئىشقا چىقتى. گۇرۇپپا باشلىقى بىر تارماق ئېرىقنىڭ
لاتقىسىنى تازىلا، دەپ قويۇپ كەتتى. مېھرىگۈل ئاتاينى يەرگە
ئولتۇرغۇزدى، نۇرگۈلگە ئىككى ئۇكىسىغا ئوبدان قاراشنى جې-
كىدى، گۈرجەكنى قولىغا ئېلىپ ئىشقا كىرىشتى. باللار
بوينىنى قىسىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ مەسۇم كۆزلىرى ئانىغا
تىكىلدى. مېھرىگۈل ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىلگەن ئېرىقنىڭ يېرىمى-
نىمۇ چېپىپ بولالمىدى. ئۇنىڭ ئاپئاق، يۇمشاق قوللىرى
قاپىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆنلىرى مۇشۇنداق ئۆتۈشكە باشلىدى.
كېيىنچە ئۆيدە ئوغۇللىرىغا نۇرگۈلنى قارىتىپ قويۇپ ئېتىزغا
ئۆزى بېرىپ يۈردى. بىر كۈنى ئۇ باللىرىغا سۈيۈقئاشنى
ئۇسۇپ بېرىۋاتقاندا، نۇرگۈل:

— ئاپا، ئاتاينىڭ مىجەزى يوقتەك تۇرىدۇ، — دېدى.

مېھرىگۈل چىنىنى ئوچاق بېشىغا قويدى. ئىتتىك ئاتاينى
قولىغا ئالدى. بالا كۆزىنى ئاچماي ياتاتتى. «ۋاي خۇدايىمەي،
ئەجەب تەتۈر پېشانىكەنمەنغۇ» دەپ، پەلەكنىڭ گەردىشىدىن زېدە
بولغان دىلىنى باسالماي يىغلىۋەتتى. ئۇ ئاتاينىڭ ئاغزىغا بىر
قوشۇق سۈيۈقئاش ئاپاردى، ئاتاي ئىچمىدى. ئەكسى ھالدا سۈس
ئىڭرايتتى، تولغىناتتى. بالىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن مېھرىگۈل
«نېمە بولغانسەن ساقام» دەپ باغرىغا باستى، ئانا پەرۋانە بو-
لۇپ، ئاتاينىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلىدى. «ئاھ نېمە بولغان-
دۇ، توۋا، تىل تەگكەندەكلا بولدا». ئاتاي كۈندىن -
كۈنگە قورايدەك قورۇلۇپ كېتىۋاتتى. مېھرىگۈل ئاتاينى كۆتۈ-
رۈپ نۇرگۈل بىلەن نۇرتاينى ئەگەشتۈرۈپ، ئەزىمەتنىڭ ئاتا -
ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپاردى. موماي بالىنى كۆرۈپ «نەۋرەمگە

جىن چاپلىشىپتۇ، يۇرۇك» دەپ رەمچىگە ئاپاردى. رەمچى «بالىغا تىل تېگىپتۇ، باخشىغا ئوقۇتۇڭلار» دېدى. موماي بىر باخشىنى باشلاپ كېلىپ ئوقۇتتى. موللا تۇغ بېكىتىپ، داپ چېلىپ، نېمىدۇر بىر نېمىلەرنى ئوقۇدى. بۇ ۋەھىمىلىك ۋاڭچۇڭدىن تاڭغىچە ئۇخلىيالمىغان ئاتاي، تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى. ئاتاي قورقۇپ كېتىپ شاتىراق ئۇرۇۋەتسە كېرەك، مېھرىگۈل ئۇنىڭ چۈشىكىنى ئالماشتۇرغاندا، پوقى ئىچىدە قاننى كۆردى. باخشى بۇنى كۆرۈپ:

— مانا بۇ قان چاپلىشىۋالغان جىنىنىڭ قېنى، ئەمدى بالا ساقىيىدۇ، — دەپلا كېتىپ قالدى.

— ھەي ياقەي، قان چىقسا ساقىيىدىغان ئىش نەدىكەن، بۇ ئوغلۇمنىڭ قېنى، دەررۇ دوختۇرغا ئاپىراي!

مېھرىگۈل ئاتاينى شەھەرلىك دوختۇرخانىغا ئاپاردى. دوختۇر:

— بالىغا ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بۇ دورىنى ئىچسە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەرنىڭ غېمىنى بالىلارنىڭ غېمى باستى.

## 4

مېھرىگۈل بىردىن ئېرىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتى. مەھەللىنىڭ كۈن چىقىشىدىن ئاجايىپ خۇشناۋا ئاۋاز كەلمەكتە ئىدى. بۇ ئاۋاز ئەزىمەتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايتتى، ئەمما ناخشا تېكىستى، ئاھاڭى ئوپئوخشاش ئىدى. ئۇ ئەزىمەتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان كۈنلەردە بۇ ناخشا بۈگۈنكىدەكلا ياڭراپ، ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرغان، ئۇنىڭ نازۇك تۇيغۇلىرىنى غىدىقلاپ ئويغاتقانىدى... ناخشا بارغانسېرى پەسەيدى. ئۇ ياستۇققا

يۈزىنى قىلىپ يىغلىۋەتتى. كۆز يېشى ياستۇقنى ھۆل قىلدى.

ئاشۇ تونۇش ناخشا ھەر ئاخشىمى مەھەللىدىكىلەر ئۇيقۇغا كەتكەندە ئاڭلىنىدىغان بولدى، مېھرىگۇل ئىختىيارسىز ئاڭلاپ ياتاتتى. ناخشا ئۇنى باھارنىڭ ئىللىق شامىلىدەك ئەركىلىتەتتى، يۈرىكىنى ئىللىتاتتى. ئۇ قىز چېغىدىكىدەك بۇ تونۇش ناخشىنى ھەر كېچىسى ئاڭلايدىغان قىلىق چىقاردى. چۈنكى، ناخشىنىڭ نەپىس ئاھاڭى ئۇنىڭ قان تومۇرىغا قۇيۇلاتتى. ناخشىنىڭ لەززىتىدىن سىرغىپ چۈشكەن ياش يۈزىنى يۇياتتى. مېھرىگۇل ناخشىنى كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ ئاڭلاپ يېتىپ، ھەسرەتتىدىن بىر لەھزە خالاس بولغاندەك بولاتتى. ناخشا تېكىستىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەت، ئارزۇ ـ ئارمانلار ئۇنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزاتتى. ئۇلتۇرۇپ، گۈزەل ھايات قۇرۇش، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى كۆڭلىگە پۈكەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ تۇرمۇش ئېغىرچىلىقى، ھەسرەت ـ نادامەت، قايغۇلۇق خىياللاردىن بىردەم بولسىمۇ خالىي بولاتتى. چارچىغان جىسمى راھەتلىنىپ، يېنىكلەپ قالاتتى. ناخشىچى كۆپرەك سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى. بۇنداق ناخشىلار مېھرىگۇلنى ئۇنتۇلۇۋاتقان مۇھەببەت دېڭىزىغا سۆرەپ ئەكىرەتتى. ئۇ بۇنداق ناخشا ئاڭلاپ بەزىدە چىداپ تۇرالماي قالاتتى. بىر كېچىسى ناخشىنى ئاڭلاپ ياتقاندا، مۇھەببەت كەلكۈنى ئىچىدە قالدى. ئۇ بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. دېرىزە يېنىغا كېلىپ، دېرىزىنى ئېچىشقا قولىنى سوزدى. ئۇ بۇ كەلكۈن بىلەن ئۆزىنى ناخشىچىنىڭ قۇچىقىغا ئاتماقچى ۋە بى ئىختىيارىنىڭ تىزگىنىنى ناخشىچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزماقچىدى. شۇئان ئەقىل كۈچى ئۇنىڭ قولىنى قايتۇردى، ئۇنىڭ ھېسسىياتى بىردىن پەسەيدى. ئۇنىڭ ئوت بولۇپ يانغان كۆزلىرى قاتار ياتقان بالىلىرىغا چۈشكەندى. ئاتاي سول قولى بىلەن ئاپىسىنى ئىزدەيتتى. ئېرى ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك يادىكار قىلغان ئۈچ نارەسىدىسىنىڭ يېنىغا

كەلدى. ئاتاينى، نۇرتاينى، نۇرگۈلنى سۆيۈپ چىقتى. بۇنىڭ
بىلەن كۆيۈك ئوتى بېسىلغاندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلىدى.
كېيىنچە بۇ ناخشىلار مېھرىگۈلنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چالما
بولۇپ چۈشىدىغان بولدى. بۇ چالما مېھرىگۈلنى سەگەكلەشتۇر-
دى. مېھرىگۈل بۇ چالمىدىن ناخشىچىنىڭ ئۆزىگە مۇھەببەت
ئىزھار قىلىپ ئېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. «بۇ ناخشىچى زادى
كىمدۇر؟» ... بىر قېتىم مېھرىگۈل ئۇشتۇمتۇت داۋۇت دودەن-
نىڭ ئۆگزىسىگە چالما ئاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. مېھرىگۈل
«ھەي داۋۇت سېنى ـ زە!» دەپ لېۋىنى چىشلىدى.

## 5

ئۇ يىللىرى ئېتىز ئىشى تولىمۇ جاپالىق ئىدى. ئەزىمەت
ھايات چېغىدا مېھرىگۈلنى ئېتىزنىڭ ئىشلىرىغا سالمايتتى،
ئېغىر ئەمگەكلەرگە قاتناشمىغان مېھرىگۈلنىڭ دەسلەپكى كۈنلا
ئالىقانلىرى قاپىرىپ چىقتى. قاپارغان ئالىقىنىنى داغلاشقا مايمۇ
تاپالمىدى. چىداشقا توغرا كەلدى. ئەتىسى قاپارتمىلار يېرد-
لىپ، شەلۋەرەپ كەتتى. ئالىقىنى ئېچىشىپ ئاغرىپ گۈرجەك-
نىمۇ تۇتالماي قالدى. داۋۇت ئۇنىڭغا «توپىدا ئۇۋۇلىۋەت» دەپ
مەسلىھەت بەردى. بىر كۈنى مېھرىگۈل چۈشلۈك چاينى ئىچىپلا
قارىياغاچ سايىسىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئاتاينى پەپىلەپ يېتىپ
كۆزى ئىلىنىپ كەتتى. بىر چاغدا يىرىك ۋە ئىسسىق بىر
نېمىنىڭ لەۋلىرىگە تەگكىنىدىن چۆچۈپ ئويغاندى، ئۈستىدە
يوغان بىر كاللا تۇراتتى. ئۇنىڭ بالىنى قۇچاقلىغان قولى قان-
داقلارچە ئۇچتىكىن، ئىزا ۋە غەزەپ قوشۇلغان شاپىلاق يوغان
باشنىڭ نەق ئوڭ كۆزىگە تەگدى. كاللا ئىتتىك كۆتۈرۈلدى،
مېھرىگۈل بالىنى يۇلۇپ ئالدى ـ دە، باغرىغا باسقىنىچە ئۆيىگە
يۈگۈردى. ئۇ ئۆزىنى سۈپىغا تاشلاپ ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى

www.uyghurkitap.com

ياپتى. ئۇنىڭ پۈتۈن تومۇرلىرىدا قېنى قايناپ، ئۇتلۇق ھارارەت يۈزىگە ئۇرۇلدى. ئۇ ئار ـ نومۇسنى ھاياتىدىن قەدىرلىك بىلەتتى. شۇڭا داۋۇتنىڭ بىشەم قىلىقى ئۇنىڭغا تولىمۇ ھار كەلدى، ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش يامغۇردەك تۆكۈلدى، ئۆپكىسىنى زادىلا باسالمىدى، يىغا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەتتى. بۇ خورلۇقتىن يۈرىكى ئېچىشىپ، ئۇ قانچە ۋاقىت يىغلىدىكىن، نۇرگۈلنىڭ يېلىنىشى ئۇنى ئۆزىگە كەلتۈردى:

— جېنىم ئاپا، سېنى قايسى قارا يۈز خاپا قىلدى! ؟

مېھرىگۈل ئورنىدىن تۇردى، گۇگۇم چۈشۈپ، كۆز باغلىنىپ قالغانىدى. نۇرتاي كېلىپ ئانىسىنىڭ يۈزىدىكى ياشنى ئېرتتى. چاچلىرىنى سىلىدى، باللار مېھرىگۈلنىڭ ھەسرىتىنى يېنىكلەتكەندەك بولدى. ئۇ باللىرىغا قارىدى، بىچارە باللار ئورۇقلاپ، بوينى ئىنچىكىلەپ كەتكەن، مۈرىلىرى قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ قالغانىدى. ئۇ ئاتاينى باغرىغا باستى ۋە يەنە كۆزلىرىدىن ياشلار مەرۋايىتتەك تۆكۈلدى. «ئاھ ئىگەم، تۇل قېلىش گۇناھمۇ؟ شەرم ـ ھايانى بىلمەيدىغان دودەنلەر تۇل خوتۇنلارنى مۈشۈنداق بوزەك قىلسا بولامدۇ؟ تۇل خوتۇنلارمۇ سەن ياراتقان ئادەمغۇ، ئۇلار نېمە ئۈچۈن باشقا خوتۇنلاردەك قورۇنماي، ئەركىن ـ ئازادە ياشىيالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن يېتىم قوزىلىرىنى ئەركىن بېقىپ قاتارغا قوشالمايدۇ؟!»

ئەتىسى ئەترەت باشلىقى ھال سوراپ ئەمەس، ئىشقا ھەيدەپ كەلدى.

## 6

قوش لىنىيىلىك ئىلى دەرياسى يولى ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. زامانىۋى سانائەت بىلەن تەبىئەت ھىمزىرھىم بىرلەشكەن

بۇ يولنىڭ ئىككى تەرىپى بۆك ـ باراقسان ئالمىزارلىق ئىدى. ياپيېشىل ئالمىزارلىق ئارىسىدا قەد كۆتۈرگەن 1 ـ توقۇمىچى- لىق فابرىكىسى، ئېلېكتىر ئىستانسىسى، 11 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ- لەرنىڭ كۆپ قەۋەتلىك بىنالىرى ۋە دېھقان، بېيىسغان خوجايىن- لارنىڭ بىنالىرى ئاپئاق مەرۋايىتتەك پارقىرايتتى. مېھرىگۇل- نىڭ ئۆيى مانا شۇ يولنىڭ ياقىسى، ئىلى دەرياسى بويىدا ئىدى. بارا ـ بارا دەريا بويى سەيلە قىلىدىغان سەيلىگاھقا ئايلاندى. بۇرۇن غۇلجا شەھىرىگە خىزمەت ياكى تۇغقان يوقلاش، سەيلە قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر دەريا بويىغا چىقماقچى بولسا مۇشۇ يول بىلەن چىقاتتى. ھازىر دەريا بويى مەشھۇر سەيلىگاھقا ئايلان- دى. ئەزىمەت بۇ يەر مۇشۇنداق سەيلىگاھقا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىپ، بىر مولۇق ھويلىسىنى باغقا، گۇلزارلىققا ئاي- لاندۇرغانىدى. كوچىدىن ئۆتۈپ دەرياغا قويۇلىدىغان ئۆستەڭ- دىن بىر ئېرىق سۇنى باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قىلغانىدى، بۇ قارا سۇ قىش ـ ياز توختىماي بېغىدىن ئېقىپ چىقىپ يەنە ئۆستەڭگە قويۇلاتتى. ئەزىمەت ئالما، دۆشەش، ئۆرۈكلەرنى ئۆستۈرگەندىن سىرت سۇغا مايىل ئالگرات، ئەينو- لا، ئالۇچىلارنى ئېرىق بويىغا تىككەنىدى. بۇ ئېسىل مېۋىلەر ھەر يىلى شاخ ـ شېخىنى كۆتۈرەلمەي بولاتتى. شەھەردىكى ئۇنىڭ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنە، يار ـ بۇرادەرلىرى، ھەتتا شەھەردىكى ئەمەلدارلارمۇ بۇ باغدا سەيلە قىلىپ دەم ئېلىپ كېتەتتى. ئۇلار مېۋە شاخلىرىغا قونغان بۇلبۇل، كاككۇك، كەپتەر، قۇچقاچلارنىڭ بەس ـ بەستە سايراپ قىلغان بەزمىسىنى ئاڭلاپ ھوزۇرلىناتتى. بۇ باغ ۋە رەڭگارەڭ گۇللەر ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۇللۈك مېھرىگۇلنىڭ ئەمگىكى ۋە دىلىنى ئەمىن قىلىدىغان شادلىقى ئىدى. مانا مۇشۇ باغدا، ئەزىمەت تالاي ناخشىلارنى ئېيتقان، ھازىر داۋۇت دودەنمۇ كېچىسى ئەزىمەتنىڭ ناخشىلىرىنى ئەتەي ئېيتاتتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆينىڭىزدىن چىقىڭ يايرىم،
مايسىرەڭ نىمچە كىيىپ.
قولىڭىزدا زەيتۇن ياغلىق،
تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ.

ئەزىمەت بۇ ناخشىنى مېھرىگۇلگە ئاشىق بولغاندا باغقا چىلەلاپ ئېيتاتتى. ئەمدى داۋۇت چىلىلاۋاتىدۇ. ئۇ مېھرىگۇلگە ئەلچىمۇ كىرگۈزدى. مېھرىگۇل «مەڭگۇ ئەرگە تەگمەيمەن» دېگەن بىرلا جاۋابنى تەكرارلىدى. ئۇنىڭ بۇ جاۋابى يالغۇز داۋۇتقىلا ئەمەس، ھېزىم پاڭقاي، كامىل كاللا، شەھەرنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ يۈرگەن باي تىجارەتچى ۋاھاكازالارغىمۇ قارىتىلغانىدى. بۇلاردىن داۋۇت قاتارلىق بىر نەچچە داپيۈز قىلىن ئاشىقلارلا مېھرىگۇلگە سالجىدەك يېپىشىۋېلىپ ئارام بەرمەيۋاتاتتى. ئەڭ قاتتىق تۇرۇۋاتقىنى داۋۇت ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ تۆمۈردەك چىڭ يىگىت، ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ، تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، قېقىلىپ - سوقۇلۇپ ئوقۇغان. ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەندە مەكتەپ تەمىناتىغا ئۆتۈپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەزىمەت، مېھرىگۇللەرگە ئوخشاش ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي يېزىسىغا قايتقانىدى. مانا شۇ داۋۇت كۈندۈزى مېھرىگۇل ئىشلەۋاتقان يەرگە پات - پات كۆز تاشلايتتى. ئۇ ئەلچى كىرگۈزۈپ، «ياق» جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن، كېچىسى ناخشا ئېيتىپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ يۈردى. ئۇ بىر ناخشىغا يەنە بىر ناخشىنى ئۇلاپ ئېيتاتتى. ئۇ بىر كېچىسى بىر خىل ئاھاڭدىكى سۆيگۈ ناخشىلىرىنى ئېيتسا، يەنە بىر كېچىسى ئىككىنچى خىل ئاھاڭدىكى ناخشىلارنى ئېيتاتتى، ئۇنىڭ ناخشىلىرى مېھرىگۇلنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە ئارام بېرەتتى، خالاس. ئۇنىڭ ئېرىگە بولغان چەكسىز

ساداقىتى، بىغۇبار، پاك قەلبى ۋە ئالىيلىقى تۇقۇلۇش ئىرادى-
سىنى بويسۇندۇرالمىدى. ئەمما، مېھرىگۇلنىڭ قەلەم قاشلى-
رى، شەھلا كۆزلىرى، ساغلام، زىلۋا ۋە سىغۇبار جىسمى داۋۇت-
نىڭ ئەقىل - ھوشىنى يوقاتقانىدى. ئۇنىڭ ئىشقى سىياقىد
داۋۇت سەۋدايى، بەڭگى، كېيىن بىرىپ دودەنگە ئايلىنىپ، بىر
كۇنى داۋۇت ئاتاينى ئەتەي ئوينىتىپ ھاپاش قىلىپ ئېتىزدىن
قايتتى. ئۇ كېلىۋېتىپ مېھرىگۇلگە ئوچۇقلا تەكلىپ بەردى:

— مېھرى، جىمى جانلىقلارنىڭ جۇپتى بولسۇنۇ، سېنىڭ
بىلەن مېنىڭ بولمىسا قانداق بولغىنى؟

— مېنىڭ جۇپتىم بار، ئۇ سېنىڭ قىيامەتلىك دوستۇڭ،
ئۇ ماڭا مۇشۇ ئۇچ پەرزەنتنى ئامانەت قويۇپ كەتكەن. بۇلار
دوستۇڭنىڭ يۇرەك پارىسى، مېنىڭ مۇڭدىشىدىغان مۇڭدىشىم،
يۆلەنچۇكۇم ۋە جىگەر پارەم. ماڭا ئەزىمەتتىن باشقا ئەر كېرەك
ئەمەس، مۇشۇ يادىكارلار بولسىلا بولغىنى. راست، سېنىڭ
جۇپتىڭ يوق، سەن ئاللىقاچان بىرەر جۇپ تېپىپ، مۇشۇنداق
پەرزەنتلەرنىڭ ئاتىسى بولۇشۇڭ كېرەك ئىدى. ھېلىمۇ كېچىك-
مەيسەن، مەھەللىمىزنىڭ گۇزىلى نازۇكئاينى جۇپتىڭ قىل.
مانا مەن ئەلچى بولۇپ بېشىڭنى ئوڭلاپ قوياي، مېنى بولسا
تىنچ قوي.

داۋۇت ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۇزۇشكە ئۇرۇنۇپ كۆردى. ۋا-
ھالەنكى، ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىلا ياخشى كۆرۇپ قالغان مېھرى-
گۇلنى مىنۇت ئۇنتالمىدى. ئۇ يەنە كېچىسى ناخشا ئېيتىپ
خۇمارىنى چىقىراتتى. كۇندۇزى ئېتىزدىن قايتقاندا مېھرىگۇل-
نىڭ كەينىگە كىرىۋالاتتى، مېھرىگۇلنىڭ قايغۇسىنى يېنىكلى-
تىشكە ئۇرۇناتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشى مېھرىگۇلگە
ئەكس تەسىر قىلاتتى. داۋۇت ئاغىنەمنىڭ بالىلىرى مېنىڭ
بالىلىرىم، دېگەن ھېسسىياتتا مېھرىگۇلنىڭ پۇتتۇرەلمىگەن
نورمىلىق ئېتىز ئىشىنى ياردەملىشىپ بېرەتتى.

مېھرىگۈل بولسا بۇ ياردەملەرنى ساۋاقداشلىق، دوستلۇق ياردىمى دەپلا قارايتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە ئورۇن يوق، ئۇنى باللىرىنىڭ مۇھەببىتى ئىگىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە پەقەت باللىرىنىڭ قىزىق قىلىقلىرى، ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرى، تاتلىق گەپلىرى، نۇرگۈلنىڭ ئۇسسۇللىرى ئارام بېرەتتى. ئۇ باللىرى بىلەن مېلىكە بولۇپ ئۆتەتتى. ئۇ «باللىرىمنىڭ بەختى — مېنىڭ بەختىم» دەيتتى، دېمەك، باللىرى ئۇنىڭ خۇشاللىقى، كەلگۈسى ئىدى.

## 7

— ئاپېي، مۇشۇ بېغىمىزنى دادام بەرپا قىلغانمىدى، ئۇ باغۋەنمىدى؟ — دەپ سوراپ قالدى بىر ئاخشىمى نۇرگۈل.

مېھرىگۈلنىڭ چىرايىدا شۇ ھامان تۈرلۈك ـ تۈمەن ھېس-تۇيغۇ ۋە كونا خاتىرىلەر بىلەن ھاياجانلانغان قەلب دولقۇنلىرى ئەكس ئەتتى. مېھرىگۈل جاۋاب بېرىش ئورنىغا بۇ قەلب دولقۇنلىرىنى تىڭشىدى.

ھە، ئۇنىڭ قىز ۋاقتى، يەنە كېلىپ راسا بويىغا يەتكەن، گۈلدەك ئېچىلغان چاغلىرى ئىدى. قىز ياستۇققا ئەمدى بېشىنى قويۇشىغا مەھەللە بېشىدىن تونۇش ئاۋاز، تونۇش ئاھاڭ، تونۇش ناخشا ئاڭلىنىشقا باشلايتتى. ناخشا دەسلەپ مەھەللىنىڭ بېشىدا باشلانغاچقىمۇ سۇس، مۇڭلۇق ئاڭلىناتتى، مېھرىگۈلنىڭ قورۇسىغا يېقىنلاشقانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى. قىز يوتقىنىنى ئېچىۋېتەتتى ۋە ناخشا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قىزىتىۋېتەتتى. ناخشا ئېيتىۋاتقان ئەزىمەت ئىدى. ناخشا دەرۋازا ئالدىدا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە مېھرىگۈل لىككىدە ئورنىدىن تۇراتتى ـ دە، شەپە چىقارماي، ئىشىكنى غاچىلداتماي ئېچىپ ئۆيدىن چىقاتتى. ئۇ توپتوغرا باغنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتۈدىغان ئېرىق بويىغا

www.uyghurkitap.com

بارانتى. ئەزىمەت ئۆزى تىكىپ بەرگەن سورتلۇق ئاپوروت ئالمىنىڭ كەينىدىن چىقىپ، مېھرىگۇلنى قۇچاقلىۋالاتتى. ئۇلار شىلدىرلاپ سۇ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق بويىدىكى ئالما غولىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ پىچىرلىشاتتى. ئەزىمەت ئۆزىنىڭ قەلبىنى، مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى مېھرىگۇلنىڭ قۇلىقىلا ئەمەس، يۈرىكىمۇ ئاڭلايتتى ۋە ئۇ ئاجايىپ ھۇزۇرلىناتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بۇ كېلىشكەن بەرنا يىگىتكە زوقلىنىپ قاراپ قوياتتى. ئەزىمەت قىزنى جاۋاب بېرىشكە قىستىمايتتى. تەكلىپىگە جاۋاب ئالالمىسا، قىزىق لەتىپىلەرنى ئېيتىپ بېرىپ كۈلدۈرەتتى ۋە ياكى ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە بېجىرىدىغان پىلان ـ نىشانلىرىنى، مۇشۇ مەھەللىنىڭ ھەممە يېرىنى، ھەتتا دەريا ياقىسىدىكى ۋە ساي قۇيۇلۇشىدىكى تاشلىنىپ ياتقان تاشلىق سايلارنى باغۇ بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش پىلانىنى سۆزلەپ بېرەتتى. مېھرىگۇل ئۇنىڭ سۆزلىرىنى زېرىكمەي، چوڭ قىزىقىش بىلەن ئاڭلايتتى ۋە يىگىتكە بولغان ئامراقلىقى ئاشاتتى.

## 8

مېھرىگۇل قولى بوشىغان بىر ئاخشىمى نۇرگۇلنىڭ سوئالىغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— داداڭلار ھەققىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىش ۋاقتى يەتتى. كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ئېسىڭلاردا مەھكەم تۇتۇڭلار.

ھازىرقى ساپلا كۆزگە بوغداي تېرىۋەتكەن 70 مولۇق زېمىن داداڭلار يىگىت چېغىدا بەرپا قىلغان باغ ئىدى. ئەزىمەت دادىسىدىن باغۋەنچىلىكنى، بولۇپمۇ ئۇلاق ئۇلاشنى، كىتابلاردىن يېڭى مېۋە خىللىرىنى يېتىشتۈرۈش، پەرۋىش قىلىشنى ئۆگەنگەن. بىر ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ يېزىغا قايتقان يىلى ئەتىيازدىلا ئەترەت باشلىقى، كوممۇنا باشلىقلىرىغا ئۆز پىلانىنى

دەپ يۇرۇپ، بۇ يەرگە باغ بەرپا قىلغان، ئۇ ئاق ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈم، لاك، ئامۇت، جىنەستە، ئالۇچا، دۇشەش، ئالما قاتارلىق مېۋىلەردىن سەككىز مىڭ تۈپ كۆچەت قويغان، ئۇ تاغ ئالمىسىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغان، ئۇ كۆچەت بولغاندا، ئاق ئالما، ئاپورت ئالمىلارنىڭ شوخىنى ئۇلىغان، بۇ خىل ئۇلاپ ئۆستۈرۈش ئارقىلىق يېڭى بىر خىل ئالما خىلىنى ياراتقانىدى. بۇ ئالمىلار تاتلىق، چۈرۈك، سۇلۇق ھەم يوغان بولۇپ، ئاغزىغا سالغان ھامان ئېسىل تەمىدىن راھەتلىنەتتى كىشى. ئۇ ماڭا «تاغ ئالمىسى ئۈزۈن ئۆمۈر كۆرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئاق ئالما تاتلىق، ئاپورت ئالما ھەم مەززىلىك، ھەم ئاپقۇر چىنىدەك يوغان. بۇ ئۈچ خىل ئالمىدىن مانا شۇنداق يېڭى بىر خىل ئالما ياراتتىم» دېگەنىدى. كوممۇنا باشلىقلىرى ۋە شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكىلەر ئەزىمەتنىڭ ئىجادىيىتىگە يۇقىرى باھا بەردى، ئۇنى باغۋەنچىلىك يىغىنىغا قاتنىششقا ئۇرۇمچىگە ئەۋەتتى. ئۇ باشقا ئورۇنلاردىن بارغان باغۋەنلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئاڭلاپ بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇردى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇ قايتىپ كېلىپ، ئەترەت باشلىقىنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن، داۋۇت، مەن ۋە باشقا ياشلاردىن «ئالما ئۈزۈش گۇرۇپپىسى» قۇردى. مېنى گۇرۇپپا باشلىقى قىلدى. داۋۇتنى ئوغۇللار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ، ئالما ئامبىرى ياساشقا بۇيرىدى.

كۈز كۈنلىرى كېلىپ ئالما ئۈزۈش باشلاندى. بەزى ئانارەدەك قىزىرىپ، يوغانلىقىدىن شاخلىرى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ كەتكەن ئالمىزارلىق ئىچىگە كىردۇق. بۇ ئالمىلارنىڭ ئىككىنچى بولىقى بولغاچ ئالمىلار بەكمۇ يوغانىدى. بىز قول يەتكۈدەك شاخلاردىكى ئالمىلارنى ئۈزۈپ بولدۇق، ئەمما شاخ ئۇچىدىكى ئالمىلارنى قولىمىز يەتمەي، نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي قالدۇق. مەن بۇ ئەھۋالنى ئەزىمەتكە ئېيتتىم. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە، ئون

بىر خالتىلىق خادا كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ خادىنىڭ ئۇچىغا سىمنى چەمبەر قىلىپ يۆگەپ، خالتىغا كىرگۈزگەنىكەن. ئۇ قىزلارغا خالتىلىق خادىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتتى:

— مانا قاراڭلار، خادىنىڭ خالتىسىنى ئاۋۇ ئېگىزدىكى ئالمىغا مانا مۇنداق يېقىنلاشتۇرىمىز، ھە، مانا ئالما خالتىغا كىردى. ئەمدى بوش سىلكىپ ئالدىمىزغا تارتىمىز. ئالما خالتىغا چۈشىدۇ ... قانداقكەن، قىلالامسىلەر؟

— قىلالايمىز.

— ئەمىسە كۆرۈپپا باشلىقى ئۈزۈپ باقسۇن.

مەن ئەزىمەت كۆرسەتكەندەك خادىنى تىكلىدىم، لېكىن خادىنىڭ بېشى لىكىلداپ، ئالمىغا يېقىن بارمىدى، داداڭلار خادىنى مەن تۇتقان يەردىن تۇتۇپ ئۈزۈپ كۆرسەتتى:

— ھە، مانا، مۇنداق تۇتۇش، مەزمۇت تۇرۇش لازىم ...

مەن بار غەيرىتىمنى يىغىپ، خالتىغا ئالمىنى كىرگۈزدۈم ... قىزلار بەس ـ بەستە بىردىن خادىنى ئېلىپ ئۈزۈشكە باشلىدى. ئۇلار كۈلۈشۈپ، خۇشال ۋارقىرىشىپ ئالما ئۈزۈۋاتقاندا، ئەترەت باشلىقى كېلىپ قالدى، ئۇنىڭ قولىدا تارازا بار ئىدى. ئۇ مەن ئۈزگەن بىر ئالمىنى ئۆلچىدى.

— ئوھوي، يەتتە يۈز گرام! — دەپ توۋلىۋەتتى ئەترەت باشلىقى، — يارايسەن ئۇكا، بۇ خىل ئالما يېڭى رېكورد ياراتتى.

مېھرىگۈل سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— داداڭلار شۇ يىلى ئەترەتكە 26 مىڭ سوم كىرىم قىلىپ بەردى، بۇ پۇلنى ھازىرقى پۇلغا سېلىشتۇرغاندا، 260 مىڭ سومغا تەڭ بولىدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — دەپ سورىدى نۇرتاي.

— ئۇ چاغدا بىر خالتا ئۇن 5 سوم، بىر كىلوگرام قوي

گۆشى 97 تىيىن ئىدى. ھازىر دېگەن بىر خالتا ئۇن 53 سوم، بىر كىلو گۆش 14 سوم ـ دە.

— ئۇ چاغدا، پۇل كۈچلۈككەن ـ دە؟ — دېدى نۇرگۈل.

— شۇنداق، شۇ يىلى مېۋىنىڭ جىقلىقىدىن سېتىپ بولالماي قالدۇق. ئالمىلار سېسىشقا باشلىدى. ئۆز ئەمگەك مېۋىسىنىڭ سېسىشىغا داداڭلار چىداپ تۇرالمىدى، ئۇ كۆپ باش قاتۇردى ۋە ئاخىر بىزنى ئالما مۇراببباسى قاينىتىش، يايما قاق سېلىشقا جورىدى. بىز تەييارلىغان مۇراببا، يايما قاقلارنى شەھەرلىك يېمەك ـ ئىچمەك شىركىتىگە ساتتى. شۇ يىلى كوممۇنا ئەزالىرى باي بولدى. داداڭلار شەرەپ قۇچتى، شەھەر بويىچە ئۇدا تۆت يىل «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. مانا بۇلار شۇ چاغدا داداڭلارنىڭ مەيدىسىگە تاقىغان مېداللار ۋە گۇۋاھنامىلەر.

ئاتاي بىلەن نۇرتاي مېداللارنى مەيدىلىرىگە تاقىشىۋالدى. نۇرگۈل جىنچىراغ يورۇقىدا گۇۋاھنامىلەرنى ئوقۇپ چىقتى.

— داداڭلار ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولدى، ئىككى قېتىم ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنىدا مۇكاپاتلاندى. شۇ يىلى باغۋەن ـ تېخنىكلاردىن ئىمتىھان ئېلىنغاندا، داداڭلار ئەلا دەرىجىلىك ئىمتىھان بېرىپ گۇۋاھنامە ئالدى، داداڭلار يېتىشتۈرگەن ئالما سورتلىرى ۋىلايەت بويىچە ئومۇملاشتى.

— دادامنىڭ ئالمىسى شۇنچە تاتلىقمىدى؟ — دەپ سورىدى نۇرتاي.

— شۇنچىلىك تاتلىقكى، كورسىدە چىشلەپ ئاغزىڭلاغا سالساڭلار ئېرىپ كېتىدۇ. ئالمىنىڭ تاتلىقىدىن تىلىڭ يېرىلىپ كېتىدۇ.

— ئاتاي، شۆلگىيىڭنى ئېيتىۋېتە.

— ئالما يېگۈم كېلىپ كەتتى.



www.uyghurkitap.com

— ھى ـ ھى، ھا ـ ھا! — ھەممە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— دادام بولغان بولسا، بىزگە كۈندە ئەكەپ بېرەتتىكەن، — دېدى ئاتاي.

— داداڭلار ئۇ ئالەمگە كەتتى.

— دادام ئاغرىقمىدى؟ — سورىدى نۇرتاي.

— بۇ سوئال مېھرىگۈلنىڭ ھەسرىتىنى قوزغىدى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا، بولۇپمۇ بالىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلىرىغا دادىسىنىڭ پاجىئەسىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارغا ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلدۈرۈش كېرەك ئىدى. ئۇ سالماق ئاۋازدا دەپ بەردى:

— ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» داداڭلارنى يەپ كەتتى. داداڭلارنى قىزىل قوغدىغۇچىلار «ئەكسىلئىنقىلابچى» دەپ تۇتۇپ قامىغانىدى، ئۇ ئۇ يەردە قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى بىلەن دېيىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، كېيىن ياقىلىشىپتۇ، مۇشتلىشىپتۇ، ئاخىر چىدىماس كاتتىۋاشلار ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ ...

مېھرىگۈل شۇنداق دەپلا ئۆپكىسىنى باسالماي ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. نۇرگۈل كەينىدىن يۈگۈردى...

## 9

خىرە ـ شىرە تاڭ ئاتتى، خوراز قىچقىرىشقا باشلىدى. مېھرىگۈل ئورنىدىن قوپۇپ يۈز ـ كۆزىنى ئېرىقتىكى سۇدا يۇدى، ئاندىن چىغ سۈپۈرگە بىلەن ھويلىنى سۈپۈردى، سۇ سەپتى. ئاندىن قازانغا سۇ قۇيدى، ئۇچاققا مەنگەن قالاپ چاي قايناتتى. ئۇ، ئۆيگە كىرىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالىلىرىنى ئويغىتىشقا كۆزى قىيماي، بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ئورۇن ـ يوتقىنىنى يىغدى، ئاخىرى نۇرگۈلنى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

— تۇرۇڭ قىزىم، مەكتەپكە بارىدىغان ۋاقىت بولدى، — دەپ يۇمشاق ئاۋازدا ئويغاتتى.

قىز ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، ھويلىغا چىقىپ كەتتى. مېھرىگۇل نۇرتايىنى ئويغاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ بىردەم ياتتى - دە، ئاستا ئورنىدىن تۇردى، كىيىملىرىنى كىيدى. مېھرىگۇل ئەمدى ئاتايىنى ئويغىتىشقا كىرەك ئىدى، لېكىن ئويغاتمىدى. ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ، ئاۋايلاپ ئىشتىنىنى كىيگۈزدى. ئۇنى كۆتۈرۈپ قۇچىقىغا ئالدى - دە، كۆڭلىكىنى كىيگۈزۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قوللىرىنى كۆڭلەك يېڭىگە سىپلىشقا كۆتۈرگەندە، ئۇ ئويغىنىپ كەتتى. مېھرىگۇل ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ، يۈز - قولىنى يۇدى. نۇرگۇل ئۆيگە كىرىپ قالغان ئورۇن - يوتقانلارنى يىغدى - دە، ئۆينى سۈپۈرۈپ چىقتى ۋە جوزىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلار چىنىگە زاغرا ناننى چىلاپ، سۈس قارا چاي قۇيۇپ ناشتا قىلدى. نۇرگۇل جىلتىسىنى ئېلىپ مەكتەپكە، مېھرىگۇل ئىككى ئوغلىنى يېتىلەپ ئېتىزغا ماڭدى.

ئەزىمەتنىڭ دېلوسى يوققا چىقىپ، ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، مېھرىگۇل ئېغىر ئىشتىن قۇتۇلدى، ئۇنىڭغا ئىمكانقەدەر يېنىك ئىش بېرىشتى. ئۆستەڭ چېپىشقا ئوخشاش چوڭراق ئىشلارنى قىلغاندا ئەترەت ۋاقىتلىق ئاشخانا قۇرۇپ، ئەزالارغا چۈشلۈك تاماق بېرەتتى. مانا شۇ ئاشخانىغا مېھرىگۇلنى ئاشپەز قىلدى.

ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆستەڭ لاتقىسىنى تازىلاش بىلەن بەند ئىدى. ھەممە جىددىي ئىشلەيتتى. پەقەت بىرلا ئادەم ئۆستەڭ قىرىدا بىخارامان ئولتۇراتتى. ئۇ كانەي شەكلىدە ئورىغان تاماكىسىنى چېكىپ، خىيال دۇنياسىغا چۆكەتتى. تاماكىسىنىڭ ئىسىدىن كەندىر ھىدى ئاڭقىيتتى، ئۇ تاماكىنى شورىغانسېرى يوغان كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، ئۆزىچىلا ھىجىيىپ قوياتتى،

دەممۇ دەم كۆزىنى غەلەت قىلىپ، ئىشلەمچىلەرگە ئۇسسۇزلۇق قويۇپ بېرىۋاتقان مېھرىگۈلگە قاراپ قويىتتى. شۇ چاغدا گۇرۇپپا باشلىقى مەرۇپ كېلىپ قالدى. ئۇ ئولتۇرغۇچىغا:

— ھەي داۋۇت، ئىشلىمەي ئولتۇرغىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى.

— چاتىقىڭ نېمە ۋاي پېستان كۆز، — دەپ ئولتۇرۇۋەردى داۋۇت.

— ھەي، رېزىنكىدەك سوزۇلۇپ، پالازدەك سۆرىلىپ، قوزى چۈشتە كەلدىڭ، كەچ كەلگەننى ئاز دەپ يەنە ئىشلىمەي ئولتۇرساڭ سەت ئەمەسمۇ؟ قوپە، بولۇپ بەرگەن ئىشنى پۈتتۈرۈۋەت.

— ئىشلىمىسەم نېمە قىلىسەن، ھوي ھۆپىگەي؟ — دېدى داۋۇت. ئاندىن قولىنى شىلتىپ سۆزلەپ كەتتى، — ساڭا ئوخشاش ھۆپىگەيلەرگە بىكارغا ئىشلەپ ۋەك دېدۇق، ئالتە ئاي ياز ئىشلەپ، ئاخىردا كالپۇكىمىزنى يالىشىپ قالدۇق. تاپقىنىمىز ھەر قايسىڭنىڭ گېلىغا كىرىپ كەتتى. يەنە ئىزاتارتماي، ئىشلە دەيسىنا؟ ساڭا ئوخشاش تەييارغا بۆكەللەر ئىشلىسۇن!

— كىم تەييارغا بۆكەلكەن؟ — دەپ ئاچچىقىدا ۋارقىرىدى مەرۇپ، — ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلىسەڭ بولارمىكىن!

— باقمىسام نېمە قىلىسەن؟ ماڭا گۇركىرىمە جۇمۇ، ھېلى بىكا ماكچايتىۋەتمەي!

مەرۇپ قۇرام تاشتەك ئېغىر، كۆچلۈك ئادەم ئىدى. داۋۇتنىڭ «تەييارغا بۆكەل» دېگەن ئاھانىتى ئېغىر كەلسە كېرەك، ئۇ دېۋەيلەپ كەلدى:

— ھە، جولدا كەتكەن خۇيۇك قوزغالدىمۇ؟ ئۆزۈڭنى شىر چاغلاپ، باشقىلارنى يەر چاغلىغىنىڭ بىلەن ئاكاڭ قارىغاينى قورقۇتالمايسەن، سەندەك لامزەللىنى بىر مۇشت بىلەن موللاق ئاتقۇزالايمەن.

— مانا كۆر لامزەللىنى، — دەپ داۋۇت مەرۇپنىڭ قاڭشى-رىغا بىر مۇشت ئاتتى.

— ئەمدى سىرغاڭنى بىر تويغۇزۇپ قوياي، — دەپ مەرۇپ داۋۇتنىڭ ياڭىقىغا بىر مۇشت سالدى. داۋۇت سەنتىرەكلەپ كەتتى. ئۇ چاغلاردا مۇشتلاشقانلار بىرى مۇشت ئېتىپ بولغان-دىن كېيىن، «قېنى، ئاتە مۇشۇڭنى» دەپ تۇرۇپ بېرەتتى. بۇ جېدەلدىن قورقۇپ كەتكەن مېھرىگۇل قولىدىكى چۆگۈننى قويۇپ يۈگۈرۈپ كەلدى:

— ۋىييەي، چوپچوڭ تۇرۇپ شۇۋە خورىزدەك سوقۇشقى-نىڭلار نېمىسى، ئۇيات ئەمەسمۇ، بولدى قىلىڭلار، ھەي خەق، تاماشا كۆرۈپ تۇرماي ئاجراتساڭلار بولمامدۇ؟

دېھقانلار كەتمەن سېپىگە تايىنىپ، قارىشىپ تۇراتتى.

— ئۇر دودەن، بۇ تەييارغا بۆ- بۆكەل - لەرنى ئۇ - ئۇرۇش كې - كېرەك، — دېگەن ھېزىم پاڭقاينىڭ ئاۋازى ئاڭ-لاندى.

ئۆستەڭنىڭ نېرىسىدا كەتمىنىگە يۆلىنىپ تۇرغان يۇنۇس يورغىلاپ كەلدى. ئۇ ھاي - ھايلاپ ئاجراتتى ۋە مېھرىگۇلگە كۆزىنى قىسىپ قويدى.

غۇلغۇلا ئۆستەڭگە بۇ ئەترەتكە كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى-دىكى بىر كادىر كېلىپ قالدى، ئۇ گىدىيىپ تۇرۇپ:

— داۋۇت، كەچلىك ئۆگىنىشتە ئۆزۈڭنى تەكشۈ-رىسەن، — دېدى.

داۋۇتنىڭ دودەنلىكى نەگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ھو-رى پەسەيدى.

ئۇ شۇنداق دودەنلىك قىلغىنى ئۈچۈن، بەش يىل بۇرۇن كورەش - پىپەن قىلىنغان، ئۆزىنى 24 قېتىم تەكشۈرۈپمۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلمىگەنىدى. شۇ چاغدىكى تىل - ھاقارەت، زە-ھەردەك سۆزلەر، تاياق ئۇنىڭ يۈرىكىنى زىدە قىلغان. ئۇ شۇ

كۆرەش - پېپەندىن كېيىن سېرىق شەپكە كىيگەنلەردىن ھەزەر ئەيلەيدىغان، ئەترەت باشلىقى قايسى ئىشقا بۇيرۇسا شۇنى قىلىدىغان، كېيىنى تىزىدىن ئاشمىسىمۇ ئىشلەشتىن باشقىنى ئويلىماي، ياشاپ كەلگەن، مېھرىگۇلگە كۆيۈشتىن باشقا ئارزۇ، مەقسەتلىرى ئېتىزدىكى توپىغا كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. كالىدەك ئىشلىسىمۇ بىرىدىغىنى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، قولىغا چىقمايدىغان نومۇر ئىدى. ئۇ ھېچكىمگە ئارىلاشماي، گەپلەشمەي غېرىبسىنىپ يۈرەتتى. پەقەت مېھرىگۇلنى كۆرسىلا، ئۇنىڭ يۇمشاق ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا دىلى يورۇپ ئادەم سىياقىغا كىرەتتى. ئۆزىنى بىر ئىنسانمەنغۇ، دەپ بىلەتتى. مېھرىگۇل تەكلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن كەندىر ئۇۋىلاپ ئۇنى چېكىپ يۈردى، ئۇ كەندىرنىڭ كەيپىدە كوچىغا چىقىپ، مېھرىگۇلگە بېغىشلاپ ناخشا ئېيتاتتى، كەندىرنىڭ كەيپىدە ئۇخلاپ قالاتتى. ئۇنىڭ كەيپىدە بۇگۇنكىدەك دودەنلىك قىلىپ، ئەينى يىللىرى ئۆزىنى دۇمبالىغانلارنى دۇمبالايتتى، كادىرلارغا ھۆررەكلىك قىلاتتى. شۇڭا دېھقانلار ئۇنىڭغا «دودەن» دەپ لەقەم قويغانىدى.

## 10

خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى كادىرنىڭ «ئۆزۈڭنى تەكشۈردۈسەن» دېگەن ئەمىرانە سۆزى داۋۇتنى سەگىتتى. ئۇ چاپىنىنى سالدى. كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى جەينىكىدىن يۇقىرى قىلىپ تۈردى، ياقىسىنىڭ تۈگمىسىنى يەشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇقا بوينى، مۇستەھكەم كۆكرىكى مېھرىگۇلگە ئېنىق كۆرۈندى. ئۇ قاۋۇل بەدىنىدىكى بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، كەتمەننى لاتقىغا پاتۇردى - دە، كۈچ بىلەن يۇلۇپ ئېلىپ لاتقىنى قىرغا تاشلىدى. مېھرىگۇل شۇندىلا مىيىقىدا بىر تاتلىق كۈلۈپ قويۇپ

www.uyghurkitap.com

ئاشخانىسىغا كەتتى. ئۇ كەچلىك تاماقنى ئېتىپ تەييار قىلدى، ئۆستەڭ چاپقۇچىلار بىرلەپ، ئىككىلەپ كېلىپ تاماقنى يې-يىشتى، لېكىن داۋۇت كەلمىدى. مېھرىگۈل ئەنسىرەپ بىر جاۋۇر شۇللىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ئەترەت باشلىقى، خىزمەت گۇرۇپپا كادىرى ۋە سارجان سالغۇچى داۋۇتنىڭ چاپقان ئۆستىڭىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەۋاتقان-كەن. كادىر:

— داۋۇت، بۈگۈن كەچ ئۆگىنىش بولمايدىغان بولدى، ئەتە تەكشۈرىسەن، ئوبدان تەييارلىق قىلىپ قوي، — دېدى.

داۋۇتنىڭ تىزى تىترىدى، قامەتلىك گەۋدىسى پۈكۈلدى، چىرايى ئۆڭدى. شۇ تاپتا داۋۇت كەلگۈسىنىڭ ئارزۇ - تىلىكىدە يانغان دودەن داۋۇت ئەمەس، بەلكى تۆمۈردەك چىڭ بولسىمۇ، قوزىدەك ياۋاش يىگىتكە ئايلانغانىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مېھرىگۈلنى كۆردى، كۆردى - دە، ھەممە غەم، خاپىلىقلار نەگىدۇر ئۇچۇپ كەتكەندەك يېنىكلەپ كەتتى. مېھرىگۈل يۇم-شاق ئاۋازدا تەكلىپ قىلدى:

— تاماق يەۋالغىن، ۋەزىپەڭنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپسەن، قورسىقىڭ ئېچىپ كەتكەندۇ.

داۋۇت خۇرسەندچىلىك بىلەن جاۋۇرنى ئالدى. ياغاچ قو-شۇق بىلەن شۇللىنى ئاغزىغا سالدى. مېھرىگۈل قۇيۇپ بەرگەن چاينى گۈپۈلدىتىپ ئىچتى. تاماقنى يەپ بولۇپ، مېھرىگۈل بىلەن ئاشخانىغا باردى. يوندىلارنى تۆكۈشۈپ، قازانلارنى دۈم كۆمتۈرۈپ بەردى ۋە ئاتاينى بۇقا بويىنغا مىندۈرۈپ ئۆيگىچە ئاپىرىپ قويدى.

ئەتىسى داۋۇت سەھەر كېلىپ، چۈشلۈك تاماققىچە بېشىنى كۆتۈرمەي ئۆستەڭ چاپتى. ئۇ چۈشتە ھەممەيلەن چۈشلۈك تا-ماققا كەتكەندە ئۆستەڭ قىرىغا چىقىپ ئولتۇردى، بىر ئورام موخۇركىنى يۆگىدى، كۆز قۇياشى ئۇنىڭ تەردىن ھۆللەنگەن

کۆڭلىكىنى قۇرۇتتى. مېھرىگۇل ھەممىدىن بۇرۇن قازان بې-
شىغا كېلىپ، ئاشخانىنى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراپ تامىقىنى
بىرىنچى بولۇپ ئېلىپ يەيدىغان داۋۇتنىڭ يەنە كەلمىگىنىنى
كۆرۈپ ۋارقىرىدى. سۆيۈملۈك ئاۋازنى ئاڭلاپ، داۋۇت كەتمەن-
نى مۆرىسىگە ئالدى - دە، چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن
ئاشخانىغا كەلدى. مېھرىگۇل سۇنغان بىر جاۋۇر شورپا، بىر
پارچە گۆش ۋە ناننى ئېلىپ ئولتۇرۇپ ئىشتەي بىلەن يېدى.
بۇنداق ئېغىر ئىشلار چىققاندا، ئەترەت كالا سويۇپ، قۇۋۋەتلىك
تاماقلار قىلىپ بېرەتتى.

ئۆستەڭ رېمونتى بەشىنچى كۇنى تاماملاندى. شۇ كۇنى
چۇشتىن كېيىن ئىش بېشىدا يىغىن ئېچىلدى، داۋۇت دودەن
«ھىم، ئەمدى تاپا - تەنە، ئاھانەت بېشىمدا مۆلدۈردەك ياغىدى-
غان بولدى» دەپ دەككە - دۇككىدە ئولتۇردى. خىزمەت گۇ-
رۇپپا كادىرى سومكىسىدىن بىر قەغەزنى چىقىرىپ ئوقۇدى:

— يەرلەر 15 يىللىق كۆتۈرە بېرىلىدۇ، كوممۇنا، ئەترەت-
لەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ ...

ئۆستەڭ قىرىدا ئولتۇرغان داۋۇت سەكرەپ ئورنىدىن تۇر-
دى. قىزىل مەخمەل بۆكىنى ئاسمانغا ئاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
بىر نەچچە ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلارمۇ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ
كەتتى.

— بۇ راستىمىدۇ؟ ئوڭۇممۇ، چۇشۇممۇ؟

— كوپىراتسىيىگە ئۆتكۇزگەن مال - ۋاران، ئات - ئۆ-
كۇز، ھارۋا، ساپانلىرىمىزنى قانداق قىلىدىكەن؟

— قۇرۇق يەر بەرگىنى بىلەن قۇرۇق قول قالساق قانداق
قىلغۇلۇق؟ ...

— ئالدىرىماڭلار يولداشلار، ھۆججەت روھىنى تولۇق يەت-
كۇزەي، ئاندىن گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرە قىلىڭلار. چۇشەن-
مىگىنىڭلارنى چۇشەندۇرۇپ قويۇشقا مەن تەييار.

www.uyghurkitap.com

ھەممە جىم بولدى. خىزمەت گۇرۇپپا كادىرى ھۆججەت روھىنى يەتكۈزۈپ بولدى، سوئاللارغا جاۋاب بەردى. دېھقانلار قورساقلىرىنى ئۇنتۇدى. كۆمۈردەك قاراڭغۇلۇق باشقىنىنىمۇ تۇيمىدى. ئاخىردا خىزمەت گۇرۇپپا كادىرى ئەتىدىن باشلاپ، ھۆججەتنى ئوقۇپ، گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرە قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. دېھقانلار شۇندىلا قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنى سېزىشتى.

— يولداشلار، گىدىككىنە توختاڭلار، — دېدى ئەترەت باشلىقى، — ئۈستەڭ رېمونتىدىن خۇلاسە چىقىرىپ، ئىلغارلارنى مۇكاپاتلايدىغان ئىش بار.

ئۇ ئۈستەڭ قۇرۇلۇشىنى قىسقىچە خۇلاسىلەپ كېلىپ:

— بىزنىڭ ۋەزىپىنى ئىككى كۈن بۇرۇن ئورۇندىشىمىزغا ھەسسە قوشقان بەش نەپەر يولداشنى ھازىر مۇكاپاتلايمىز. ئىسمى چىققانلار بۇ يەرگە كەلسۇن. داۋۇت، مۇختەر، مەرۇپ…

دېھقانلارنىڭ ھەممىسى ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن باقتى. مېھرىگۇل خۇشال ھالدا چاۋاك چېلىۋەتتى. داۋۇت ھاڭ ـ تاڭ قالغان ھالدا چوڭ كۆزلىرىنى پىلدىرلاتقىنىچە ئولتۇرۇپلا قالدى. كادىر بىلەن ئەترەت باشلىقىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا ئاجايىپ قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئىللىق خۇش خەۋەر ئاڭلاۋاتسا، بىرىنچى قېتىم مۇكاپاتلىنىۋاتسا، ئۇ تەسىرلەنمەي كىم تەسىرلەنسۇن! ؟ بۇ خۇش خەۋەرلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى غۇم ۋە ئاغرىنىشلارنى بىراقلا سىقىپ چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئەمدى باياشات ياشاش، ئەمگىكىگە يارىشا ھۇزۇرلىنىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشىدىغان پەيت كەلگەنىدى. ئۇنىڭدىكى ئارزۇ ـ ئارمان، شادلىق، سۆيۈنۈش قەلبىدە قايتا نۇرلاندى!

بىرىنچى بولۇپ مېھرىگۇل ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەبرىكلىدى.

# 11

ئاتاينىڭ ئارزۇسى بۈگۈن ئىشقا ئاشتى، ئۇنىڭغا داۋۇت بىر كۈچۈك ئەكىلىپ بەردى. ئاتاينىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي كەتتى. كۈچۈكنى كۆتۈرۈپ هويلىدىن تالاغا، تالادىن هويلىغا يۈگۈرۈپ يۈردى. ئاغىنىلىرىنىڭ كۈچۈكنى كۆرۈپ ئىچى ئادىدى، «مەنمۇ كۆتۈرۈپ باقايچۇ» دەپ يېلىنىشتى. ئاتاي قىزغىنىپ، ئۇلارغا كۈچۈكنى سىلاتقۇزمىدى. كۈچۈك يۇمران ۋە چىرايلىق ئىدى، قىزغۇچ سېرىق تۈكلىرى يالتىرايتتى، قۇلىقى بولسا سالپاراپ تۇراتتى. كىچىككىنە دۈگىلەك كۆزلىرىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرۇشچۇ تېخى! ئەمما ئۇ ئاران - ئاران يەر دەسسەيتتى.

— ۋاي ئايلىناي، ئاپشاركا ئىكەنغۇ بۇ، — دېدى مېھرىگۈل سۆيۈنۈپ، — ھە قۇلىقىنى دەمسەن، چوڭ بولغاندا دىك تۇرىدۇ. شۇندا ھەقىقىي ئاپشاركا ئىت بولىدۇ.

— ئاپشاركا دېگىنىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئاتاي.

— بۆرە بىلەن يەرلىك ئىت ئوتتۇرىسىدىن بولغان ئىتنى ئاپشاركا دەيدۇ. شۇڭا سەن بۇنىڭغا سۈتلا بەرگىن. بىرەر ئايدىن كېيىن بەزلەرنى بەرسەڭ بولىدۇ.

— نېمىشقا؟

— چىشى چىقمىدى - دە. ئاۋۋال سەن كۈچۈكۈڭگە ئىسىم قويغىن.

نۇرگۈل كۈچۈكنى قولىغا ئېلىپ كۆردى.

— تاپانلىرى ئاپئاقكەن، پېشانىسىدىمۇ ئاق قاشقا بار ئىكەن. شۇڭا ئاقتاپان دەپ ئىسىم قويايلى.

ئاتاينىڭ كۈچۈكىدىن زادىلا ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. مەكتەپكە ماڭاردا كاتەككە سولاپ قوياتتى، كېچىسى قوينىدا ياتقۇزاتتى. شۇ كۈنى ئەتىگەنلىكى مېھرىگۈل بەرگەن سۈتنى ئىچۈر-

www.uyghurkitap.com

مەكچى بولدى. كۆچۈك ئىچمەي غىڭشىدى، مېھرىگۈل چۈشەندۈردى:

— سەنمۇ بوۋاق ۋاقتىڭدا ئېمىزگۇ ئېمەتتىڭ، كۆچۈكۈم، بوۋاق بولغاچ سۈتنى ئېمىزگۈدە ئىچسۇن، مە، — دەپ سۈت قاچىلاپ قويۇلغان ئېمىزگۈنى بەردى.

ئاتاي ئېمىزگۈنى ئاق تاپاننىڭ ئاغزىغا سېلىۋېدى، ئۇ شوراپ ئېمىپ كەتتى. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان ئاتاي چۈشتە كېلىپلا ئۆزى چاي ئىچمەي كۆچۈكىنى ئېمىتتى.

ئاتاي بىر كۈنى مەكتەپتىن كېلىۋىدى، ئاقتاپان ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ خېلى ئوبدانلا مېڭىپ قالغىنىنى كۆرگەن مېھرىگۈل ئېتىزدىن كېلىپلا كاتەكتىن چىقىرىۋەتكەنىدى. ئۇ چىچەن دەپ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭلىرىنى كولاپ مېھرىگۈلنىڭ چىشىغا تەگكەندىن كېيىن ئاتاي ئۇنى قوينىدا ياتقۇزماي، كېچىسىمۇ كاتەككە سولايدىغان بولغانىدى. ئاقتاپاننىڭ تۆرقى بەك ئوماق ئىدى. ئۇ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئاتايغا تەلپۈندى. ئاتاي ئۇنى قولىغا ئالدى، كۆچۈك ئۇنىڭ قوللىرىنى يالىدى. ئاتاي خۇشال بولۇپ:

— ئاپىي، كۆچۈكنىڭ چىشى چىققان ئوخشايدۇ، — دېدى.

— ئەمىسچۇ قارا ساقام، كۆچۈكۈڭگە ئاز - ئازدىن بېز بەرگىن.

— ئاپىي، كۆمۈرچەك چىشى سۇنۇپ كەتمەمدۇ؟

— بەز يۇمشاق بولغاچ سۇنمايدۇ.

ئەتىسى ئاتاي مەكتەپتىن قايتقاندا، دادىسىنىڭ ئاغىنىسى قادىر قاۋاننىڭ دۇكىنىغا باردى. قادىر قاۋان ئالدىراش گۆش سېتىۋاتاتتى، ئۇ ئاتايدىن:

— گۆشكە كېلىۋېدىڭما؟ نەچچە كۈنلىكياقى كەلمىدىڭغۇ، نېمە، ئاپام ئەۋەتمىدى، دەمسەن؟ ھەي شۇ ئاپاڭزە، تارتىنىپتۇ - دە، — دەپ گەپ سورىغاچ بىر پارچە گۆشنى كې-

سىپ، خالتىغا سېلىپ بەردى.

— ئاپام گۆش ئەكەل دېمىگەن، — دېدى ئاتاي.

— ئەمىسە نېمە دېگەن؟

— مەن، مەن كۈچۈك بېقىۋېدىم، شۇ، شۇنىڭغا بەز بېرەي دېگەنتىم.

— ھە، مۇنداق دېگىن، كۈچۈك بېقىپسەن - دە.

قادىر قاۋان شۇنداق دەپ قەغەز يەشىككە تاشلاپ قويغان بەز، قان يۇقى گۆش پارچىلىرىنى سۇلياۋ خالتىغا سېلىپ بەردى. لوق گۆشنى بولسا، ئاتايىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، جىلتىنىسغا سېلىپ قويدى.

— كۈندە كەلگىن جۇمۇ، ئېلىپ قويىمەن.

ئاتاي بەزنى ئالدىغا ئويناقلاپ كەلگەن ئاقتاپانغا بەردى. ئۇ بەزنى ئاۋۋال پۇرىدى، ئاندىن ئاغزىغا ئېلىپ يالماپ يۇتۇۋەتتى.

## 12

ئاقتاپان چوڭايغانسېرى ھەرخىل قىلىقلار چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇ ئاتاي مەكتەپتىن قايتقاندا، كوچىغا چىقىپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باراتتى، ئالدى پۇتلىرىنى ئاتايىنىڭ قورسىقىغا قوياتتى، قوللىرىنى يالايتتى. ئاندىن ئەركىلەپ ھەرخىل ئويۇنلارنى ئوينايتتى - سەكرەيتتى، غىڭشىيتتى، ئاتايغا يامىشاتتى، ئاندىن ئاتاي كەلدى، دېگەندىن بېشارەت بېرىپ «ھاۋ - ھاۋ» دەپ ھاۋشىپ قوياتتى، ھەتتا ئىككى ئالدى پۇتى بىلەن ئۆي ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىدىغان قىلىق چىقاردى. ئۇ باغنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ، خىلۋەت يېرىگە بېرىپ تەرەت قىلاتتى - دە، تەرىتىنى توپا بىلەن كۆمۈۋېتەتتى. ئۇ كېچىسى باغنىڭ ئەتراپىنى نەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىقاتتى. بىرەر غەيرىي ئاۋاز ياكى شەپە ئاڭلىسا «ھاۋ- ھاۋ» دەپ ھاۋشىيتتى. بىر كېچىسى ئۇ قاتتىق ھاۋ-

شىپ، خىرس قىلغىنىنى مېھرىگۈل ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ دېرىزىنى ئېچىپ قارىدى. دەرۋازا ئالدىدا بىر كۆلەڭگە تۇراتتى، ئاقتاپان ئۇنىڭغا چىشلىرىنى كۆرسىتىپ خىرس قىلاتتى. قارا كۆلەڭگە دەرۋازىغا يېقىن كېلەلمىدى، كەينىگە داجىدى. ئۇ داجىپ تۇرۇپ يەرگە ئېگىشىۋېدى، ئاقتاپان «ھاۋ» قىلىپ ئېسىلدى، ئۇ كۆلەڭگىنىڭ قولىنى چىشلىۋالغاندەك قىلدى. ئۇ ۋارقىراپ كەتتى. مېھرىگۈل:

— ئاق تاپان، قايت، — دەپ ۋارقىرىدى.

دائىم ئىگىسىنىڭ گېپىنى مۇلايىملىق بىلەن ئاڭلاپ قويىرۇقىنى شىپاڭشىتىپ ئالدىغان كېلىدىغان ئىتنىڭ ئاڭلارغا قۇلىقى يوقتەك ئىدى. مېھرىگۈل ئىشىكتىن چىقتى. ئۇ يېقىن بېرىپ قارىدى. ئىت خىرس قىلىپ تۇرغان كىشى رەھمەت ئىكەن. ئۇمۇ مېھرىگۈلگە ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆگزىسىگە چالما ئاتىدىغانلاردىن، يەنە كېلىپ تازا قېلىن ئاشىقلاردىن ئىدى، كۈندۈزى مېھرىگۈلنىڭ كەينىگە كىرىۋالاتتى، كېچىسى دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ئىسقىرتاتتى. بۇگۈنمۇ ئىسقىرتقاندىكەن، ئاقتاپان تالاپتۇ.

ئاقتاپان سەزگۈر ئىت ئىدى. تىرىق قىلغان ئاۋاز ئاڭلانغان تەرەپكە قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ قارايتتى.

## 13

جاھان قاراڭغۇ ئىدى. پەقەت ئاسمان چىراغلىرى نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئاقتاپاننىڭ ھاۋشىپ كەتكىنىدىن مېھرىگۈل ئىشىكنى ئېچىپ چىقتى. دەرۋازا ئالدىدا سىدىق سودايى غال - غال تىترەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىلىكىدىن چىشلىۋالغان ئاقتاپان غىڭشىيتتى.

— ھوي سىدىق، بۇ يېرىم كېچىدە نېمە دەپ كەلدىڭ؟ —

دېدى مېھرىگۈل.

— سىز ــ سىزنى بىر ـ بىر كۆ ـ كۆرۈشكـ ـ ە.

— ئاقتاپان، قويۇۋەت، — دېدى مېھرىگۈل.

ئاقتاپان سىدىق سودايىنىڭ يېڭىدىن چىشىنى ئاجراتتى.

ئاقتاپاننىڭ كۆزەتچىلىكى بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىدى. يەنە بىر ئېغىر ياتقۇ ۋاقتىدا ئۇ باراڭ ئاستىدا ئۇخلاۋاتقان ئاتاينىڭ يۈزىنى يالىدى. ئاتاي چۆچۈپ ئويغاندى، يوتقاننى قايرىدى، ئاقتاپان ئۇنىڭ ئىشتىنىنى چىشلەپ تارتتى. ئاتاي ئىختىيارسىز كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئاقتاپان ئاتايغا قاراپ قويۇپ قەدىمىنى ئاۋايلاپ باستى. ئاتاي ئۇنى دوراپ تىنۋىش چىقارماي ماڭدى. ئاتاي قارىسا، بىر قارا كۆلەڭگە ئانىسى ياتقان ئۆينىڭ دېرىزىسىگە چاپلىشىۋاپتۇ. ئاقتـاپان ئـاتايغـا قانداق قىلاي، دېگەندەك قارىدى. ئاتاي:

— باس! — دەپ ئۇنلۇك ۋارقىرىدى.

ئاقتاپان چاقماق تېزلىكىدە كۆلەڭگىگە تاشلاندى. «ۋاي-جان» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاتاي دېرىزىگە يېقىن باردى. قارىسا شەمى شوپاڭ، ئۇ دىر ـ دىر تىترەيتتى. ئاقتاپان ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چىقىۋېلىپ، ئىككى قولى بىلەن گەجگىسىدىن بېسىپ تۇراتتى.

ئاتاي شەمىنى تونىسىمۇ ۋارقىرىدى:

— ۋاي ئوغرى، ۋاي ئوغرى!

مېھرىگۈل، قوشنىلار يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى، مېھرىگۈل شەمىگە مۇزدەك نەزەر تاشلىغان ھالدا سۆكتى:

— ھەي ھايۋان، مۇشۇ ئىتچىلىكمۇ بولالمىدىڭمۇ؟ بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە قايسى يۈزۈك بىلەن ئوغرىلىققا كىرمەكچى بولدۇڭ؟!

— يا ـ يا ـ ياق، مې ـ مېھ ـ ـرى سىز...

— ھەي ناكەس، ئاغزىڭنى يۇم ـ دە، يوقال بۇ يەردىن!

يەنە كەلسەڭ ئاقتاپانغا تالاتقۇزىمەن!

مېھرىگۇلنىڭ يۈرىكى زەھەرلىك يىلان چاقىقاندەك ئېچىشتى.

مانا شۇ كېچىدىن تارتىپ مېھرىگۇلنىڭ دەرۋازىسى، دېرىزىسى ئالدىغا كېلىدىغانلارمۇ، ئۆگزىسىگە چالما ئاتىدىغانلارمۇ، ئۇشقىتىپ بەلگە بېرىدىغانلارمۇ يوقالدى.

## ئىككىنچى باب

# تۇل خوتۇنلار ئاشخانىسى

### 1

مېھرىگۇل تۇرۇپلا قىزىپ قالدى. «كىشىلەر تۆت - بەش مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كېلىپ ئوقەت قىلىۋاتىدۇ، بېيىۋاتىدۇ. مەن ئۆز زېمىنىمدا ئوقەت قىلسام بولمامدىكەن؟! ... — بۇ پىكىر ئۇنى بارغانسېرى قىزىتىپ قويدى، يەنە تۇرۇپ ئىككىلەندى، — بۇنداق ئىشنى ئېغىزدا دېيىشقۇ ئاسان، ئۆمرۈمدە بىرەر تال تۇخۇم سېتىپ باقمىغان بىر خوتۇن قاملاشتۇرالارمەنمۇ؟ ھەر ھالدا بازارنى بىر كۆرەيچۇ». ئۇ شۇ پىكىرگە كېلىپ مەھەللە بازىرىنى ئارىلىدى، ھەر يەر، ھەر يەردىن كەلگەنلەر، ساياھەتچىلەر دەريا بىلەن ئۇنىڭ ۋادەكلىك كۆۋرۈكىنى كۆرۈشكە كېلەتتى. توي قىلغان ياشلار بېزەلگەن پىكاپلاردا كېلىپ ئارىلايتتى ۋە خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشەتتى. شۇڭا بازار ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىدى. مېھرىگۇل بازارنى ئارىلاپ يۈرۈپ قايمۇقۇپلا كەتتى. بازاردا يەنە دېھقانلار ئۆزلىرى تېرىغان ئوتياش، ئالما قاتارلىق مېۋىلىرىنىمۇ سېتىۋاتاتتى. ئۇ بىر ئوتياشچىدىن بىر كىلوگرام سەۋزىنى بىر سومغا ئالدى. بەش قەدەم نېرىدا بىر ئۇيغۇر بوۋاي سەۋزىنى 60 تىيىندىن سېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ لېۋىنى چىشلىدى، بازار ۋاژ - ۋۇژ قاينايتتى. ئۇ نەرسە ئېلىشنى قويۇپ تىڭ - تىڭلىدى، كۆزى

سېتىلىۋاتقان نەرسە ـ كېرەكلەردە، قولىقى خېرىدارلارنىڭ باھا تالىشىشىدا بولدى، ئۇنىڭ قولىقىغا «ئەتكەن چاي بارمۇ؟» دېگەن ئاۋاز كىردى. ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر ئۈمىد ئوتى ياندى. ئۇ بازاردا بىرمۇ ئەتكەن چاي ساتقۇچىنى ئۇچراتمىدى. «ھە، مانا مېھرى، ساڭا ئوقەت تېپىلدى!» ئۇ خۇشاللىقىدا ياش قىزلاردەك ئۆيگە يۈگۈردى. كېلىپلا نۇرتايغا ئىش بۇيرىدى:

— ھوي تايچىقىم، چاپقىن، ھېزىم پاڭقاينى تېپىپ كەلگىن.

ئۆزى دەررۇ بالىلارنىڭ دادىسى تامغا رەتلىك تىكلەپ قويغان چەگزە ـ بادىرلارنى تاللاشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا ھىجىيىپ چوڭ تەمە بىلەن ھېزىم كىرىپ كەلدى. مېھرىگۈل ئۇنىڭغا:

— ھېلىقى هارۋاڭنى ئەكىرگىنە، بۇ چەگزىلەرنى بېسىپ بازارغا ئاپىرىشىپ بەرگىن، — دېدى.

ھېزىم «ھىيە ... ھىي» دەپ چىقىپ كەتتى. نۇرتاي سورىماي تۇرالمىدى:

— ئاپىي، بۇ چەگزىلەرنى سېتىۋېتەي دېدىڭمۇ؟

— ياق تايچىقىم، چايخانا ياسايمەن.

— چايخانىمىز بارغۇ؟

— ئۆزىمىزگە ئەمەس، بازارغا كەلگەنلەرگە.

— ھە! — نۇرتاي گاڭگىراپلا قالدى.

— ھە، بازارغا كەلگەنلەرگە ئەتكەن چاي كېرەككەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئىتىزنى ھېزىمگە بېرىپ، ئۆزۈم چايچىلىق قىلىمەن.

— ئىتىزنى ھېزىمكامغا بىكارغا بېرەمسەن؟

— تەڭ ئورتاققا.

— چايخانا ئىچىشقا پۇلۇڭ بارمۇ؟

— بۇچۇ قارا، دەسمايىسىز ئوقەت. كالىمىزنىڭ سۈتى، بەش كويلۇق چاي، ئاۋۇ دۆۋىلىنىپ تۇرغان ئالما شاخلىرى



www.uyghurkitap.com

دەسمايىمىز بولىدۇ. چاي قايناۋېرىدۇ، پۇل يانچۇققا كىرىۋېرىدۇ. سىلەر ئېتىزغا چىقماي ئوقۇۋېرىسىلە.

ھېزىمنى باشقىلار كۆزگە ئىلمىغىنى بىلەن پۇت - قولى چاققان، ئىشچان يىگىت ئىدى. ئۇ بىر دەمدىلا قول ھارۋىسىنى سۆرەپ كەلدى. بۇ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن ھارۋىنى كوممۇنا تارالغاندا، ھېچكىم ئالماي، ئەترەت ھويلىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تاشلىنىپ ياتقانىدى. ھېزىم ئۇنى كەپىسىگە ئاپىرىپ تۈزەشتۈردى. مېھرىگۈلگىمۇ بىر سوقا، بىر ئات تەگكەنىدى. ئۇ ئەترەت باشلىقىغا «مەن سوقا تۇتالمايمەن، ئات مىنەلمەيمەن، بالىلىرىم ئاق ئىچسۇن، بىر موزايلىق سىيىر بەرسەڭلار بولدى» دەپ بىر سىيىر ئالغانىدى. مېھرىگۈل بىلەن ھېزىم چەڭزە - بادىرلارنى ھارۋىغا باستى. كونا بورىنى تۆپىسىگە باغلىدى. بازارغا بارغۇچە مەھەللىدىكىلەر:

— ھوي، يول بولسۇن، كۆچتىڭىزمۇ نېمە؟

— بۇلارنى سېتىۋېتەي دەپسىز - دە، — دەپ سورىشىپ، مېھرىگۈلنى ئورتايدىن بەتتەر بىزار قىلدى. ئۇ بىزارلىقىنى بىلىندۈرمەي، ئىللىق تەبەسسۇمدە جاۋاب بەردى:

— چايخانا ئاچىمەن.

بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، تەمىنات - سودا كوپىراتىپ ئاشخانىسىنىڭ بېقىنىدا ئۈچ بۇرجەك يەر بار ئىدى. ئۈچ بۇرجەكنىڭ كەينى ئاشخانا بولۇپ، ئىككى بۇرجىكىدە ئىككى سېدە سايە تاشلاپ تۇراتتى. مېھرىگۈل نەق شۇ ئۈچ بۇرجەكنى تاللىغانىدى. ھېزىم ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ تۈۋرۈك ئورنىتىشىپ بەردى. ئۆستەڭ تەرەپنى پەس، كوچا تەرەپنى ئېگىز قىلىپ چەڭزىلەرنى قويۇپ، بورا بىلەن ياپتى، چۆرىسىگە چەڭزىنى قېلىن قويۇپ، مىقلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ بۇرجەكلىك ياغاچ ئۆي پەيدا بولدى. مېھرىگۈل باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن چەڭزە تاملىرىنى گېل بىلەن ھاكلىۋىدى، ئۆيگە ئوبدانلا ئىسكەت كىردى. مېھرى-

گۈل پېرىم كېچىكىچە «تۆل خوتۇن چايخانىسى» دېگەن خەتنى ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قىزىل رەختكە سېرىق يىپتا كەشتىلەپ چىقتى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ئۇ ماۋزېدۇڭنىڭ سۈرىتىنى باشقىلار قاتارىدا مۇشۇنداق كەشتە قىلىپ توقۇغاچقىمۇ بۇ ئىش ئانچە قىيىنغا چۈشمىدى. ئەتىسى تورغاي چۇچۇلىغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ سىيىر ساغدى، سۈت پىشۇردى. ئاخشام ساققان سۈت بىلەن خام قايمىقىنى ، ئانىسى بىر ئۆمۈر تۇتقان سەككىز باغلىق سېرىق مىس ساماۋار، قازان، ئاپقۇر چىنىلەر، قاپاق چۆمۈچ، جوزىنى ھېزىمنىڭ ھارۋىسىغا باستى. ئەزىمەت ياساپ قويغان تۆت كىچىك ئورۇندۇقنىمۇ ھارۋىغا سالدى. ئۇ چايخانىغا كېلىپلا ساماۋارغا سۇ قۇيۇپ، ئوت سالدى، قىزىل لەۋھەنى دۇكاننىڭ بېشىغا تارتتى. ساماۋار شىقىلدىغاندا، مېھرىگۈل چۆگۈنگە چاي سالدى. ئۇنىڭ بىرىنچى خېرىدارى ھېزىم بولدى. ئۇ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ھارۋىسىنى سۆرەپ كەتتى. شۇ كۈنى مېھرىگۈلنىڭ سودىسى يامان بولمىدى. ئۇ دوستلىرىغا سودا ئەھۋالىنى دەپ بەردى:

— ئۈچ خېرىدارنى يولغا سېلىپ تۇرۇشۇمغا كىم كەلدى دېمەمسىلە، ۋاي ئۆلەي، يۇنۇس يورغا كەلمەسمۇ. بىر چىنە چاينى ئىچىپلا كەتسە مەيلىغۇ، شەھۋانىي گەپلەرنى قىلىپ، زىتىمغا تېگىشكە باشلىدى. مەن چىدىماي «چېپىڭىزنى ئىچىپ بولغىنىڭىزغا نەكەم، ئەمدى ئىشىڭىزغا بېرىڭ، بېزىرىپ ئولتۇرۇپ، سەت گەپلەرنى يەنە قىلىدىغان بولسىڭىز ساقچىخانىغا چاقىمەن.» دېسەم، ئۇ «ۋاي گۈلۈم، تاتلىق چېپىڭىز لەۋلەرىمنى كۆيدۈردى، ساقچىخانا كاللامنى ئالامتى» دەۋاتاتتى. مەستلىكتە دەلدەڭشىپ كېلىۋاتقان كامىل ئۇنىڭ سۆزىنى خاتا ئاڭلاپ قالغان چېغى، «ھەي گۈي، — دەپ گۈركىرەپ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى، — مېنى نىمە دەپ تىللاپ بېرىۋاتىسەن ـ ھە!» يۇنۇس: «يا ياق، كامىل ئاداش، سېنى تىللايدى-

غانغا بېشىم ئونمۇ، بىر چىنە چاي ئىچىپ ...» دەپ ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ، كەينىگە قاراپ ــ قاراپ يورغىلاپ كەتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېھرىگۈلنىڭ دوستلىرى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئەمدىچۇ قارا مېھرى ھەدە، — دەپ كۈلكىسىنى بېسىپ لوقما سالدى تۇرانقىز، — بۇ كۆشەندىلەرنى بىر ــ بىرىگە سېلىپ قويۇپ قۇتۇلغىن، بولمىسا، چايخاناڭغا كۈندە كېلىۋېلىپ، ئوقەت قىلغۇزمايدۇ.

ھەر ھالدا مېھرىگۈلنىڭ بۇ دەسمىسىز ئوقىتى ئېقىپ قالدى. بىرەر ئاپتوبۇس ئاشخانا ئالدىدا توختىدىمۇ، بولدى، مېھرىگۈل ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. ئۇسساپ كەلگەن ساياھەتچى، يولۇچىلارغا مېھرىگۈل قولى قولىغا تەگمەي چاي ئېتىپ بېرەتتى. چايخانىغا كېلىۋالىدىغان بىكار تەلەپلەر بولسا، مېھرىگۈلگە ياردەم بەرگىنىگە خۇش بولۇپ، مېھمانلارغا چاي تۇشۇپ ئاۋارە بولاتتى. بۇنداق چاغدا بىر ساماۋار قايناقسۇ، ئىككى چۆگۈن چاي يەتمەي قالاتتى. چىنە ــ قاچا، جوزىمۇ يېتىشمەيتتى. مېھرىگۈل ئۆزىنى بىر ئاز ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، ئۇزۇن بىر جوزا ئالدى. ھېزىم بىلەن كامىل ياغاچچى ئاغىنىسىگە پەن، ياغاچ ئاپىرىپ بېرىپ ئىككى ئۇزۇن ئورۇندۇق ياسىتىپ كەلدى. مېھرىگۈل كونا ئۆي جابدۇقلىرىنى ساتىدىغان يەردىن توققۇز باغلىق بىر مىس ساماۋار سېتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشى تېخىمۇ يۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تەملىك چېيىغا خۇمارى تۇتىدىغانلارمۇ كۆپەيدى، تىجارەتچىلەر، ھەتتا ئىچكىرىدىن چىقىپ ئوتياشچىلىق قىلىۋاتقانلارمۇ ئۇنىڭ چېيىغا ئۆگىنىۋالدى. ئۇ ئاخىرى ئۆزى يېتىشەلمەي، ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ ياشلا تۇل قالغان ھەمرا بۇۋىنى ئۆزىگە ھەمرا قىلدى. ھەمرا بۇۋىنىڭ قولى گۈل ئىدى. ئۇ ئاخشىمى ئىشتىن چۈشكەندە چايخانىنىڭ ئالدىغا قومۇشتىن تەمە توقۇپ، ھەشقىپىچەك تېرى-

دى. چايخانا ئالاھىدە بىر چىرايلىق تۇسكە كىردى. مېھرىگۈلنىڭ كالىسىنىڭ سۈتى يەتمەي قېلىۋىدى، كالىسى بارلاردىن سۈت ـ قايماق سېتىۋالىدىغان بولدى. چايخانا بارغانسېرى كېڭەيدى، خېرىدارلارمۇ كۆپەيدى، مېھرىگۈلنىڭ ئەتىگەنلىك بىرىنچى خېرىدار باللىرى بىلەن ھېزىم، كامىللار ئىدى. باللار چايخانىدىن چاي ئىچىشىپ مەكتىپىگە ماڭاتتى. ئۇ باللىرىغا يۈزى كۆرۈنمىگۈدەك قايماقلىق چاي ئېتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ چايخانا ئېچىشتىكى مەقسىتىمۇ مۇشۇ باللىرى ئۈچۈن ئىدى ـ دە.

## 2

مېھرىگۈل ھەمرا بۇۋىنىڭ چۆچۈرىگە ماھىرلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، قوشۇمچە چۆچۈرە چىقاردى. يۇمغاقسۈت سېلىنغان بۇ ئۇششاق قۇلاقلارنىڭ پۇرىقى پۈتكۈل بازارنى بىر ئالاتتى. بۇنىڭ بىلەن قوشنا ئاشخانا چوڭ خىرىسقا دۇچ كەلدى. خېرىدارلار قوشنا ئاشخانىغا كىرمەي، مېھرىگۈلنىڭ چۆچۈرىسىگە ئۆگىنىۋالدى. مېھرىگۈل يېتىشەلمەي قوشنىلىرىدىن خاسىيەتقىز، تۇرانقىز ئىسىملىك ئىككى تۇل خوتۇننى چايخانىسىغا ئالدى. مېھرىگۈل يېزا بويىچە 151 تۇل خوتۇن بارلىقىنى بىلەتتى. بۇلار ئىچىدە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەنلىرىمۇ، ئاجراشقانلىرىمۇ، ئېرى تۈرمىگە كىرىپ كېسىلىپ كەتكەن ۋە ئېتىلىپ كەتكەنلىرىمۇ بار ئىدى. كۆپرەكى ياش چوكانلار، تېخى بالا يۈزى كۆرمىگەنلەر ئىدى. تۇرانقىز لەغمەن سوزاتتى، خاسىيەتقىز ئوتياش ئاقلاپ، گۆش توغرايتتى، ھەمرا بۇۋى بۇرۇنقىدەكلا چۆچۈرىگە مەسئۇل ئىدى. ئۇلارنىڭ لەغمىنى قوشنا ئاشخانىنىڭكىدىن ھەم تەملىك، ھەم ئەرزان بولغاچقا بازىرى چىقىپ قالدى. قوشنا ئاشخانا خوجايىنىنىڭ كۆزى قىزاردى. ئاشخانا خوجايىنى بىر

كۆنى «مېنىڭ ئاشخانامدىلا ئىشلەڭلارا، مېھرىگۈل، سىزگە باشقىلاردىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق ئىش ھەققى بېرەي» دېدى. مېھرىگۈل ئۇنىمىدى، «مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا ئىنسان، سىز قىلغاننى مەنمۇ قىلالىدىم. مەن قىلغاننى سىزمۇ قىلىپ، خېرىدارنى تارتىۋېلىڭ، ئەمما كۆندە غىڭشىپ مېنىڭ بېشىمنى ئاغرىتماڭ، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئاغزىممۇ، قولۇممۇ بوش ئەمەس!» دەپ جاۋاب بەردى.

بىراق، ئاشخانا خوجايىنى كۈندە كىرىپ قاتتىق - يۇمشاق گەپلەر بىلەن مېھرىگۈلنى كۆندۈرۈشكە تىرىشتى، مېھرىگۈل ئاخىرى بىر قېتىمدا قەتئىي رەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئاۋارە بولماڭ، بىز بەش ئادەم، بىز مۇشۇ ئوقەت بىلەن بالىلىرىمىزنى بېقىۋاتىمىز، مەن سىزدە ئىشلىسەم مۇنۇ دوستلىرىم ئاچ قالىدۇ. شۇڭا سىزگە رەھمەت، ئەمدى ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ!

— دوستلىرىڭىزنىمۇ ئاشخانامغا ئالاي.

— بىز سىزگە تەگمەيمىز، — دېدى تۇرانقىز شىتىلىلىق قىلىپ.

پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

رىقابەت دېگەن شۇنداق بولىدۇ. رىقابەتتە چوڭ كارخانا كىچىكلىرىنى يۇتۇۋېتىدىغان ئىشلارمۇ، كىچىكلىرى چوڭلىرىنى ۋەيران قىلىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. مېھرىگۈلنىڭ ئەتكەن چېيى، چۆچۈرىسى، لەڭمىنى قوشنا ئاشخانىنىڭ خېرىدارلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۇلار چايخانا ئىچى - تېشىغا پاتماي قالىدىغان بولدى. چوڭ ئاشخانا خوجايىنى چىدىماي، بازار باشقۇرۇش خادىمىنى باشلاپ كەلدى.

— سىزنىڭ چاي سېتىشىڭىزغىلا رۇخسەت، — دېدى بازار باشقۇرۇش خادىمى مېھرىگۈلگە، — تاماق سېتىشىڭىزغا بولمايدۇ.

— بۇ بازار تاشكۆۋرۈك يېزىسىنىڭ بازىرى، شۇڭا يېزا باشلىقى ماڭا خالىغىنىڭنى سات دەپ خەت بەرگەن. ئىشەنمىسەڭىز مانا تىجارەت قەغەزلىرى، — دېدى مېھرىگۈل مۇلايىملىق بىلەن.

بازار باشقۇرۇش خادىمى تىجارەت كىنىشكىلىرىنى كۆرۈپ غىڭ قىلماي كەتتى.

مېھرىگۈل بىر كۈنى سەھەردە چايخانىغا كېلىپ تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى چايخانىسى ئۆرۈلۈپ ياغاچلىرى ئۈستەڭگە چۆرۈۋېتىلگەندى. مېھرىگۈلنىڭ ئورنىغا تۇرالمىغىنى ساقچىخانىغا ئەرز قىلدى. ساقچىخانا باشلىقى «جىنايەت گۇماندارىنى كۆرسىتىپ بېرىڭلار» دېگەن جاۋابنى بەردى. مېھرىگۈلنىڭ ياغاچچى خېرىدارلىرى كېلىپ چايخانىنى بۇرۇنقىدىنمۇ كۆركەم قىلىپ ياساپ بەردى.

سودىسى ئۆلگەن قوشنا ئاشخانا خوجايىنى باشقا ياققا ئاشخانا ئاچىمەن، دەپ كەتتى. تەمىنات سودا كوپىراتىپ ئاشخانىسىمۇ بىر ياز، بىر كۈز دېگۈدەك خېرىدارسىز ۋاقىت ئۆتكۈزدى.

— مېھرىگۈل، بازىرىڭىز بولۇۋاتقاندىكىن، بىزنىڭ ئاشخانىنى ئاچسىڭىزا، ئەتە - ئۆگۈن جۇۋىسىنى سۆرەپ قارا قىش كەلسە، ئوقىتىڭىز توختاپ قالىدۇ، — دېدى بىر كۈنى تەمىنات - سودا كوپىراتىپ باشلىقى.

— رەھمەت - تەزىم، ئىجارىسىنى تۆلىگۈدەك ئاقچام يوق.

— سىز ئۆز مەھەللىمىزنىڭ ئادىمى بولغاندىكىن ئەرزانراق بېرىمىز.

— قانچىگە بېرىسىز؟

— يىگىرمە پىرسەنت چۈشۈرۈپ بېرەيلى.

— ھەممىڭىزگە ھەشقاللا.

— ھە، ئەمىسە ئىجارىگە ئالىدىغان بولدىڭىز - ھە!

— يوغسۇ، — دېدى مېھرىگۈل، — يېرىم باھاغا چۈشۈرۈپ

بەرسىڭىزمۇ ئالالمايمەن، ئاقچام يوق.
— ئاقچىنى يىل ئاخىرىدا بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ.
— زىيان تارتىپ بىرەلمىسەمچۇ؟
— ھەي، «خوتۇن كىشى دېگەننىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېگەن راست ئىكەن، — دەپلا پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالدى تەمىنات سودا - كوپىراتىپ باشلىقى.

## 3

كەچكۈزنىڭ سوغى باشلاندى، بىر كۈنى لەپىلدەپ قار ياغدى، ئاياللار چايخانىنى قاردىن ئادالىدى. ئۇلار «بۇ كۈزنىڭ توقلى، ئۆتۈپ كېتىدۇ» دەپ خاتىرجەم ئىشىنى قىلىشىۋەردى. بىراق، شۇ كۈنى ئۇلار ئاران يەتتە خېرىدارنى كۈتۈۋالدى، ئەتىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئازلاپ كەتتى. بەش ئايال بىكارچىلىقتا گەپكە كىرىشتى.
— ۋاي ھەدە، ئوقەتنىمۇ قىلىپ بولغان ئوخشايمىز، كاڭغا چىقىپ ياتىدىغان ۋاخ كەلگەندەك قىلىدۇ.
— ھەي ھەمرا، مېھرىگۈلدەمنى بۇنداق سوۋۇتىدىغان گەپنى قىلما، — دېدى خاسىيەتقىز.
— ھە، ئەمىسە قىزىتىدىغىنىنى سەن قىل، — دېدى ھەمرا بۇۋى.
— دېسەم دەي، مېنىڭچە ئاشخانىنى ئىجارىگە ئالغىن، مېھرى ھەدە، ھەرگىز زىيان تارتمايسەن، — دېدى خاسىيەتقىز.
— ئەجەب ھاۋادىكى سۆزنى قىلدىڭا، — دەپ مەسخىرە قىلدى ھەمرا بۇۋى.
مېھرىگۈل ئۇندىمەي ئولتۇردى، ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى تۈرۈلگەندى. ئۇ قىيىن مەسىلىنى يېشىۋاتقاندەك، ئويلىنىۋاتقاندەك ئىدى. دىمىسىمۇ كۆڭلىدە چوت سوقۇۋاتاتتى. بىر قا-

www.uyghurkitap.com

رارغا كېلەلمىگەچكە ئۆزىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرغان دوستلىرىغا:

— بىر گەپ بولار، — دەپلا قويدى.

ئەتىسى يەنە خېرىدار كەلمىدى. بەش ئايال چايخانىدا مۈزلاپ تىترەپ ئولتۇرۇشتى. مېھرىگۈل دوستلىرىغا ئىچى ئاغرىغان ھالدا بىر قاراپ چىقتى. ئاخشام يېرىم تۈنگىچە ئويلاپ، كەلگەن قارارىنى جاكارلىدى:

— ئاشخانىنى ئىجارىگە ئالىمەن!

خاسىيەتقىز چاۋاك چېلىۋېدى، باشقىلارمۇ قوشۇلدى.

مېھرىگۈل ئۇلارغا چايخانىنى يىغىشتۇرۇپ تۇرۇشنى تاپىلاپ، تەمىنات - سودا كوپىراتىپ ئىدارىسىگە كەتتى. ئۇ ئۇ يەردىن كۈن قىيىلغاندا قايتىپ كەلدى. خاسىيەتقىز تەقەززالىق بىلەن سورىدى:

— قانداق بولدى؟

— مانا ئاچقۇچى.

ئۇلار ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىردى. بۇرۇنلىرىغا شۇنداق يامان بىر ھىد ئۇرۇلدىكى، ئۇلار چىدىيالماي يېنىپ چىقىشتى، مېھرىگۈل خىتاب قىلدى:

— ۋاي ئانىمەي، ئاشخانىمۇ، ئەخلەتخانىمۇ بۇ!

ئۇ ئاغزى - بۇرنىنى بېشىدىكى ياغلىقى بىلەن تاڭدى، باشقىلارمۇ شۇنداق قىلدى. مېھرىگۈل ئالدىراپ ھەممە دېرىزىلەرنى ئېچىۋەتتى، ئاندىن ئۆيلەرنى ئارىلىدى. خاس ئۆيلەرگە تۆكۈلگەن پىششىق سەي، توخۇ، بېلىق گۆشلىرى پۇراپ - قۇرۇتلاپ كەتكەنىدى. چوڭ زالمۇ شۇنداق ئىدى. شىرەلەرنىڭ ئۈستىنى توپا - چاڭ بىلەن ماي قاپلاپ كەتكەن، تام - تورۇسلارغا ئۆمۈچۈكلەر تور تارتقان، ئۆينىڭ ئاستىدىكى ماي - توپىلار قېتىپ كەتكەن، تاملىرى قارىداپ، قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى.

— تازىلاشقىلا بىر ھەپتە كەتكۈدەك، — دېدى ھەمرا بۈۋى.
— بۈنى ئىسراپ بولغۇچە ھالىمىزدىن كەتكۈدەكمىز، — دېدى نۇرانقىز.
— نېمە ۋايسايسىلەر، «توختاملىشىپ ئىجارىگە ئالدۇقمۇ، بولدى. قېنى پەشتاما تارتىپ ئىشقا كىرىشىڭلار. ھەمرا بۈۋى، سەن خاس ئۆيلەرنى ئىسرىغدىغىن، خاسىيەتقىز، سەن تۆمۈر گۇرجەك بىلەن ئاستىنى قىرغىن، قالغانلار تام ـ تورۇسلارنى سۈپۈرىمىز. ئۇلار ئاۋۋال چىغ سۈپۈرگە بىلەن تام ـ تورۇسلارنى سۈپۈردى، ئاستىنى قىردى. ئەتىسى ئۇلار ئۇستەللەرنى پىچاق، قىڭراقلار بىلەن قىردى. ئىككى جۈۋان تاماق ئىتىدىغان ئۆينى تازىلىدى. ئۇلار ئاشخانىنى ھەمرا بۈۋى دېگەندەك بىر ھەپتىدە ئاران ئىسرىغداپ بولدى.

## 4

مېھرىگۈل پۈتكۈل تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈردى. تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ ئاشخانىسىنىڭ تاملىرىنى ئاقارتىپ، ئىشىك ـ دېرىزە، رام ـ كېشىكلىرىنى سىرلىتىپ يېپيېڭى قىياپەتكە كىرگۈزدى. ئاشخانىنىڭ چوڭ زالىغا ئون بىر ئۇستەل قويدى. بەش ئېغىز ئايرىمخانىسىنىڭ بىرى چوڭراق ئىدى. ئۇنىڭغا سۇپا چىققىرىپ، گىلەم، كۆرپىلەرنى سالدى، ئوتتۇرىسىغا چايخانىدا ئىشلەتكەن ئىككى جوزىنى قاتار قويدى. قالغان تۆت خانىغا سىرلانغان دۈگىلەك جوزىلارنى بىردىن قويدى. ئەمدىكى گەپ ئاشخانا نامىنى قويۇشتا قالدى. نۇرگۈل:
— رېستوران دەپ ئىسىم قويغىن، — دېدى.
بۇ يىل 6 ـ سىنىپقا چىققان نۇرتاي ھەدىسىنى قوللىدى.
— رېستوران دېگەن نېمە ئۇ؟ — دېدى مېھرىگۈل.
— كۆڭۈل ئاچىدىغان ئاشخانا دېگەن سۆز.

www.uyghurkitap.com

— ئۇ... ئۇش. چەتنىڭ تىلىنى قولاقىغىچە ئۆزىمىزچە ئىسىم - نام قويىمىز، — دېدى مېھرىگۈل.

— سىنىڭچە نېمە دەپ نام قويىسەن؟

— «تۈل خوتۇنلار ئاشخانىسى»

— ھە، نېمە دەيدۇ ماۋۇ ئاپام، ئەجەب سەت ئىسىم قويىدىكەنسەن - ھە، — دەپ نۇرگۈل نارازى بولدى.

— نېمىسى سەت؟

— خوتۇن دېگەن قوپال، سەت نام.

— ھەي قىزىم، چەتنىڭ تىلى سىلىق، چىرايلىق ئاڭلىنىپ، ئۆز ئانا تىلىڭ سەت، قوپال بولۇپ قالدىما؟

— ئەمىسىچۇ ھەدە، — دەپ پاراڭلا بولسا ئارىلاشماي تۇرالمايدىغان تۇرانىز ئارىلاشتى، — «تۈل ئاياللار ئاشخانىسى» دەيلى.

— ئاياللار دېگەن سۆز ئەرەبچىدىن كىرگەنىكەن، ئۇ ئائىلە، خوتۇن، بالا - چاقا دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىكەن. ماڭا مۇئەللىم شۇنداق دەپ چۈشەندۈرگەنىدى. خوتۇن دېگەن سۆز ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلى. خوتۇن - قىزلار دېسەك ئەجەب چىرايلىق ئاڭلىنىدىغۇ.

— نېمانچە تالىشىسىلەر، ۋاقىت قىستاۋاتىدۇ، ئەتە ئاشخانىمىزنى ئاچىمىز، دەۋاتىمىز، خوجايىن نېمە دېسە شۇ بولسۇن. بىز ھەممىمىز تۈل بولغاندىكىن، «تۈل خوتۇنلار ئاشخانىسى» دېسەك نېمە بوپتۇ؟

خاسىيەتقىزنىڭ بۇ سۆزى تالاش - تارتىشنى توختاتتى.

— «تۈل خوتۇنلار ئاشخانىسى» دېسەك خېرىدارلار قىزىقىدۇ. ئۇلارنى بۇ نام جەلپ قىلىدۇ.

— بولۇپمۇ بويتاق ئەرلەرنى، — دەپ پاراقلاپ كۈلدى تۇرانىز.

شۇنداق قىلىپ ئاشخانا نامىمۇ بېكىتىلدى، تىجارەتمۇ باش-

لاندى.

ئاشخانىدا ئەتىگەندە ئەتكەن چاي، چۆش، كەچتە چۆچۈرە، لەڭمەن، پولۇ چىقىرىلدى. مېھرىگۈل: «بىز باھانى ئۆرلەت-مەسلىكىمىز، پايدا قوغلاشماي، خېرىدار جەلپ قىلىشىمىز كېرەك» دەپ، باشقا ئاشخانىلاردىن تاماقنى بىر سوم، قورۇما، قورداق، نارىنلارنىڭ باھاسىنى بەش سومدىن ئەرزان ساتتى. مېھرىگۈل بىر قارا تاختىغا تاماق تۈرى، باھاسىنى يېزىپ ئاشخا-نىنىڭ سىرت تېمىغا چاپلىدى. ئۇنىڭدا چوڭ تەخسە لەڭمەن ئۈچ سوم، بىر ئاپقۇر چۆچۈرە ئىككى سوم، بىر تەخسە پولۇ ئۈچ سوم» دەپ يېزىلغانىدى. ئاشخانىغا خېرىدارلار كۆپلەپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار باشقىلارغا «بۇ ئاشخانىنىڭ تامىقى ئەرزانلا بولۇپ قالماي، بەك تەملىككەن» دەپ ماختاپ بېرىشتى.

ئاشخانا تاماق يەيدىغان سورۇن بولۇپلا قالماي، بارا - بارا كۆڭۈل ئاچىدىغان سورۇنغا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئاشخانىدىكى ئىسسىق غىزالارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى خېرىدارلارنىڭ ئىشتىيى-نى، ئۇنىئالغۇدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئىلى ناخشىلىرى كۆڭۈللەرنى ئاچاتتى. مېھرىگۈل ئاشخانا ئىشىكىدىن كىرگەندە ئوڭ تەرەپكە ئۈستەل - ئورۇندۇق قويغانىدى. ئۇ شۇ يەردە ئولتۇرۇپ پۇل ئالاتتى. ياش خېرىدارلارنىڭ تەلىپى بويىچە تامغا چاپلاپ ئىشكاپ چىقىرىپ ئۇنىڭغا ھەر خىل ئىچىملىك، تاماكا قاتارلىق نەرسى-لەرنى تىزدى. بېرىپ - بېرىپ، خېرىدارلارغا تاماق يەتكۈزۈپ، كۈتىدىغان ئادەم يېتىشمەي قالدى. مېھرىگۈل نازۇكئاي قاتار-لىق بەش قىزنى كۈتكۈچىلىككە ئالدى. بۇ قىزلار ئىچىدە شەم-شەم دېگەن قىز ناخشىچى چىقىپ قالدى. ئۇ ئارىلاپ ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغان بولدى. بارا - بارا خېرىدارلار ئىچىدىنمۇ ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغانلار چىقتى. بۇنىڭ بىلەن «تۇل خوتۇنلار ئاشخانىسى» ساز - مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل، تانسا، چاقچاق - لەتىپە سورۇنىغا ئايلىنىشقا باشلىدى.

مېھرىگۇل كېيىن ئۇستەللەرنى ئاشخانا زالىنىڭ چۆرىسىگە سۈرۈپ، ئوتتۇرىدىن ئۇسسۇل، تانسا ئوينايدىغان سورۇن چىـ-قاردى. ئاشخانىنىڭ تۆر تەرىپىگە كىچىككىنە سەھنە چىقىرىپ ئۇنى گۇللەپ ياساپ، چالغۇ ئەسۋابلىرى قويۇپ قويدى. ئۇنى تاماق يېگىلى كىرگەنلەردىن چېلىشنى بىلىدىغانلار بولسا چېلى-شاتتى، ئادەتتە ئۇنئالغۇ قويۇپ قوياتتى. بۇ يەردىن تىنماي ھەرخىل ساز ـ مۇزىكا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئۇسسۇلغا ساز چېلىنسا، ئاشخانىغا كىرگەن مېھمانلار ئارىسىدىن بەزى ئۇس-سۇلچىلار ئويناپ كېتەتتى. دەسلەپ مېھرىگۇل ئۇسسۇل ئويناپ بېرىپ ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇردى. ئاندىن نازۇكئاي، تۇران-قىزلار ئوينىدى، يەكشەنبە كۈنى تاماق يېگىلى كەلگەن نۇرگۇل-مۇ ئويناپ بېرەتتى. ناخشىچىلار ناخشا ئېيتاتتى. ئۇستەل چۆ-رىسىدە ئولتۇرغانلار تاماق يېگەچ بۇ تاماشىلاردىن ھۇزۇرلىناتـ-تى، ئۆزئارا قىزغىن پاراڭلىشاتتى، چاقچاقلىشاتتى، لەتىپە ـ يۇمۇرلارنى ئېيتىپ، قاقاقلىشىپ كۈلۈشەتتى، ھەتتا مۆرىمەس دەپ ئاتالغانلارمۇ سايراپ كېتەتتى. ئاشخانىدا تەييارتاپ، ئالدامـ-چى ـ قويمىچىلارمۇ پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار بەزىدە پۇلدارلار-نى، بەزىدە يېزىلاردىن كېلىپ قالغان ساددا دېھقانلارنى ئالداپ پۇلىنى ئېلىۋالاتتى. بىر كۈنى مۇشۇنداق بىر ئىش يۈز بېرىپ، مېھرىگۇل ئاشخانىدا يېڭى تەرتىپ، ئورنىتىشقا مەجبۇر بولدى.

كوچا دېرىزىسى يېنىدىكى ئۇستەلگە يېزىلىقلاردەك ئاددىيلا كىيىنگەن بىر كىشى كېلىپ ئولتۇرۇشىغا بايۇەچچىلەردەك يا-سانغان بىر كىشى كىردى ـ دە، ئۇ كىشى بىلەن قىزغىن سالاملاشتى، ئەھۋاللاشتى، كېيىن كىرگەن كىشى تائام بۇيرى-دى:

ـــ ئىككىمىزگە بىر نارىن، بىر تەخسە سەي، بىر بوتۇلكا «ئىلى داچۇ» ئەكىرىپ بېرىڭ.

بۇيرۇلغان يېمەك ـ ئىچمەك دەررۇ كەلتۈرۈلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ۋاھ، يوقاپلا كەتتىڭغۇ، — دەپ ئىككى پۇزۇر ياسانغان ئادەم كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىلى ئالدىغا كەلدى.

— هوي، هوي، ئەھۋالىڭلار ياخشىمۇ؟ قېنى، قېنى ئولتۇرۇڭلار، بۇگۈن بىر پەيزى قىلىنلى، — دېدى تاماق بۇيرۇتقان بايۋەچچە ئۇلارنى ئۇستەلگە تەكلىپ قىلىپ، كېيىن يېنىدىكى كىشىنى تونۇشتۇردى، — بۇ كونا ساۋاقدىشىم سادىق، ئۇچراپ قالغانىدى. مېھمان قىلاي دەپ بۇ يەردە ئولتۇرۇشۇم. هاي، كۇتكۇچى، بىر تاۋاق قورداق، بىر تەخسە توخۇ قورۇمىسى، بىر تاۋاق دەريا بېلىقى قورۇمىسى، قىرىق زىخ كاۋاپ، بىر جاسا، بىر ۋەنزە، ئىككى شىشە «داچۇ ئالىي هارىقى» كەلتۈرۈڭ.

شەمشەم ئاران يېزىپ ئۇلگۇردى. ئۇ ئاشپەزلەرگە بۇيرۇۋېتىپ يېڭى كىرگەنلەر ئۇستىلى ئالدىغا كەلدى. ئارىدىن بىرەر سائەتچە ۋاقىت ئۆتۈۋىدى، هېلىقى تۆت ئەر هاراق ئىچىشىپ ئولتۇرغان ئۇستەلدىن كۇلكە - قىقىرىق كۆتۈرۈلگىلى تۇردى. مېھرىگۇل كۇلكە كۆتۈرۈلگەن ئۇستەلگە ئىختىيارسىز قارىدى، ئۇ ئۇستەل ئەتراپىدىكىلەر ئوبدانلا قىزىپ قالغانىدى. تانسىغا مۇزىكا چېلىنىۋىدى، قىزىپ قالغان ئۇچ بايۋەچچە ئورنىدىن تۇرۇپ، قوشنا ئۇستەلدىكى خوتۇنلارنى تانسىغا تارتتى. سادىق يالغۇز ئولتۇرۇپ قالدى. بايۋەچچىلەر يۇزلىرى ئاپئاق، لەۋ گىرىملىرى قىلىنغان ئېغىزلىرى كۇلكىدىن ئېچىلغان خانىملار بىلەن تانسا ئويناپ بولدى ۋە خانىملارنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇستىلىگە باشلاپ كەلدى. ئۇلار چاپىلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ، يەپ - ئىچىشكە كىرىشتى. سادىق هودۇقۇپ كەتتىمۇ، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ يەنە لاسسىدە ئولتۇردى. ئۇ چاقچاق، كۇلكە، نازلىق گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇردى. خانىملاردىن بىرى سادىققا ناز بىلەن رومكا تۇتتى، سۇركىلىشكە باشلىدى. سادىق ئىزاتارتىپ

www.uyghurkitap.com

نېرى سۈرۈلدى، خانىم ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن سۈرۈلۈپ ئولتۇ-رۇپ سادىقنى ھەدەپ رومكىنى ئېلىشقا زورلىدى. سادىق ئاخىر رومكىنى ئېلىپ يەنە ئىچتى. ھاراق ئۇنى قىزىتىپ قويدى. بىر چاغدا تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدى.

— ھوي ئاكىسى، ئۆيىڭىزگە بېرىپ ئۇخلاڭ. ئاشخانىنى تاقايمىز، — دېدى شەمشەم سادىقنىڭ يېنىغا كېلىپ.

سادىقنىڭ بىلىكى ئۇستەلدە بولۇپ، بېشىنى بىلىكىگە قو-يۇپ ئۇخلاۋاتاتتى. شەمشەم ئۇنى تۇرتتى. سادىق بېشىنى كۆتۈر-دى. «نەگە كېلىپ قالغاندىمەن» دېگەندەك ئالاڭلاپ شەمشەمگە قارىدى. ئۇستەلدە بىللە ئولتۇرغانلارنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ سەنتىرەكلەپ ماڭدى، شەمشەم ئۇنى توستى:

— ھوي ئاكىسى، كاسسىرغا پۇلنى تۆلىۋېتىڭ!

— ئا ـ ئاغىنە تۆ ـ لەپ بولغاندۇ؟

— ئاغىنىڭىز خانىملىرى بىلەن قولتۇقلىشىپ چىقىپ كەت-تى. پۇلنى سىزنى تۆلەيدۇ، دېدى.

— ھە ـ ھە! — سادىق سەگىگەندەك بولدى، — تاماقنى ئاشۇ كۇسپۇرۇش بۇيرۇتقانتىغۇ!

— بىلمىدىم، پۇلنى تۆلەڭ.

— قانچە؟

— ئۈچيۈز يەتمىش سوم، — دەپ جاۋاب بەردى مېھرى-نگۈل.

— ھە، نېمە، تۆت تەخسە سەي، قورداق، مانتىلار شۇ پېتى قالدىغۇ، ئۇنىمۇ ھېسابلامسىز؟

— ھېسابلايمىز ھەم ئاشقانلىرىنى تۆكۈۋېتىمىز.

— تۆكىسىلە، شۇنچە ئىسراپ ... ئىسراپ ...

— ھەي، تولا ئەزۋەيلىمەي، پۇلنى چىقار، — دەپ ھېزىم پاڭقاي دېۋەيلەپ كەلدى.

سادىق يانچۇقىنى كولاپ بار پۇلنى چىقىرىپ مېھرىگۈلگە

بەردى.

— مانا، يېمىگەن مانتىغا پۇل تۆلەيدىغان بولدۇم.

— قالغان يۈز يىگىرمە سومچۇ؟ — دەپ سورىدى ھېزىم.

— بار پۇلۇم مۇشۇ، ئەمدى تالادا قالىدىغان بولدۇم.

— ھەي ھۆر - ھۆررەكلىك قىلى - ماي، پۇلنى بەر، بەر.

— بارى مۇشۇ دېدىمغۇ، ئىشەنمىسەڭ ئاختۇر مانا، — دەپ سادىق يانچۇقلىرىنى تېشىغا ئۆرىدى.

— سې - سېنى بارغۇ، ھې - ھېلى ...

— ھېزىم، تەگمە، بۇ ئادەم باشقا جايدىن كەلگەندەك تۇرىدۇ، — دېدى مېھرىگۇل، — قويمىچىلار تاماق - سەينى ھارغۇچە بۇيرۇتۇپ قويۇپ، بۇ ئادەمنى مەست قىلىپ قويۇپ غىپپىدە تىكىۋەتكەن ئوخشايدۇ.

— تامامەن توغرا، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى سادىق، — مەن بالامنى ئالىي مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئۇرۇمچىدىن قايتىشىمتى، ئۇ تۆتىنىڭ بىرىنىلا تونۇيمەن، تاماق يېگىلى كىرسەم ھېلىقى تونۇش نەرسە چاقىرىپ قالدى، بىر خېنىم زورلاۋېرىپ ئارتۇقچە ئىچۈرىۋېتىپتۇ.

— ماۋۇ پۇل بىلەن كېتىۋېلىڭ، — دەپ مېھرىگۇل سادىق بەرگەن پۇلدىن ئون ئىككى سومنى ئايرىپ ئۇنىڭغا بەردى.

مېھرىگۇل بۇنداق ئىشلار ئاشخانىدا بولۇپ تۇرغاچقا مېھرىگۇلنىڭ سادىققا رەھمى كەلگەنىدى.

5

ئارىدىن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئارىدا «تۆل خوتۇنلار» داڭق چىقىرىپ ئۆلگۈردى. ئەمدى ئۇ يەرگە — بۇ شەھەرگە ھەر يەردىن سودا ئىشى بىلەن كەلگەنلەرمۇ ئۇلارنىڭ تامىقىنىڭ تەمىنى بىر تېتىپ بېقىش ئۈچۈن كېلىدۇ.

غان بولدى. ئۇلار ئىلى دەريا بويىنى سەيلە قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەكەلگەن پۇلدار مېھمانلىرىنى خېلى نامى چىقىپ قالغان «ئۇتۇل-
خوتۇنلار ئاشخانىسى»غا باشلاپ كىرەتتى. ئۇلار ئىچىشىپ قىزى-
غاندا، مېھرىگۈلنىڭ كۆتكۈچى قىزلىرىنى بۇزۇلغان «قىز»لار دەپ بىلىپ چېكىپ باققان، ھەتتا يېپىشقانمۇ بولدى، ھەر خىل شەھۋانىي چاقچاقلارنى قىلىپ، چاي قۇيغىلى كەلسە يامپىشىنى سىلاپ، ھەرخىل قىلىقلارنى چىقاردى. بۇنىڭغا يۈزى چىدىمى-
غان قىزلار مېھرىگۈلگە ھالىنى ئېيتىپ، خاس ئۆيدە كۈتكۈچى-
لىك قىلمايدىغىنىنى ئىزھار قىلدى. مېھرىگۈل قىزلاردىن بۇ خېرىدارلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقتى، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى-
دىن كۈتكۈچىلەرگە پوخورلۇق قىلىۋاتقانلار ئاساسەن سودىگەر-
لەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. بەزى كۆچكۈچى قىزلار بولسا، «ئۇلار باشلاپ كەلگەن قىزلار بۇزۇلغان قىزلار ئىكەن. ئادەم چىداپ تۇرغۇسىز شەھۋانىي قىلىقلارنى قىلىپ، مېنىڭ كۈتۈشۈمگە ئىمكان بولمىدى» دەپ ۋايسىدى. مېھرىگۈل ئۇلارنى تۇرانقىزغا ئوخشاش قورقماس، ۋات - ۋات خوتۇنلارغا ئالماشتۇردى ۋە ئۇلارغا مۇنداق پىچىرلىدى:

— سىلەر ئۇلار تەلەپ قىلغان تائام ۋە چايلارنى تەييارلاپ بېرىپ، خاس ئۆي ئىشىكىنىڭ سىرتىدا ساقلاپ تۇرۇڭلار، بىر نېمە كېرەك، دېسە ئەكىرىپ بېرىڭلار.

ئاشخانىغا يەنە ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەرمۇ، پېنسىيىگە چىققانلارمۇ كېلىپ - كېتەتتى. ئۇلارنىڭ يېگەن - ئىچكىنىدىن گېپى تولا ئىدى. ئۇلار ياشلىق ۋاقىتلىرىدىكى شوخلۇقلىرى، مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرى، دەريا بويىدا ئوينىغان ئويۇنلىرى، ئاخىردا مال باھاسى، تۇرمۇشى، بالا - نەۋرىلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ۋە باللارنىڭ چوڭ بولغانسېرى دەردى چوڭ بولى-
دىغانلىقى ھەققىدە پاراڭلىشاتتى.

ئاشخانا شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى قايناپ كېتەتتى. بولۇپ-

مۇ 8 ـ ئاينىڭ بېشىدىن يېڭى يىلنىڭ 3 ـ ئېيىغىچە توي
بېسىۋالاتتى. توي قىلىدىغانلار بىر ئاي بۇرۇن مېھرىگۇلگە تى-
زىملىتاتتى. مېھرىگۇل زاكالەت پۇلى ئېلىپ، ئۆچرەتتە تۇرغۇ-
زاتتى.

سامى ئىسىملىك ياش سودىگەرنىڭ تويى تولىمۇ ھەشەمەت-
لىك بولدى. ئۇ پۇلنى ئايىمىدى، ئۇ ئۇرۇمچىگىمۇ باغاق ئەۋەت-
كەنىكەن، تويغا ئۇرۇمچىدىكى داڭلىق ناخشىچى، سازەندە،
ئۇسسۇلچىلار، شەھەردىكى ئاتاقلىق قىزىقچى ـ لەتىپىچىلەرمۇ
كەلدى.

— ھەدە، مەن ھەر رەڭدىكى كۈچلۈك چىراغلار ئورنىتى-
مەن، ئاشخانىڭىزنىڭ ئىچىنى بېزەيمەن، كېيىن بۇلار سىزگە
سوۋغام بولۇپ قالىدۇ. سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم، جېنىم ھەدە،
تائاملىرىڭىز مېھمانلىرىمنىڭ خېلىغىچە ئاغزىدا قالغۇدەك تەم-
لىك بولسۇن. ئەڭ ئېسىل تائاملار بولسۇن! — دېدى سامى
تويدىن ھەپتە بۇرۇنلا مېھرىگۇلگە جېكىلەپ.

ئۇ يەنە شەھەردىكى باشقا رېستورانلانىڭ ماھىر ئاشپەزلىرى-
نى ئېلىپ كەلدى. مېھرىگۇلمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ توي كۈنى
قىسقىلا يىغىن ئېچىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئاشپەزلەر جىددىي
ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. كاۋاپدانلارنىڭ گىرۋەكلىرى پارقىرى-
دى، تونۇرغا پۈتۈن قوي گۆشى دۈملەندى، پەرمۇدىلەر يېقىل-
دى. ساپلىقلاردا «گاز ـ گۇژ»، «ۋاژ ـ ۋۇژ» قىلىپ قورۇ-
لۇۋاتقان ھەرخىل قىيمىلىق سەيلەر، بېلىقلار، پۈتۈن ۋە كې-
سىپ تەييارلىنىۋاتقان توخۇ گۆشلىرى، سۇ مايدا قايناۋاتقان
قوي گۆشلىرى، جاسا ـ ۋەنزە قاتارلىق ئون نەچچە خىل قورۇ-
مىنىڭ پۇراقلىرى ئاشخانىغا ئاجايىپ مەززىلىك پۇراق تارقاتقانى-
دى. ئاشخانىنىڭ ئارقىسىغا چوڭ قازانلار ئېسىلىپ، گۆش،
پولۇ پىشۇرۇلماقتا ئىدى. كاۋاپدانلارمۇ سىرتتا ئىدى. مېھرى-
گۇل مېھمانلار پاتماي قالمىسۇن دەپ، ئاشخانا ئالدىغا تېرىغان

گۈللۈككىمۇ ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلارنى قويغان، كونا چايخانى-
سىنىڭ ئورنى تولىمۇ ئەسقاتقانىدى.

كۆن ئولتۇرۇشىغىلا مېھمانلار كېلىشكە باشلىدى. دەريا
بويىغا خېلى بۇرۇنلا كەلگەنىدى، ئۇلار دەريا بويىدىكى سەيلى-
گاھلار، دەريا ۋادەكلىك كۆۋرۈكىنى سەيلە قىلدى. دەريانىڭ
سۈيىدە يۈز ـ قولىنى يۇدى، ئاندىن ئاشخانىغا كىرىشتى. مېھ-
مانلارنى چاقناپ، ۋالىلداپ تۇرغان رەڭگا رەڭ چىراغلار، ھەر
خىل يەرلىك گۈللەر ھەيران قالدۇردى. بۇلار ئاسمان چىراغلى-
رى بىلەن بەسلەشكەندەك چاقنايتتى.

مەخسۇس نىل رەڭ كاستۇم ـ يوپكا بېشىغا ئىسپانكا كىي-
گەن قىزلار مېھمانلارنى كۇتۇشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۇلا-
رنىڭ كۆپىنچىسى سامى بىر كۇنلۇك سوراپ كەلگەن مېھمانخانا
مۇلازىمەتچىلىرى، رېستوران كۇتكۇچىلىرى ئىدى. مېھمانلار-
نىڭ كۆپ قىسمى سودىگەر ـ تىجارەتچىلەر ئىدى. ئۇلار ئەر
ـ خوتۇن بولۇپ كېلىشتى. سامىنىڭ مۇلازىمەتچىلىرى ئۇلارنى
خاس ئۆيلەرگە ۋە زالنىڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزدى.

مۇلازىمەتچى ـ كۇتكۇچىلەر ئالدىراپ قالدى. چاي قۇيۇش،
يېڭى كەلگەنلەرنى كۇتۇش قاتارلىق ئىشلاردىن سىرت سەي،
ئىچىملىك، رومكا توشۇش، تىزىش ئىشلىرى ئالدىرىتاتتى.
ھەر بىر كىرگەن مېھمان ئولتۇرغانلارغا سەپسالاتتى. تونۇشىسا
قىزغىن كۆرۈشەتتى، يېنىغا چاقىرىشاتتى. ئاياللارمۇ كىيىم ـ
كېچەكلەر خۇسۇسىدىكى تۇگىمەس پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى.
كىمدۇر چاقچاق قىلاتتى، قايسىبىر لەتىپە ئېيتاتتى ـ دە،
كۇلكە زالنى بىر ئالاتتى. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن ياندىكى ئۇستەل-
دىكىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى، ئاشخانا زالىدا لەر-
زان مۇزىكا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىردىن مۇزىكا ئاۋازىمۇ، ۋاڭ
ـ چۇڭمۇ چىپلا توختىدى. بۇ ئاۋازلارنى «ئاي ـ ھاي ئولەن»
ناخشىسى بىلەن داپ، ناغرا ئاۋازى بېسىپ كەتتى. مېھمانلار

www.uyghurkitap.com

ئورنىدىن دۇررىدە تۇرۇپ ئىشىككە قاراشتى. بىر جۈپ ئاي، ئۇلارغا ھەمرا بولۇپ يۇلتۇزلار كىرىپ كەلدى. يىگىتلەر قىز كۆچۈرۈپ كەلگەنىدى. سورۇندىكى بارلىق ئاي - يۇلتۇزلارنى خىجىل قىلىپ، تۆرگە راسلىغان خاس ئۈستەللەرگە ئوغۇل - قىزلار ئولتۇردى. تويى بولغان قىزنىڭ — ئاينىڭ بوينىمۇ، قولىمۇ، يۈزىمۇ زالغا ئاجايىپ جازىبىلىك نۇر ياغدۇردى، بىر جۈپ گۆھەر ئۈزۈك ۋالىلدايتتى. ئۈچىسىغا ئاققۇدەك نېپىز توي كىيىمى كىيگەن قىز تولىمۇ گۈزەل ئىدى. توي قىلغان يىگىت — سامى ھاۋارەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، كاستۇمىنىڭ سائەت يانچۇقىغا قىزىل گۈل تاقىغانىدى. ھەر تەرەپتىن:

— مۇبارەك بولسۇن!

— جۈپ قېرىشقا نېسىپ قىلسۇن! — دېگەن تەبرىكلەر ئاڭلاندى. ئاخىردا چاۋاك بىلەن توي قۇتلۇقلاندى.

ھەممە ئۈستەللەرگە چاي تارتىلدى. كەينىدىنلا سوغۇق سەي، ئىسسىق قورۇمىلار، پىۋا، ھاراق، گاز سۈيى قاتارلىق يېمەك - ئىچمەكلەر ئۈستەللەرنى تولدۇردى. تەخسىلەر كەينى - كەينىدىن يېڭىلىنىپ، گويرۇ، جاسا، ۋەنزە، پەرمۇدە، مانتا، مايدا پىشۇرۇلغان گۆش تارتىلدى. رومكىلار جىرىڭلىدى، ئايلاندى، مېھمانلار قىزىدى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قىزاردى، كۆزلىرى خۇمارلاشتى، ھاراق، پىۋا، ئۈزۈم ھارىقى شىشىدە جىم تۇرغىنى بىلەن قورساققا كىرىپ، ئادەملەرنى ھەر خىل تۇسلەرگە كىرگۈزدى. ئىشتەي نەغمىسى ئورنىنى ئەمدى چاقچاقلار، كۈلكىلەر ئىگىلىدى. لەتىپىچىلەر، قىزىقچى - چاقچاقچىلارنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. ئۇلارنىڭ چاقچاق، لەتىپىلىرى پەدىشەپلىك، كىشىلەرنى روھلاندۇرغاندەك قىلاتتى. ئويۇن - كۈلكە، يەپ - ئىچىش بىرەر سائەتتەك داۋام قىلدى. مېھرىگۈل مېھمانلارغا سەپسېلىپ تۇراتتى، ئۇ ياشلارنىڭ ئاياغلىرى جىم تۇرمايۋاتقىنىنى كۆردى. مۇزىكا ئەترىتىگە ئىشارەت قىل-

دى. ۋالىس مۇزىكىسى ئاشخانىنى كۆتۈرۈۋەتتى. بايىقى پۇتلىرى جىم تۇرمىغان ياشلار جۈپ - جۈپى بىلەن پىرقىراشقا باشلىدى. بىر يىگىت جىرلىدى.

قارلىغاچنىڭ ئەي قاناتى،
نىگە سەككىز بولماغان.
بۇل دۇنيانىڭ ئەي راھاتى،
نىگە تەكشى بولماغان.
سىگانوچكا، سىگانوچكا، سىگانوچكا،
چورنايا مايا.

ئاشخانا زالى جۈپلەرگە تولدى. بىر - بىرىدىن قىلىشمىغۇدەك ياسىنىشقان، قاشلىرىغا سۈرمە، لەۋلىرىگە سۇرۇخ، يۈزلىرىگە ئۇپا سۈركىگەن خوتۇن - قىزلارنى كاستۇم - بۇرۇلكىلىرىغا قىر چىقارغان، ھەر رەڭدىكى گالىستۇك تاقىغان، چاچلىرى پارقىراپ تۇرغان، كىلىشكەن، ياش يىگىتلەر پىر - پىر پىرقىرىتاتتى. زالدا ھاراق، پىۋا، ئەتىر، ئۇپا، تەر پۇراقلىرى قوشۇلۇپ، غەلىتە بىرخىل پۇراق تارقالغانىدى، ناخشا - مۇزىكا، تانسا، قىزىق، خۇشخۇي پاراڭلار كىشىلەرنى پۈتكۈل غەم - غۇسسىدىن خالاس قىلغانىدى. ئولتۇرۇشتا ئىچىلمىغان، كۈلمىگەن، ئوينىمىغان مىھمان يوق دىيەرلىك ئىدى. ئۇلار ئىچىلىپ - يېيىلىپ خۇشخۇي ئولتۇرۇشتى. ئەرلەر چاقچاقلاشتى. ئاياللار مۇڭداشتى. سودىگەرلەرنىڭ ئاياللىرى يىڭى مودىلىق كىيىملىرى، ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك، ئالتۇن ھالقا، بويۇنلىرىدىكى مىدالىئون، ئالتۇن زەنجىر، مارجانلىرىنى كۆز - كۆز قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ زىننەت بۇيۇملىرى كۆك - يىشىل، سىرىق - قىزىل رەڭلىك لامپۇچكا يورۇقىدا پارقىراپ، ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆزنى چاقاتتى.

ۋالىس مۇزىكىسى توختاپ ئۇسسۇلغا ساز چېلىندى. تانسا مەيدانى بوشىدى، شۇ ھامان ئۇرۇمچىدىن كەلگەن داڭلىق ئۇسسۇلچى ئوتتۇرىغا چۈشتى، ئۇ شوخ ئۇسسۇل ئويناپ ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇ سامى بىلەن قىزنى ئۇسسۇلغا تارتتى. ئۇلار تارتىنىپقىنا بىر نەچچە ئايلىنىپ جايىغا ئولتۇردى. ئۇلارغا ئۇلاپلا ئۇسسۇلچى قىز- چوكانلار، يىگىتلەر ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. ئەگەر پۈتۈن قوينىڭ تونۇر كاۋىپى مەخسۇس ھارۋىدا ئېلىپ كىرىلمىگىنىدە ئۇلار ئۇسسۇلدىن توختىماس ئىدى. تونۇر كاۋىپىدىن كېيىن توخۇ، قوي گۆشى قوردىقى، دەريا بېلىقى قورۇمىسى، ھەرخىل كاۋاپلار تارتىلدى.

توي ئولتۇرۇشى يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى.

بۇ توي ئولتۇرۇشىدا مېھرىگۇل ۋە ئۇنىڭ تۇل خوتۇنلىرى قاتتىق چارچىدى. ئەمما ئۇلار خۇشال ئىدى. ئۇلار قانداق ياسىنىش، قانداق كىيىنىش، قانداق يۈرۈش - تۇرۇش لازىملىقىنى باي خېنىملاردىن ئۆگىنىۋالدى. مۇھىمى مېھرىگۇل كۆپ پايدا ئالدى. توي باھانىسىدە ئاشخانىسى ئالاھىدە زىننەتلەندى. ئۇنىڭ ئېچىنغىنى تاۋاق - تاۋاقتا، تەخسە - تەخسىدە، زىقلاردا قول تەگمەي قەپقالغان گۆشلۈك تائاملار ئىدى. ئۇ بۇلارنى دەرياغا تۆكتۈرىدۇ. بىچارە تۇل خوتۇنلار، كەمبەغەللەر بولسا، ئايدا بىر گۆش كۆرمەي يۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆزى كۈتكۈچىلەرنىڭ تاۋاقتىكى گۆش، زىقلاردىكى كاۋاپلارنى ئېلىپ سۇلياۋ خالتىغا سېلىۋاتقىنىغا چۈشتى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن بىر پىكىر كەچتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

## سۈرىتىنى تارتىش

### 1

مېھرىگۈل بىنانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشىكتىن كىرىپ 3-قەۋەتكە چىقتى. تار كارىدورىنىڭ سول تەرىپىگە مېڭىپ 32-ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئۆي ئىچىدىن:

— كىرىڭ، — دېگەن بوم ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئۇ ئىشىكنى تارتىنىپقىنا ئېچىپ كىردى. ئىشخانىنىڭ تۆرىدىكى چوڭ ئۈستەلدە بىر ئادەم ئېگىشىپ ئولتۇراتتى. مېھرىگۈل بوسۇغىدىلا تۇرۇپ قالدى. ئۈستەلدە ئولتۇرغۇچى قاراپمۇ قويمىدى، ئۇ ئىختىيارسىز ئۇ ئادەمگە قاراپ تۇردى، ئۇ سېمىز ۋە دىقماق ئادەم ئىدى. بوينىدىكى ئۈچ بوغۇم گۆش ساڭگىلاپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، پۈتۈنلەي ماي قاپلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇ ھەر بىر نەپەس ئالغاندا، بېشى بىلىنەر - بىلىنمەي كۆتۈرۈلۈپ، يەنە چۈشەتتى، ئىككى قوۋۇزى ئىككى تەرەپكە كۆپۈپ چىققانىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ خام سېمىز ئادەم بولسا كېرەك ... مېھرىگۈل «باشلىق بەك ئىشچان ئوخشايدۇ. ئىشقا بېشىچە كىرىشىپ كېتىپتۇ» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۆرە تۇرۇۋېرىپ پۇتى ھاردىمۇ ياكى ئىشنى تېزراق پۈتتۈرۈشنى ئويلىدىمۇ، ئەيتاۋۇر تامىقىنى قىرىپ قويدى. ساپاغا پاتماي ئولتۇرغۇچى بېشىنى كۆتۈردى. ساپا غىچىرلاپ كەت-

تى، ئۇ خۇددى ئىشخانىسىغا ئالىي رەھبىرى كىرگەندەك تىك تۇرۇپ قاراپ قالدى. ئۇ ئۆزىلا قىتىپ قالماي، قىسىلغان كۆزلىرىمۇ قىتىپ قالدى. مېھرىگۇل ئادەتتە، ئادەملەرگە ھېيىقماي ئۇدۇل قارايتتى. شۇ تاپتا بۇ ئەركەك زاتىنىڭ يەۋەتكۈدەك تىكىلىشىدىن قىسىلىپ قالدى، ئەركەك زاتى بىلەن بىر ئىشخانىدا يالغۇز پاراڭلاشمىغاچقا بەك قورۇندى. ئۇ ھەمىشە شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقان ئەركەكلەرنىڭ تىكىلىشىدىن قورۇنۇپ، شەھلا كۆزلىرىنى بەرگى قىياقتەك كىرپىكلىرى بىلەن ياپاتتى. ھازىر ھەم شۇنداق قىلدى، لېكىن ئاناردەك قىزاردى. بۇ ھال ئۇنىڭ يۈزىدە مىنۇتسېرى ئالمىشىپ تۇردى. ئۇ غەيرىتىنى يىغىپ، تارتىنچاقلىق بىلەن سورىدى:

— يېڭىلىشمىسام سىز بازار باشلىقى قۇربان ئاكا بولىسىزغۇ دەيمەن.

قۇربان «شۇنداق» دېگەن مەنىدە بېشىنى ئىگىپ قويدى. مېھرىگۇل گېپىنى داۋام قىلدى:

— مەن تۇل خوتۇنلارنىڭ ھاجىتى بىلەن كېلىۋېدىم.

— قارشى ئالىمەن، — دەپ ئاخىر زۇۋان سۈردى قۇربان، — قېنى مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى.

— قۇربان شۇنداق دەپ ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا يۆلەپ قويۇلغان خۇرۇم ساپانى كۆرسەتتى. مېھرىگۇل يېنىك قەدەم بىلەن بېرىپ ساپانىڭ بىر تەرىپىدە ئولتۇردى، قۇربان سىلىق قىلىپ دېدى:

— قولىقىم سىزدە، ھاجىتىڭىزدىن چىقىشقا قولۇم كۆكسۈمدە.

ئۇ شۇنداق دەپ ئېغىر بەستىنى يۇمشاق ساپاغا تاشلىدى. ساپا غىچىرلاپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى جامدەك ئېچىپ، كۆز گۆھىرىنىڭ بار قۇۋۋىتى بىلەن مېھرىگۇلگە تىكىلىپ ئولتۇردى

ۋە ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىدىن ھۇزۇرلىنىشقا باشلىدى. مېھرى-گۈل قىسىلىشىنى يېڭىپ، قۇربانغا تولۇن ئاي كەبى تەبەسسۇم قىلدى. بۇ تەبەسسۇم قۇربانغا ھوشىدىن كەتكۈدەك تەسىر قىل-دى. ئالدىدا تاڭدا ئېچىلغان قىزىلگۈل تۇرغىنىنى ھېس قىل-دى: «ۋاي تۇۋا، ئادەم بالىسىمۇ مۇشۇنداق چىرايلىق بولارمۇ ياكى بۇ ئولتۇرغان ھۆر - پەرىمۇ! پاھ - پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل خوتۇن بۇ. يۈز - بويۇنلىرى بۇلاق سۈيىدىنمۇ سۈزۈك، بەدىنىدە بولسا، ئادەم شولىسى كۆرۈنۈشى بەرھەق! ئىشىكتىن ساپاغىچە مېڭىشۇ، خۇددى سۇ پەرىسىدەك سىلىق ماڭدا! شۇ تاپتا ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارى تاڭ ئالدىدىكى چولپاندەك پارلاپ تۇرۇدا!» بىراق قۇربان مېھرىگۈلنىڭ تاشقى گۈزەللىكىنىلا كۆردى. ئۇنىڭ بىر يېتشكەن ئەقىل ئىگىسى، سېخى، مۆلايىم، پاك، ئەدەپ - قائىدىلىك ئىچكى دۇنياسىنى، روھىي گۈزەللى-كىنى كۆرەلمەيتتى، دەپ بەرسەڭمۇ ئىشەنمەيتتى.

مېھرىگۈل قىسىلىپ - تارتىنغانلىقتىن پەيدا بولغان ئۇش-شاق تىترەكنى بېسىپ، كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى:

— مەن تاشكۆۋرۈك يېزىلىق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى-نىڭ ئاشخانىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئاچقانىدىم. يېزىلىق بازار باشقۇرۇش پونكىتى سىزنى تەستىقلايدۇ، بولمىسا رەسمىيەت ئۆتەلمەيمىز، دېيدۇ.

— شۇنداق، چوڭراق ئاشخانا، رېستورانلارنى ئىدارىمىز تەستىقلايدۇ. كەلگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ.

— مانا بۇلار يېزىلىق، كەنتلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەستىق قەغەزلىرى، — دەپ مېھرىگۈل ئۈچ پارچە قەغەزنى باشلىق ئال-دىغا قويۇپ، يەنە جايىغا بېرىپ ئولتۇردى.

قۇربان ئۇ سۇنغان قەغەزلەرگە ئەمەس، مېھرىگۈلنىڭ چىت كۆڭلىكىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكرىكىگە مەھلىيا بولۇپ قاراپ قالدى. شۇئان مېھرىگۈل چاپىنى بىلەن كۆكرىكىنى يې-

پىۋالدى، ئەمما قۇرباننىڭ شەھۋانىيلىق ئۇچقۇنى يېغىپ تۇر-
غان كۆزىنى ياپالمىدى. قۇرباننىڭ كاللىسىغا «نى - نى
چوكانلار ئالدىمغا كېلىپ غىلجىڭلىغان، بىراق بۇنداق ھايالىق
گۈزەل كەلمىگەن، بۇنىڭغا تېخى يات قول تەگمىگەن چېغى»
دېگەن پىكىر كېلىپ، لېۋىنى تامشىپ قويدى ۋە قەغەزلەرگە
نېرىدىن بېرى قاراپ قويۇپلا سورىدى:
— «تۇل خوتۇنلار ئاشخانىسى» دېدىڭلارمۇ؟
— ھەئە، يېزىمىزدا تۇل خوتۇنلار كۆپ بولغاچ قىيىنچى-
لىقتا قالغان قىرىق نەپەر تۇل خوتۇننى ئاشخانامغا ئورۇنلاشتۇر-
غانتىم، ئاشۇلار نامىغا ئاتىدىم.
— سىزمۇ تۇلمۇ؟
— ھە ...
باشلىقنىڭ ھارامزەدىلىك يېغىپ تۇرغان پىت كۆزلىرى
مېھرىگۈلنىڭ نۇر تۆكۈپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە
كىرىپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ نەپسىنى ئىتتىكلىتىۋەتتى. شۇ تاپتا
ئۇنىڭ ئەقلىنى مېھرىگۈلنىڭ رۇخسارى ئىگىلىگەنىدى. «پاھ -
پاھ، — دەيتتى ئۇ، — شۇنداق جىلۋىلىك، ئويئۇقاردەك ئاق
بەدەن، بەرگى قىياقتەك قاش، ئېقىپ چۈشكەندەك بۇ-
رۇن، ۋاي - ۋاي، جېنىم - جېنىم، ئوماق لەۋلەر، سەدەپتەك
چىشلار، ھەممە - ھەممە نېمىسى گۈزەل رەنانىڭ تۇل ئولتۇر-
غىنى نېمىسى. بەلكىم ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەي، مەندەكلەر-
نى ئىزدەپ يۈرگەندۇ، شۇنداق بولىسىدى ئىلاھىم. ۋاي - ۋاي،
تەقدىر شاپائەت قىلغان بىر جانان ئالدىمغا كەلدى، كەل جېنىم،
كەل. ئوماق لەۋلىرىڭدىن سۆيۈۋالاي.» ئۇ شۇنداق دەپ پىچىر-
لاپ، ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن مېرىگۈل تەرەپكە بىر قەدەم باس-
تى. ئۇ بۇ جانانىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ زىلۋا بېلىدىن
تۇتاي دېيىشىگە ئىشىك چېكىلىپ قالدى. قۇرباننىڭ شىددەتلىك
ھېسسىياتى بىردىن سوۋۇدى، كەينىگە يېنىپ ساپاغا چۆكتى،

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئامالسىز:

— مەن ئويلىنىشىپ باقاي، ئەتە چۈشتىن كېيىن كېلىڭ، — دېدى.

مېھرىگۈل يېنىكلەپ قالغاندەك ئورنىدىن لىككىدە تۇردى. يارىشىملىق تەزىمدىن بىرنى قىلىپ يېنىك قەدەملەر بىلەن ئىشىك تۈۋىگە باردى. ئىشىك ئېچىلىپ، ئۈچ ئادەم كىرىپ كەلدى، قۇرباننىڭ غاڭ - غۇڭ قوپال ئاۋازى مېھرىگۈلنىڭ قۇلىقىغا كىردى:

— نېمە ئىشلار بار ئىدى؟

## 2

مېھرىگۈل ئەتىسى دېگەن ۋاقىتتا كەلدى. قۇرباننىڭ ئىشخانىسىدا بازار باشقۇرۇش خادىملىرى ئولتۇرغانىكەن. قۇربان ئۇنىڭغا «ئەتە كېلىڭ» دەپ ئىشارە قىلدى. مېھرىگۈل ئەتىسى كەلسە باشلىق يوق بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئەتىسىمۇ كەلدى. كۈنلەر ئۆتۈۋەردى، مېھرىگۈل زېرىكمەي - تېرىكمەي كېلىۋەردى. مېھرىگۈل بىلەتتىكى، تېرىكسە ئىش - ئوقىتى بۇزۇلاتتى، زېرىكسە ئاسقايتتى، قۇربان تەستىق سىلىپ بەرمىسە ئاشخانىسى تاقىلاتتى، شۇنچە جاپالىق ئەمگەكلىرى، ئىزدىنىشلىرى بىكارغا كېتەتتى. بولۇپمۇ تۇل خوتۇنلارنىڭ قىرىق جۇپ كۆزى ياشقا تولاتتى، ئاشۇ تۇل خوتۇنلار ئۇچۇن تومۇزنىڭ پىژ - پىژ ئاپتاپلىرىغا چىدىدى، ئۇ يىگىرمە يىل ئېتىز ئىشلىرىغا چىدىغان بەردە ئەمدى چىدىمايتتىمۇ، ئۇ بۇنداق ئاپتاپلاردا تالاي كۆيگەن، بوران - چاپقۇنغا قارشى ماڭغان. ئۇ يەتتىنچى قېتىم بازار باشلىقىنى ئىزدەپ بارماقچى بولغاندا تۇرانقىز ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ھەي مېھرىگۈل، ئۇنىڭ ئىشنى كەينىگە سۇرۇۋىشىدە بى-

رەر مۇددىئاسى باردەك قىلىدۇ.
— ئوئۇش، يوق گەپنى قىلمىغىنا، نېمە مۇددىئاسى بولات-
تى! ؟
مېھرىگۇلنىڭ كىشىلەردىن گۇمانلانمايدىغان ساددا خۇسۇ-
سىيىتى بار ئىدى، ئۇ تۇرانقىزنىڭ گېپىدىن مۇشۇ خۇسۇسىيد-
تى بويىچە ئەجەبسىندى. تۇرانقىز يەنە پىچىرلىدى:
— هوي هەدەم ئاداش، ساددىلىق قىلمىسىلا بولارمىكىن،
ئەڭ ياخشىسى مۇنداق ... مۇنداق قىلسىلا، شۇنداق ئۇ پىلىكتەك
يۇمشاپ «خوپ» دەۋەتسە ئېشىكنىڭ لايدىن ئۆتكىنى.
مېھرىگۇل ئۇنىڭ بىر قىسما سۆزىنى ئاڭلاپ، لاللىدەك
قىزاردى، ئويلاندى ۋە ئۇنىڭ دېگىنىچە تەييارلاندى.
بۇ قېتىم قۇربان ئىشخانىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپتىكەن، ئۇ
رۇخسەت بىلەن كىرگەن مېھرىگۇلنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرال-
ماي داڭ قېتىپ قالدى. ھىجايدى، ھىجايغاندا، ئۇنىڭ ئاغزى
مەسە كالاچتەك ئېچىلدى. ئۇنىڭ ھىجىيىشىغا جاۋابەن مېھرى-
گۇل تاتلىق كۈلۈمسىرىدى، تىللىرى قايرىپ سۆزلەپ «ياخشىمۇ
سىز؟» دېدى. ئۇ قۇربان ئۆتكەن قېتىم كۆرگەندىنمۇ گۈزەللى-
شىپ كەتكەنىدى، ئۇستىگە كىيگەن ئاق كوپتا، قىزىل يوپكى-
سى زىلۋا قامىتىگە خوپ كەلگەن، يارىشىملىق، ئىسسىققا چى-
دىماي قايرىۋەتكەن يىپەك پايپىقىنىڭ يۇقىرىسى - يانپىشى قاش
تېشىدىنمۇ سۈزۈك كۆرۈندى. بازار باشلىقى بۇ لىغىرلاپ تۇر-
غان يانپاشنى سىلىماقچى بولغاندەك، ئورنىدىن تۇرۇپ بىر
قەدەم باستى. غاز - غۇژ ئاۋازى يۇمشاق ئاۋازغا ئالماشتى:
— قېنى، قېنى، مەرھەمەت قىلىپ ساپاغا ئولتۇرغايسىز،
خېلى كۈنلەر بولدى، كۆرۈشەلمىدۇق.
— كۈندە كېلىمەنۇ، سىز بىلەن كۆرۈشەلمەي، يا تاپالماي
قايتىپ كېتىمەن.
مېھرىگۇل شۇنداق دەپ، خۇددى بۇ ئىشخانىنىڭ ئۆز ئادى-

www.uyghurkitap.com

مىدەك تارتىنماي پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ لىغىرلاپ تۇرغان يوتىسى ئېنىق كۆرۈندى. قۇربان بىردە ئاق سۇزۇك يوتىغا، بىردە گۈزەل چىرايىغا، بىردە دىڭگىيىپ تۇرغان كۆكرەكلەرگە قاراپ قالدى بولغاي، زوۋانىدىن قالدى. ئۇ بىر دەقىقىدىن كېيىن لەۋلىرىنى چاكىلدىتىپ:

— قارىمامسىز، كۈندە ئۆگىنىش، مەجلىس بىلەن بولۇپ، خىزمىتىڭىزدە بولالمىدىم، ئەمما سىزنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇمىدىم، — دەپ چىنە كۈرۈشكىغا بىر سىلىم پەمىل چاي سالدى. چايداندىن قايناقسۇ قۇيدى، ئاغزىنى يېپىپ مېھرىگۈلنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، — قېنى پىقىرنىڭ چېيىدىن ئوتلاپ كۆرۈڭ، ئىسسىقتا ئۇسساپ كەلگەنسىز، ئاۋايلاڭ، بەك قايناق، ئوماق لەۋلىرىڭىزنى كۆيدۈرمىسۇن.

مېھرىگۈل ئىشخانىغا كىرىشىدىلا تۇرانقىزنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ، ئالىقانچىلىك ئۇنئالغۇنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتكەنىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆرمەت بىلەن چايغا قولىنى سوزدى، بۇ ئاپئاق، يۇمشاق قوللارغا چىنە چاشكا ئەمەس، يوغان يىرىك قول تەگدى. مېھرىگۈل ئەندىكىپ قولىنى ئىتتىك تارتىۋالدى.

— ھوي، نېمە بولدى، قولىڭىز كۆيدىمۇ؟

— ھەئە، بەك ئوتلۇقكەن.

— سىزنىڭ ئوتىڭىز يۈرىكىمنى كۆيدۈردى.

— ۋىيەي، نېمانداق سەت گەپ قىلىسىز؟

مېھرىگۈل قاتتىق ئىزا بولدى. ئەمما، تۇرانقىزنىڭ پىدىچىرلىشى قۇلىقىغا كىرىپ، چاندۇرماستىن نۇرغۇن كۈچ - ئىرادە سەرپ قىلىپ ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— بۇ گەپ سەت بولسا، مۇنۇ گېپىمگە نېمە ...

— قىغ - قىغ ...

مېھرىگۈل پىخىلداپ كۈلدى. قۇربان «ھە، بۇمۇ قونداقتا

چىقتى، قولۇمغا قونىدىغان بولدى» دەپ يېنىغا شۇنداق ئولتۇراي دېيىشىگە ئىشىك قېقىلدى. «قايسى كاساپەتتۇ» دەپ رەنجىگەن باشلىق دەررۇ ساپاغا چۆكتى. ئۇنىڭ باشلىقلىق ئورنى، ئىشخانىسى ئېسىگە كەلدى. ئىشىك يەنە چېكىلدى. قۇرباننىڭ ئەلپازى بۇزۇلدى. ئۇ:

— مېھرىگۇل، سىز دۇشەنبە كۈنى كېلىڭ، ياق - ياق، مەن ئۆزۈم بېرىپ ئاشخانىڭىزنى كۆرەي، ئاندىن بىر نېمە دەي، خاس ئۆيلەر باردۇ؟ — دەپ ھىجايدى.

قۇربان ئۆز تەجرىبىسى بويىچە مېھرىگۇلنىڭ ساددا، مۇلايىم تەبىئىتى، ئاق كۆڭۈللۈكىنى بىر قىلتاق قىلىپ، ئۇنىڭ ۋەسلىگە يەتمەكچىدى. مېھرىگۇل بولسا، ئۇنىڭ ئاقسۆڭەك تۆرىلەرنى دوراپ، باشقىلارغا قوپال، ئۆزىگە يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشىدىن ئاچ كۆز ئالۋاستىنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆردى، ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى بىلەن سۇغىرىلغان ھەيۋىسى، ئۆزىگە بېرىۋاتقان تەسىرى بىر خىل ساختا، ياسالمىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلدى.

## 3

مېھرىگۇل ۋە ئۇنىڭ تۇل قالغان خىزمەتچىلىرى قۇربان باشلىقنىڭ يولىغا قارىدى. ئۇلار ئاشخانا ئىچىنى ئەينەكتەك پارقىراتتى، ئۇ كۈنى خېرىدارلارمۇ كۆپ ئىدى. پىكاپ كۆرۈنسىلا ھەممە تاشقىرىغا چىقاتتى، پىكاپ توختىماي ئۆتۈپ كەتكەندە سولىشىپ كىرىپ ئىشىنى قىلاتتى. 3 - كۈنى چۈش رىسالىسىدە تۇرغۇنئاي:

— بازار باشلىقى كېلىۋاتىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ھەممە دۈكۈرۈشۈپ يۈگۈرۈپ چىقىشتى. تۇرانقىزنىڭ كومانىدىسىدا ئىككى تەرەپكە تىزىلىپ تۇرۇشتى. پۇزۇر كىيىنگەن

تۆت كىشى توغرا ئاشخانىغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار يېقىن كېلىشىگە خوتۇن ـ قىزلار قىزغىن چاۋاك چېلىشتى. ئۇرلە بولسا هودۇقۇپ كېتىشتى. مېهرىگۇل چاۋاكنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقتى. كۆردىكى، بۇ كەلگەنلەر باشلىق ئەمەس ئىدى. مېهرىگۇل:

— قېنى ئەزىز مېهمانلار، مەرهەمەت، بىز مېهماننى مۇشۇنداق قارشى ئالىمىز، — دېدى.

— پاھ، قالتىسكەنسىلەر، — دېدى مېهمانلاردىن بىرى، — ئەمما تامىقىڭلار قالتىس بولسىلا بولغىنى.

تۇرانقىز مېهرىگۇلنى گۇلدە ياساندۇرغانىدى. ئۇنىڭ بېشىغا كەشمىر ياغلىق چىگىلگەن، قاش ـ كىرپىكىگە سۇرمە سۇرگەن، ئەمما ئۇ ئۇيا ـ ئەڭلىك باسقۇزمىغانىدى، مېهرىگۇل تاش ئەينەككە قاراپ ئۆزىنىڭ قىز هالىتىگە كېلىپ قالغىنىنى كۆردى ۋە قىزىرىپ كەتتى، بۇ قىزىللىق ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۇردى. شۇ ئارىلىقتا تۇرانقىز كوچىدىن يۈگۈرۈپ كىردى:

— هەدەم ئاداش، بول، كۈيئوغۇل كەلدى.

تۇرانقىزنىڭ «كۈيئوغۇل» دېگىنى قۇربان ئىدى. قۇرباننى خوتۇن ـ قىزلار تەنتەنىلىك كۈتۈۋالدى. قۇربان ئىشىك ئالدىدا كۇلۇمسىرەپ تۇرغان مېهرىگۇلنى كۆرۈپ قېتىپلا قالدى. مېهرىگۇل:

— ئەسسالام، مەرهەمەت قىلىڭ! — دەپ، ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى.

هودۇقۇپ كەتكەن قۇربان پەلەمپەيدىن ئاتلاپ چىقىۋېتىپ پۇتلىشىپ كەتتى. ئىككى ئايال كېلىپ يۆلىۋالدى. مېهرىگۇل يۇمشاق ئاۋازدا:

— پەلەمپەيگە قاراپ مېڭىڭ، ئاۋايلاڭ، — دەپ قويدى.

قۇربان چەتتىكى خاس ئۆيگە كىردى، تول خوتۇنلار ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. مېهرىگۇل قۇرباننىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى،

ئۇلارغا دەسلەپ قىزىق دەملەنگەن سىنچاي، ئاندىن ھەر خىل قورۇمىلارنى كەلتۈردى. قورۇمىلار بىلەن «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى»، «شىنجاڭ پىۋىسى»، «شاپتۇل شىرنىسى» كەلتۈرۈلدى. ياش ۋە چىرايلىق شەمشەم بوتۇلكىلارنىڭ ئاغزىنى چاققاندىلىق بىلەن ئاچتى. قۇربانغا بىر رومكا ئاق ھاراق، بىر ئىستاكان پىۋا تۇتتى. مېھرىنگۈلگە شاپتۇل شەربىتىدىن قۇيۇپ قويدى. مېھرىنگۈل تەكلىپ قىلدى:

— ئاددىي ئاشخانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزغا رەھمەت، قېنى بۈگۈنى سالامەتلىكىڭىز، مەنسىپىڭىزنىڭ يەنىمۇ ئۆسۈشى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

— مەن، مەن بۈگۈن يوق!

— يارىشقىنىڭىز بولمىسىمۇ كۆتۈرۈۋېتىڭ، بۇ دېگەن يېگىتلەرنىڭ سۆلىتىگە سۆلەت قوشىدۇ.

— بوپتۇ، سىز دەك جانان تەكلىپ قىلغان يەردە ئىچمىسەم ئوغۇل بالىچىلىق بولماس. سىز نېمە دېسىڭىز ماقۇل بولغىلى كەلدىم.

— بەك ياخشى.

قۇربان مېھرىنگۈلنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ:

— خوشە! — دەپ ئاق ھاراقنى گۈپلا قىلىپ ئىچىۋەتتى.

شەمشەم توخۇ گۆشى سانىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئاندىن ئىككىنچى رومكىنى قۇيدى، يەنە قۇيدى. ھاراق شىشىدە جىم تۇرغىنى بىلەن قورساققا كىرگەندە جىم تۇرمايدۇ، كىشىنىڭ تۇيغۇلىرىنى غىدىقلاپ، قېرىنى ياشارتىدۇ، ياشنى جەڭگىۋار، جۇشقۇن قىلىپ قويىدۇ. بازار باشلىقىنىڭ بولسا تۇيغۇلىرىنى غىدىقلىدى. ئۇ رومكىسىغا بەشىنچى قېتىم ھاراق قۇيماقچى بولغان شەمشەمنىڭ قولىدىن شىشىنى ئېلىۋېلىپ ئېيتتى:

— سىزگە رۇخسەت، ئارام ئېلىڭ، ئۆزۈم قۇيۇپ ئىچەي...

www.uyghurkitap.com

شەمشەم مېھرىگۈلگە قارىدى، ئۇ:

— بوپتۇ، مېھمانىنىڭ خاھىشى بويىچە بولسۇن، — دەپ ئۇنىڭ قېشىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

شەمشەم چىقىپ كېتىشىگە قۇربان مېھرىگۈلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ مېھرىگۈلنىڭ يېقىملىق كۈلۈمسىرىشى، تاتلىق، يۇمشاق ئاۋازدا تەكلىپ قىلىشى، قوڭغۇراقتەك زىل كۈلكىسىدىنلا «ھە، ئەيۋەشكە كەلدى» دەپ جەزم قىلغانىدى. ئۇ بۇ قارىشى بويىچە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، مېھرىگۈلنىڭ نېپىز ئاق گىرىپتىشىن كۆڭلىكى ئىچىدىكى سۈتتەك ئاق بەدىنى، يېنىپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىنى تاماشا قىلدى. «بۇ پەرىزاتنىڭ ۋەسلىگە بۈگۈن يەتمىسەم قاچان يەتمەكچى» دېگەن ئوي ئۇنى ئالدىراتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتى ھەممىنى ئۇنتۇلدۇردى، ئۆزىنىڭ ئىدارە باشلىقى ئىكەنلىكىنىمۇ، بەش بالىسىنىمۇ، ئۆزىگە سادىق خوتۇنىنىمۇ، ئۈچ نەۋرىسىنىمۇ ئۇنتۇلدۇردى. ئۇ مېھرىگۈلنىڭ ئاپپاق، يۇمشاق، نازۇك قولىنى تۇتۇشقا قولىنى سوزدى. مېھرىگۈل ئىتتىك قولىنى ئۈستەل ئۈستىدىكى شىشىگە ئاپاردى. قۇربان ئەمدى مېھرىگۈلنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، شەھلا كۆزلىرىدە مۇھەببەت تەشنالىقى پارلىغاندەك كۆرۈندى. مېھرىگۈل قۇربانغا بىر رومكا ھاراقنى ناز بىلەن تۇتتى:

— كۈتكۈچىنى چىقىرىۋېتىشتىكى مەقسىتىڭىز ماڭا ئايان. بوپتۇ، سىزنى مەنلا كۈتەي، بۇ مېنىڭ تۇنجى تۇتقان رومكامنى كۆتۈرۈۋېتىڭ.

— سىزلا كۈتسىڭىز ھەممە نەرسە ئالدىڭىزدا بولىدۇ.

— قېنى، ئېلىڭە، بۇنى كۆتۈرۈۋېتىڭە ...

— سىزنىلا كۆتۈرسەم دەيمەن.

مېھرىگۈل ئورنىدىن سەل قىمىرلىدى. ئۇنىڭ سەپرايىنى ئۆرلىتىدىغان بۇ گەپ گۆش يۈرىكىنى تاتلىغانىدى. ئۇ چوڭ

ئىشنى، تۇل خوتۇنلارنى ئويلاپ، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن قەدىر - قىممىتىنى ساقلاشقا تىرىشتى ۋە مۇلايىملىق بىلەن دېدى:

— ئۇ ئوش، نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، ھى ... ھى ... ھەر ئىش ئۆز يولى بىلەن، بۇ يەر ئاشخانا تۇرسا، سىزنىڭ ئىشخاندىڭىزدىكىدەك بىرەرى كىرىپ قالسا، ھەر ئىككىمىز شەرمەندە بولمايمىزمۇ. مېنى دېسىڭىز بۇنى ئىچىپ كەيپىڭىزنى سۈرۈڭ.

— خوپ جېنىم! — دېدى قۇربان ۋە ھاراقنى ئىچىۋەتتى. مېھرىنگۇل يەنە ھاراق قۇيدى. قۇربان:

— ھاراق دېگەن ئامبىرىمدا يەشىكلەپ بار، ئەمما سىز يوق. سىزنى ئاران ئىندەككە كەلتۈردۇم. ماڭا قاراڭا جېنىم، مەن ... مەن سىزنى ...

ئۇ شۇنداق دەپ مېھرىنگۇلگە يېپىشماقچى بولدى. مېھرىنگۇلگە بۇ ئېزىتقۇ سۆز ۋە پەسكەش ھەرىكەت نەشتەردەك تەگدى. ئەمما ئۇ تۇغما مۇلايىملىقىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنى سىلىقلا قاچۇردى ۋە ناز بىلەن دېدى:

— سىز مېنى ياخشى كۆرسىڭىز ئاۋۋال تەلىپىمنى تەستىقلاڭ، ئاندىن خىزمىتىڭىزدە بولىمەن، بولمىسا سىزنىڭ يۈزىڭىزگە تۈكۈرىمەن!

— ئۇ دېگەن ئىككىلىك خەت، بۈگۈن سىز مېنى كۆڭلۈمدىكىدەك كۈتسىڭىز بىردەمدىلا تەستىقلايمەن.

ئۇنىڭ تېتىقسىز گېپىنىڭ تېگىدىكى گەپنى ئوبدان چۈشەنگەن مېھرىنگۇلنىڭ يۈرىكىنى ئەلەم مۇجىدى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، يېلىندى:

— ھوي مۇنۇ قولىڭىز ياغاچ قولاقمۇ نېمە؟ ھازىرلا دېدىمغۇ، ئاۋۋال تەستىق سېلىڭ، بولمىسا ...

ئۇ دومسايدى، چىرايلىق لەۋلىرىنى ئۇچلاپ دومسىيىش ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقىنىنى كۆرگەن چالا مەست قۇربان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پىلىندى:

— جېنىم مېھرىگۈلۈم، تەستىق دېگەن سىزدىن ئايلانسۇن …

ئۇ شۇنداق دەپ كېلىپ مېھرىگۈلنى كوپپىدە تۇتۇۋالدى. مېھرىگۈل چىرقىراپ كەتتى. شۇ ھامان ئىشىك ئېچىلىپ قولىدا ئاپپارات تۇتقان تۇرانقىز، خاسىيەتقىز، شەمشەملەر كىردى، تۇرانقىز قۇرباننىڭ مېھرىگۈلنى قۇچاقلاپ تۇرغان ھالىتىنى «تىرىس» قىلىپ سۈرەتكە تارتىۋالدى. مېھرىگۈل قۇرباننى ئىتتىرىۋېتىپ، خاس ئۆيدىن يۈگۈرەپ چىقىپ كەتتى. تۇرانقىز غەزەپ بىلەن مۇنداق دېدى:

— ھەي، سېنىڭ نەرىڭ باشلىق، باشلىق دېسە خۇدۇڭنى بىلمەيدىغان لۈكچەككەنسەنغۇ، سەن بىز تۇل خوتۇنلارنى نېمە كۆرۈۋېدىڭ — ھە، بىزنىڭ خوجايىنىمىزنى نېمە كۆرۈۋېدىڭ؟ مانا تازا، سۈرىتىڭنى تارتىۋالدىم. ئەتە بۇنى ئوتتۇز نۇسخا كۆپەيتىپ، شەھۋانىيلىقىڭنى پۈتۈن ئېلى ئالىمگە يايىمەن!

— بۇنىمۇ تېخى، — دەپ خاسىيەتقىز ئالىقانچىلىك ئۈنئالغۇنى قويدى.

قۇربان ئۈنئالغۇدىكى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسى ۋە بۇ يەردە قىلغان شەھۋانىي ئاۋازىنى ئاڭلىدى — دە، شۈكلەپ، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئالدىدىكى رومكىنى ئېلىپ، ھاراقنى ئىتتىكلا ئىچىۋەتتى. بۇ رەسۋاچىلىقنى بېسىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، كەينى — كەينىدىن ھاراق قۇيۇپ ئىچتى.

— بىز ئاشخانىنىڭ كىنىشكىسىنى ئېلىش، تەستىقلىتىش شۇنچە تەسىكەن، — دېدى خاسىيەتقىز ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — بولدى، ئەتىلىككە بۇنىڭ خوجايىنىمىزغا باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغان كۆرۈنۈشى تارتىلغان سۈرىتى بىلەن مانا بۇ شەھۋانىي سۆزلىرىنى شەھەر باشلىقىغا ئاپىرايلى.

— يا — ياق، توخ — توختاڭلار، مە — مەن ئې — ئېزىپتىم-

مەن. كەي - ىپچىلىك، بۇ، مەن - مەن ھازىرلا تەس - تىقلاپ بې - بىرەي. بۇ - بۇ ئىش مە - مەشەدە قالسۇن.

قۇربان شۇنداق دەپ پوپكىسىدىن مېھرىگۇل بەرگەن ھۆج-جەتلەر بىلەن بىر تىجارەت قەغىزىنى ئالدى، قوللىرى ئەيۋەشكە كەلمىدى. ئۇ ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ، تىجارەت قەغىزىگە «تۇل خوتۇنلار ئا - ش - خانىسى» ئېچىلىشقا رۇخسەت، دەپ يازدى ۋە يەنە ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇردى.

تۇرانقىز قەغەزلەرنى شارتتىدا ئالدى، ئوقۇدى ۋە سەكرەپ كەتتى:

— ئاشخانىمىز قانۇنلۇق بولدى!

قۇربان يەنە ئېچىشكە باشلىدى. مەڭزىنىڭ تومپىيىپ تۇر-غان گۆشلىرى لىپىلداپ تۇراتتى. ئۇ خېلىلا مەست بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە ماڭدى. تۇران-قىز:

— باشلىق نەگە بارىسىز؟ بىردەم ئولتۇرۇڭ، — دەپ قول-تۇقىدىن يۆلەپ جايىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە گويىرۇ، جاسا، ۋەنزى-لەرنى ئالدىغا تىزىپ قويدى، — بۇلاردىن يەڭ. باشتىلا تەستىق-لەۋەتكىنىڭىزدە مۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ بولمايتتى.

— مەن، مەن ئې - ئېزىپتىمەن!

— قېنى، يەڭ، ھە مانا، بۇ ياخشى بولدى. مۇنۇ قېنىق چايدىن ئېچىڭ، كەيپىڭىز بوشايدۇ، — دەپ تۇرانقىز ئۇنى كۇ-تۇشكە باشلىدى.

قاتتىق مۇئامىلە، دوقتىن كېيىنكى خۇش مۇئامىلە ۋە غەمخورلۇق ھەر قانداق تاش يۈرەكنىمۇ ئېرىتىۋېتىدۇ. قۇربان ئېرىدى، ئۆزىنىڭ سەتچىلىكتە قالغىنىغا ئۆكۈندى.

— ھوي، بولدى قىلىڭلارا، — دېدى شەمشەم كۆڭۈلچەك-لىك بىلەن، — سۈرىتىنى كۆپەيتىپ، خوتۇن - باللىرى ۋە باشلىقلىرى ئالدىدا شەرمەندە قىلىشنىڭ نېمە كېرىكى.

— ئەگەر باشلىق خوتۇن - قىزلارنى ھۆرمەت قىلسا، بىز تۇل خوتۇنلارغا غەمخورلۇق قىلسا، بىزمۇ ئۇنداق قىلمايمىز، — دېدى تۇرانقىز.

— ۋەدە بەرسۇن، ئاشخانىمىزغا قىلغان ياردىمىنى كۆرەيلى، — دېدى خاسىيەتقىز.

— ۋەدە بېرىمەن، خوتۇن - قىزلارنى قەتئىي ھۆرمەت قىلىمەن. ئاشخاناڭلاردىن گۆەنلىفى[1] ئالمايمىز، — دېدى ئەمدى سەل ئۆزىگە كەلگەن قۇربان شەرمەندە بولۇشتىن ئەنسىرەپ.

— ئۇنداق بولسا، بىزمۇ نىيىتىمىزدىن ياندۇق.

بۇ ۋەدىدىن كۆڭلى بىرئاز ئەمىن تاپقان قۇربان:

— رەھمەت، مەن قايتاي، خوش! — دەپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— ھوي ئاكا، باشلىقلىق سومكىڭىز قالدى، — دەپ شەمشەم كەينىدىن پوپكىنى ئاپىرىپ بەردى.

— سومكىسى قالسىغۇ مەيلى، مەنسىپى قالمىسا بولغىنى، — دەپ كۈلدى خاسىيەتقىز.

قۇربان كەتكەن ھامان ئاشخانا ئىچى شادلىق كۈلكىسىگە تولدى، تۇل خوتۇنلار مېھرىگۈلنى بېشىدا كۆتۈرۈشۈپ كەتتى، گۆۋاھنامىنى قولدىن - قولغا ئېلىشىپ بېشىدا كۆتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناشتى.

---

① گۆەنلىفي — باشقۇرۇش خىراجىتى دېگەن مەنىدە.

## تۆتىنچى باب

# ئەندىشىلىك كۈنلەر

### 1

نۇرتاي بوۋىسىغا ئەركىلەيتتى، سۇركىلەتتى، يېلىناتتى:

— جېنىم بوۋا، يەر خېتىنى بېرىپ تۇرغىنا!

— يەر خېتى؟

— هە - ئە.

— يەر خېتىنى نېمە قىلارسەن، ئۇ ئوينايدىغان نەرسە ئەمەس جۇمۇ!

— مەن يەر خېتىنى ئويناىدىغان كىچىك بالىمىتىم.

— ۋاھ، چوڭ بولۇپ قالدىم، دېگىنە.

— هە، بولغىنا، ماڭا يەر خېتىنى بەرگىن.

— هوي مومىسى، مۇنۇ نەۋرەڭ نېمىلەرنى دەيدۇي.

— هە، نېمە دەۋاتىدۇ؟

— ئۆمسەلا گەپلەرنى قىلىۋاتىدىغۇ.

— يالغۇز ئۆغلىمىزدىن قالغان يادىكار - بۇ، نېمە دېسە دەيدۇ - دە.

— يەر خېتى، يەر خېتى دەپ بېشىمنى قوچۇپلاۋەتتىغۇ.

— يەر خېتىنى نېمە قىلىسەن تاي؟

— دۇكان ئاچاي دېگەنتىم.

— ۋاي ئانىمەي، راستىنىلا غەلىتە گەپ قىلىۋاتىسەنغۇي.

— شۇنى دېگىنە، يەر خېتى بىلەن دۇكان ئاچقانلىقى ئاتام زاماندىن بېرى ئاڭلاپمۇ، كۆرۈپمۇ باقمىغان دېگىنە.

— دۇكان ئاچساڭچۇ ساقام، مېنىڭ يايما دۇكىنىمنى ئاچقىن.

— يايما دۇكان ئەمەس، سىلەر چۈشەنسەڭلارچۇ، يەر خېتىنى بانكىغا تاپشۇرۇپ قەرز پۇل ئالىمەن، بۇ پۇلغا دۇكان ئىجارىگە ئېلىپ ئاچىمەن. ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىلەر؟

— ھە، مۇنداق گەپكەن - دە، يەر تۈگۈل، ئۇنىڭ خېتىمۇ پۇلكەن - دە. ھەي، تاي بالام، بۇ خام خىيالىڭنى قوي. ئاۋۋال ھېلىقى كۆپەيتىدىغان، قوشۇدىغىنىڭنى ئوقى.

ئەمدى نۇرتاينىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئانىسىمۇ، بوۋىسىمۇ، مومىسىمۇ مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك «ئوقى» دېيىشىدۇ. ئانىسى ئېتىزدا ئىشلەپ چايخانا ئېچىپ جاپا تارتىۋاتسا، ئۇ چوپچوڭ ئوغۇل بالا تۇرۇپ قانداقمۇ ئوقۇيالىسۇن؟ ئانىسى ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى ئاز جاپا چەكتىمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئانىسىنى، ئۇكىسىنى باقىدىغان ۋاقتى كەلدى. دىلى يۇمشاق، ئۇنىڭ ئۇستىگە رەھمەتلىك ئوغلىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان نەۋرىسىنىڭ غەمكىن ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ مومىسىنىڭ ئىچى ئاغرىدى.

— ھوي بوۋىسى، يەر خېتى دېگەن بىر قەغەزغۇ، ئاشۇ سامان قەغەزنى دەپ نەۋرىمىزنىڭ دىلىنى ئاغرىتسىلا بولامدۇ؟ — دېدى موماي.

— مەن سامان قەغەزنى ئاياۋاتقىنىم يوق، — دېدى بوۋاي، — ئېلىش - قوشۇشنى بىلمەي تۇرۇپ دۇكان ئاچىمەن، دېگىنىنى بىلەلمەيلا قالدىم.

— ھەي بوۋا، — ئەمدى نۇرتايدا پەيدا بولغان ئۈمىد ئۇنى گەپكە ئۈندىدى، — ئاپام بەك جاپا تارتىۋاتىدۇ، ئاغرىپ - تارتىپ قالارمىكىن، دەپ قورقىمەن. شۇڭا دۇكان ئېچىپ، پۇل

تاپاي، ھەممىڭلارنى باقاي، دەيمەن.

— ۋاھ، مېنىڭ تايچىقىم بىزنى باققۇدەك ئات بوپ قالدىمۇ نېمە، ھۇششەرە، داداڭنى كىيىپلا چىققان ئوخشىمامسەن، ھەي - ھەي ئىسست، داداڭ ھايات بولسا، ئاپاڭمۇ رىيازەت چەكمەيتتى، سەنمۇ قوشۇش - ئېلىشنى ئوقۇۋېرەتتىڭ، — دەپ موماي كۆز يېشى قىلدى.

— ھوي تاي، قانداق دۇكان ئاچماقچىسەن؟

— ئاياغ كىيىم دۇكىنى - دە، — نۇرتاي بوۋىسىغا جاۋاب بەردى.

— ۋا، ۋاپىرۇشلۇق قىلماقچىكەنسەن - دە.

بوۋاي شۇنداق دەپ ئويلىنىپ قالدى، «يەر خېتىنغۇ ساندۇقتا سارغىيىپ ياتىدۇ. نەۋرەم سودا قىلالىسىغۇ بىر نۆرى، قىلالماي، باشقىلاردەك زىيان تارتىپ، ئۆي - ماكانىنى سېتىپ قەرز تۆلەيدىغان بوپ قالسىچۇ؟ ... مۇشۇ قورۇدىن باشقا نەۋرىلىرىمگە قالغۇدەك بىر نەرسەم يوق. ئاتا - بوۋامنىڭ تەۋەررۇك قورۇسى قولدىن كەتسە مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغاندا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن؟ ئوبدان ئويلىنىپ بېقىش كېرەك ... — ئۇنىڭ بۇ ئويىنى يەنە بىر ئەندىشىسى بېسىپ چۈشتى، — ئەگەر بۇ بىكار يۈرۈپ يامان بالىلارغا ئارىلىشىپ، يامان ئىشلارنى قىلىپ قالسىچۇ؟ ھە، ھە، ھېلىقى نېمىتا، ھە، ئېسىمگە كەلدى، ئاق تاماكا دېگەن قۇرالسىز ئادەم ئۆلتۈرىدىغان، كىشىلەرنى ۋەيران قىلىدىغان زەھەرگە ئۆگىنىپ قالسىچۇ؟ ھەي، ھازىر بىر نېمە دەپ بولمايدۇ، يائاللا، ئاغزىمغا تاش! بىكارچىلىقىمىغۇ يامان نەرسە، كىشىنى نى - نى كويلارغا سالىدۇ. كىشىنىڭ ئىش - ئوقىتى بولسا شۇنىڭغا مەلىكە بولۇپ، يامان ئىشلار ئويىغىمۇ كەلمەيدۇ، ۋاقتىمۇ بولمايدۇ، توختىغىنا ...»

— بوۋا، — دەپ نۇرتاي ئۇنىڭ ئويىنى بۆلۈۋەتتى، — ماڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ مەنچۇ قارا، ھېساب ـ كىتابنى پىششىق بىلىمەن. مەكتەپتە سەككىز يىل بىكار ئوقۇمىدىم.

— ياق تايچىقىم، — بوۋاي نەۋرىسىنى كىچىكىدە ئاتاپ بۇ-گىنىپ كەتكەن ئەركىلەتمە ئىسمى بىلەن ئاتىدى، — دۇكاندارچىلىقنى بىلمىسەڭ قانداقمۇ ئاچالارسەن؟

— دەيمەنغۇ، بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولغىن دەپ مەن ھې-سابتا ئەلا ئوقۇدۇم، مېنىڭ يەنە تولكۇلۇق ھېسابلاش ماشىنام بار.

— ھەي نەۋرەمۇي، — دېدى بوۋاي، — ماشىنا ھەيدەپ سوقۇلۇپ كەتسەڭ، يائاللا. ئاغزىمغا تاش، ئۇ ماشىناڭدا توك بولسا، ئۇنى تۇتۇۋالساڭ ...

— ھىي ـ ھىي ـ ھىي، — نۇرتاي كۈلدى، — ھەي بوۋا، تازىمۇ ساددا ـ دە، سەن، ئۇ ماشىنا ئەمەس، توكمۇ يوق، ئۇ بىر ھېساب چىقىرىدىغان ئەسۋاب، ئۇنىڭغا مۇنداق 5 ـ مايىنى سېلىپ قويىسەن، كۇنۇپكىنى باسسەن، شۇندا بىر دەقىقە قو-شىدۇ، ئالىدۇ. ئارتتۇرىدۇ، بۆلىدۇ.

— كۇنۇپكا دېگىنىڭ نېمىسى؟

— تۈگمىگە ئوخشايدىغان نەرسە، بىر دېگەن سانى يېزىقلىق تۈگمىنى باسساڭ بىر، بەش دېگەن تۈگمىنى باسساڭ، بەش چىقىدۇ.

— ئۇمۇ چوتكەن ـ دە.

— توپتوغرا، زامانىۋى چوت دېسەكمۇ بولىدۇ.

— ۋاي ـ ۋاي، بۇ زامان قانداق زامان بولۇۋاتىدىغاندۇ، زامانىڭدىن ئۆرگىلەي تايچىقىم.

— ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن بوۋا، — نۇرتاي بوۋىسىنىڭ بې-قىنىغا كىرىپ سۆركەلدى، — چۈشەنگەن بولساڭ يەر خېتىنى بەرگىنە، بىر يىلدا بانكىنىڭ قەرزىنى تۈگىتىپ، يەر خېتىڭنى قايتۇرىمەن.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئىشىكنى مۆرىدەپ ئېچىپ كىرگەم مومىسى ھەجەرخان بۆلۇۋەتتى. ئۇ دۇمچىيىپ، دۇمچەيگەندىمۇ يېرىم ئېگىلىپ ماڭاتتى. نۇرتاي كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى داستىخانغا قول ئۇزاتتى. ھەجەرخان:

— ۋاي تايچىقىمەي، سەنمۇ ماڭا قاراشقۇدەك بوپ قالدىڭ، چىقىپ تاختا بېشىدىن نان ئەكىرگىن، — دېدى.

نۇرتاي دالان ئۆيگە چىقىپ كەتتى، مەخپىر بوۋاي بىلەن ھەجەرخاننىڭ بىر تاللا ئوغلى بار ئىدى. 60 - يىللاردىكى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشتە ئوغلى زىيالىي ياش بولۇپ تاشكۆۋرۈك كوممۇناسىغا چۈشكەنىدى. ئوغلى ئېتىلىپ كەتكەندىن كېيىن مەخپىر بوۋاي قورۇسى ئالدىدا شىمىشكا - پۇرچاق، تاماكا - قەغەز سېتىپ مومىينى بېقىپ كەلگەن، نۇرگۈل تولۇق ئوتتۇ- را مەكتەپكە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئۆيدە يېتىپ - قوپۇپ ئوقۇشقا باشلىغانىدى. نۇرتاي ئىككى چوڭ نانىنى سوغۇرۇپ ئەكىرىپ جوزىغا قويدى.

— ئەمدىچۇ قوزىچىقىم، قازان بېشىدىن چىنە - چۆمۈچ، كورىلارنى ئەكىرگىن، ئاۋايلىغىن جۇمۇ، كورىدا چاي بار.

— ماقۇل موما.

نۇرتاي بۇيرۇلغانلارنى ئەكىرىپ، مومىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىد- گە قويۇپ قويدى. ئۇ بوۋىسى بىلەن مومىسىغا ئاز بولسىمۇ قاراشقىنىغا خۇشال ئىدى. ھەجەرخان موماي نوگاي چۆمۈچكە تۇز سالدى، ئاندىن كورىدىكى ئاچچىق چاينى سورۇپ، تۇزنى ئېرىتتى، چىنىدىكى قايماقلىق سۈتنى قۇيۇپ، يەنە سورىدى. چىنىگە بىر يۇتۇم چاي قۇيۇپ قورۇق بېسىپ كەتكەن لېۋىگە ئاپاردى، تۇز - تەمى تېتىغىنىغا قانائەت قىلغان ھەجەرخان ئاپقۇر چىنىگە لىق چاي قۇيۇپ بوۋايغا سۇندى، يەنە بىر ئاپقۇر چىنىگە كورىدىكى چاينىڭ يۈزىدە لەيلەپ تۇرغان قايماقلارنى قوشۇپ قۇيدى ۋە نۇرتايغا سۇندى. مەخپىر بوۋايمۇ جىم ئولتۇر-

مىدى، ئۇ نان ئۇشتۇپ قويدى. ئالدىغا كەلگەن چايغا ناننى ئۇششاق ئۇشتۇپ سالدى. ئۇ «بىسمىللا» دەپ ئاغزىغا نان سېلىشىغا ئىشكنى ئېچىپ نۇرگۈل كىردى.

— ۋاھ، نۇرتاي كەپتىكەنغۇ! — دەپ ئۇ ئۇكىسىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويدى، — ئاپام، ئاتايلار تىچ تۇرۇۋاتامدۇ؟ ئاپام ئاغرىپ قالمىغاندۇ، ئاتاي مەكتەپكە بېرىۋاتامدۇ؟ ئاپام نېمىش قىلىۋاتىدۇ؟ يەنە شۇ ئېتىزنىڭ ئېغىر ئىشلىرى بىلەنمۇ؟ نېمە، بازاردا چايخانا ئاچتى؟! ما ئىشنى!

نۇرتاي ھەدىسىنىڭ تۈگىمەس سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ ئاران ئۈلگۈردى. ئۇ يەنە قوشۇپ قويدى:

— ئاپامنىڭ چايخانىسىنىڭ بازىرى شۇنداق ئىتتىك دېگەنە. ئۈلگۈرەلمەي، ھەمرا بۇۋىدەمنى ياردەمگە ئالدى.

— ئەمدى بىلدىم، ئاپاڭنى دوراپ، دۇكان ئاچماقچىكەنسەن ـ دە؟ — دېدى مەخپىر بوۋاي.

— ھە، نېمە، سەن، سەن ئوقۇشنى تاشلىدىڭمۇ؟

— ئاپامنىڭ جاپالىرىنى كۆرۈپ چىدىيالمىدىم. ئوغۇل بالا تۇرۇپ ئاپامنى ئېغىر ئىشلاغا سالسام ئۆزۈمنى بىر تەييارتاپتەك ھېس قىلىدىكەنمەن. شۇڭا دۇكان ئېچىپ، سىلەرنى باقاي دەيمەن.

— دۇكان ئېچىپ باقمىغان تۇرساڭ پايدا ئالالامسەن، زىيان تارتساڭچۇ؟

— ئەڭ بولمىغاندا، سېنىڭ ئوقۇش راسخوتىڭنى بولسىمۇ كۆتۈرەرمەن، ئاپام مەۋسۇملۇق ئوقۇش راسخوتىڭنىڭ ئورنىنى قىلالماي، ئاخىرى چايخانا ئاچتى. ئۇنىڭ كىرىمىنى ھېچنېمىگە ئىشلەتمەي ساڭا ئەۋەتتى.

نۇرگۈلنىڭ كۆزىدە ياش پارلىدى. نۇرتاي «ئوقۇپ ئالىم بولىمەن» دېگەن ئارزۇسىنى ھەدە، ئىنىسى ئۇچۇن قۇربان قىلىۋاتسا، كىمنىڭمۇ كۆزىدە ياش پارلىمىسۇن؟! شۇ تاپتا ئۇ

ئىنىسىنى باغرىغا بېسىپ، باشلىرىنى سىلىغۇسى كېلىپ كەتتى.

— ئاپپاق ئۇكام، بۇ نىيىتىڭغۇ ياخشى. ئەمما ئوقۇمىساڭ «ئالىم بولىمەن» دېگەن نىيىتىڭ يوققا چىقمامدۇ؟

— پۇل بولسا بىلىم ئالغىلى بولىدىكەن، ئويلىغىنا ھەدە، مېنىڭ ئوقۇش راسغۇتىم، كىتاب ـ دەپتەر، قەلەم، كىيىم ـ كېچەكلىرىم ئۈچۈن پۇل تاپىمەن، دەپ ئاپام تېخىمۇ قىينالمامدۇ؟ مەن ئوقۇمىسامىمۇ ئاتاي ئىككىڭلار ئوقۇساڭلا دادامنىڭ ۋەسىيىتى ئىشقا ئاشقان بولىدۇ.

— قىزىم، چىنە ئەكىلىپ چاي قۇيۇپ ئىچكىن. قورسىقىڭمۇ ئېچىپ كەتكەندۇ، — دېدى ھەجەرخان كۆيۈمچانلىق بىلەن.

قىز ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ يېنىك قەدەم بىلەن ھويلىغا چىقىپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن يۈزلىرى پارقىرىغان، شەھلا كۆزلىرى قىزارغان ھالدا چىنە كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ ئۇندىمەي ئىلىكتەك ئېتىلگەن ئەتكەن چاينى چىنىگە قۇيدى ۋە:

— موما، مەن كەلگۈچە ئاۋارە بوپسەن، — دېدى.

— ۋاي پاشا قىزىم، تايچىقىم كەلسە چاي بەرمەي ئولتۇرالايتتىمۇ؟ شۇڭا ساڭىمۇ قارىماي چاي ئېتىۋەردىم.

چاي ئىچىلىپ بولدى، بوۋاي بىلەن موماي پېشىن نامىزىنى ئوقۇشقا تەرەت ئالغىلى چىقىپ كېتىشتى، نۇرتاي جوزىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ھەدىسىگە پۇل تەڭلىدى:

— ئاپام ئوقۇش راسخۇتىدىن ئاشقىنىغا بىر قىشلىق چاپان، بىر قىشلىق ئاياغ كىيىم ئېلىۋالسۇن، دېدى.

نۇرگۈلنىڭ ئۆپكىسى يەنە ئۆرۈلدى. ئۇ نۇرتايىنى قۇچاقلاپ ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى:

— سەن... سەن... مې... مېنى... دە ـ دەپ ئو ـ ئوقۇش ـ تىن ـ قال ـ ما، قالما!

— جىنىم ھەدە، ئاپئاق ھەدە، يىغلىما، يىغلىمىغىنا، مەندەك پۇل بولمىغاچ ئوقۇيالمايۋاتقانلار كۆپقۇ، سىڭلىڭ تۇر-مۇشتا قىينىلىۋېرىشىگنى، ئاپامنىڭ كۆلدە كۆمۈش بولۇپ ئېگى-لەۋېرىشىنى خالىمايمەن. سىلەرنى ئېغىر كۈنگە قويۇپ ئوقۇش مەن ئۈچۈن نومۇس! مەن ئوقۇمايمۇ جان باقالايمەن، سەن بولساڭ قىز بالا، سەن ئوقۇمىساڭ بولمايدۇ، ياخشى ئوقۇپ، دادامنىڭ ئارزۇ - ئارمىنىنى ئىشقا ئاشۇرغىن. بۇ ئاپامنىڭ ئىرادىسى. مەن مەدىكارچىلىقىمۇ، دېھقانچىلىقىمۇ يارايمەن. پەقەت سېنىڭ، ئاتايىنىڭ ياخشى ئوقۇشىغا ياردەم بېرەلىسەم، ئاپامنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتەلىسەملا بولغىنى!

— ئۆھۇ - ئۆھۇ!

بوۋىسىنىڭ يۆتىلى ئۇلارنى پاراڭدىن توختاتتى. مەخپىر بوۋاي نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، مومىيىغا ساندۇقىنى ئاچقۇزدى. ساندۇقنىڭ تېگىدىن بىر پارچە سامان قەغەزنى ئالدى. ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە خەنزۇچە، بىر تەرىپىگە ئۇيغۇرچە چوڭ - چوڭ قىلىپ: «مەخپىراخۇننىڭ جايى، ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە سەككىز گەز، كەڭلىكى يىگىرمە ئۈچ گەز، بۇ قورۇ مەخپىر ئاخۇننىڭ دادىسىدىن مىراس قالغان. قورۇنىڭ كوچا تەرىپىدە چوڭ ئۆس-تەڭ، قارشىسىدا ئىككى ئۆستەڭ سۇ ئاقىدۇ، مۇشۇ ئۆستەڭلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. كۈن چىقىش تەرىپى موللاخۇننىڭ قورۇ-سى، كۈن پېتىش تەرىپى سۇنۇراخۇننىڭ قورۇسى بىلەن چېگرى-لىنىدۇ» دەپ يېزىلغان ۋە تۆت بۇرجەكلىك چوڭ تامغا بېسىلغا-نىدى. مەخپىر بوۋاي بۇ يەر خېتىنى ئېلىپ، نۇرتاينىڭ يېنىغا چىقتى ۋە خەتنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇ قورۇ ئاتاي ئىككىڭلارغا مىراس قالىدىغان قورۇ، بۇ يەر خېتىدىن ھەرگىز ئايرىلىپ قالمىغىن، مە، مانا.

— خاتىرجەم بول بوۋا، دۇكانلا ئېچىۋالسام، مومام ئىك-كىڭلارنى باياشادلىقتا ئېرىشتۈرىمەن.

## 2

تۇن، قازاننى كۆمتۇرۇپ قويغاندەك قاراڭغۇ، «ۋىڭ - ۋىڭ» قىلغان ئاۋاز، ئاقتاپاننىڭ ئەنسىز قاۋىشىدىن مېھرىگۇل ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئاقتاپاننى تېنچلاندۇرماقچى بولۇپ هويلىغا چىقتى ۋە قېتىپلا قالدى. ئۇنى دەرۋازا ئالدىدىكى قوراللىرىنى ئۆزىگە قارىتىپ تۇرغانلار قورقۇتۇۋەتكەنىدى. قارا كۆلەڭگىلەر تەرەپتىن چىققان:

— نۇرتاي، بۇ ياققا چىقە، سەن قولغا ئېلىندىڭ! — دېگەن دەھشەتلىك ئاۋاز مېھرىگۇلنىڭ قۇلاقلىرىنى پاك قىلىۋەتتى، مېھرىگۇل ئۆزىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ سۆزلىگەن ئوغلىنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزىگە كەلدى:

— جېنىم ئاپا، قورقما، مەندە گۇناھ يوق، ئەتە - ئۆگۈن ئالدىڭدا هازىر بولىمەن، بۇ تايىنلىق چېقىمچىلارنىڭ تۆھمىتىدىن بولۇۋاتقان ئىش.

نۇرتاي مەردانە قەدەملەر بىلەن قارا كۆلەڭگىلەر تەرەپكە ماڭدى. ئاقتاپان ئۇنىڭغا ئەگەشتى، نۇرتاي ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— قالغىن، ئاپامنى قوغدىغىن، — دەپ ئىتتىردى.

ئاقتاپان كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي غىڭشىدى، قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ ئەركىلىدى.

— هەي، ئىتىڭنى قوغلىۋەت، بىزگە ئېسىلسا ئېتىۋېتىمىز، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

بۇ ئاۋازدىن ئېسىنى يىغقان شورلۇق ئانا ئوغلىغا ئۆزىنى ئاتتى، يۇمشاق باغرىغا بېسىپ هۆڭ - هۆڭ يىغلىدى. نۇرتاي ئانىسىنى يەنە بەزلىدى. ئۇنىڭدىن ئاجراپ دادىل قەدەم تاشلىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قىلچە ئەيمىنىش، قورقۇشنىڭ شەپىسى-

مۇ كۆرۈنمەيتتى. خۇددى قىزىل قوغدىغۇچىلار دادىسىنى تۇتقان- دىكىدەك، «نېمىدېگەن ئوخشاشلىق بۇ!» مېھرىگۇل ئاقتاپان- نىڭ ئېتىلىپ كېتىشىدىن ياكى ئوغلى بىلەن بىللە تۇرمى- يېتىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ، ئۇنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرى قورالىق كۆلەڭگىلەرنىڭ نۇرتاي- نىڭ قولىغا كويزا سالغىنىنى، ماشىنىغا قوپاللىق بىلەن ئىتتى- رىپ، ئۇرۇپ كىرگۈزگىنىنى ئاران ئىلغا قىلالىدى. مېھرى- گۇلنىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. ئۇ يىلاندەك تول- غىنىپ كەتتى. مەڭزىلىرى تىترىدى، بۇرنىنىڭ چاناقلىرى كېرىلدى. ئۇ ئاچچىق نادامەت، مەيۈسلۈكنىڭ ھاڭغا قايتا غۇلىدى. ئۇ بەزگەكى تۇتقاندەك تىترىدى، تىزلىرى پوكۇلدى. شۇندا ئاقتاپان ئۇنىڭ قولىدىن سىېرىلىپ چىقىپ كۆلەڭگىلەر تەرەپكە ئېتىلدى. مېھرىگۇلنىڭ كۆزىدىن بۇلدۇقلاپ ياش تۆكۈ- لۈۋاتقاچقا بۇنى كۆرەلمىدى، ئۇ ئوغلىنى قانداق ئېلىپ كەتكە- نىنى، ئاقتاپاننىڭ ھاۋشىغان پېتى ماشىنىنى قوغلاپ كەتكىنى- نى كۆرەلمىدى.

ئېھ شورلۇق ئانا. ئۆزۈڭ يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىي- گۈزۈپ، ئاق - قارىنى ئاڭقىرالايدىغان يىگىت قىلىپ ئۆستۈر- گەن ئوغلۇڭنىڭ تەقدىرى دادىسىنىڭ تەقدىرىدەك بولۇپ قالار- مۇ؟!

ھويلا يەنە كېچىنىڭ جىمجىتلىقىغا چۆمدى، بۇ جىمىلىقنى «شىپ - شىپ» قىلغان ئاۋاز بۇزدى. ئۇنى بىر كىم قولتۇقى- دىن تۇتۇپ، يۆلىدى.

— جېنىم ئاپا، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئاكامدا گۇناھ يوق! — دېگەن ئاتاينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

مېھرىگۇل ئۇنىڭغا ئېسىلىپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئاسماندىن چۈشكەن ھۆرلەردەك، بىر نەچچە ئايال پەيدا بولدى. ئۇلار مېھرىگۇلنىڭ قىياپىتىدىن سې-

زىلىپ تۇرغان قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە ئازابىنى كۆردى. بىر -
بىرىنى ئاچچىق ئۇچىيىگىچە بىلىشىدىغان بۇ ئاياللاردىن گەپنى
تۇپتۇزلا قىلىدىغان ھەمرابۇۋى تەسەللى بېرىشكە كىرىشتى:
— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ قېرىنداش، نۇرتاي بەلكىم چې-
قىمچىلارنىڭ چېقىمىغا ئۇچرىغاندۇ، ھازىرچۇ، ئۆچىنى ئې-
لىش، پۇل ئۇندۇرۇش ئۇچۇن يالغان ـ ياۋىداق پاكىت توقۇپ،
ساقچىخانىلارنى ئالدايدىغانلار چىقىپ قالدى. نۇرتاي پۇللۇق
بوپ قېلىۋېدى كۆزى قىزارغان مېرەزلەر كۆرۈلمەي چاققاندۇ.
ھازىر مۇنچە مۇكاپات بېرىمىز دېسە بالىسىنى تۇتۇپ بېرىدىغان-
لارمۇ چىقىپ قالدى. قانۇن ئادىل ھۆكۈم چىقىرار، نۇرتاينى
قويۇۋېتەر.
خاسىيەتقىز مېھرىگۈلنىڭ ئاق مومىغا ئوخشاپ قالغان چىرا-
يىغا قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتتى:
— قايغۇرماڭ، ھەمرا بۇۋى توغرا ئېيتىدۇ. بەزى ياشلار
چېقىم بىلەن تۇتۇلغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇرۇنلۇق
ئاقچا بېرىپ چىقىرىۋاپتۇ. يامىنى كەلسە سىزمۇ شۇنداق قىلار-
سىز.
— توغرا ئېيتىسىز، ساقچىلار گۇناھى يوقلارنىڭ ھەربىر-
دىن ئىككى مىڭ سومدىن ئېلىپ چىقىرىۋېتىپتۇ. سىزمۇ ئاقچا
بەرسىڭىز نۇرتاينى قويۇۋېتىدۇ.
بۇ تەسەللىلەر مېھرىگۈلنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە تەسەللى بول-
دىمۇ ـ يوق، ئۇلار بىلىشمىدى، ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كې-
يىن مېھرىگۈل قانىتى سۇنغان قۇشتەك نېمە قىلىشىنى بىلەل-
مەي قالدى. ئۇنى پەقەت «بۇ ئالەم شۇنچە كەڭ، ماڭا نېمىشقا
تاردۇ؟» دېگەن پىكىر قىينايتتى. ئۇ دوست ـ يارەنلىرىنىڭ
تەسەللىلىرىنى ئەسلىدى ۋە پىكرىنى بىر تۈگۈچكە كەلتۈردى:
«ھېلىغۇ ئىككى مىڭكەن، يىگىرمە مىڭ بولسىمۇ قۇتۇلدۇر-
مەن!». بۇ تۈگۈچ ئۇنى ئورنىدىن دەست تۇرغۇزدى «ھە،

چۈشكۈنلۈك ماڭا مەنسۇپ بولماسلىقى كېرەك. چۈشكۈنلىشىپ يېتىشۋالسام بالام تۈگىشىدۇ».

## 3

تاڭ ئاتتى. مېھرىگۈل ئاشخانىغا كەلدى. ھەممە ئۇنىڭغا ئېچىنغان قىياپەتتە قاراشتى، ھال سوراشتى، شەمشەم ئېچىنغان ھالدا تۇرانقىزغا پىچىرلىدى:

— قاراڭا، بىچارە ھەدەم ئون يىل كېسەل تارتقاندەك ياداپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ.

— ئىچ ئاغرىقى تارتىپ قالدى. بىچارە شورلۇق، بالا دەردى يامان دېگىنە، ئانا بولماقمۇ تەس ئوخشايدۇ. بىر كېچىدىلا سايىدا قالغان يوپۇرماقتەك قورۇلۇپ كېتىپتۇ.

مېھرىگۈل ئىشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئۆز ئورنىغا خاسىيەتقىزنى، كاسسىرلىققا ئاتاينى تەيىنلىدى. ئۇ چاچلىرى پاخپايغان ھالدا ساقچىخانىغا باردى، ساقچىخانا باشلىقى ئۇنىڭ دەردـ ھالىنى ئاڭلىدى، ئاندىن ساپاسىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ جىددىي تۇردە:

— ئوغلىڭىز چەكلەنگەن بۆكەن مۈڭگۈزىنى چەت ئەلدىن ئوغرىلىقچە ئەكىرگەنىكەن، تاموژنا بەرگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن قولغا ئېلىندى.

— بۆكەن مۈڭگۈزى ئۈچۈن ئاشۇنداق كېچىسى، ۋەھىمىلىك قولغا ئالامدۇ؟

— مېھرىگۈل، ئۇنىڭ قىممىتىنى ئۇقمايدىكەنسىز، بۆكەن مۈڭگۈزىنىڭ بىر سەرى يۈز سومدىن ئارتۇق پۇلغا يارايدۇ. شۇڭا ئۇنى ئەكىرگەنلەر «ئەتكەسچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

— ماڭا قاراڭا، بىز بىر مەھەللىلىكقۇ، پۇل بەرسە قويۇۋېتىدىكەنغۇ! — دەپ يالۋۇردى مېھرىگۈل.



كىتاب تورىيكتى ئۇيغۇر www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

باشلىق قوشۇمىسىنى تۇرۇپ ئۇلتۇرۇپ ئويلاندى، تاماكى-
دىن بىرنى چىشلەپ ئېلىپ ياندۇردى، ئىككى - ئۈچ شوراپ،
ئىسنىنى چىقارغاندىن كېيىن:

— بوپتۇ، سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلاي، قوراللىق ساقچى
قىسىم، شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى باشلىقلارغا دەپ با-
قاي. سىياسىي جىنايىتى بولمىسىلا، كېپىللىككە ئېلىپ چىققى-
لى بولىدۇ، — دېدى.

مېھرىگۈلدە كىچىككىنە ئۈمىد تۇغۇلدى، ئۇ ئوغلىنىڭ
دۇكىنىغا كەلدى، دۇكان پېچەتلىنىپتۇ. مېھرىگۈلنىڭ قولتۇ-
قىغا مۇز كىرىپ كەتكەندەك ئەندىكتى. ئۇ غەمكىن ھالدا ئاشخا-
نىسىغا كەلدى، ئاشخانىدىكى دوستلىرى — خىزمەتچىلىرىنىڭ
ئىچ ئاغرىتىپ بەرگەن مەدەت، مەسلىھەت، تەسەللىلىرىنى ئاڭ-
لاپ ئولتۇردى. كەچتە نە ئۇيقۇ بولسۇن. كۆز ئالدىغا ئېرىنىڭ
قانداق تۇتۇلغىنى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغىنى كەلدى، ئاخىر-
قى ۋىدالىشىش كۆرۈشۈشىدە قىلغان ۋەسىيىتى قۇلىقىدا جاراڭ-
لىدى: «بالىلىرىمىزنى ئىمكان قەدەر خارلىقتا قويماسسەن،
ئوقۇتقىن، بىزنى جاھالەتتىن ئېلىم - پەنلا قۇتقۇزالايدۇ، مەن
نامى ئۇلۇغ، سۈپۈرسى قۇرۇق ھەرىكەتنىڭ قۇربانى بولىدىغان
بولدۇم» مېھرىگۈل سەسكىنىپ كەتتى. «ۋاي خۇدا، ئۆز پانا-
ھىڭدا ساقلىغىن! ئوغلۇمنىڭ تەقدىرى ھەرگىز... ھەرگىز دادى-
سىنىڭ تەقدىرىدەك بولۇپ قالمىسۇن! ھەيىي، نېمىشقىمۇ تۇر-
تاينى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتمىغاندىمەن، قەرز ئېلىپ بولسىمۇ
ئوقۇتسام بولماسمىدى» . دېگەنگە ئوخشاش پۇشايمان، يامان
خىيالالار ئۇنى قارا باسقاندەك ئۇخلاتمىدى. ئۇ يەنە «مەن نېمىش-
قا ئۇنىڭ دۇكان ئېچىشىغا، تىجارەتچىلىك قىلىشىغا يول قوي-
غاندىمەن» دېسە ئۆزى يوق ئىدى. بەلكىم بۇ پۇشايمىنى توغرى-
دۇ.

## 4

نۇرتاي بوۋىسىدىن يەر خېتىنى ئالغان يىلى بانكىدىن ئوت-تۇزمىڭ سوم قەرز ئېلىپ، هازىرقى دۇكىنىنى ئىجارىگە ئال-دى. دۇكانغا ئەر- ئاياللارنىڭ قىممەت باهالىق ئاياغ كىيىملى-رىنى سالدى. ئاياغ كىيىم قىممەت باهالىق بولغاچقا سودىسى يۈرۈشمىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، بەش مىڭ سوم قىممىتىدىكى يۈز دانە شىبلىت ساختا چىقىپ قالدى. بۇ شىبلىتنى كىيگەنلەر چەمىنى ئاجرىتىپ ئەكىلىپ دۇكانغا ئاتتى. بۇ شىبلىت سۇغا تەگكەن هامان چەمى ئاجراپ كېتەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەل-تۈرۈلگەن ئاياغ كىيىملەر نۇرتاينىڭ ئاياغ كىيىملىرىدىن سۈپەت-لىك، كۆركەم ۋە نەچچە هەسسە ئەرزان ئىدى. خېرىدارلار بۇ ئاياغلارغا يېپىلدى. ئاياغ كىيىمدىن قىپقىزىل زىيان تارتقان نۇرتاي قوشنا دۇكاندار ساۋۇت ساختىدىن مەسلىھەت سورىدى. ئۇ نۇرتايغا:

— ئۇكا، سەن بازار ئۇچۇرىغا قاراپ دۇكانغا مال سال. خېرىدارلارنىڭ قىزىقىدىغان مېلى، باهاسى ئەرزان ماللا-رنى سال، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

نۇرتاي ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە خېرىدارلار ئېھتىياجلىق ماللارنى دۇكانغا سالدى. ئۇنىڭ تىجارىتى ئەمدى جانلىنىشقا باشلىدى. چېگرا سودىسى بىر ھەپتىدە ئۈچ كۈنلا بولاتتى. چەت ئەللىكلەر قورغاس چېگرىسىغا كىرىپ، ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق ماللارنى ئالاتتى. ساۋۇت ساختا گۇاڭجۇدىن مال ئالدۇرۇپ چېگرىدا ساتاتتى. نۇرتاي ئۇنىڭ يولىنى تۇتتى. ساۋۇت گۇاڭ-جۇغا مال ئەكەلگىلى ماڭغاندا، نۇرتاي پۇل بېرىپ «ماڭىمۇ ئالغاچ كەلسەڭ» دەيتتى. ساۋۇت «ئەمىسە مەن ئەۋەتكەن ماللا-رنى ئۈرۈمچى پويىز بېكىتى ئىسكىلاتىدىن ئېلىپ كەل» دېگەن شەرتنى قويدى، نۇرتاي ماقۇل بولدى. نۇرتاي چېگرا سودىسىغا

كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئالمۇتىغىمۇ بىرنەچچە قېتىم مال ئېلىپ چىقىپ، ئۇياقتىن پولات چۆيۈن، قاڭالتىر، تېرە ـ يۇڭ ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ تاپاۋىتىدىن مېھرىگۇل خۇشال ئىدى. ئۇ ئوغلىدىن پەخىرلىنەتتى، مەھەللىسىدىلا ئەمەس، شەھەر بويىچىمۇ ئۇ تىلغا ئېلىنىپ، ئابرۇيلۇق، نامى بار تىجارەتچى، پۇلدار خوجايىنغا ئايلىنىۋاتاتتى. مۇشۇنداق سودىسى گۈللىنىۋاتقاندا، كوپپىدە قولغا ئېلىنىپ كەتتى. مېھرىگۇلدە ئۇيقۇ قاچىدىغان، ئېغىر خىياللار دېڭىزىغا كىرىپ كېتىدىغان ھالەت شەكىللەندى: «خەقنىڭ تىلغا چىقمىسا بوپتىكەن، تىل تەگدى، قايسىبىر نائەھلىنىڭ زەھەرلىك تىلى تەگكەندۇ، ئۇ مەندىن پۇل سورىسا چىقىمچىلىق قىلىپ ئالغان پۇلىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق پۇل بەرمەيتتىممۇ؟ ئەي ياراتقۇچى ئىگەم، مېنىڭ بىردىنبىر يۆلەنچۈكۈم سەن، مەندەك بىر تۇل خوتۇندىن مېھىر ـ شەپقىتىڭنى ئايىمىغايسەن!» مېھرىگۇلنىڭ تامدەك تاتارغان يۈزىدە ئېغىر تەشۋىش ئەكس ئېتەتتى، كۆزلىرىدە نۇر يوق، ھەرىكەتسىز، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قېتىپ قالغاندەك، سولغۇن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ پارقىراق پېشانىسىدە ئىككى قۇر قورۇق پەيدا بولغانىدى. ئۇ ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالماقچى بولۇپ ھويلىغا چىقتى. ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئاقتاپان ئەركىلەپ كەلمىگۈدى، ئۇنىڭ يۈرىكى يەنە بىر قىسما سوقۇپ كەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز چىغ سۈپۈرگىنى قولىغا ئالدى، كۆز ئالدى تۇمانلاشقان ھالدا ھويلىنى سۈپۈرۈشكە باشلىدى. نۇرتاي قولغا ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ھېزىم پاڭقاي بولار قورقمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ، ئۆزۈم بارىڭى ئاستىدىكى كارىۋاتتا ئۇخلايدىغان بولغانىدى. ئۇ سۈپۈرگىنىڭ «شىر ـ شىر» قىلغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ھەيران بولۇپ:

—— بۇ ـ بۇ، ھوي ـ لىنى تە ـ تۈر سۈ ـ سۈپۈرۈ ـ ۋا ـ تىسىزغۇ! —— دېدى.

www.uyghurkitap.com

مېھرىگۇل ھېزىمنىڭ ئاۋازىدىن ئېسىدىن يېغدى. قىزىسا ھويلىنى ئۆي تەرەپكە سۈپۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇ سۈپۈرگىنى تاشلىدى ـ دە، ھۆكۈرىگىنىچە ئۆزىنى ئۆيىگە ئاتتى. بۇ چاغ سۈبھى كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاغ بولۇپ، ئەتراپ تېخى غۇۋا قاراڭغۇ ئىدى. ھېزىم سۈپۈرگىنى ئېلىپ ئوڭغا سۈپۈردى.

## 5

مېھرىگۇل دوستلىرىنىڭ مەسلىھەتىگە كىرىپ، ساقچىخانا، شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە باشلىقلارغا ھالىنى ئېيتىپ باردى، باشلىقلارغا يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇردى. لېكىن، «ئامالىمىز يوق»، «قولىمىزدىن كەلمەيدۇ» «ھازىرقى ۋاقىت قىلىچ بىسىدىنمۇ ئىتتىك ۋاقىت» دېگەن قۇرۇق گەپ ۋە «ئويلىشىپ باقايلى» دېگەندىن باشقا جاۋابنى ئالالمىدى. ئۇنىڭغا دوستلىرىلا ھەمدەرد بولالىدى. ئۇلارنىڭ خەت ساۋادى بولسىمۇ قانۇندىن خەۋىرى يوق ئىدى. «ۋات ـ ۋات» لەقىمىنى ئالغان تۇرانقىزنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— ئاق دېسىمۇ، قارا دېسىمۇ ئۇلارنىڭ راستىمىكەن، بىز تۇل خوتۇننىڭ باللىرىغا ئىگە يوقمىكەن، قانۇن دېگەن راستلا بارمۇ زادى؟! ياكى قانۇننىڭ پۇقرالارنى قوغداشقا چىشى ئۆتمەمدۇ، قانۇن ھەممىگە باراۋەر دېگىنى قېنى؟

— قانۇنمۇ ئادەمنىڭ كىملىكىگە قارايدىغان ئوخشايدۇ.

— ھازىر شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، ئەگەر نۇرتاي باشلىقنىڭ بالىسى بولسا، ھەرگىز ئۇنداق ئالدىراپ تۈرمىگە تاشلىيالمايتتى، — دېدى تۇرانقىز.

— بۇنى نەدىن بىلىسەن؟ — دەپ سورىدى خاسىيەتقىز.

— جەمئىيەتتىكى ئىشلارنى كۆرسەڭ، ئاڭلىساڭ بىلىسەن. ۋىلايەتنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسىنىڭ بالىسى ئاشلىق ئىدارە ئىشچى-

سىنىڭ ئۆيگە بېرىپ ھارنىقنى ئىچىپ مېھمان بوپتۇ. ئۇ بالا مەست بولۇپ قالغانىكەن، ھېلىقى ئىشچى «ئەمدى بولدى قىل، قايتىپ كەتكىن» دېسە، ھېلىقى بالا جېدەل قىپتۇ. جېدەل چوڭىيىپ، ئاخىر ھېلىقى بالا ئىشچىغا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. قانۇن ئورۇنلىرى قاتىلنى قولغا ئېلىشنى ئاپتۇيۇ، ئەمما يېرىم يىلدىن كېيىن «نېرۋا كېسەل» دەپ قويۇپ بېرىپتۇ...

— ئەمىسە نۇرتاينىڭمۇ شۇنداق ناھەقلىق بىلەن تۈرمىدە يېتىشىغا قاراپ تۇرامدۇق؟ — دەپ سورىدى نۇربانۇم.

— مۇھىمى بىر جىنايى ئىشلار قانۇنىنى ئۆگىنىپ باقايلى. نۇرتاي تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن «قانۇنغا دائىر سوئال ـ جاۋابلار» دېگەن كىتابنى ئېلىپ ئوقۇدۇم. كىتابتا يېزىلىشىچە، بىرەر پۇقرانى قولغا ئېلىشتىن ئاۋۋال دېلو تۇرغۇزۇپ، جىنايەت ماتېرىياللىرىنى توپلايدىكەن، جىنايىتى ئېنىق بولسا، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىق قەغىزى بويىچە قولغا ئالىدىكەن. نۇرتاينى قانۇنسىز قولغا ئالدى. شۇڭا ساقچىخانىغا بېرىپ سۆزلىشىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، — دېدى تۇرانقىز.

— بارايلى، يېزىمىزنىڭ ساقچىخانىسىمۇ، باشلىقىمۇ بىزگە تونۇش، — دېدى خاسىيەتقىز.

ئۇلار ئۈچ ـ تۆتتىن تىزىلىشىپ، ئاستا ماڭدى. ساقچىخانا يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدا ئىدى. ئۇلارغا يولدا يەنە بىر نەچچە ئايال قوشۇلدى. ئۇلارنى كۆرگەن كىشىلەر «ھەي، بۇ خوتۇنلار خۇددى تويغا ماڭغاندەك كېلىۋاتىدىغۇ» دېيىشىپ قارىشىپ قالدى. نېمە ئىش يۈز بېرىشىنى بىلىشكە قىزىققۇچىلار ئۇلارغا بىرلەپ ـ ئىككىلەپ قوشۇلدى. بىر ساقچى:

— باشلىق، مېھرىگۈل بىر توپ خوتۇننى باشلاپ، نامايىش قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ دوكلات قىلدى.

ساقچىخانا باشلىقى ئەھۋالنى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە

مەلۇم قىلىش ئۈچۈن دەرھال تېلېفونغا قولىنى ئۇزاتتى، لېكىن «ياق، ئۇلار ئاۋۋال كەلسۇن، نېمە گەپلىكىنى ئاڭلاپ باقاي، ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنى قائىدىلىك، سىلىق گەپ بىلەن ئارقىسىدىن ۋەتكىنىم تۈزۈك» دېگەن خىيالغا كەلگەن باشلىق تېلېفونىنىڭ قولىنى ئالدى. ئۇ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، زەپەردەس قەدەم بىلەن تۈل خوتۇنلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. كۆردىكى، مېھرىگۈل ۋە ئۇنىڭ دوست - يارەنلىرى ئىكەن. ئۇ «نامايىش قىلىپ كەلدى» دېگەن ساقچىغا غەزەپ بىلەن ھومايدى. ئۇ چىرايىغا سۈنئىي كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئاياللارنى مۇلايىملىق بىلەن:

— قېنى خانىملار ئىشخانامغا مەرھەمەت، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

ئۇلار ئىشخانىغا كىرىشتى، ئۆزئۆن - قىسقا ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشتى. باشلىق ئۆز ساپاسىدا ئولتۇرۇپ ئاياللارنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىدى. كېيىن باشقا ئاياللار چۇۋۇلدىشىپ سۆزلەپ تەكرارلاشتى.

— ھۆرمەتلىك خانىملار، پىكىر - تەلىپىڭلارنى يۇقىرىغا يەتكۈزەي، — دېدى ساقچىخانا باشلىقى، — مەن كېيىپ بىر نېمە دېيىشكە ھوقۇقۇم يەتمەيدۇ. بۇ بەك مۇرەككەپ ئىش، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى جەزمەن سىلەرگە يەتكۈزىمەن.

— ھە، نېمانچە قورقىسىز، ئۆزىڭىز بىر تەرەپ قىلىسىڭىز بولىدىغۇ.

— ۋاھ، قورقمامدىغان، مەنسەپ، مائاشتىن ئايرىلىپ قالىدۇ - دە.

خوتۇنلار باشلىقنى غاجىغىلى تۇردى. مېھرىگۈل باشلىقنىڭ چىشىغا تەگسەك، ئوغلۇمنىڭ ئىشى سۇغا چىلاشمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇربولدى:

— ھەي خوتۇنلار، جىم بولۇڭلار، باشلىقنىڭ دېگىنى دۇرۇس، يۇقىرىغا تەلىپىمىزنى يەتكۈزۈپ باقسۇن.

خوتۇنلار جىم بولدى. ساقچىخانا باشلىقى پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى قولياغلىقىدا ئېرتىپ تۇرۇپ:

— مېھرىگۇل توغرا ئېيتتى، مەن ھازىرلا يۇقىرىغا مەلۇم قىلاي، — دېدى.

ئايالالار بوسۇغىدىن ئاتلىشىغىلا ساقچىخانا باشلىقى مېھرىگۇلنى شەرەت بىلەن توختىتىۋالدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ بېرىپ، ئىشىكنى ھەم ياپتى.

— راستىنى ئېيتسام، ساقچى قىسىم باشلىقى بىلەن كۆرۈشتۇم، ئەگەر سىز ھېچكىمگە تىنمىسىڭىز ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئېيتىمەن، — دېدى ساقچىخانا باشلىقى بوش ئاۋازدا.

— ئېيتىۋېرىڭ، سىر ساقلايمەن.

— ئەمىسە بۇ گەپ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىلا قالسۇن.

— دېدىمغۇ، سىر ساقلايمەن دەپ، — مېھرىگۇلدە ئۈمىد پەيدا بولغانىدى.

— باشلىق ماڭا «نۇرتاينىڭ ئاپىسىغا ئېيت، ئۇ ئەتكەسچىلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەن، ئاپىسىنىڭ دېھقان ھەم تۇل قالغىنىنى كۆزدە تۇتۇپ، كېپىللىككە چىقىرىمىز. ئەمما، 50 مىڭ كېپىللىك پۇلى تاپشۇرۇشى كېرەك» دېدى. مەن ئەھۋالىڭىزنى خېلى دېسەممۇ ئۇنىمىدى.

مېھرىگۇلنىڭ قۇلاقلىرى «50 مىڭ» دەپ غوڭۇلدىدى. ئۇ «50 مىڭنى نەدىن تاپارمەن» دېگەن ئەندىشىگە چۈشتى. لېكىن ئوغلىنى كېپىللىككە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىماي بولمايتتى. مېھرىگۇلنىڭ بانكىدا ئون مىڭ سوملا پۇلى بار ئىدى. ئۇ باشلىققا ئىلتىجا قىلدى:

— ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، بارى - يوقى ئون مىڭ سوملا پۇلۇم بار ئىدى. شۇنى بېرەي.

— مېنى خىجىل قىلماڭ. مەن ۋاسىتىچىلىك قىلىۋاتىمەن، خالاس.

مېھرىگۈلنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتتى. ئۇ ھويلىغا چىقىپ دوستلىرىنىڭ ساقلاپ تۇرغىنىنى كۆردى.

— ئۇ سېنى ئېلىپ قېلىپ نېمە قىلدى؟

— ئۇئۇش، نېمانداق لاۋزا گەپ قىلىسەن، — دەپ خاسيەتقىز تۇرانقىزنى سىلكىۋەتتى، — ئۇ نېمە دەيدۇ؟

— نېمە دەيتتى، ياغلىما تەسەللى بەردى، — دېدى مېھرىگۈل، — سىلەر ئاشخانىغا بېرىڭلار، خېرىدارلار كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. مەندىن ئەنسىرىمەڭلار.

مېھرىگۈل ئۆيىگە بېرىپ، پۇل چېكىنى ئالدى «ئەمدى قالغان پۇلنى نەدىن تاپارمەن؟ پۇل بىلەن نۇرتاي تۈرمىدىن چىقسا مەيلىتتىغۇ، پۇل تېپىلىدۇ، نۇرتاي تېپىلمايدۇ!» ئۇ كەچكىچە پىكىر قىلدى، ھېچ ئامالىنى تاپالمىدى. ئەتىگەنلىك چاي ئىچىۋاتقاندا ئانىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن غەمگە چۆككۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن ئاتاي مۇنداق دېدى:

— ئاپا، ئاكامنىڭ دۇكىنىدىكى ماللارنى دۆڭ سودا قىلىپ ساتايلى. دۇكاندا، ئاتمىش مىڭ يۈەنلىك مال بار، قانداي دەيسەن؟

— ۋاي ئەقىلدار تايچىقىمەي، بۇ ئەقىل ماڭا نېمىشقا كەلمىگەندۇ؟

ئۇلار چېيىنى تاشلاپ ساقچىخانىغا يەنە باردى. دۇكاننى ماللىرى بىلەن قوشۇپ سېتىپ پۇل تەييارلىماقچى بولغىنىنى، پېچەتنى ئېلىپ تاشلىشىنى تەلەپ قىلدى. ساقچىخانا باشلىقى قوراللىق ساقچى قىسىم باشلىقىغا تېلېفون بەردى، تېلېفوندا خېلى كاتىرلاشتى. ئاخىرى باشلىق تېلېفوننى قويۇپ، مېھرىگۈلگە ھىجايدى:

— ئۇ قوشۇلدى. پېچەتنى ئېلىپ تاشلايمەن، كېيىنلىك پۇلىنى 40 مىڭغا چۈشۈردى. بۇنىڭدىن كەم بولسا بولمايدىكەن. قانداق قىلىسىز؟



www.uyghurkitap.com

— بوپتۇ، 40 مىڭ بولسا بولسۇن، رەنجىمەي ھازىرلا پېچەتنى يىرتىۋەتسىڭىز، — دېدى مېھرىگۇل ئېغىر خورسى-نىپ.

مېھرىگۇل ئاتاي بىلەن ساقچىخانا باشلىقىنى ئەگەشتۇ-رۇپ دۇكانغا باردى. باشلىق × شەكلىدە چاپلانغان، خەت يېزىلغان ۋە تامغا بېسىلغان پېچەت قەغەزنى سويۇۋەتتى - دە، قايتىپ كەتتى. ئاتاي دۇكاننى ئاچتى. ماللار شۇ پېتى تىزىقلىق تۇراتتى. ئاتاي تاختا قەغەزگە مۇنداق ئېلان يازدى:

— ئۇشبۇ دۇكان پۈتكۈل ماللىرى بىلەن سېتىلىدۇ. ئالا-قىلەشكۈچى: ئاتاي ئەزىمەت ئوغلى.

ئۇ قەغەزنى دۇكاننىڭ ئوڭ قانىتىغا چاپلىدى. ئەتىسى دۇكان بىلەن ماللارنى ئالغۇچىلار كەلدى. ئەمما ئۇلار بەك تۆۋەن باھا قويىدى. ئاتاي ماللارنى پارچە ئالىدىغانلارغا باھاسىنى چۈشۈرۈپ ساتتى. ئارىدىن بەش كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ساۋۇت ساختا شەنبە كۈنى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ مېھرىگۇلنىڭ ئوغلىنىڭ دۇكىنىنى مال بىلەن ساتماقچى بولغىنىنى ئاڭلاپ ئەجەبلەندى. ئاتاينى تېپىپ سوزلىشىپ، نۇرتاينىڭ تۈرمىگە چۈشۈپ قالغىنىنى بىلدى. ئۇ ئەتىسى دۇكانغا كېلىپ، 30 مىڭ سومنى ئاتاينىڭ ئالدىغا قويىدى، ئانا - بالا بىر - بىرىگە قاراشتى. ئاتاي دېدى:

— ساۋۇتكا، دۇكاندا 50 مىڭ سوملۇق مال بار، دۇكان-نىڭ ئىجارىسى بەش مىڭ تۇرسا، ئاران 30 مىڭ بەرسەڭ دۇرۇس بولارمۇ؟

— بار پۇلۇمنى بەردىم. قىينالساڭلار مەن بارغۇ.

— بوپتىلا بالام، ياتلارغا كەتكۈچە ئۆز مەھەللىمىزنىڭ ئادىمىگە كەتسۇن. جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان ئەمەس-مۇ، ئاكاڭ ئامان - ئېسەنلا بولسا، مۇنداق پۇلنى تاپالايدۇ.

مېھرىگۇلنىڭ ئارزۇسى ئوغلىنى تېزراق چىقىرىۋېلىش ئە-

دى، ساۋۇت بۇنى چۈشەندى بولغاي:

— بۇ ماللارنى سېتىپ بولۇپ، نۇرتاي تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن يەنە ئون مىڭنى بېرىمەن! — دېدى.

ساۋۇت ساختىنىڭ بۇ مەردانىلىكى ئاتاينىڭ نارازىلىقىنى باستى. مېھرىگۈل پۇلنى تەييارلاپ، ئەتىسىلا ساقچىخانىغا باردى. ساقچىخانا باشلىقى ئۇلارنى تاكسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئاپاردى. تۇتۇۋېلىش ئورنى بىر يېقىن ناھىيىدە ئىكەن. ساقچىخانا باشلىقى مېھرىگۈلنى خەۋەر بۆلۈمىدە قالدۇردى، ئۆزى پۇلنى ئېلىپ نەگىدۇر يوقالدى. ئالاھەزەل بىر سائەتتىن كېيىن، ساقچىخانا باشلىقى مېھرىگۈلنى چاقىردى:

— ئوغلىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىڭ!

ئاتاي رەسمىيەت قەغەزلىرىگە قول قويۇش بىلەن بەنت ئىدى. ئانا ھويلىغا چىقىپ، نۇرتايغا ئۆزىنى ئاتتى، باغرىغا باستى، كىرلىشىپ كەتكەن ماڭلىيى، مەڭزلىرىدىن سۆيدى. نۇرتاي ئورۇقلاپ بىر ئەت - بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانىدى. قېرىنداشلارمۇ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار نۇرتاي يەنە تۇرمىگە كىرىپ قالمىسۇن، دېگەندەك، كەينىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ، تۇرمە ھويلىسىدىن چىقىپ كەتتى.

## 6

نۇرتاي تۇرمىدىن چىقىپ، ئۆيدە بىرنەچچە كۈن ئارام ئالدى. بۇ كۈنلەردە مېھرىگۈل بالىسىنى يەنە تۇتۇپ كېتىدىغاندەك، يېنىدىن ئايرىماي، ئۇ ياقتۇرىدىغان مەززىلىك تاماقلارنى ئېتىپ بەردى. ئۇ بىر كۈنى كۆڭلىدىكى سوئالنى سورىماي تۇرالمىدى:

— بالام نېمىشقىمۇ بۇ چەكلەنگەن مۇڭگۈزنى ئەكىرگەنسەن؟

— ھەي، مۇشۇنىڭغا ئىشەندىڭمۇ، بالاڭ شۇنداق ئىش قىلالامدۇ؟
— ئەمىسە سىنى نېمە دەپ قولغا ئالىدۇ؟
— بۇ ئىش ئەسلىدە مۇنداق، — دېدى نۇرتاي ئاچچىق ھەسرەت بىلەن، — مەن يۇڭ باسقان ماشىنىغا بىر تونۇش سودىگەر بىر تاي يۇڭنى بېسىپ قويۇپ، ماڭا «بۇ بىر تاي يۇڭنى قارا دۆڭنىڭ چەت يولىدىكى ئەمەتنىڭ مىلىش مال دۇكىنىغا چۈشۈرۈۋەت» دېدى. مەن ئاپىرىپ بەردىم. ساقچىلارنىڭ سورىغىنىدىن بىلدىمكى، يۇڭ ئارىسىدا بۆكەن مۈڭگۈزى بارمىش، ئۇلار دۇكان ئىگىسىنى تاپالماپتۇمىش. شۇڭا مېنى بۇ دېلوغا چېتىشلىق دەپ تۇتقان گەپ. ئەمما مەن بۇنداق ھارام قوللۇق ئىشنى قىلالاتتىممۇ؟
ئىشىك چېكىلدى، مېھرىگۈل ئىشىكنى ئېچىۋىدى، ساۋۇت ساختا كىرىپ كەلدى. ئۇ نۇرتاي بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ساۋۇت چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ دېدى:
— يۇر ئۇكا، دۇكىنىڭنى تاپشۇرۇۋال، ساختىپەزلەر قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن، دەپ ئېلىپ قويغانتىم.
مېھرىگۈل ئۇنىڭ سەمىمىي نىيىتىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. نۇرتاي ساۋۇت بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى. دۇكانغا بارغاندا ساۋۇت:
— مانا ئاچقۇچۇڭ، مانا دۇكىنىڭ، تاپشۇرۇۋال. مىلىڭدىن چېگرىغا ئاپىرىپ، 21 مىڭ يۈەنلىك ساتتىم، قالغىنى دۇكىنىڭدا. قالغان توققۇز مىڭ سوم پۇلۇم ساڭا ياردىمىم بولۇپ قالار. بۇ ۋاقىتلىق توختامىمىز كۈچىدىن قالدى، — دەپ توختامنامىنى يىرتىۋەتتى. قەغەز پارچىلىرى شامالدا لەيلەپ ئۇچتى.
نۇرتاي ساۋۇتنىڭ بۇ سېخىيلارچە ياردىمىگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي، ئۇنى قۇچاقلىدى. ھاياجان بىلەن

www.uyghurkitap.com

قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— رەھمەت ئاكا، بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتتىڭ، بۇ ياخشىلىقىڭنى قاچان بولمىسۇن قايتۇرىمەن!

— بۇ قانچىلىك ئىشتى، سەن دېگەن مېنىڭ ئاغىنەم تۇرساڭ، ئاغىنە دېگەن ھەر زامان ئەسقېتىشى كېرەك ـ دە.

نۇرتاي دۇكىنىنى ئاچتى، سودىسىنى قىلىۋەردى. بانكىدىن ئاتمىش مىڭ سوم قەرز ئالدى. دۇكاندىكى ساتقان ماللىرىنىڭ پۇلىنى قوشۇپ، گۇاڭجۇغا سەپەر قىلدى. ئۇ تەييار كىيىم ـ كېچەك ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر زاۋۇت بىلەن توختاملىشىپ، چەت ئەللىكلەرگە ۋە ئۆز يېرىگە باب كېلىدىغان ماللارنى ئالدى، ساۋۇت بەرگەن يەتمىش مىڭ يۈەنگىمۇ ساۋۇتئۇچۇن ئوخشاش مال ئالدى ۋە زاۋۇت بىلەن داۋاملىق مال ئەۋەتىپ تۇرۇش توختىمى تۈزدى. ئۇ ئەكەلگەن ماللارنى ساۋۇت بىلەن بىللە چېگرا سودا بازىرىدا سۇ قىلدى. مېھرىگۈل ئاتايغا دېگىنىدەك ئۇ 40 مىڭ ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ جىق پۇل تاپتى. مېھرىگۈل خاتىرجەم بولدى. خاتىرجەملىك بەختكەن. ئۇ ئەسلىگە كېلىپ، چىرايى قىزىلگۈلدەك ئېچىلدى. ئاشخانا سودىسىمۇ جانلىنىپ كەتتى.

مېھرىگۈلنىڭ خاتىرجەم بولۇپ قالغان كاللىسى يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلاپ تاپتى.

## بەشىنچى باب

# تۇل خوتۇنلار غېمىدە

### 1

خاتىرجەملىك يالغۇز مېھرىگۇلگىلا ئەمەس، ئۇنىڭ دوست - يارەن، مەھەللىلىكلىرىگىمۇ كۈلۈپ باقتى. كىشى خاتىرجەم بولسا كۆڭلى يايرايدۇ. يۈزىدىن كۈلكە كەتمەيدۇ، قەلبى مېھىر - مۇھەببەتكە تولىدۇ. خاسىيەت قىز مانا شۇنداق ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ شادلىقىغا بىر نەرسە كەمدەك قىلاتتى، بۇ ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىگە تەسىر يەتكۈزەتتى. بولۇپمۇ يوتقانغا يالغۇز كىرگەندىن كېيىن بۇ كەم نەرسە ئۆزىنى كۆرسىتەتتى. كۈندۈزى ئىش ۋە ۋاق - چۇق بىلەن ئالدىراش ئۆتكىنى بىلەن جىمجىت كېچىدە كاللىسىغا كەلمىگەن خىياللار كېلەتتى. نېمىنىدۇر — كەم نەرسىنى كۆڭلى تەلەپ قىلاتتى. بۇ كۆڭۈل تەلپىنى قاندۇرۇشقا ئۇ ئىلاجسىز ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بەزى كېچىلىرى ئۇيقۇسى قاچاتتى، قەلب ھېسسىياتلىرى ئۇرغۇپ كېتەتتى. بۇنداق چاغدا ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. بۇ ياش ياستۇقنى ھۆل قىلاتتى.

خاسىيەت قىز مېھرىگۇلدەك چىرايلىق ئەمەس ئىدى، ئەمما مېھرىگۇلدەك قەلبى گۈزەل، بۇ گۈزەللىك ئۇلارنىڭ ئون ياش پەرق قىلىشىغا قارىماي، ئۇلارنى يېقىن دوستلارغا ئايلاندۇرغانىدى. مېھرىگۇل بۇ دوستىنىڭ يۈرىكى مۇھەببەتكە تەشنا ئىكەن-

لىكىنى بىلەتتى. ئاشخانىنىڭ تامىقى بىلەن ئۇنىڭ ئېتى تارسىلداپ ئېتىلىپ كەتكۈدەك تولغانىدى. بۇ تولغان ئەت ئۇنى كېچىسى ئۇخلاتماي، رەھمەتى ئېرىنى ئەسلىتىپ، سىغىنىشنى كۈنسېرى كۈچەيتمەكتە ئىدى. خاسىيەت قىز بولسا تۇران قىزدەك قۇيۇنمۇ، بورانمۇ ئەمەس، بەلكى مەيىن شامالدەك سىلىق، جىمىغۇر، ئىچكى دۇنياسى سىرلىق، ئۆي ئىشىغا پۇختا، سەۋرچان، پۇت - قولى چاققان جۇۋان ئىدى. مېھرىگۈل مۇشۇنداق بىر يېتىشكەن، تولغان جۇۋانغا ئەرلەرنىڭ قىزىمايدىغىنىغا ھەيران ئىدى. خاسىيەت مېھرىگۈلدىنمۇ ئۆتە ھەيران بولاتتى. ئۇ كېچىلىرى: «ۋاي ئانىمەي، ئەر خۇلقى كۆرمەي، قېرىپ كېتەرمەنمۇ. مېنىمۇ مېھرىگۈلدەك پەرىشتە سۈپەت قىلىپ ياراتقان بولساڭ نېمە بولار ئىدى. ئۇنىڭدەك ھەممىگە يېتىشلىك، ئىچىمۇ - تېشىمۇ گۈزەل قىلىپ ياراتساڭ بولماسمىدى؟ شۇندا، ھەرقانداق يىگىت ‹مېنىڭ بولسىكەن› دەپ كەينىمگە كىرىۋالماسمىدى. يىگىتلەر تالىشىپ، مېھرىگۈلنى قىزغانغاندەك قىزغانماسمىدى، مەن قوشتەك ئۇچۇپ يۈرمەسمىدىم ...» دېگەندەك ئويلار بىلەن ئازابلىناتتى.

مېھرىگۈل خاسىيەتنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى. خوتۇن كىشى خوتۇن كىشىنىڭ قاپىشى - دە، ئۇ ئۆزىگە ئۇزاق يىلدىن بېرى قانات سۆرەپ يۈرگەن ھېزىم پاڭقايغا خاسىيەتنى چېتىپ قويۇشنى لايىق تاپتى. ئۇ بىر كۈنى ھېزىمغا:

— خاسىيەت ناھايىتى ياخشى چوكان، — دەپ ماختاپ بەردى.

ھېزىم «ھى - ھى» دەپلا ھېجىيىپ قويدى، خالاس. مېھرىگۈل ئۇنىڭ ھېجىيىشى ئۇنىڭ خالىغىنى دەپ بىلدى، ئۇ بۇ ئىككىسى جۈپلەشسە بەختى تەڭ ئېچىلاتتى، دېگەن قاراشقا كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ يەنە بىر كۈنى خاسىيەتكە مۇنداق پۇراتتى:

— سېنىڭ بەختىڭ ئۆتۈدىغان ۋاقتىڭ كەلدى.

— بەخت دېگەن نېمە ئۇ؟ — چۈشەنمەي سورىدى خاسىيەت.

— بەخت دېگەن بىر ئۇقۇم ئەمەس، ئۇ كۆپ نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنىڭ بالىسى ئالىي مەكتەپكە ئۆتسە بۇ شۇ ئائىلىنىڭ بەختى، بىر قىز بىرەر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالسا بۇ ئۇنىڭ بەختى. سېنىڭ بەختىڭمۇ ئېچىلاي، دەپ قالدى.

— ئىلاھىم دېگىنىڭدەك بولسىدى.

2

«ھېزىمنىڭ يەتتە ئەزاسى تۈگەل، ساغلام ھەم كۈچلۈك، تاشنى يەپ قۇم قىلغۇچىلىكى بار يىگىت، — دەپ ئويلايتتى مېھرىگۈل، — بىرلا يېرى تىلىنى قاغا چوقۇۋالغاندەك كەمتۈك، گەپ قىلغاندا چاندۇ. خاسىيەت ياقتۇرمىسا، مۇشۇ كەمتۈكلۈكىنى ياراتمايدۇ، قېنى، بۇلارغا ۋاقىت بىر نېمە دەر…»

مېھرىگۈل ئويلىغاندەك، ھېزىمدا مۇشۇ بىرلا كەمتۈكلۈك بار ئىدى. ھېزىم ئالدىراپ سۆزلىسە سۆز بوغۇملىرىنى سوزۇۋېتەتتى، ئاچچىقى كېلىپ قالسا، دۇدۇقلاپ سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇۋېتەتتى. بىر قېتىم ئۇ قادىر قاۋاندىن گۆش ئالغىلى بېرىپ قادىرغا:

— سىمىسىزراقىدىن بە-بەر-گىن، — دەيدۇ.

قادىر ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمىدىمۇ، باشقا بىر خېرىدارغا گۆش تارتىپ بېرىدۇ. ھېزىم يەنە ئۆز گېپىنى تەكرارلايدۇ.

— ھەي، گېپىڭنى چۈشىنەلمىدىم، سىمىسىزمۇ گۆش بولامدۇ؟ — دەيدۇ قادىر.

— سىمىسىزراق دېدىمغۇ ما-ڭا بە-بەر-گىنىڭ-كەل-كەلمىدى-مۇ! مېنىڭ پۇ-پۇلۇ-م يوق مى-كەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— دەپ ھېزىم سەل تېرىكىدۇ.

— ھەي، كېكەچلىمەي گەپ قىلمامسەن ...

— ئە - م - دى سەن مې - نى كې - كەش دەپ تد - لـ - لام - سەن. ھې - لى بد - كا بى - بىر پۇ - تۇڭ - نى ئد - كك - ى ئۆ - تۈككە تد - تىق - ماي يا - يانا!

قادىر بۇ گەپنى ئاڭلاپ «ياپىرىم، بىر پۇتۇمنى ئىككىگە ئاجرىتىپ، ئىككى ئۆتۈككە تىققۇدەك بىگىسى بار ئوخشىمامدۇ بۇنىڭ» دەپ ھېزىمغا باشتىن - ئاياغ قارايدۇ، ئۇنىڭ پالۋان قامەتلىك، كۈچتۈڭگۈرلۈكىنى كۆرۈپ قورقىدۇ ۋە ئالدىراپ سان گۆشتىن كېسىپ تارازىلاپ سۇلياۋ خالتىغا سېلىپ بېرىدۇ. ھېزىم سىقىمداپ پۇكلىنىپ كەتكەن پۇلنى قادىرغا چۆرۈپ بېرىپ يولىغا ماڭىدۇ ... مېھرىگۇل ئۇنىڭ بۇ خىل كەمتۈكلۈكتىن جېدەل چىقىرىدىغان قىلىقىنى ئويلاپ ئۇنى خاسىيەت قىزغا سايە قىلىشتىن ئىككىلىنىپ قالىدۇ. «ئۇنىڭ يولىدا مېڭىپ ئاغزىمنى لاۋزا قىلىپ قويىماي يانا» دەپ ئويلايدۇ ئۇ.

3

بىر كۈنى ئاخشىمى خاسىيەت قىز ئۆيىگە قايتماي مېھرىگۇل پۇلنى ساناپ بولغۇچە ئولتۇردى. مېھرىگۇل ئۇنىڭ كەتمەي ئولتۇرغىنىغا ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— بۈگۈن ئەجەب ئۆيۈڭگە كەتمەي ئولتۇرىسەنغۇ؟

— ئاھ، ساڭا نېمىمۇ دەي دوستەك، چۆلدەرەپ قالغان ئۆيدە نېمىمۇ قىلارمەن، يەنە شۇ شېرىن خىياللار بىلەن تاڭ ئاتىدۇ.

— قانداق شېرىن خىيال؟

— تۇل خوتۇن دېگەن قانداق خىيال سۈرەتتى.

— بىلدىم، ئەرلەرنى خىيال قىلىسەن.
— سېنىڭدىنغۇ ھېچنېمىنى يوشۇرۇپ بولمايدۇ.
— يوشۇرۇپ ئون بەش يىلنى تۈل ئۆتكۈزدۈڭ، بۇ ئاسان ئەمەس.
— راست دەيسەن، ساڭا ئوخشاش بالىلىرىم بولسىدى، گۈڭگۈر - مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ بىلىنمەي ئۆتەتتى بۇ كۈنلەر.
— دەردىڭنى چۈشىنىمەن. بىرەرى كەينىڭگە كىرىۋالدىمۇ يا، ياكى ئۆگزەڭگە چالما ئاتىدىغانلار چىقىپ قالدىمۇ؟
— ئوئۇش، مېنىڭ كەينىمگە كىرگۈدەك يىگىت نەدە تۇ- رۇپتۇ، سېنىڭلا كەينىڭگە كىرىپ ئۆتۈپ كەتسۇن.
— سېنىڭ كەينىڭگە كىرگەنلەر بولسىچۇ؟
— جان دەپ تېگەر ئىدىم، تاللاۋېرىدىغان بولسام موماي بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن.
— گېپىڭدە تۇرىسەن - ھە!
— تۇرىمەن! — دەپ كېسىپ ئېيتتى خاسىيەت ئۈمىد بى- لەن.
— ئەمىسە مەن تاپقاننى يارىتىسەن جۇمۇ!
خاسىيەت بېشىنى ماقۇل دېگەن مەنىدە ئېغىتتى. مېھرى- گۈل سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ ئويلىنىش ۋاقتى بەك قىسقا بولسىمۇ، خاسىيەت قىزغا بىر كۈندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ چىدامسىزلىق بىلەن سورىدى:
— ئېيتقىنا دوستەك، سەن كىمنى لايىق تاپتىڭ؟
مېھرىگۈل ئىككىلەندى، ئۇ «ئاۋىلەن ئۈنىڭ تەرىپىنى قى- لاي، ئاندىن ئىسمىنى ئاتاي» دېگەن پىكىرگە كەلدى.
— ئۇ تېخنچە ئۆيلەنمىگەن كۈچتۈڭگۈر بوز يىگىت.
— بوز يىگىت، كىم ئۇ، قەيەرلىك؟ — دەپ سورىدى خا- سيەتقىز.
— ئالدىرىما، گەپ ئارىلىما، — دەپ مېھرىگۈل سۆزىنى

www.uyghurkitap.com

داۋاملاشتۇردى، — ئۇ كۈنىگە ئىككى كىشىلىك ئىش قىلىدۇ. يۇرۇش - تۇرۇشى، گەپ - سۆزى قوپالراق بولغىنى بىلەن تولىمۇ كۆيۈمچان، ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك قالغان قارا يېتىم. ئۇ شۇ كەمگىچە تەنها ياشاپ كەلدى. يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكتە ئاددىي، هاراق ئىچمەيدۇ، تاماكا چەكمەيدۇ، ناشايان ئىشلاردا يوق. ئۆزى ياۋاش...

— بولدى، بولدى، ئۇ زادى كىم؟!

— بىزنىڭ مەھەللىلىك، بىرلا كەمچىلىكى بار، ئۇ سەل دۇدۇقلاپ...

— بولدى، بىلدىم، ھېزىم پاڭقاي، بېرىپ - بېرىپ ماڭا تاپقىنىڭ ئاشۇ پاڭقايما؟ سېنىمۇ كۆرۈپ قويدۇم.

خاسىيەتقىز مەنسىتمىگەندەك غودۇرىغىنىچە ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

4

ئارىدىن نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. مېھرىگۈل شۇ ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە خاسىيەت قىزغا ئىلتىجا قىلدى:

— ھەي دوستەك، بۈگۈن ئوغلۇم ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىدۇ. بۇ يەردىكى ئىشىڭنى گۆھەرگە تاپشۇرۇپ، ماڭا قارىشىپ بەرسەڭ، ھە!

— ئاتاي ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلەمدا؟ — دەپ ھاياجان بىلەن سورىدى خاسىيەت قىز، — پاھ، ئوغلۇڭ ئەمدى كادىر بولىدىغان بولدى دېگىنە.

مېھرىگۈل پەقەت سېھىرلىك كۈلكىسى بىلەنلا جاۋاب قىلدى. خاسىيەت قىز ئۆيگە بېرىپ چوغدەك ياساندى. ئۈستىگە ئەترەڭ شىپىڭ كۆڭلىكىنى، پۇتىغا توپلىيىنى كىيىپ، مېھرىگۈلنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. قورۇ تىپتىنچ بولۇپ، ھويلا

ئېچىگە سۇ سېپىلگەنىدى. ئۆينىڭ دېرىزىلىرى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ يازلىق چايخانىدا بىر نېمىلەر قىلىۋاتقان مېھرىگۇلنىڭ يېنىغا باردى. مېھرىگۇل بىر سان گۆشنى ئۇستىخىنىدىن ئاجرىتىۋاتاتتى. ئۇ خاسىيەت قىزغا شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ:

— چىرايلىق چوكان جۇمۇ سەن! — دەپ سىپھىرلىك كۈلدى، — ھېزىمبايىنىڭ كۆيگۈچىلىكى بار.

— ئۇئۇش، قويغىنا ئۇ كېكىشىڭنى، — دېدى خاسىيەت قىز.

— دومسايما، ھەركىم ئۆز تېگى بىلەن بولغان ياخشى، بولدى، بولدى. ئاۋۇ پەرتۇقنى تارتىۋېلىپ، مۇنۇ گۆشنى توغرا.

ئۇلار تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ، گۆش، پىياز توغراشتى. ئاندىن خېمىر يۇغۇرۇشتى. بىر چاغدا:

— ئاپا، — دېگەن تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى.

ھەر ئىككىسى تەڭلا قاراشتى. قويۇۋەتكەن چېچىنى لەپىلدىتىپ ئاتاي يۇگۇرۇپ كەلدى. مېھرىگۇل ھاياجان بىلەن ۋارقىرىۋەتتى:

— تاي، جېنىم بالام، — مېھرىگۇل ئاتاينى باغرىغا باستى.

خاسىيەت قىز ھەۋەس بىلەن ئاتايغا قارىدى، ئۇ بۇرۇتى خەت تارتىپ، چوڭلا يىگىت بولۇپ قالغانىدى، ئۇ بۇلتۇر تەتىلدە كەلگىنىدە مېھرىگۇلنىڭ كۆزىگە ئۇنچە چوڭ كۆرۈنمىگەنىدى. «ھە، ئۈچ يىل، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى، مانا باللار چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ئوغۇللار ئەر يىگىت بولۇپ ئۆسۈۋاتىدۇ. قىزلار بويىغا يېتىپ ئەرگە تېگىۋاتىدۇ. خاسىيەت، سەنلا بىر قېلىپتا، يەككە ـ يېگانە يۈرۈۋاتىسەن!» دېگەن ئويلار ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كەچتى.

— ياخشىمۇ ـ سىز؟ خا ـ خاسىيەت ـ قىز.

بۇ دۇدۇقلىغان ئاۋاز ئۇنى خىيالدىن نېرى قىلدى ۋە كۆزد-

نىڭ قىرىدا قارىدى. ئالدىدا كەسمە بۇرۇتى خوپ يارىشقان، بەستلىك يىگىت تۇراتتى. ئۇنىڭ سىنچى كۆزلىرى يىگىتنىڭ كىيىملىرىگە قادالدى. يىگىت ئاق كۆڭلەك ئۈستىگە ھاۋارەڭ كاستۇم كىيگەن بولۇپ، پۇتىدىكى قارا شىبلىت پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ خاسىيەت قىزغا چىشلىرىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. خاسىيەت قىز ھودۇقۇقىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي، بارماقلىرىغا چاپلىشىۋالغان خېمىر پارچىلىرىنى ئۇۋۇلاپ چۇشۇردى. ئۇ يىگىتكە يەنە بىر كۆز تاشلىدى ۋە يۇرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ ئالدىدا تۇرغان بۇ يىگىتنىڭ ھېلىلا مېھرىگۇل گېپىنى قىلغاندا، «كېكەچ» دەپ مەنىستىمىگەن ھېزىملىقىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەيلا قالدى. «كىيىم خوتۇن - قىزلارنىڭلا ئەمەس، ئەرلەرنىڭمۇ كۆركى ئىكەن - دە» دېگەن ئوي خاسىيەت قىزنىڭ كۆڭلىدىن كەچتى. ھېزىم مىدىر - سىدىر قىلماي، خاسىيەت قىزدىن كۆزىنى ئالماي تۇراتتى. خاسىيەت قىز بىردىن تارتىنىپ قالدى. ئۇ ئۇنى بۇرۇنقى كېكەچ سۈپىتىدە ئەمەس، يېڭى ھېزىم سۈپىتىدە سىزلەپ تەكلىپ قىلدى:

— ۋاي ھېزىمجانمۇ سىز، تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپ كېتىپسىزا، ئاتاي بىلەن ساراي ئۆيگە كىرىڭ.

— رەھ - رەھمەت، — دېدى ھېزىم، يا - ياخشى تۇر - دىڭىز - مۇ، بەك چى - چىرايلىق بولۇپ كې - كېتىپسىز.

ئۇ شۇنداق دەپ خاسىيەت قىزنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. خاسىيەت قىز سەل قورۇندى بولغاي، نېرىغا سۇرۇلدى. ھېزىم ئۆزىنىڭ ئالتە ئاي ئۆگىنىپ، ھەر خىل مۇرابىبا چىقىرىش ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش، رېمونت قىلىشنى ئىگىلەپ كەلگىنىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ گەرچە بۇرۇنقىدەك كېكەچلەپ سۆزلىسىمۇ خاسىيەت قىزغا ئۇ راۋان، جاراڭلىق سۆزلەۋاتقاندەك بىلىندى. شۇڭا ئۇ خېمىر چەيلەشنى ئۇنتۇپ ھېزىمنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى.

شۇ كۈنى خاسىيەت قىز قانداق كەچ كىرىپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدى. مېھرىگۈل ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى. «ھىم - ھى، كۆزلىرىڭىز خېنىم چىراغ-تەك يېنىپ، ئويناپ كېتىپتۇ، ‹كېكىچىم› بۇ چىراغنى يېقىپتۇ ...» دەپ سېھىرلىك كۈلدى. تاماق يېيىش، پاراڭ، كۈلكىلەر بىلەن يېرىم كېچە بولۇپ كەتتى. مېھرىگۈل:

— ھېزىمباي، خاسىيەت قىزنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇدى.

— ۋاي ياقەي، ھېزىمباينى ئاۋارە قىلسام سەت بولار، ھېرىپ كەلگەندە، — دەپ خاسىيەت قىز تۇزۇت قىلدى.

— يۈرۈڭ، قىزلارنى ئاپىرىپ قويۇش يىگىتلەرنىڭ بۇرچى، — دەپ ھېزىم ئالدىغا چۈشتى.

ئۇلار ھېچكىم يوق كوچىدا بىخارامان پاراڭلىشىپ ماڭدى. خاسىيەت قىزنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ھېزىم خاسىيەت قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى ۋە «ياخشى كۆرىمەن» دەپ، ئۇنىڭ مەڭزىدىن بىرنى سۆيۈۋالدى. خاسىيەت قىز ئۇنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ، ھويلىسىغا قېچىپ كىرىپ كەتتى. بۇ سۆيۈش ئۇنى لەرزىگە سالدى، مەڭزىلا ئەمەس، پۈتكۈل بەدىنى لاۋۇلداپ ئوت ئالدى. كۆزىدە شادلىق ئۇچقۇنلىرى جىلۋە قىلدى.

5

مېھرىگۈل ئىش - ئوقەت سىلىككەن ئالتۇن كۈزدە تۇل خوتۇن ۋە قىزلار بىلەن بوز ئەرلەرنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئەمدىكى قەدىمىنى سەككىز يىللىق ساۋاقدىشى، ئېرىنىڭ يېقىن دوستى داۋۇت دودەنگە باستى. بۇنىڭدا ھەم ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭلايتتى ھەم ئۇنىڭ ئۆزىگە شۇنچە يىلدىن

بىرى كۆندۈزى يەۋەتكۆدەك قاراشلىرى ۋە كېيىنكى ئادەمنى ئېزىقتۇرىدىغان ناخشىلىرىدىن قۇتۇلاتتى. ئۇ تۇل خوتۇنلاردەك ئەمەس، قېرى قىزلارنى بىر - بىرلەپ كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزە دى. ئۇ ئۆزىنىڭ خوتۇن - قىزلارنىڭ مىجەز - خۇلقى، ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئىشقا سالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن نازۇكئاي زادىلا نېرى كەتمىدى. ئۇ «ھەرقانداق قىز بويىغا يەتكەندە ئەرگە تېگىش غېمىدە بولىدۇ، ‹قېرى قىز› ئاتىلىپ قېلىشنى خالىمايدۇ. نازۇكئايمۇ شۇنداق...» شۇنداق دەپ ئويلايتتى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ نەزەرى ئۇستۇن، خاراكتېرى ئوسال، دىلى نازۇك بولغاچ يىگىتلەرنى ئۆزىدىن بىزار قىلدى. ئۇ يىگىتلەرنىڭ ئوتتەك مۇھەببىتىگە سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى، تەكلىپلىرىگە توك - توك جاۋاب قىلدى. ئۇ رومانلارنى كۆپ ئوقۇغاچقىمۇ رومانتىكلاردەك يىگىت تاللاش شەرتى بار ئىدى. ئۇ يىگىتنىڭ كېلىشكەن، ئېسىل، ياش، چىرايلىق، ھاراق ئىچمەيدىغان، تاماكا چەكمەيدىغان، قائىدىلىك، ئەدەبلىك يىگىت بولۇشىنى، ئىشچان ھەم باي، ئۆزىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان، ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىدىغان بولۇشىنى ئويلايتتى. ئۇنىڭغا تەكلىپ قويغان يىگىتلەر بۇ ھەممە شەرتكە توشمايتتى، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئۇ يېشى ئوتتۇزدىن ئېشىپ، «قېرى قىز» ئاتىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئېغىر شەرتلەر قويۇشىغا زىلۋا قامىتى، گۈزەل ھۆسن - جامالى، ئاپئاق بەدىنى، قىسقىسى مېھرىگۈلدىن قېلىشمىغۇدەك ھۆسنى سەۋەب بولغان. ئەمدى بۇ گۈزەل - چىراي سولىشىشقا يۈزلىنىۋاتاتتى. مېھرىگۈل نازۇكئاينىڭ بۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلانماقچى بولدى. ئۇ ئاۋۋال داۋۇت بىلەن سۆزلەشتى. ئۆزىنىڭ ھەر قانداق ئەرگە، ھەتتا دۆلەت باشلىقى بولسىمۇ تەگمەيدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— نازۇكئاي چىرايلىق، ئەخلاقلىق، دىيانەتلىك قىز، ئۆي

ئىشى، قول ئىشىغا، تاماق ئېتىشكە ماھىر. ساڭا ئۇنىڭدىن ئۆتە لايىق قىز تېپىلماس.

— مەن ئويلىنىپ باقاي، — دېدى داۋۇت.

بىر نەچچە قېتىملىق پاراڭلىشىش داۋۇتنى ئېرىتتى. مېھرىگۇل ئەمدى كۈندە نازۇكئاي بىلەن ئاشخانىدىن بىللە قايتىدىغان بولدى. بىر كۈنى مېھرىگۇل نازۇكئايغا داۋۇتنىڭ بېيىپ كەتكىنىنى، يېڭى، ئېسىل ئۆيلەر سالغىنىنى سۆزلەپ بەردى. يەنە بىر كۈنى نازۇكئاينىڭ يۈرىكىگە ھۇجۇم قىلدى. قىز شاش بايتالدەك مۈشكەكلىدى، مېھرىگۇل ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي:

— داۋۇت يېتىم ئۆسكەن، ئەمما كېلىشكەن، سۇمباتلىق، ئۆتكۈر، زېرەك، كۈچلۈك يىگىت، ئۇ ساڭا تازا باب كېلىدىغان لايىق!

— ۋايىيەي ھەدە. ئەمدى ئېشىپ - تېشىپ بىر قوپال لۈكچەككە تېگەمتىم، — دېدى نازۇكئاي ئويماقتەك لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— ئەمىسە موماي بولغۇچە ئولتۇرامسەن؟ ئۇنىڭ دودەنلىكى كوممۇنا بىلەن بىللە تۈگىدى. ئەترەت باشلىقلىرى داۋۇتتەك دېھقانلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ بېيىۋالدى، شۇڭا ئۇ ئۇلارنىڭ قاقتى - سوقتى قىلغىنىغا چىدىماي جېدەللەشكەن. ھازىر ئۇ ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالدى. باغۇ بوستان، گۈلزارلىق بەرپا قىلدى. ئىشەنمىسەڭ بېرىپ كۆرۈپ باق، ئۇنىڭ قورۇسىنى زېمىنىمىزدىكى جەننەتمىكىن، دەپ قالىسەن.

— ۋايىيەي، نېمىلەرنى دەۋاتىسىزۇي ھەدە، قىز بالىمۇ يىگىتنىڭ ئۆيىگە بارامدۇ؟

— سەن يالغۇز بارمايسەن، داۋۇت ئەتىگە خاسىيەت قىز، تۇرانقىز، ھېزىم، كامىل، مېنى، سېنى چايغا چاقىرىپتۇ. «يېڭى ئۆيۈمنى، بېغىمنى كۆرۈپ كېتىڭلار» دەپتۇ. ئېيتقان يەردىن قالماسلىقىمىز كېرەككۇ!

— ئاشخانىدىكى ئىشىمنى قانداق قىلىمەن؟

— سىلەر ئۇچۇقلارغا ئەتە چۇشتىن كېيىن رۇخسەت قىلى-
مەن. مائاشىڭلاردىن تۇتمايمەن.

— ئەمسە بارسام باراي.

# ئالتىنچى باب

## داۋۇت دودەن

### 1

مېھرىگۈل نازۇكئاي بىلەن دوستلىرىنى باشلاپ مېھماندار-چىلىققا باردى. مېھرىگۈلدىن باشقىلىرى گۈلدەك ياسانغانىدى. نازۇكئاي تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. ئۇ كىيگەن نىل رەڭ شىپىڭ كۆڭلەك زىلۋا بويىنى يارقىن ئېچىپ، ئاپئاق يۈزى پارقىراپ، قاشلىرى قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك ئېگىلىپ، كىيىك كۆزلىرى بولاقتەك نۇر چېچىپ تۇراتتى. نازۇكئاي ئەنە شۇنداق تەبىئىي، تۇغۇلۇشىدىنلا گۈزەل ئىدى. مېھرىگۈل ئۇنىڭ بۇ تەبىئىي گۈزەللىكىگە قانائەت قىلماي، شەھەردىكى ھۆسن تۇ-زەش دۇكىنىدا ئۇزىدىنمۇ چارە سۈنئىي گۈزەللىك بەرگۈزدى. كىيىم ماگىزىنلىرىنى ئارىلاپ، كىيىندۈرۈپ كۆرۈپ، مۇشۇ يارىشىملىق كۆڭلەكنى ئېلىپ بەردى ...

مېھمانلار كۆلكە - چاقچاقلار بىلەن بىردەمدىلا بىر سالا-سۇنلۇق كۆۋرۈككە كېلىپ قالغىنىنى تۇيماي قېلىشتى. كۆۋ-رۈك سالاسۇنلىرى ئاق سىردا سىرلانغان بولۇپ، يۆلىنىپ ئول-تۇرۇپ ئەتراپنى تاماشا قىلىشقا ئەپلىك ئىدى. مېھمانلار بۇ سالاسۇنغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، ھەۋەس بىلەن ئەتراپقا قاراپ قې-لىشتى، نازۇكئاينىڭ ئاغزىدىن ئىختىياسىز «پاھ» دېگەن ئىندا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆستەڭدە شىرىلداپ ئېقىۋاتقان

بۇلاق سۈيى، ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرىدىكى سەپ - سەپ تۇرغان سۆۋادان تېرەكلەر، كۆۋرۈكنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاسفالت يول، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغان خىش ئۆيگىچە ئۇتقاشتەك ئېچىلىپ كەتكەن قىزىل گۈل، ئەتىرگۈل-لەرگە قادىلىپ قالدى. ئۇنىڭ نېرىسىدىكى بۈك باراقسان باغ ۋە گۈللۈك مېھمانلارنى جەلپ قىلىۋالدى. نازۇكئاي ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدى. يولنىڭ ئىككى تەرە-پىدە مەنپۇ خىنە، جۇخار، ئەتىر گۈللەر ئاق، قىزىل، ناۋات-رەڭلەردە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بۇ گۈللەر مېھمانلارنىڭ دىما-غىغا ئەتىرگە ئوخشاش خۇش پۇراق بەردى. چۈنكى گۈللەر ھاۋانى ئۆزىنىڭ خۇش پۇراقلىرى بىلەن ساپلاشتۇرغانىدى. نا-زۇكئاي بۇ يەرنىڭ خوجايىنىنىڭ ئالاھىدە تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ بۇ خۇش پۇراقلارنى چوڭقۇر تىنىپ سۈمۈرۈۋېتىپ، ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— پاھ - پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل جاي بۇ، ئادەمنى مەپتۇن قىلىۋالىدىكەنا!

— مەپتۇن قىلغىنى بۇ جايمۇ ياكى خوجايىنمۇ؟

مېھرىگۈلنىڭ بۇ چاقچىقىغا ھەممە پاراقىدە كۈلۈشتى. ئۇلار كۈلۈشە - كۈلۈشە بىردە ئوڭغا، بىردە سولغا مەپتۇن بولۇپ قارىشاتتى. ئۇلار يولدىن تارتىپ ئەللىك مېتىر ئۇزۇن-لۇقتىكى ئەتىرگۈللۈكنى تاماشا قىلىشتى. ھەر قانداق خوتۇن-قىز گۈلگە ئامراق بولىدۇ، خۇددى بۇلبۇل گۈلگە ئاشىقى-بىقارار بولغىنىدەك. نازۇكئايمۇ بۇلبۇلدەك گۈللەرنى پۇراپ ماڭدى.

— ئاشخانا بۇلبۇلى قىزىل گۈلگە ئاشىق بولۇپ كەتتى!

ھەمرا بۇۋىنىڭ بۇ ئوخشىتىشى يەنە قوڭغۇراقتەك كۈلكە كۆتۈردى. نازۇكئاي بىر غۇنچە گۈلنى ئۈزۈۋېلىشقا ئۆيىنىڭ كەي-نىدىكى باغ ۋە سۆۋادان تېرەكلەر ئۈستىدىن بۇلبۇللار تەڭ

سايرىشىپ كەتتى. نازۇكئاي تېخىمۇ يايراپ كەتتى. ئۇمۇ بۇل-بۇللارغا جور بولۇپ سايرىغۇسى كېلىپ كەتتى. بۇ تەبىئىي پۇراقلار ئالدىدا ئۇنىڭ ئۆزىگە سەپكەن ئەتىرلىرىنىڭ سۇنئىيلىكى چېنىپلا قالدى. يولنىڭ سول تەرىپىمۇ ئوخشاش كەڭلىكتە گۈللۈك بولۇپ، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.

## 2

نازۇكئاي گۈللەرگە قاراپ كېتىۋېتىپ تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى ئالدىدا ئۇستىنگە ھاۋارەڭ كۆڭلەك، ھاۋارەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا، پۇتىغا پارقىراپ تۇرغان يەرلىك شىبلىت كىيگەن ئادەم مېيىقىدا كۇلۇمسىرەپ تۇراتتى. نازۇكئاي قىزلىق ھېس-سىياتى بىلەن ئۇنىڭ قاپقارا كەسمە بۇرۇتى، قويۇق قاشلىرى، يوغان ئاي يۈزىگە، كۆزلىرىگە نەزەر تاشلىدى. ئۆزىگە يەۋەتكۈ-دەك تىكىلىپ تۇرغان يوغـان كۆزلـەر قىزنىڭ يۈرىكىنـى ئوينىتىۋەتتى ـ دە، يەرگە قارىۋالدى. ئۇ ئالدىدا تۇرغان يىگىت-نى تونۇغانىدى، ئۇ داۋۇت ئىدى. داۋۇت خۇش تەبەسسۇم بى-لەن:

— خۇش كەپسىلەر ئەزىز مېھمانلار! — دەپ مېھرىگۈلگە قولىنى سوزدى.

— ياخشىمۇ سىز، قىزىق ئىكەنسىز يىگىت، ئالدىڭىزغا بىرىنچى بولۇپ كەلگەن مېھمان بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈش-مەي، ماڭا قول سوزغىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى مېھرىگۈل.

داۋۇت ئىزاتارتتى بولغاي، يېنىغا بۇرۇلۇپ نازۇكئايغا قو-لىنى سوزدى ۋە سىپايىلىك بىلەن:

— نازۇكئاي، ياخشىمۇسىز؟ — دېدى.

نازۇكئاي ھۆپپىدە قىزاردى. لېۋىنى چىشلىدى ۋە ئارانلا قولىنى بەردى. داۋۇت قىزنىڭ نازۇك، يۇمشاق قولىنى سىقىپ.

www.uyghurkitap.com

كۆرۈشتى.

— ھەي داۋۇت، قىزنىڭ قولى بەك نازۇك، بادرا قولت-رىلىك بىلەن مىجىۋەتمە يەنە، — دېدى كامىل.

— ما كال-لىنىڭ گې-پىنى! — دېدى ھېزىم، — يېنىڭدا چىرايلىق جان-انىڭ تۇ-رۇپ يە-نە بى-ر جانانى قىز-غىنى-ۋاتام-سەن!

پاراققىدا كۆلكە كۆتۈرۈلدى، بۇ كۆلكە بىلەن ئۇلار پەلەم-پەرلەردىن قۇتۇلۇپ تار كارىدورغا كىردى. داۋۇت مېھمانلارنى ئۇڭ تەرەپتىكى ئۆيگە باشلىدى. ئۇلار كىرىپلا ھەيران قالدى. ئۆي بىر مەشرەپلىك ئادەم پاتقۇدەك چوڭ ئىدى. ئاستى قېلىن ۋە يۇمشاق ئويما گېلەم بىلەن توشقان، ئۈچ تامغىمۇ رەڭدار گىلەملەر، ئۈچ چوڭ قاپقاقلىق دېرىزىگە زەر پەردىلەر تارتىلغانىدى. ئۆينىڭ تۆرىگە بەش كىشىلىك ساپا، ئۇنىڭ ئالدىغا قېلىن ئەينەكلىك جوزا، سول تەرەپ بۇلۇڭغا نەقىشلەنگەن سارغۇچ ئۈچ ساندۇق تىزىپ قويۇلغانىدى. تورۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالتە لامپۇچكىلىق چىراغ ئېسىقلىق تۇراتتى.

— پاھ، — دەۋەتتى تۇرانقىز، — مانا ئۆي دېگەن، ۋالىيلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ بۇنچە بولماس.

خوتۇن-قىزلارمۇ ئۆيگە تۇرانقىزدەك زوقلىنىش نەزىرىدە قارىدى. ئۆينى كۆرۈپ نازۇكئاي ھاياجانلاندى، بىردىن ئۇنىڭ يىگىت تاللاشتىكى شەرتلىرى ئېسىگە كەلدى. «ئۆي ئالاھىدە بولۇش» دېگەن شەرتىگە بۇ ئۆي توغرا كېلەتتى. «ئىشچان بولۇش» دېگەن شەرتىگە ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىلا توشىدىكەن، دەپ ئويلىغانىدى. داۋۇت ئۆزىمۇ كېلىشكەن يىگىت بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ دودەنلىكى قالمىغاندەك قىلاتتى، بەلكى مۇلايىم، مەدەنىيەتلىك بولۇپ كۆرۈندى.

مېھمانلار ساپاغا چۆكتى، داۋۇت سىپايىلىك بىلەن:

— مېھرىگۇل، خاپا بولماي، جوزىدىكى ياپقۇنى ئېلىۋەتى-

ڭا، — دېدى.

— هوي، مەن مېھمانمەن، ئۆي ئىشىڭنى قىلىشقا ماھىر قىزنى ئەكەلدىم، شۇ قىلسۇن، — دېدى مېھرىگۇل.

يەنە بىر قېتىم كۇلكە كۆتۈرۈلدى. نازۇكئاينىڭ بېشى جوزا ئاستىغا كىرىپ كەتتى. خاسىيەتقىز ياپقۇنى ئالدى ـ دە:

— نازۇكئاينىڭ سىركىسىنى سۇ كۆتۈرمەيدىغان نازۇكلۇقى بار، ھېلىتىن ئىشقا بۇيرۇساق بولماس. مەھەللىگە توي بەرسۇن، ئاندىن ئۆيگە كۆچۈرۈپ قويغاندا بۇيرۇيلى، — دېدى.

— خاسىيەتقىز، ھەقد ـ قى خاسد ـ يەتلىك گەپ ـ گەپ قىلدى، — دېدى ھېزىم پاڭقاي.

— ھەي پاڭقاي، — دەپ ئۆچىنى ئالدى كامىل، — خاسىيەت قىزنى ھۇجراڭغا ئەكىرگۇچە بەك خۇشامەت قىلىپ كەتتىڭغۇ!

— ھە ـ ھە، سەنمۇ تۇرانقىزغا يېلىنىپ، سۇر ـ سۇركىلىپ يۇ ـ رۇ ـ سە ـ نغۇ!

— يارايسەن ھېزىمباي، — دەپ مېھرىگۇل قۇۋۋەتلىدى.

— پاھ، مۇنۇ ئىككىسى بىرلىشىپ ماڭا ھۇجۇم قىلىۋاتىدا، تۇرانقىز سىزمۇ خېلى گەپدانغۇ، ماڭا ياردەم بېرەي دېمەيسىزغۇ!

— ھە، ما ـ نا ئەم ـ ئەمدى كال ـ لاڭ ئىشلىدى.

— ۋاپ ـ ھا ـ ھا!

— مۇنۇ پاڭقاينىڭ گەپدان بولۇپ كەتكىنىنى، تىلىڭنى خاسىيەت قىز ئېچىلدۇرۇۋاتامدۇ نېمە؟ — دەپ تۇرانقىز كامىلغا بۇلۇشتى.

— ھەئە تازا، مەن ساڭا ئوخشاش خام كاللا بولۇپ قالمىدىم.

يەنە كۇلكە، بۇ كۇلكىلەر بىلەن داۋۇتنىڭ ئازراقمۇ كارى يوق، ئۇ مېھمانلارنى چىرايلىق ئۇزىتىشنىڭ كويىدا، ئۇ بىر

دەستە پىيالىنى ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— هوي خوتۇنلار، — دېدى مېھرىگۇل، — ئەركىشىتى ئىشقا سېلىپ قويۇپ، قاقاقلاپ ئولتۇرۇشتىن ئۇيالمامسىلەر، تۇرانقىز، قوپە چاينى تەييارلا، خاسىيەت، سەن تاماق ئەت.

— ۋاييەي، بىز بۇ ئۆينىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالساق نازۇكئايىم خاپا بولۇپ قالار، — دېدى تۇرانقىز.

— نازۇكئايچۇ، تاماققا ئۇستا، ئەتكەن تامىقى داۋۇتقا ياراپ قالسا، بۇ پۇزۇر ئۆينىڭ خوجايىنى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى خاسىيەت.

— ۋاي سارالىلارەي، بىچارە نازۇكنى تەرلىتىۋەتتىڭلارغۇ، — دېدى مېھرىگۇل نازۇكئاينىڭ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى قولياغلىقىدا سۈرتۈۋېتىپ،

— بىر تەرلىۋالسا يېنىكلەپ قالىدۇ.

شۇ ئارىدا داۋۇت سېرىق مىس چۆگۈن كۆتۈرۈپ كىردى. خاسىيەتقىز ئورنىدىن تۇرۇپ چۆگۈننى ئالدى ۋە داۋۇتقا ھۆرمەت بىلەن:

— قېنى ئولتۇرۇڭ يىگىت، مانا بۇ يەردە، — دەپ نازۇكئاينىڭ يېنىنى كۆرسەتتى، — ھە، ئەمدى ياراشتى. نازۇكئاي، مەڭ، مېھمانلارغا چاي قۇيۇڭ.

نازۇكئاي قىزارغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، پىيالىلەرگە چاي قۇيۇشقا باشلىدى. ئۇلار خۇشخۇي ئولتۇرۇشۇپ، چاقچاقلىشىپ چاي ئىچىشتى. يانمۇ يان ئولتۇرغان داۋۇت بىلەن نازۇكئاينى «گۇلگە گۇل كەلدى»، «بىر جۈپلەر»، «پارە بولدى» دەپ چاقچاق قىلىشىپ ئۇلارنىڭ يۈزىنى ئاچتى، ئۇلارنىڭ رىشتىسىنى باغلاشقا تىرىشتى. داۋۇت كۈلۈپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مېھمانلار «چاقچىقىمىز ئېشىپ كەتتىمۇ نېمە» دېگەندەك بىر ـ بىرىگە قاراشتى. مېھرىگۇل:

— ھەي نازۇك، بۈگۈن سېنىڭ نازۇكلۇق قىلىدىغىنىڭغا

خاتىمە بىر بىدىغان كۆن، ئىچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇشۇڭ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزۈڭگە مايىل قىلىشىڭ كېرەك، خوتۇن - قىزلاردا چىرايلا ئەمەس، ناز - كەرەشمە، جەلپ قىلىش كۈچى بولۇشى كېرەك، — دەپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— ۋايىيەي ھەدە، — دەپ تۇمشۇقىنى سوزدى نازۇكئاي، — ئۇنىڭغا ناز - كەرەشمە قىلىپ ساراڭ بولۇپ قالمىدىم. نى - نى يىگىتلەر «كۆيدۈم - پىشتىم» دەپ كەينىمگە كىرىۋالغاندىمۇ پىسەنت قىلمىغانمەن، قىزلىق غۇرۇرۇمنى ساقلاپ كەلگەنمەن. ئەمدى قوپۇپ بىر دودەنگە يالۋۇراتتىممۇ؟!

— سىنىڭ مۇشۇ «غۇرۇرۇڭ» سىنى قېرى قىزغا ئايلاندۇرۇپ قويدى، بۇ غۇرۇرۇڭنى تاشلىمىساڭ، ئۇ قېرى موماىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

مېھرىگۈلنىڭ ئاچچىقىدا ئۇنىنى چىقىرىپ دېگەن گېپى نازۇكئايغا نەشتەردەك تەگدى، باشقىلارنىڭ كۈلكىسىنى قىستىدى. كۈلكىنى يەنىلا داۋۇتنىڭ ئاياغ تىۋىشى، مەززىلىك تاماق پۇرىقى توختاتتى. داۋۇت كاستۇمىنى سېلىۋېتىپ، كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىنى تۈرۈۋالغان، ئالدىغا پەشتاما تارتىۋالغانىدى.

— نازۇكئاي، خاپا بولماي، داستىخاندىكى نازۇنېمەتلەرنى يىغىشتۇرۇۋەتسىڭىزا، — دېدى ئۇ.

داستىخاندىكى نەرسىلەر ئېلىپ بولۇنغىچە داۋۇت ئىككى تاۋاق پولۇنى ئىككى قولىدا كۆتۈرۈپ تۇردى، نازۇكئاي ئۇنىڭ ئوڭ قولىدىكى تاۋاقنى ئېلىپ، مېھرىگۈل تەرەپكە قويدى، ئاندىن يەنە بىر تاۋاقنى تۇرانقىزنىڭ ئۇدۇلىغا قويدى. ئەرلەر بەكىلىرىنى ئېلىپ گۆشنى توغراشتى. پولۇ ئۈستىگە قوينىڭ مەررە گۆشى، غاز گۆشى بېسىلغانىدى. پولۇنىڭ دىماغنى يارغۇدەك پۇرىقىدىنلا نازۇكئاي داۋۇتنىڭ ئاش ئېتىشكە ئۇستىلىقىنى بىلدى. مېھمانلار مېھرىگۈلنىڭ ئىچىلىپ - يېيىلىپ ئىشتەي بىلەن ئاش يەۋاتقىنىنى كۆرۈپ جانلاندى ۋە ئىشتەي

بىلەن تاماقتا تۇتۇش قىلدى، داۋۇت غازنىڭ بىر پاچىقىنى نازۇكئاينىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ:

— بۇنى يەپ بېقىڭا، بەك مەززىلىك، — دەپ پىچىرلىدى. سەزگۈر مېھرىگۇل مەمنۇن بولۇپ مىيىقىدا كۇلۇپ قويدى.

تاماق يېيىلىپ بولۇشىغا داۋۇت يەنە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— نازۇك، قوپە، تاۋاقلارنى ئاچىقىپ يۇيۇۋەت، — دېدى مېھرىگۇل ھەدىلىك سۇپەتتە.

نازۇكئاي بويۇنتاۋلىق قىلماي، ساھىبخانىدەك چىنىلەرگە چاي قۇيۇپ بولۇپ، ئىككى تاۋاقنى قاتلاپ كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. مېھمانلار قوللىرىنى سۇرتۇپ ئولتۇرۇشىغا داۋۇت بىر تاۋاقتا قىپقىزىل تاۋۇز، نازۇكئاي شىرىنىسى پارقىراپ تۇرغان قوغۇن كۆتۈرۈپ كىردى. تۇرانقىز ئەتەي:

— تاۋۇز تاتلىقمۇ، قوغۇنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تېتىپ باقساڭ بىلىسەن، — دېدى خاسىيەت تۇزلا.

— نازۇكئاي، سىز دەپ بېقىڭا، قايسىسى تاتلىق؟

— نازۇكئاي ئۈچۈن تاۋۇز تاتلىق - دە.

— ۋاھ - ھا - ھا!

— ئەمىسە ئاۋۋال تاۋۇز يەڭلا، — دېدى داۋۇت.

— ھەي داۋۇت، سىزنىڭ ئۈچۈن قوغۇن تاتلىقمۇ دەيمەن، — دېدى ھېزىم.

— ھەي، قوغۇننىڭ تاتلىقلىقىنى مەندىن بۇرۇن سەن بىلىسەن - دە، — دېدى داۋۇت.

ھەممە تەڭ كۇلۇشۇپ كەتتى، خاسىيەتقىز شەلپەردەك قىزاردى.

— ھەر ئىككىسىنى يەپ بولۇپ ئاندىن بىر نىمە دەيلى، — دېدى مېھرىگۇل، — تاۋۇزنىڭ تەمىنى نازۇكئاينىڭ

قوغۇننىڭ تەمى بېسىۋالمىسا، داۋۇتنىڭ تويىنى ئاشخانامدا پۈلسىز قىلىپ بېرىمەن.

قوغۇن تىلنى يارغۇدەك تاتلىق ئىدى.

— ھە، قانداقكەن، — دەپ سورىدى مېھرىگۈل.

— قوغۇن نازۇكئايدەكلا تاتلىق ئىكەن، — دېدى كامىل.

يەنە كۈچلۈك كۈلكە كۆتۈرۈلدى. نازۇكئاينىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە ئۆزىنى ئاتماقچى بولغىنىنى سەزگەن داۋۇت ئۇنىڭ ئالدىنى يوغان گەۋدىسى بىلەن توساپ تۇرۇپ تەكلىپ قىلدى:

— مېھمانلار، سىلەرنى گۈللۈك بىلەن باغنى سەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىلىمەن.

3

— ھەي ساۋاقداش، شۇنچە كۆپ ئەتىرگۈلنى نازۇكئاي ئۈچۈن ئۆستۈردىڭىزمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى مېھرىگۈل.

— ھازىر بىلىسىز، — دېدى كەم گەپ قىلىدىغان داۋۇت.

ئۇ مېھمانلىرىنى يەر ئاستى ئۆيىگە باشلىدى. يەر ئاستى ئۆيىدە ساپلا ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل ياپراقلىرى يېيىقلىق تۇراتتى، مېھرىگۈل بىلىشكە ئالدىراپ:

— بۇلارنى نېمىگە يېيىپ قويدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— گۈلقەنت چىقىرىشقا.

— ما كارامەتنى، — خاسىيەتقىز ھەيران قالغىنىنى يوشۇرالمىدى، — بازاردىكى گۈلقەنتلەرنى سىز چىقىرىپتىكەنسىز — دە؟

— ھەئە.

— بىزدىن ئەجەب يوشۇرۇپسىزا، — دېدى مېھرىگۈل ئاغرىنغان قىياپەتتە.

— بۇنى سىزدىن ئەمەس، بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن يوشۇرۇ-دۇم. يوشۇرمىسام يەر ئاستى زاۋۇتى قۇرغان، دېيىپ جورىسىغا قويىتتى.

— گۈلقەنتتىن بىر يازدا قانچىلىك كىرىم قىلالايسىز؟

— ھازىر يوشۇرمايمەن، زاۋۇتنى قانۇنلاشتۇردۇم، گۈللەر ئېچىلىپ تۈگىگىچىلا گۈلقەنت چىقىرالايمەن، كىرىمىنى دەم-سىز، ئەسلىي ئېيتمايدىغان ئىش ئىدى. خەير، دوستلاردىن يوشۇرماي، 22 ـ 23 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايمەن.

— پاھ، نېمىشقا يوقاپ كەتتىكىن، دېسەم ئىش بۇنداق چوڭ ئىكەن ـ دە، يارايسىز ساۋاقداش!

داۋۇتقا يالغۇز مېھرىگۈلنىڭلا ئەمەس، ھەممەيلەننىڭ ھەۋ-سى كەلدى، بۇ مەككىنىڭ رودىپىيىغا قايىل بولدى. نازۇكئاي ئەمدى پۇتۇنلەي ئۇنىڭغا مايىل بولدى. مېھرىگۈلنىڭ قارىشى دوستلىرىنىڭكىدىن بىرئاز پەرقلىنەتتى. ئۇ، ئۆزىگە ئۇزاق يىل ئاشىق بولۇپ ئارام بەرمىگەن، شۇ كەمگىچە بويتاق يۈرگەن ساۋاقدىشىغا قايىل بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنى يېتەكلەيدىغان بىر پىكىر پەيدا بولدى. بۇ پىكىر ئۇنى ئۇلۇغۋار پىلانلار ئىچىگە سۆرەپ كىردى.

— پاھ، مانا باغ دېگەن، ئەزىمەتنىڭ بېغىدەك بوپتۇغۇ، — دېگەن تورانقىزنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى مېھرىگۈلنى خىيال دەرياسىدىن ئايرىدى.

مېھرىگۈل نەزەر تاشلىدى، مېۋىلىك دەرەخلەر يېشىل ئەت-لەس تونلىرىغا يېپىنىپ، ئۆزىگە يارىشىملىق مونچاقلارنى ئاسقا-نىدى. بۇ چىرايلىق بوستانلىقتىن ھوزۇرلىنىۋاتقان ھەرخىل قۇشلار چۇرۇقلىشىپ بەزمە ئۇيۇشتۇرغان، بۇلبۇللار بۇ بەزمە-نى ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ، ناخشىسىنى ياڭرىتىۋەتكەنىدى. باشقا قۇشلار ئۇنى دوراپ ھەرخىل ئاھاڭدا چۇرۇقلىشىۋاتاتتى. شامال-مۇ بەزمىگە قاتنىشىپ، يوپۇرماقلارنى داپ قىلىپ چېلىۋاتاتتى.

باغدىكى خۇش پۇراق مايسىلار قۇياشنىڭ ئالا كۆلەڭگىلىرىدە ئۇسسۇلغا چۈشۈشكەنىدى. ئېرىقتىكى سۇ ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇشقا تەييار ئىدى. تۆت چاسا قىلىپ تىكىلگەن ئالما دەرەخلىرىنىڭ مېۋىلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. داۋۇت مېھمانلىرىغا باغنىڭ كەينى تاقىشىدىغان دۆڭلۈككىچە كۆرسەتتى. بۇ ئارىلىق بۇك - باراقسان يېشىللىق بولۇپ، شىمالىي تەرىپىدە گۈللەر قىزىل گىلەمدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بۇ مېھمانلار داۋۇتنىڭ ھويلىسىغا كىرگەندە كۆرگەن ئەتىرگۈللۈك ئىدى. بۇ گۈللۈكنىڭ ئايىغى شېغىللىق سايغا تۇتىشاتتى. بايا مېھرىگۈل كۆڭلىگە كەلگەن غۇۋا پىكىر ئەمدى روشەنلەشتى، ئۇ ھاياجانلاندى:

— قالتىس ئىشلەپسىز، ھەقىقىي يىگىت - دە، سىز. شېغىللىق سايىنىڭ بىر بۇرجىكىنى مۇشۇنداق باغۇ بوستان، گۈلىستانلىققا ئايلاندۇرۇش ئاسان ئەمەس.

— تا - مامەن تو - توغرا، — دېدى ھېزىم، — بۇ يەرنىڭ شېخىللىرىنى چى - چىقىرىپ، غېزىنى غاز، ئۆردىكى - نى ئۆردەك قىلغۇچە ئىككى يىل ئىشلىدى، مەنمۇ ئىشلىدىم.

## 4

ئۇنىڭ گېپى تامامەن توغرا ئىدى. كوممۇنا تارقىتىلىپ، يەرلەر كۆتۈرە بېرىلگەندە، داۋۇتقا ئاران تۆت مو يەر تەگدى. پاتماندەك كۈچىنى قويار يەر تاپالماي يۈرگەن داۋۇت ئۈچۈن بۇ يەر يوقنىڭ ھېسابىدا ئىدى. ئۇ كوممۇنا دەۋرىدە سەرپ قىلغان كۈچىدىن نەچچە ھەسسە كۈچ ۋە غەيرەت بىلەن ئىشلىدى. بىرمو يېرىگە قوناق، قالغان يېرىگە سەۋزە، پىياز، چامغۇر، تۇرۇپ، يۇمغاقسۇت تېرىدى، كۆكتاتچىلىقنىڭ ئۇششاق ئىشلىرى كۆپ ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ئىشچان قوللىرى ئاسانلا تۈگىتەتتى. ئۇ

دەسلەپكى يىلنىڭ كۆپ ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزدى. قىشتا ئۇنىڭ شەھەرنىكى ھاكچى ئاغىنىسى ھاكتاش تېرىشقا ياردەمگە چاقىر- دى، ئۇ ھاكتاشنى پەنجىم سېيىدىن تېرىپ كېلىدىكەن، داۋۇت ئۆز يېرىگە چېگرىداش سايغا ئاغىنىسىنى باشلاپ چىقتى. بۇ شېخىللىق ساي ئىلى دەرياسىنىڭ بويىدىكى ساسلىق شېخىللىق بولۇپ، داۋۇت زىيالىي ياش بولۇپ چۈشكەن ئەترەتكە قاراشلىق ئىدى. ئەترەت باشلىقى ھەر يىلى باھار كىرىشى بىلەن داۋۇت، مېھرىگۈل، ئەزىمەت قاتارلىق زىيالىي ياشلارنى بۇ يەرگە باشلاپ چىقىپ كۆچەت تىكتۈرەتتى. قارايدىغان ئادەم قويمىغاچ كۆچەت- لەرنى ماللار غاجاپ، ئادەملەر سۇندۇرۇپ تۈگەتكەنىدى. داۋۇت ھاكچى ئاغىنىسىگە تاش تېرىپ بېرىۋېتىپ، خۇددى يامانلاپ ماڭغان خوتۇندەك، ئىندىمەي كېتىپ قالدى. ئۇ چاپىنىنى مۇ- رىسىگە تاشلىغان پېتى قۇرۇلۇش ئورنىغا كەلدى. قۇرۇلۇشچى خوجايىندىن:

— ھەي، قوم - شېغىل ئالامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قەيەردە؟

داۋۇت سايلىقنى كۆرسەتتى.

— ئالاي ...

ئۇلار قوم - شېغىلنىڭ باھاسى توغرۇلۇق مەسلىھەتلەش- تى. ئۇ ئۇنى، بۇ بۇنى دەپ بىر ئاخىر بىر تراكتور قومنىڭ باھاسى يىگىرمە يۈەن، بىر تراكتور شېغىلنىڭ باھاسى ئون يۈەن بو- لۇشقا كېلىشتى.

داۋۇت شۇ كۈنى چۈشلۈك تامىقىنى «تۇل خوتۇنلار ئاشخا- نىسى» دىن يېدى - دە، شەھەرگە كىرىپ تۆت خىل سىم سېتكا، بىر جوتۇ، ئىككى تۆمۈر گۈرجەك ئېلىپ چىقتى. ئۆيىگە كې- لىپ كەپىگە يارىغۇدەك بادرا ياغاچلارنى تەييارلىدى، ھېزىمنىڭ يېنىغا كېلىپ «كۆنلۈكۈڭگە يىگىرمە سومدىن بېرىمەن، بىللە ئىشلەيلى» دېدى، ئۆمرىدە بىر تىيىننىڭ سۇنۇقىنى تۇتۇپ

باقمىغان ھېزىم جان دەپ قوشۇلدى. ئەتىسى ئۇلار نەرسە - كېرەكلىرىنى ھېزىمنىڭ ھارۋىسىغا بېسىپ تاشلىق سايغا چۈشتى، كەچە ياسىدى. ئۇلار ئەتىسى تورغاي چوخچىلىغاندا ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئىككىسىنىڭ بەستىمۇ، كۈچىمۇ بار بەرنا يىگىتلەر ئىدى. ھېزىم جوتۇدا شېغىلنى چاناپ بوشىتىپ بەردى، داۋۇت قۇم سېتكىسىغا ئېتىپ، قۇم، شېخىلنى ئايرىدى ...

ھەپتە ئۆتتى، داۋۇت قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ تراكتورچىنى باشلاپ كەلدى. تراكتورچى بۇ پاكىز قۇمنى تراكتورىغا باستى. داۋۇت قۇم بېسىشىپ بەردى. شۇ كۈندىن تارتىپ بۇ جىمجىت، تاشلاندۇق زېمىن جانلىنىپ كەتتى. تراكتورلارنىڭ ئاۋازى بۇ زېمىننىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى. ھېزىم شېغىل يۇمشىتىپ، داۋۇت قۇم، شېغىل تاسقاپ ھەم تاماق ئېتىپ ئالدىرىشىپ قالدى. قىشنىڭ قىسقا كۈنلىرى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىۋەتتى. داۋۇت مەھەللىسىدە كوچا چىقداپ يۈرگەن ئەرلەردىن يەنە تۆتنى باشلاپ چىقتى، بىر تۈل خوتۇننى ئاشپەزلىككە ياللىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشى ئاۋۇدى. قىشچە تاشلىقنىڭ كۆپ قىسمى قۇم - شېغىلدىن ئادالاندى. تراكتورلارنىڭ «ۋات - ۋات» ئاۋازى كېچىكىپ بولسىمۇ كەنت باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا كىردى. ئۇ داۋۇتنى بۇ ئىشتىن توستى. داۋۇتنىڭ دودەنلىكى تۇتتى:

— ھوي، بىكار ياتقان شېغىللىق يەرنى ئېچىپ مۇنبەت ئېتىمىز - باغقا ئايلاندۇرسام يامانمىكەن؟!

— يامان دېگىنىم يوق، — دېدى كەنت باشلىقى، — ئۆز بېشىمچىلىق قىلماي، كەنتلىك ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشىڭ، توختاملىشىشىڭ كېرەك ئىدى، چۈنكى بۇ كەنتنىڭ يېرى.

— مىڭ يىللاپ بىكار ياتسا ئىگە چىقمايدۇ، ئاللا بەرگەن

www.uyghurkitap.com

جاسارەت ۋە كۈچ بىلەن ئاللا يارانقان شىغىللىقنى ئاچسام سەن ئىگە بولماقچىمۇ؟

— ھەممىنىڭ ئىگىسى بولىدۇ. بۇ ئاۋۋالدىن كوللېكتىپ- نىڭ زېمىنى. زېمىنغا ھەركىم بىلگىنىچە ئىگىدارچىلىق قى- لىشقا رۇخسەت يوق.

— ئاۋۇ بىنا سېلىنىۋاتقان تېرىلغۇ يەرچۇ؟

— ئۇ يەرنى يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بەردۇق.

— ھاراقتا تېگىشتىم دېگىنە، — دېدى داۋۇت مەسخىرىلىك ئاھاڭدا، — خەق ھاراق بىلەن گېلىگىنى مايلىشىۋېدى، يېزا باشلىقى ئىككىڭ زېمىنىمىزنىڭ يېرىمىنى بېرىشىۋەتتىڭ، يال- غان دەپ باقە قېنى!

— يوق يەپسەن، ئۇلار دېھقانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئالغان يەرلەر. بۇ ھەقتە توختام بار.

— ئۇ قۇرۇق قەغەز، — دېدى داۋۇت، — يەر ئالغانلارنىڭ قايسىسى دېھقاننى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، بەرگەن ئازغىنا پۇ- لىنى قورساقتا ئىشلەتتى. ئۇلار ئىستاژىمىز ئېشىپ كەتتى، تۇرۇپ تۇرۇڭلار، دەپ ئورۇنلاشتۇرمىدىغۇ! ئەمدىزە مەن ئاچ- قان شىغىللىقنى سوڭلاپ بەرمەكچىمىدىڭ، بۇمۇچۇ مېنىڭ زې- مىنىم، ئاتا - بوۋام نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان ئالتۇن زېمىنىم!

داۋۇت شۇنداق دەپ، تۇرغان يەرنى ئۈچ قېتىم تەپتى. كەنت باشلىقى ئۇنىڭ ئەلپازىدىن چۆچىدى بولغاي:

— ئەتە كەنت ئىدارىسىگە بار، — دېدى.

— ئىدارەڭگە بېرىشقا چولام يوق، گەپنى مەشەدە قىل.

— ئەمىسە توختام تۈزىمىز، يەر ھەققى تۆلەيسەن، باج تۆلەيسەن، باج!

— ھەي كەنت، — دېدى داۋۇت، — تاشلاندۇق يەرنى كىم ئاچسا، يەر شۇنىڭ بولىدۇ، دېگەن بەلگىلىمە بارمۇ يوق؟ بار

بولسا، مەن ھېچنېمە تۆلىمەيمەن.

كەنت باشلىقى پەسكويغا چۈشتى، شۇ ئارىدا ئاشپەز ئايال چاقىردى.

— ھاي يىگىتلەر، تاماق يەۋېلىڭلار.

— بۇر كەنت، تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى، — دېدى داۋۇت ۋە يېنىدىكى ياش يىگىتكە بەش سوم تۇتقۇزۇپ «شىشىدىن بىرنى ئەكەلگىن» دەپ پىچىرلىدى.

5

داۋۇت ئالدىراپ قالدى. ئۇ ئاخىرقى شېغىلنى چىقىرىپ، ئورنىغا توپا تۆكمىسە بولمايتتى، بىر مېتىر قېلىنلىقتا شېغىل - قۇم ئېلىنىپ، يەر ئويپاڭ بولۇپ قالغانىدى. ھەتتا ئۆستەڭ سۈيىنىڭ يار ئېلىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەمەل كىرىدىغانغا ئون بەش كۈنلا قالغانىدى. يەر ھەيدەش، ئۇرۇق سېلىش، پەرۋىش، سۇغىرىشقا ئوخشاش دېھ- قانچىلىقنىڭ كۆرمىگەن ئىشلىرى ئۇنى كۆتۈپ تۇراتتى. ئۇ ئالتە يىگىتنى ئىككى قول ھارۋىسىدا دۆڭلۈكنىڭ توپىسىنى توشۇپ، شېغىلى ئېلىنغان يەرنى تىندۇرۇشقا جورىدى. ھېزىمنى ئۇلارغا باش قىلدى. ئۆزى يەتتە يىگىت بىلەن قالدى. شېغىلنى تۆت سىم تورىدىن ئۆتكۈزۈپ، قۇم - تاشنى تەييارلاپ سېتىش بىلەن بولدى. شېغىللىق يەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالدى. چۈنكى، يېزىلىق ھۆكۈمەت داۋۇتنىڭ قۇم - شېغىل تاسقىشىنى توستى. ئەمدى داۋۇت پۈتۈن كۈچى بىلەن دۆڭلۈك- نىڭ قايماقتەك توپىسىنى يۆتكەشكە كىرىشىپ كەتتى.

ھەمەل كىردى. ئۇ تۆت مو يېرىنى ھەيدەشنى تراكتورچى- غا، قۇم - شېغىلى تاسقالغان ئويمانلىقنى توپا تىندۇرۇشنى ھېزىمگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى باغمۇ باغ، گۈللۈكمۇ گۈللۈك چاپ-

تى، ئۇ باغۋەنلەردىن ئەلا سوپەتلىك ئالما كۆچەتلىرى، گۈلچە-
لەردىن ئەتىرگۈل، قىزىل گۈل كۆچەتلىرىنى سېتىۋالدى. ئۇ
يۇمشاق توپا بىلەن تىندۇرۇلغان يەرگە ئۆلچەپ، ئوت چاناپ
قىلىپ ئالما، ئالىگىرات، دۇشەشلەرنى تىكتى. ئارىسىغا يارلىق
بوغداي تېرىدى، 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە گۈل كۆچەتلىرىنى
تىكىپ ئۈلگۈردى ... مېھمانلار كۆرگەن گۈللۈك بىلەن باغ مانا
شۇنداق بەرپا بولغانىدى.

بىر قېتىم داۋۇت مېھرىگۈلنى بۇ بەرپا قىلىنىۋاتقان بېغىغا
باشلاپ باردى. مېھرىگۈل ئۇ چاغدا بۇ يەردە بۇنداق چىرايلىق
باغ بىنا بولۇشىغا ئانچە ئىشەنمىگەنىدى. شۇ چاغدا داۋۇت:

— بالىلىرىڭىزمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، ئۇلار مۇستەقىل
تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. ماڭا تېگىڭ، مانا شۇ كەڭ زېمىننىڭ
خوجايىنى بولىسىز، ھېچ ئىش قىلماي، خانىشلاردەك ياشاي-
سىز، — دېدى ۋە ئۇنىڭغا تەلۋىلەرچە ئېتىلدى. مېھرىگۈل غە-
زەپ بىلەن ئۇنى سىلكىپ، ئىتتىرىپ، بوشاندى ـ دە، ئۆيىگە
قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى.

داۋۇتنىڭ بۇ ئىككىنچى قېتىملىق قىلىقسىزلىقىدىن رەنـ-
جىگەن مېھرىگۈل ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭغا قارىماي يۈردى، كۆرسىمۇ
كۆرمەسكە سالدى. گەپ ئاچسا يەرگە تۈكۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى.
ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يىللاردا مېھرىگۈل
ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر كۈنى تۇرۇپلا داۋۇتنى
ئەسكە ئالدى، كونا ساۋاقدىشىم، ئېرىمنىڭ دوستىنى مۇنداقلا
تاشلىۋەتسەم بولماس، دېگەن ئويغا كەلدى ـ دە، قەغەز، قەلەم
ئېلىپ داۋۇتقا مۇنداق خەت يازدى: «ساۋاقدىشىمىز داۋۇت،
ئەمدى ساراڭلىقىڭىزنى قويۇپ، ئەڭ بولمىغاندا، قىيامەتلىك
ئاغىنىڭىز، مەڭگۈلۈك جورامنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىڭ، ئۇ ئۆلۈ-
شىگىلا ئۇنىڭغا ئاسىيلىق، ۋاپاسىزلىق قىلسىڭىز، ئۇ گۆرىدە
تىنچ تۇرامدۇ؟! ئۇ ئېتىلىش ئالدىدا «مېھرى، بالىلارنى ئو-

قوتقىن، بىلىمسىزلىك بىزنى ئېزىۋاتىدۇ، مەن قىيامەتكىچىلا ئەمەس، ئۇ دۇنيادىمۇ يېنىڭىدىن ئايرىلمايمەن. مەن سېنى شۇنچە ياخشى كۆرىمەن. سېنىڭدىن پەقەت مېنىڭ جىسمىملا ئايرىلدى، قەلبىم ئايرىلمىدى. بىلىمەن، بۇ دۇنيادا سان ـ ساناقسىز قىينىچىلىقلارغا دۇچ كېلىسەن، ئىشىنىمەنكى، بۇ قىيىنچىلىق-لارنى يېڭەلەيسەن، مېنىڭ تېشىمۇ، ئىچىمۇ گۈزەل جانانىم، چىدا، چىدا! دوستۇم داۋۇت ساڭا يار ـ يۆلەك بولىدۇ!» دېگەن ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇدىڭىزمۇ؟ ئۇنتۇسىڭىز ئەزىمەتكە قانداقمۇ يۈز كېلەلەيسىز؟! ياخشىسى نازۇكئايغا ئۆيلىنىڭ، ئۇ مېنىڭدىنمۇ چىرايلىق، ئەدەبلىك، ئىككىڭلار تويى قىلساڭلار گۈلگە گۈل بولار ئىدى. سىز ماڭا كۆرسەتمەكچى بولغان گۈللىرىڭىزنى، مېھرىبانلىق بېغىڭىزنى ئەنە شۇ نازۇكئايغا كۆرسىتىڭ. ئۇچۇ قا-راڭ «چىمەنلىرىڭىز ئىچىدىكى بىر نازۇك چىمەن!...»

بۇ خەت داۋۇتنى لەرزىگە كەلتۈردى، يۈرىكى ئۆرتەندى، ئەزىمەتنىڭ پاكلىقى، باتۇر، ئىلىم ـ پەنگە ھېرىسمەن، ئالىي-جاناب يىگىتلىكىنى ئەسلىدى. ئۆزىنىڭ ئىشقىۋازلىقتا تاپتىن چىقىپ، قىيامەتلىك دوستىغا خىيانەت قىلىشقا ئۇرۇنغىنىدىن ئىزا بولدى. ئۇ جاۋاب خەت يېزىپ، مېھرىگۈلنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتىگە قوشۇلىدىغىنىنى بىلدۈردى ۋە ئۇلارنى ئۆيىگە تەك-لىپ قىلدى.

## 6

بۇ مېھماندارچىلىق ئاشۇ غوۋغالارنىڭ خاتىمىسى، يېڭى تۇرمۇشقا قەدەم قويۇشنىڭ مۇقەددىمىسى يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈل-گەندى. مېھرىگۈل كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىدىن مۇنداق بىر تە-سىرات ئالدى: «داۋۇت بىلەن بىرلىشىپ بىر ھەمسىدارلىق شىركىتى قۇرۇش، يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن سۆزلىشىپ، تاش-

لىق زېمىنىنىڭ قالغان قىسمىنى ئېلىش، داۋۇتنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىپ، يەر ئېچىپ باغ بەرپا قىلىش، گۈللۈكنى كې-ڭەيتىپ، گۈلقەنت زاۋۇتى بىلەن مېۋە مۇراببا زاۋۇتى قۇرۇش لازىم!» ئۇ بۇ ئوي ـ پىكرىنى نازۇكئاي تەييارلىغان چاينى ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئىزهار قىلدى. داۋۇت ئىپادە بىلدۈرمىدى.

— هەي داۋۇتباي، دانالارنىڭ «يالغۇز ئاتنىڭ چىڭى چىقـ-ماس» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغانمۇ سىز، ھەسسىدارلىق شىر-كىتى قۇرساق نۇرغۇن ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز. زامانغا لايىق ئىش تۇتمىساق بۇ قايناق دۇنيادا كۈن ئالالمايمىز، ھازىر ئېتەكنى كەڭ يايىدىغان ۋاقىت. بىرلەشسەك كىرىمىڭىز بىر ھەسسە ئاشىدۇ، زاۋۇتلارنى باشقۇرۇپ، ھازىرقىدىن ئون ھەس-سە كۆپ گۈلقەنت ۋە نۇرغۇن مۇرابىبا چىقىرالايسىز، ئاتاي مەخسۇس مۇشۇ كەسىپلەرنى ئوقۇپ كەلدى. ھېزىمباي ماشىنا ئىستانوكىنى باشقۇرۇش، تۆزەشنى ئۆگىنىپ كەلدى.

— بۇ دۇنيادىچۇ، ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى باشقۇرسام بولغىـ-نى، ئېتەكنى كەڭ ياياليدىغان سەنلا.

— مەن كەڭ ئېتەكلىك كۆڭلەك كىيمەيمەن.

چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ بېرىلگەن بۇ جاۋابتىن مېھرىگۈل داۋۇتنىڭ ئىنتايىن شەخسىيەتچى بولۇپ كەتكىنىنى بىلدى.

— ئۆز كۆمچىكىڭىزگە چوغ تارتىپلا بېيىپ كېتىشىڭىز ناتايىن، — دېدى مېھرىگۈل كۆڭلى قالغان ھالدا، — بىز ھەممە ئادەمنىڭ قازىنى قاينايدىغان چوڭ ئىشلارنى قىلىشىمىز كې-رەك، بۇنىڭ ۋاقتى يەتتى. بىز بۇ دۇنياغا مېھمان، بىز كېتىد-مىز، بالىلىرىمىز، ئەۋلادلىرىمىز قالىدۇ، ئاشۇ ئەۋلادلار خۇ-شال ـ خۇرام ياشىغۇدەك گۈزەل زېمىن يارىتىشىمىز كېرەك. ئۆزىڭىز ياراتقان بۇ گۈزەل زېمىنىڭىزدا يالغۇز ياشاپ زېرىككەنـ-سىز، بىزنى مېھمانغا چاقىرىۋېدىڭىز، بىز بۇ گۈزەل زېمىندىن بەھرە ئالدۇق، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم يايراپ، ئەزىمەت ياراتقان باغدا

ئويىنغاندەك بولدۇم، دىلىم يايرىدى، غەم - غۇسسىلاردىن خالاس بولۇپ، يېنىكلەپ قالدىم. بۇ خۇشاللىقنى ئاخىرىغا يەتكۈزەيلى. بۈگۈن نازۇكئاي ئىككىڭلار بىر جۈپ قوشماق بولدۇڭلار، بۇ قوشماقلار كۆپەيسە ئەمگەك تەرىدىن كەلگەن بايلىقىڭىز زايە كەتمەيدۇ، ئەۋلادلىرىڭىز سىزنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

نازۇكئاي شەلپەردەك قىزىرىپ، ئۇزۇن چېچىنى بىردە چۇۋۇپ، بىردە ئۆرۈپ ئولتۇردى.

— رەھمەت مېھرى، مېنىڭ كەلگۈسۈمنى كۆرسىتىپ قويدىڭىز، — داۋۇت بىردەم تۇرۇۋېلىپ بوش ئاۋازدا قوشۇپ قويدى، — مەنغۇ نازۇكئاينى ياقتۇرىمەن، لېكىن ئۇ قىز مېنى ياقتۇرامدۇ - يوق، بىلمەيمەن.

— سىزنى ياراتماي كىمنى يارىتىدۇ، شۇنداققۇ نازۇك - ھە! بولمىسا ئۇ كېيىنرەك قايتسۇن، سىز مۇھەببىتىڭىزنى ئىزھار قىلىپ، تەكلىپ بېرىڭ، بىز قايتىلى، بىزنى ئوبدان كۈتۈپ، مېھمان قىلغىنىڭىزغا رەھمەت!

— ۋاي رەھمەت داۋۇتباي.

— تېخىمۇ روناق تېپىڭ.

— نازۇكئاي بىلەن بولىدىغان تويۇڭلارغا خىزمەتكە تەييارمىز.

مېھمانلار مانا شۇنداق خوشلاشتى. نازۇكئاي ھەممىدىن بۇرۇن ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

## 7

«تۇل خوتۇنلار ئاشخانىسى» نىڭ بىر خىل كىيىنگەن كۈتكۈچىلىرى قېرىلارنى پەلەمپەيدىن يۆلەپ ئاچىقىپ ئاشخانىنىڭ تۆرىگە ئۆتكۈزدى، ھەر بىر ئۈستەلدە تۆتتىن توقاچ، بىر خونچا قەنت، بىر خونچا كەمپۈت، ئۈچ تەخسىگە ئۈچ خىل مېۋە تىزىپ

قويۇلغانىدى. بىر ئۇستەلگە ئوندىن مېھماننى ئولتۇرغۇزدى. چايدىن كېيىن ئىككى كىشىگە بىر تاۋاق پولۇ، ئاندىن تاۋۇز - قوغۇن تارتىلدى. تائاملار يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن يىگىرمە يەتتە يىگىت ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار ئىمام - مەزىنگە سالام بېرىپ شۇك تۇرۇشتى. ئۈچ مەزىن ئارقا - ئارقىدىن توققۇز نۆۋەت بىلەن كىرىپ، قىزلارنىڭ نىكاھ رازىلىقى ھەققىدە ئاللا ۋە پەيغەمبەرنى گۇۋاھ قىلىپ، گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى، ئىمام بۇ جۈپلەرنىڭ نىكاھ كىنىشكىللىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. ئاندىن نىكاھ ئوقۇدى. ئۇ ئوقۇپ بولۇپ كىنىشكىغا قاراپ ھەر بىر يىگىتنىڭ ئىسمى، ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ «پالانىنىڭ قىزى پالانىنى ئالدىڭىزمۇ» دەپ سورىدى. مۇشۇ تەرتىپتە يىگىتلەردىن سوراپ بولۇپ، ئومۇمىي دۇئا بەردى.

نىكاھتىن كېيىن ئەرلەر قايتتى، چۈشتىن كېيىن ئاياللار كېلىشكە باشلىدى، ئۇلارغا تاتلىق - تۈرۈم كۆپرەك راسلاندى. ئاياللار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، «ھاي - ھاي ئۆلەن» بىلەن ناغرا - سۇناي ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئاشخانىغا قىز - يىگىتلەر كىرىپ كېلىشتى. ئاشخانا تۆرىگە راسلانغان قاتار ئۇستەللەر چۆرىسىدە يىگىرمە يەتتە جۈپ يىگىت - قىز ئولتۇرۇشتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا داۋۇت بىلەن ئاق تويلۇق كۆڭلىكى كىيگەن نازۇكئاي بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر يېنىدا ھېزىم بىلەن خاسىيەت قىز، يەنە بىر يېنىدا كامىل بىلەن تۇرانقىز، تۇردى بىلەن تۇرغۇنئاي، ... قاتارلىق مېھرىگۈل بېشىنى قېتىپ قويغۇچى تۇل خوتۇن - قىزلار بىلەن بوز ئەرلەر بار ئىدى. ئىشى بار ياكى نامازخان ئاياللار مېھرىگۈلگە «خوش» دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىشكەنىدى. ياشلار شۇلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. ئۇلارغا يەرلىك پىۋا قويۇپ بېرىلدى. ئاشخانىدىكى لەرزان ساز ئورنىغا شوخ ساز پەدىلىرى چېلىنىپ، ناخشا ياڭرىدى. مېھرىگۈل توي بېشى سۇپىسىدە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ بىرنەچچە

ئايلاندى ـ دە، ئۇسسۇلچى ھەمرا بۇۋىنى ئۇسسۇلغا تارتتى.
ھەمرا بۇۋىنىڭ ئۇسسۇلى ھەممىنى جەلپ قىلدى، ئۇنىڭغا «با-
رىكاللا» ، «ئويناڭغەي ئويناڭ، ئويناپ چاڭ كەلتۈرۈڭ» دېگەن
ئاۋازلار مەدەت بەردى. ئۇ ئويناپ كېلىپ، داۋۇت، نازۇكئاي،
ھېزىم، خاسىيەت قىز، كامىل، تۇرانقىزلارنى ئۇسسۇلغا تارت-
تى. قىزغىن ئالقىش ياڭرىدى. ئۇلار چۈشۈپ باشقا يېڭى ئى-
كاھلانغانلارنى تارتتى، توي قىلغانلار دوستلىرىنى ئۇسسۇلغا
تارتىپ، ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسى ئۇسسۇلچىلارغا توشتى. ساز
پەدىسى ئەمدى ناخشىغا يۆتكەلدى. داۋۇت مېھرىگۇل ئۇچۇن
كېچىسى ئېيتقان مۇھەببەت ناخشىسىدىن بىرىنى ئېيتىپ بەردى.
ناخشىچىلاردىن بىر نەچچىسى ناخشا ئېيتىپ، توينى قىزىتتى.
چوڭراق ئاياللار قايتىشقا تەرەددۇتلەندى. مېھرىگۇل تالادا قا-
راڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنىنى بىلدى، قول سائىتىگە قارىۋېدى سىت-
رېلكىسى ئوننى كۆرسەتتى. مېھرىگۇل ئۆزىنىڭ بىلەت ساتىدى-
غان ئۇستىلىگە كېلىپ تىك تۇردى. ساز چىپ توختىدى:
— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، بىز بۈگۈن ھەشەمەتلىك توي
قىلىش ئادىتىمىزنى بۇزۇپ، ئىخچام، ئاددىي ـ ساددا توي چېيى
بېرىپ، يىگىرمە يەتتە جۈپ ياشنىڭ بېشىنى ئوڭلىدۇق. كونى-
لاردا «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن» دېگەن ماقال بار، بۇ تولىمۇ
دانالىق بىلەن ئېيتىلغان. بۈگۈن تويى بولغان ياشلار ئاساسەن
پۇل بولمىغاچقا توي قىلالماي كەلگەنىدى. بىرمۇنچە قىز ـ
يىگىتلىرىمىز قېچىش ئۇسۇلى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ،
ئاتا ـ ئانىسىغا بىرمۇنچە خاپىلىقلار، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەل-
تۈردى ... بەزى بايۋەچچىلەر تۆكمە توي قىلىشتى، بەزىلەر
مۇشۇ ئاشخانىمىزدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ھەر بىر ئۈستەلگە
ئوتتۇز خىل تائام بۇيرۇتقان، ئونمىڭلاپ پۇل خەجلەپ، كەلگەن
مېھمانلىرى يوغانچىلىق قىلىپ، بىر چوكىدىن ئاغزىغا سېلىپ
قويۇپ يېمىگەن، قالغان. بىز ئۇنى دەرياغا تۆكۈشكە مەجبۇر

www.uyghurkitap.com

بولغانىدۇق. بۇگۈنچۇ، بىر دانە گۈرۈچمۇ ئېشىپ قالمىدى. ھەممىڭلار تويۇندۇڭلار، دېمەك بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ئاددىي تويى ئۆتكۈزسەكمۇ راسا قىزىيدىكەنغۇ، تويىنىڭ قىزىقى يېمەكلىكتە ئەمەس، شاد - خۇراملىقتا.

گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى.

— ھەق گەپ!

— بۇ تولىمۇ كۆڭۈللۈك توي بولدى!

— بۇندىن كېيىن، — دەپ مېھرىگۈل سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىز خېرىدارغا قاراپ تاماق ساتىمىز. ئاۋۇ ئۈزۈن ئۈستەلگە ھەرخىل قورۇمىلار، خام سەيلەرنى قويۇپ قويىمىز، خېرىدار كىرىپ كۆڭلى تارتقاننى ئۆزى ئۇسۇپ ئالىدۇ، ئەگەر زاكاز قىلسا، نەچچە كىشىلىكنى سوراپ، بىر چوكىمۇ قويماي يەۋېتىشكە ۋەدە ئېلىپ ئاندىن قىلىپ بېرىمىز. ئاشۇرۇپ قويسا سۇلياۋ خالتىغا سېلىپ قولىغا بېرىمىز. بىز خېرىدارنى چىقىمدار قىلمايمىز.

— مېھرىگۈلنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا.

— ياشاپ كېتىڭ.

تەرەپ - تەرەپتىن قولللاش ئاۋازى چىقتى.

— ئەمدى قىزلار ئولتۇرۇپ قالمايدىغان، يىگىتلەر قىز دەردىدە ئاھ چەكمەيدىغان بولدى - دە!

پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بىر قىز بۇ گەپنى قىلغۇچىغا قاراپ:

— ما قىلىنىڭ گېپىنى! — دېدى.

— رۇخسەت بولسا، مەن، مەن ...

— ھە، تۇردى گېپىڭ بارمىدى.

— مېنىڭ بېشىمنى بىر تىيىن خەجلەتمەي ئوڭلاپ قويغان مېھرىگۈل ئاپامغا رەھمەت دېمەكچىدىم.

يەنە ئالقىش ياڭرىدى.

# 8

مېھرىگۇل ھەپتىدىن كېيىن توي قىلغانلارنىڭ ھوجرىلىرىنى يوقلىدى. ھېزىم سالامنىڭ چوڭىنى قىلدى. خاسىيەتقىز ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ تەزىم بەجا كەلتۇردى. كامىل بىلەن تۇرانقىزلارمۇ شۇنداق، ئۇلار مېھرىگۇلنى بېشىدا كۆتۇرگۇدەك قارشى ئالدى، ياسىداق ھۇجرىلىرىغا باشلىدى. ئۇ تۇزۇت قىلدى:

— ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا چۇشۇڭلار، ئىشلار ئالدىراش، ئەتە ئەتىگەندە يىغىن ئاچىمىز، — دېدى مېھرىگۇل خوشلىشىپ.

ئەتىسى نازۇكئايدىن باشقىسى ئاشخانىغا كەلدى. ئۇلار مېھرىگۇلگە ئالاھىدە سالام بېرىشتى، كۇسۇرلاشتى، پىخىلدىشىپ كۇلۇشتى.

— ھەممىڭلار ئولتۇرۇپ، دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار، — دېدى مېھرىگۇل، ئاندىن قەغەزگە قاراپ ئوقۇدى، — بۇگۇندىن ئېتىبارەن «تۇل خوتۇنلار ئاشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېلىۋېتىلىپ، «مەرھەمەت، سىزمۇ تويۇنسىڭىز بىزمۇ تويۇنىمىز» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئاسىمىز. ھاراق ئىچىشنى مەنئىي قىلىمىز. ھاراق ئورنىغا يازدا قىمىز، مۇسەللەس، يەرلىك پىۋا ساتىمىز. تەرتىپ ساقلاشقا ھېزىم بىلەن كامىل مەسئۇل بولىدۇ. پولۇ، گۇرۇچ ئاماق، لەڭمەن، مانتا، خوشاڭ، چۆچۇرە، گوشنان، ھورنان، تونۇر كاۋىپى، قىيمىلىق كاۋاپ، دۇمبە كاۋاپلار ئاۋۇ ئۇزۇن ئۇستەلگە تىزىپ قويۇلىدۇ. خېرىدار كۆڭلى تارتقىنىنى، قانچىلىك يەيدىغىنىنى ئۆزى تاللايدۇ. بۇ ئۇستەلنى «تاللاڭ تائام» دەپ ئاتايمىز. ئۇلار تەخسە، چىنىلەرگە تائاملارنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاشپەزلىرىمىز ئىسسىتىپ بېرىدۇ.

يەنە بىر ئۇسۇل: خېرىدارنىڭ زاكىزىنى بېجىرىش، خېرىدار زاكاز قىلغان تاماقنى خېرىدار تويغۇدەك قىلىپ بېرىمىز، كۈت-كۈچىلەر خېرىدارنىڭ تەخسىسىدە تامىقى تۇرۇپ يەنە تاماق بۇيى-رۇتسا سىلىقلىق بىلەن: «كەچۈرۈڭ، ئالدىڭىزدىكى تامىقى-ڭىزنى يەپ بولۇڭ، ئاشۇرۇپ قويسىڭىز ئۆزىڭىزگە زىيان» دەپ مەسلىھەت بېرىسىلەر. ناۋادا پۇلدارلار، خوجايىنلار، بايۋەچچە-لەر ئارتۇقتىن ئارتۇق تاماق بۇيرۇتسا بېجىرىمىز، ئۇلاردىن ئاشقانلىرى تۇردىنىڭ توخۇلىرىغا ئوزۇق بولىدۇ. كۆپ پايدا ئېلىشنى كۆزلەپ ئىسراپچىلىققا يول قويساق، ئاشخانىمىزنى قاۋاقخانىغا ئايلاندۇرۇپ قويساق نامىمىزغا ئولتۇرغان بولىمىز. تاماق باھاسىنى شەھەردىكى ئاشخانىلارنىڭكىدىن يىگىرمە پىر-سەنت چۈشۈرۈپ، كەمبەغەللەرنىمۇ ئاشخانىمىزغا جەلپ قىلى-مىز. سودا ئايلىنىشى كۆپ بولسا، پايدىمۇ كۆپ بولىدۇ.

مېھرىگۈل ھەممىگە بىر تەكشى قاراپ چىقىپ دېدى:

— بۇ تۈزۈم - قائىدىلەرنى چوڭ خەتلىك قىلىپ بىر نەچچە نۇسخا يېزىپ قويدۇق. ھازىر ئاشخانا ئىچى - تېشى، شەھەر ئىچىدىكى ئېلان تاختىلىرىغا چاپلايمىز.

بۇ تۈزۈم يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئىسراپچىلىق ئەللىك پىرسەنت تۆگىدى. خېرىدارلار تالىلاپ سېتىۋالدى. مېھمان باش-لاپ كەلگەنلەر خۇشال. مېھمانلار تۈزۈمنى ئوقۇپ، ساھىبخان-دىن ئاغرىنمىدى. كۈتكۈچىلەر خېرىدارنىڭ ئالدىدا تاماق ئې-شىپ قالسا، «ھۆرمەتلىك مېھمان، رىزقىڭىز قاپتۇ، ئىسراپ قىلىش ئۇيات» دەپ يېگۈزۈۋېتەتتى. بۇ تۈزۈم يولغا قويۇلۇپ بىر ئايدىن كېيىن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، گېزىتخانا مۇخبىرلىرى كېلىپ ئاشخانىنى سۈرەتكە ئالدى. مېھرىگۈل ۋە ئاشپەزلەرنى زىيارەت قىلىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تېلېۋىزوردا كۆر-سەتتى. گېزىت ئاشخانىنى تونۇشتۇرۇپ ئەدەبىي خەۋەر ۋە «ئىسراپچىلىققا يول قويماسلىقتىكى ياخشى تەدبىر» دېگەن ئوب-



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تادرىسى

ـزور بەردى. كامىل: «بۇ مېھرىگۇلنىڭ پۇل تۆلىمەي ئېلان بېرىشى بولدى» دەپ باھا بەردى. ئاشخانىمۇ گۈزەل تۇسكە كىردى. تەشتەكلەردىكى ئەتىرگۇل ۋە باشقا گۇللەر پۇراق چېچىپ تۇراتتى. ناخشا - سازلار ئىشتەي ئاچتاتتى. ئاشخانىنىڭ داڭقى چىقىپ، خېرىدارى ھەسسىلەپ كۆپەيدى، ئەلۋەتتە بۇ كۆڭۈللۈك ئاشخانىنىڭ بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدىغىنىنى مېھرىگۇل سەزمىگەنىدى.

9

بۇ كۆڭۈلسىزلىك مېھرىگۇلنى يىگىرمە يەتتە جۇپنىڭ تويىنى خالىس قىلىپ بەرگىنىگە تويغۇزدى.

بىر كۇنى تۇرانقىز يىغلاپ كەلدى. ھەمىشە تارىنىپ، پاكىز، رەتلىك، كىيىنىپ، خۇش چاقچاق يۈرىدىغان تۇرانقىزنىڭ چاچلىرى پاخپىيىپ، قىپقىزىل مەڭزى تاتىرىپ، كۆكۈرۈپ كەتكەن، بۇرنى ۋە كالپۇكىدا قان قېتىپ قالغانىدى. مېھرىگۇل ئۇنى شۇ ھالەتتە كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— نېمە بولدى؟ قايسى لۈكچەك ئۇردى - ھە؟

ئۆپكىدەپ كەلگەن تۇرانقىز بىراقلا يىرىلدى. ئۇ ھۆڭرەپ يىغلاپ ئۆزىنى مېھرىگۇلنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. مېھرىگۇل ئۇنى باغرىغا بېسىپ، چاچلىرىنى سىلىدى، يۇمشاق گەپ قىلىپ ھالىنى تەكرار - تەكرار سورىدى.

— كامىل ئۇردى!

— نېمىشقا ھوي!

— «بۇگۇندىن باشلاپ ئاشخانىدا ئىشلىمەيسەن» دېدى، مەن ئىشلەيمەن دېسەم، ۋارقىراپ - جارقىردى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— مېنى ئۇ «ئاشخانىغا كەلگەنلەرگە ھىجىيىپ، قۇيرۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

قىڭنى شىپاڭشىتىپ يۈردۈڭ، مەسلەر چاقچاق قىلسا تەڭ كۈ-لۈپ، چاقچاقلىشىپ ئايناقلىدىڭ» دەيدۇ.

— بۇ قانداق گەپ، ئۇنىڭ يەنە كۆنچىلىك مىجەزى بار ئوخشىمامدۇ؟

ئاشخانىغا كامىل كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈل-گەنىدى. مېھرىگۇل ئۇنىڭغا ئالىيىپ تۇرۇپ دېدى:

— ھوي، تۇرانقىزنى نېمىشقا ئۇردۇڭ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈ-ۋېلىپلا قوللىرىڭ قىچىشىپ كەتتىمۇ - نېمە؟

— نەدىكى گەپنى قىلىسىز باش مۇدىر. ئۇنى كىم ئۇرۇپ-تۇ.

— بۇ كۆك، بۇ قانلار نېمىنى ئىسپاتلايدۇ، ئۇ ئۆزىنى - ئۆزى ئۇرغۇدەك ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ - يە؟

— مەن ... مەن پەقەت مۇنداقلا ئۈچۈغداپ ...

— ھىم، ئۈچۈغدىغىنىڭ بۇنچە بولسا، ئۇرغىنىڭ قانچە-لىك بولار؟ كەچۈرۈم سورا.

— ھوي ھەدە، كەچۈرۈم سورىغۇدەك، ئۇ بىر يات ئادەم ... ياكى ئەر كىشى بولمىسا، ئەر دېگەن ئايالنى ئۈچۈغ-داپ تۇرىدىغان گەپ.

— ھە، تېخى مۇنداق دېسىلە خوجام، — دەپ مېھرىگۇل قايناپ كەتتى، — ماۋۇ خام كالىلاڭدا ئوبدان ئويلاپ قوي، ئايال دېگەن سۆز — ئانا، دېگەن سۆز. ئايال دېگەن زېمىن، ئاياللار زېمىنغا ئوخشاش ھوسۇل بېرىدۇ. زېمىنغا تېرىلغان ئۇرۇقتىن ئالىملار، گېنېراللار، يازغۇچى، شائىرلار، ئوقۇتقۇچى، ئىن-ژېنېرلار دۇنياغا كېلىدۇ. مانا شۇ ئاتاقلىق، بىزگە ئوخشاش ئاتاقسىز، ساڭا ئوخشاش لۈكچەكلەرنىڭمۇ ئاپىسى ئاياللاردۇر. ئۆزۈڭچە خوتۇن - قىزلارنى ئۇرۇپ - سوقۇدىغان، ئىش - پۇشۇقىڭنى چىقىرىدىغان قونچاق، نەپسىڭنى قاندۇرىدىغان سە-تەڭ، دەپ ئويلاپسەن - دە، ھۇ ئۇياتسىز لۈكچەك.

— ھەدەم توغرا ئېيتىدۇ، — دېدى خاسىيەت قىز، — خوتۇن كىشى ئائىلەڭنىڭ بەختى، گۈلزارى، سېنىڭ، كەلگۈسىدىكى باللىرىڭنىڭ غەمگۇزارى. ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش ئىنسان، يەنە كېلىپ ئۇلۇغ ئىنسان.

— بۇ كاللا ئىنسان ئەمەس، قىپقىزىل سوقۇشقاق خوراز، — دېدى يىرگىنىپ ھەمرا بۇۋى.

كامىل لەت بولۇپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. ئۇ ئاخىر چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ، بۇ قېيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالماقچى بولدى.

— خاپا بولما چىرايلىقىم، مەندەك خورىزىڭنى كەچۈرگىن. ئەمدى قانات سۆرەپ تەپمەيمەن.

— ھۇ، بېشىڭنى يەيدىغاننىڭ سەتلىكىنى، — دېدى خاسىيەت.

— مەنغۇ سەتكەنمەن، ئۇ چىرايلىقمۇ؟ — دېدى كامىل.

— چىرايلىق بولمايچۇ، — خاسىيەت كامىلنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەي تۈزلۈكىگە ئېلىپ جاۋاب بەردى.

— ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنىڭ ئەركىكى چىرايلىقمۇ - چىشىسىمۇ؟ — دەپ سورىدى كامىل.

— ۋاي بىشەم، ھەددىڭدىن ئاشما.

— خوش، غورازغۇ چىرايلىق، خوراز دەپ قويسا يەنە ھەددىڭدىن ئاشقىلى تۇردۇڭغۇ!

— دېمەك، ھە نېمە دېسەڭلارمۇ خوراز چىرايلىق، شۇنداقلا ئەرلەر ...

— ھەي كاللا، ئاشۇ چىرايلىق خورازنى خوتۇن قىلە جۇگۇ، تۇرانقىزنىڭ ئۆيىدىن چىق!

— ھا - ھا - ھا! تويدۇڭمۇ ھوي كاللا!

خوتۇنلارنىڭ كۈلكىسىگە قالغان كامىل نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. مېھرىگۈل ئۇنىڭغا مىقتەك قادىلىپ:

www.uyghurkitap.com

— تۇرانقىز دۇنيانىڭ گۈزىلى، كۆركى. ئائىلەڭنىڭ شادلىقى، شۇڭا ئۇنى ئۇرۇش- تىللاش ئەمەس، بېشىڭدا كۆتۈرۈپ ئوبدان ئاسراپ ھەمدەم بول، ئىككىنچىلەپ قول تەگكۈزمە، بىلدىڭمۇ؟

— خوپ باش مۇدىر.

— يەنە بىر ئىش، تۇرانقىز مېنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئاشخانىنى ئاچقۇچىلارنىڭ بىرى، شۇڭا ئۇنى ئىشتىن توختىتىمەن، دەپ خام خىيال قىلما. سېنى بوشاتسام بوشىتىۋېتىمەنكى، ئۇنى مەڭگۈ بوشاتمايمەن. بەلكى مائاشىنى ئۆستۈرىمەن.

تۇرانقىز يۈز- كۆزىنى يۇيۇپ ئىشقا كىرىشتى. بۇ ئىش شۇ كۈنىلا يېزىغا پۇركەتتى. كامىل شاڭخوغا قالدى. ئاياللىرىغا قارىتا قولى قاتتىقلارمۇ ئۆزىنى تارتىشتى، خوتۇنلىرىنى ئۇرىدىغان لۈكچەكلىك قىلىق ئازايدى.

# يەتتىنچى باب

## تۆردى تۆلۆم

### 1

تۆردى تۆلۆم دۆنيادىن بىزىپ، ئادىمىگەرچىلىكتىن تېزىپ كەتكەن ئادەم. ئۇ يالپاڭ چىراي، يوغان باش، سالپىيىپ چىققان يۈزىنى دانىخورەك باسقان، تېرىسىلا تۇتۇپ تۇرمىسا، ئۇسىتىخىنى تۆكۈلۈپ كەتكۈدەك ئورۇق. تۆردىنىڭ يېشى ئوتتۇز بەشكە تاقاپ قالغۇچە بىرەر ئىش - ئوقەت قىلغىنىنى بىلىدىغانلار ساناقلىقلا. ئۇ ھەتتا تۇزۇمى قاتتىق كوممۇنا دەۋرىدىمۇ ئېغىر كۈنلەر، كۈرەش قىلىش، پېپەن قىلىشقا ئوخشاش تەنھەرىكەتلەردىمۇ ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتۈپ كەتكەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشمۇ ئۇنىڭ موينى تەۋرىتىپ قويمىغان. ئەترەت، گۇرۇپپىلاردا تەنقىد، دوق - پوپوزىلارنى، تاياقلارنى تولا ئاڭلاپ ۋە يەپ، داپشاقلىشىپ كەتكەن. ئاخىر خەق ئۇنىڭدىن زېرىككەن، «قويە ئۇ تۈلۈمنى، بىر پاشا چاقسا، ئىككى كۈن شىپاخانىدا ياتىدىغان نېمىگە ئۇمىد باغلاپ نېمە چىقىراتتىڭ» دەپ قولىنى سىلكىگەنىدى. «تۇل خوتۇنلار ئاشخانىسى» قۇرۇلغۇچە تۇردىنىڭ توق يۈرگىنىدىن ئاچ يۈرگىنى كۆپ بولدى. ئۇنىڭ ئۇچەيلىرى تارتىشىپ، قورسىقى غولدۇرلىغاندىلا، ئۇ مەھەللىنىڭ تۇرخۇنلىرىغا قارايتتى. مورىسىدىن ئىس چىققان قورۇ ئالدىغا كېلىپ ھىدلايتتى، قىيما ياكى يۇمغاقسۇتنىڭ ھىدى

www.uyghurkitap.com

بۇرنىغا ئۇرۇلغان هامان ئاغزىغا شۆلگەي كېلىپ، قورسىقى غولدۇرلاپ كېتەتتى. بۇنىڭغا چىدىمىغان تۇردى، مۈشۈكتەك تىۋىشسىز مېڭىپ، ئۆيگە ئۇسسۇپلا كىرەتتى ۋە بوسۇغىدا تورۇپ سالامنىڭ چوڭىنى قىلاتتى. جوزا ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ تاماقلىنىۋاتقانلار ئۇنىڭغا بىر قىسما قاراپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سەبىيسى:

— ئاپىي، تۇيدىكامغا ئاش بەيگىنە، — دەيتتى.

ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر هىجىر ئاشنى قۇيۇپ تۇردىغا سۇناتتى، تۇردى ئالاتتى - دە، سۇپىنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ هاپىلا - شاپىلا ئاچ قارنىغا قاچىلايتتى، ئاندىن «ئاللا بەرىكىتىنى بەرسۇن» دەپ دۇئا قىلىپ چىقىپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئويۇن - تاماشا بولۇۋاتقان بورت، كورت ئويناۋاتقان سورۇنلارغا بېشىچە چۆكۈپ كېتەتتى. ئۆزىگە ئوخشاش بىكار تەلەت ئاغىنىلىرى بىلەن مايلىشىپ، قاريداپ، قاتلىشىپ كەتكەن كورتىنى ئويناتتى، ئۇ ئوغرىلىقنى بىلمەيتتى. باغلارغا كىرىپ ئالمىمۇ ئوغرىلىمايتتى، باغۋەندىن سوراپ يەرگە چۈشكەن، قۇرۇت يېگەن ئالمىلارنى تېرىپ، نەچچە يېرىدىن ياماق سالغان يانچۇقلىرىغا تولدۇراتتى. ياز بولسا ئۇنىڭ جەننىتى ئىدى، ئۇ هەرگىز ئاچ قالمايتتى. قارا ئۈجمە، ئاق ئۈجمە ۋە چىقىر ئۈجمىلەر چېكىلگەندىن تارتىپ ئۇنىڭ ئوزۇقى بولاتتى. ئۇ ئۈششاق باللارغا ئۈجمە قېقىپ بېرەتتى، ئالما بېرەتتى، ئۇلار بىلەن جاڭزا، ئوشۇق، قاچ - قاچ ئويۇنلىرىنى ئويناپتتى، شۇڭا باللار ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. ئۇ ئۆيلىرىگە كىرسىلا باللار ئانىسىغا يالۋۇرۇپ تاماق بەرگۈزەتتى.

تۇردىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى ئاچارچىلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ كىشىلەر تاماق بەرسە يەپ، بولمىسا ئاچ يۈرۈپ، ئۇدۇل كەلگەن يەردە قونۇپ يۈرۈپ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن. باشلانغۇچ مەكتەپتە

ئىككى يىلدەك ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن ئەترەتنىڭ ئىتتىپاقىدا ئىشلەپ جېنىنى جان ئەتكەن. بىراق، كوممۇنانىڭ نورمىلىق ئاشلىقىغا قورسىقى تويماي، ئۇچەيدە ماي قالمىغانلىقى يەپ تويمايدىغان، ئىككى تەخسە لەڭمەن يېسىمۇ قارنى ئاچتەك يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «تۇلۇم» دەپ ئاتىۋالغانىدى.

2

«تۇل خوتۇنلار ئاشخانىسى» ئېچىلغاندىن كېيىن تۇردى كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە كىرمەس بولۇپ كەتتى. ئۇ مېھرىگۇل باشقا ئىش بىلەن بەند بولۇپ قالغاندا، غىپلا قىلىپ ئاشخانىغا كىرىۋالاتتى. ئۇ خاس ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن مېھمانلار چىققان ھامان كىرەتتى ـ دە، ئۇلار ئاشۇرۇپ قويغان تائاملارنى سۇلىياۋ خالتىغا سېلىپ، قانداق كىرگەن بولسا، شۇنداق چىقىپ كېتەتتى ۋە خالتىدىكى ئېسىل تائاملارنى ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە يەيتتى.

بىر كۈنى مېھرىگۇل ئۇنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بىر خېرىدار ئاشۇرۇپ قويغان پۇلۇنى يەۋاتاتتى. مېھرىگۇل خېرىدارنىڭ چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ تۇردىغا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. مېھرىگۇلنىڭ قەلەم قاشلىرى تۈرۈلدى. ئۇ بۇ زاڭلىق قىلغۇچىنى ئوبدان بىلەتتى. ئون يىل مۇقەددەم بۇ ئادەم يىرتىق قاراخەي، ياماق چۈشكەن قارا كىيىم كىيىپ يۈرەتتى، ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ تىلەمچىلىك قىلاتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئورۇق يۈزى پىچاق بىلەن قىرغۇدەك كىر ئىدى. مانا ئەمدى بولسا، ئۇچىسىغا كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، بوينىغا گالىستۇك تاقىۋالغانىدى. يۈزلىرىگە ئەت قونۇپ، پېشانىسىدىكى كىچىك تۇگمىدەك مېڭىمۇ پارقىراپ كەتكەنىدى. مېھرىگۇل ئۇنى مۇشۇ

مېڭىدىن تونۇۋالدى. مېھرىنگۈل ئاچچىق قەدەملەر بىلەن تۇردى-
نىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، ئۇ يالاۋاتقان تەخسىنى يۇلۇپ ئېلىپ
يەرگە ئۇردى. تۇردى تۇلۇمىنىڭ سالپاڭ قۇلىقىنى سوزۇپ بو-
روپ:

— هوي جۇۋاينىمەك، مۇنۇ ياغاچ قۇلىقىڭ گەپ ئاڭلى-
سۇن. مۇنۇ گىدىيىپ ئولتۇرۇپ سېنى زاڭلىق قىلىۋاتقان ئادەم
بارغۇ، بىر تىلەمچىدى، ئۇ ئەخلەتخانا، مۇشۇ ئاشخانىدىن ئەس-
كى قەغەز، بوتۇلكا قاتارلىق تاشلاندۇق نەرسىلەرنى يىغىپ
سېتىپ مانا شۇنداق خوجايىنلارچە گىدىيىپ ئولتۇرىدىغان بول-
دى. سېنىڭ ئۇنىڭدىن نەرىڭ كەم؟

— مەن، مەن ھەدە ...

— بۇياققا ماڭ، — دەپ مېھرىنگۈل تۇردىنىڭ قۇلىقىدىن
سورەپ تاماق ئېتىدىغان خانىغا ئەكىردى ۋە قولى بىلەن كۆر-
سەتتى، — مۇنۇ يەردىكى ئەخلەتلەرنى ئەخلەتخانىغا ئېلىپ چى-
قىپ تۆكۈپ كىر، ئوچاققا ئوت قالا. بۇ ئىشىڭغا يارىشا قورسى-
قىڭنى باقىمەن، يېڭى ئېگىنلەر ئېلىپ بېرىمەن، ياخشى ئىشلى-
سەڭ پۇلمۇ بېرىمەن. بۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ بۇ يەرگە ئىككىنچى
دەسسىگۈچى بولما!

تۇردى بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئاستا ماڭدى. خېرىدارلار،
ئاشپەزلەر، كۈتكۈچىلەر «تۇردى تۇلۇم مېھرىنگۈل بۇيرۇغان
ئىشنى قىلامدۇ ـ يوق» دېگەن ئويدا ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي
قاراپ تۇراتتى. تۇردى بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە چوڭ ئىشىكتىن
بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ چىقىپ كەتتى. ئارىدىن بىر نەچچە
كۈن ئۆتتى، ھەممەيلەن تۇردىنى ئۇنتۇدى. تۇردىمۇ ئىككىنچى-
لەپ ئاشخانىغا كىرمىدى، ھەتتا قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى.
مېھرىنگۈل يەنە ئەندىشىگە چۈشتى، «بۇ جاڭگىرلاپ تۇرغان سو-
غۇقتا توڭلاپ قالمىغىدى» .



www.uyghurkitap.com

## 3

پاكىز يۇيۇنغان، ئادەم سىياقىغا كىرگەن تۇردى ئالتىنچى كۈنى ئاشخانىغا كىردى، سۇلياۋ خالتىلارغا سېلىپ قويۇلغان ئەخلەتلەرنى كۆتۈرۈپ، ئىغاڭلاپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ مېڭىشىدىنلا مېھرىگۇل ئۇنىڭ ئاچلىقىنى بىلدى، ماغدۇرسىزلىقىدىن يىپيېنىك ئەخلەتنى ئاران كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئىچى سېرىلىپ كەتتى. ئۇ باش قورۇمچىغا پىچىرلىدى. ساپلىق قازان گاژ - گۇژ، ۋاژ - ۋۇژ قىلىپ ئاۋاز چىقاردى، تۇردى قايتىپ كىردى، ئۇ مېھرىگۇلگە «يەنە نېمە ئىش قىلاي» دېگەندەك قارىدى. مېھرىگۇل:

— مونۇ ئۈستەلدە ئولتۇرغىن، — دەپ ئورۇن كۆرسەتتى.

شەمشەم بىر تەخسە چۆپ، بىر تەخسە قىيمىلىق سەينى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. تۇردى بىردە ئالدىدىكى دېمىغىنى غىدىقلاۋاتقان تائامغا، بىردە مېھرىگۇلگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— قېنى، تاماققا باققىن، — دەپ كۈلۈمسىرىدى مېھرىگۇل.

تۇردى تىترەك قوللىرى بىلەن چوكىدىن بىرجۈپ ئالدى، تۇنجى قېتىم ئادەم سىياقىدا ئىسسىق، ئوخشىغان تاماقتىن بىر چوكا ئاغزىغا سالدى، ئالدىرىماي چايناپ، لەڭمەننىڭ لەززىتىنى تېتىدى.

مېھرىگۇل سىرتتىن ئاق سۇرپىدىن تىكىلگەن بىر كۆڭلەك - تامبال، مايكا، بىر قۇر تاشقى كىيىم كۆتۈرۈپ كىرگەندە، تۇردى لەڭمەن سۈيى ئىچىپ ئولتۇراتتى. مېھرىگۇل كىيىملەرنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئاشۇ كۈنى مەن ساڭا ئېچىنىپ ۋارقىرىدىم، چۈنكى مەن ھەدەڭغۇ، يەنىلا شۇنى ئېسىڭدە تۇت، سەن ئاشقان تاماقنى

يېگەن ئادەم دىۋانىلىك قىلىپ يىغقان پۇل بىلەن قەغەز، پىۋا شىشىسى يىغىپ سېتىپ يىغقان پۇلىغا مەھەللىمىز چېتىدىكى بىر پارچە شېغىللىق يەرگە بىر ئېغىز ئۆي سالغان، ئىككى يىلدىن كېيىن يەنە ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىپ، شېغىللىقنىڭ بەش يۈز كۇۋادرات مېتىر يەرنى قاشالىدى، ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش قەغەز، بوتۇلكا يىغىدىغانلاردىن قەغەز يەشىك، بوتۇلكا سېتىۋېلىپ، قەغەز، پىۋا زاۋۇتلىرىغا دۆڭ سېتىپ بېيىپ كەتتى. مانا، تىرىشقان ئۇزار دېگەن شۇ. سەنمۇ گېپىمنى ئاڭلاپ تىرىشساڭ بېيىيسەن، ساڭا نەچچە دېدىم، دېھقانچىلىقنى ئېغىر كۆرسەڭ ئاشخانىمىزدىكى بوتۇلكىلارنى يىغىپ سات، ئاشخانىدا ئىشلە دەپ. لېكىن گەپلىرىم ياغاچ قۇلىقىڭغا كىرمىدى. ئەمدى مۇشۇ ئاشخانىدا ئىشلە، قورسىقىڭ توق، كىيىمىڭ پۈتۈن بولىدۇ. ئايدا مائاش ئالىسەن، ياخشى ئادەم بولساڭ ئۆيلەپ قويىمەن.

تۇردى بېشىنى ماقۇللۇققا ئىغىتتى.

— ئاۋۇ خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ مۇنچىسىنى بىلىسەنغۇ، مۇنچىدا پاكىز يۇيۇنۇپ، مۇنۇ كىيىملەرنى كىيگىن.

تۇردى مۇنچىدىن پارقىراپ، قىزىرىپ، يېڭى كىيىملىرى ياراشقان بىر ئالىپتە يىگىت بولۇپ چىقتى. ئاشخانىدىكى ئاياللار ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران قېلىشتى.

— پاھ ـ پاھ، ئەسلىدە كېلىشكەن يىگىتكەن ئەمەسمۇ!

تۇردىغا ھەممىدىن ئاۋۋال سەي ئاقلىغۇچى تۇرغۇنئاينىڭ كۆزى چۈشتى. تۇردى پەس ئاۋازدا:

— رەھمەت ھەدە، سىزنىڭ غەمخورلۇقىڭىزدا دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك بولدۇم، — دېدى مېھرىگۈلگە.

— دوزاختىن چىقىپ جەننەتكە كىرگەنلەرگە ھۆر قىزلار خىزمەت قىلىدۇ، — دېدى تۇرانقىز تۇرغۇنئايغا قاراپ قويۇپ.

ئۇ تۇرغۇنئاينىڭ تۇردىدىن كۆزىنى ئۈزەلمىگىنىگە قاراپ دارىتە-
قاندى، سەزگۈر قىز تۇراقسىزغا ئالىيىپ قويدى.
— مانا ئەمدى مېنىڭ ئىنىم سۇپىتىگە كىرىپسەن، بۇ ئەقىللىق يىگىتنىڭ ئۆز ئورنىنى تاپقانلىقى بولۇپ قالار، دېگەن ئۈمىدتىمەن، كونا كىيىملىرىڭنى كۆيدۈرۈۋەتكىن، — دېدى.
— ياق، — دېدى تۇردى سۇلياۋ خالتىدىكى كىيىملەرنى قولتۇقىغا مەھكەم قىسىپ، — كۆيدۈرمەيمەن.
— ئۇئۇش، كۆيدۈرمەي، يەنە كىيەتتىڭمۇ؟ — دەپ مېھرى-گۈل خالتىنى يۇلۇپ ئېلىپ تالاغا تاشلىۋەتتى. تۇردى ئىتتىك چىقتى، مېھرىگۈل يەرگە ئاتقان خالتىنى ئېلىپ تۆكتى. چاپ-نىنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ، گىرۋەك-لىرى قىرچىلىپ كەتكەن قەغەزنى ئالدى، مېھرىگۈل سورىدى:
— بۇ نېمەڭ؟
— ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ ھۆججىتى.
— ئەكىلە كۆرۈپ باقاي.
تۇردى جېنىدىن ئەزىز كۆرۈپ ساقلاپ كەلگەن قەغەزنى نائىلاج بەردى. مېھرىگۈل قەغەزنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئالقىنىدا سىلاپ پۈكلەنگەن يېرىنى تەكشىلىدى، ئاندىن ئوقۇدى:
«تۇردى مېنىڭ ئۆيۈمنى سېلىشقا ئالتە ئاي ياز قاتناشتى. بۇنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆي پۈتكەندە بېرىمەن دەپ: سەمەت»
يەنە بىر ھۆججەت چوڭ ئەترەت باشلىقى قاسىمنىڭ بولۇپ، ئۇ ئىككى ياز ئۆي سېلىشقا ئىشلەتكەنلىكىگە بېرىلگەنىكەن.
— سەن ھورۇنلۇقتا نام چىقارغىنىڭ بىلەن ئىچىڭ پۇختى-كەن جومۇ، — دەپ كۈلۈپ كەتتى مېھرىگۈل.

## 4

مېھرىگۈلنىڭ گېپىنىڭ تېگى بار، ئەلۋەتتە. تۇردى كوم-

مۇندا ئىشلىگەن چاغلىرىدا ئېرىق چاپتى، جامان تەپتى، يەر سۇغۇردى، يەر ھەيدىدى، تاپقىنى قورسىقىنى تۈزۈكرەك تويغۇزالمىدى، شۇنچە ئىشلىسىمۇ تەقسىماتتا پۇل تەگمىدى. شۇڭغا تۇردى بارا - بارا ئىشتىن سوۋۇدى. بۇرۇنقىدەك جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىمىدى. ئۇ بۇيرۇغان ئىشنى كەلسە - كەلمەسلا قىلىپ قويىدىغان، يازنىڭ ئىسسىقلىرىدا قارىياغاچ سايىسىدە ئۇخلىۋالىدىغان بولۇۋالدى.

بىر كۈنى ئۇ سالا ئېتىزغا سۇنى ئېچىپ قويۇپ، دەرەخ سايىسىگە كەلدى - دە، ئۇخلىسىغا چۈشۈپ ياتتى، ئۇ بېشىغا تەگكەن تېپىكتىن ئويغىنىپ كەتتى. ئەترەت باشلىقى ئۇنى تىللاپ، تېپىۋاتقانىكەن، دەل شۇ چاغدا مېھرىگۈل كېلىپ قالدى. مېھرىگۈل:

— ھوي ئەترەت بولماي كەتكۈر، ئۇخلاۋاتقان بالىنى شۇنچە تەپكىنىڭ نېمىسى، ئۇنى سارالڭ قىلماقچىمىدىڭ؟ — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

— يۇز يىگىرمە مو كۆزگى بۇغداينى سۇ بېسىپ كەتتى، ئۇ چىرىپ كەتسە كىم جاۋاب قىلىدۇ؟

— ئۇ ئۆلۈپ قالسا سەن جاۋاب قىلىدىغىنىڭنى، قاتىل سۈپىتىدە جازاغا تارتىلىدىغىنىڭنى ئونتۇدۇڭمۇ؟ كۆزگى بۇغداي ئەلامۇ، ئادەمنىڭ ھاياتى ئەلامۇ؟ بىر بىچارە ئىشلەپ ھالى قالماي ئۇخلاپ قالغىنىغا شۇنچە تەپكەن بارمۇ.

ئۇنىڭ بۇ كەسكىن، نەشتەردەك سۆزىدىن ئەترەت باشلىقىنىڭ داپشاق يۈزى جىمىرلاپمۇ قويمىدى. ئەكسى ھالدا ئۇ مەسخىرىلىك ئاۋازدا:

— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، بۇ رودۇپاي تاياقتا ئۆلۈپ قالمايدۇ، — دەپ كېتىپ قالدى.

— ئالدىرىما، ھەققانىيەتنىڭ مۇقەددەس تېپىكى ئاخىر كۆتۈڭگە تېپىدۇ، — دېدى مېھرىگۈل تۇردىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇۋې-

تىپ.

مانا شۇ كۈندىن تارتىپ تۇردى كوچىغا چىقىپ كەتتى. ئەمما مېھرىگۈلنىڭ دىگىنىدەك. ھەققانىيەتنىڭ مۇقەددەس تېپىكى بۇ تەييارتاپلارنى سەھنىدىن تېپىپ چۈشۈردى. ئەمدى بولسا ئاشۇ ئەترەت باشلىقىنىڭ ھۆججىتى مېھرىگۈلنىڭ قولىدا تۇرۇپتۇ. شۇڭا مېھرىگۈل «ھىم، ئەمدى سېنىڭ جاۋاب بېرىدىغان ۋاقتىڭ يەتتى.» دەپ پىچىرلىدى.

## 5

تۇردى مېھرىگۈلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تۇرغۇنئاي بىلەن بىللە ئىشلەشكە باشلىدى. روھى كۆتۈرۈلگەن تۇردى ئىشقا بېشىچە كىرىپ كەتتى. ئۇ ھەممەيلەن ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كەتكەندە، ئۇچاقنىڭ كۈلىنى ئالاتتى، چوڭ ـ چوڭ كۆمۈر سېلىپ، قازانغا سۇ قۇياتتى، ئاندىن گىلەم سېلىنغان خاس ئۆيدە ئۇخلايتتى. يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى تەكشۈرەتتى. سەھەر قوپۇپ، ئاشخانا ئىچى ـ تېشىنى پاكىز سۈپۈرەتتى، ئاندىن تۇرغۇنئاينىڭ كۆرسىتىشى بويىچە ئوتياش ئاقلايتتى، ئوتياش توغرايتتى. ئۇ ھەر كەچلىكى ئاشخانا ئۇستەللىرىدە قېپقالغان، مىنېرال سۇ، پىۋا بوتۇلكىلىرىنى يىغىپ كۆمۈرخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا توپلايدىغانمۇ بولدى.

— توۋا، ئادەم ئۆزگەرسە قالتىس ئۆزگىرىدىكەن ـ ھە!

— ھە، ئۇنى ئادەم قىلغان مېھرىگۈل ـ دە.

— ھەدىمىزنىڭ مېھرى تەسىر قىلدى، تەنبىھى ئۆتتى ـ دە.

— يەنە تېخى قىزلارنىڭ سېھرىي كۈچىمۇ بار.

ئاشخانىدىكىلەر تۇرانقىزنىڭ بېشارىتىنى چۈشىنىپ، تۇرغۇنئايغا قاراپ قويۇشتى، تۇرغۇنئاي بېشىنى كۆتۈرمەي ئوتياش

تو غراۋەردى.

ئايالّلار سىنچى كېلىدۇ. تۇردى قايناقسۇنى قايىنتىپ چوڭ چايدانلارغا ئېلىپ بولۇپ، چاي دەملەپ ئىچىۋاتقاندا، تۇرغۇنئاي كېلىدۇ. ئۇلار بىرلىكتە ناشتا قىلىپ ئۇتياش ئاقلاشقا كىرىشىدۇ. ئاشخانا خادىملىرى ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن تۇردى ئاۋۋال قاچا - قۇمۇچلارنى تۇرغۇنئايغا يىغىپ بېرىدۇ. تۇرغۇنئاي يۇيۇپ، ئاق ماتادا ئېرتىپ پارقىرىتىدۇ. بۇ خىل ھەمارلىق تۇرغۇنئايدا تۇردىغا نىسبەتەن بىر خىل ئىللىق سېزىم ھاسىل قىلدى.

مېھرىگۇلنىڭ نەسىھىتى تۇردىنىڭ مېڭىسىدىن بىر كۇنمۇ چىققىنىــى يوق. ئـۇ تۇرغـۇنئايىنـى ئۆيىگـە ئاپىرىپ قويۇپ كېلىدۇ - دە، ئۆزى كولاپ قويغان ئۆرەككە كۇلنى ئېلىپ تۆكىدۇ. ئاندىن ئاشخانىدىن ئاشقان - تاشقان تائاملار، ئۇتياش ئەخلەتلىرىنى تۆكۈپ، تۆپىسىنى بىر قەۋەت توپا بىلەن يېپىپ قويىدۇ. ئۇ بۇنى چىرىتىپ نەچچە يىلدىن بېرى تاشلىنىپ كەتكەن ئۈچ مو يېرىگە ئوغۇت قىلىپ چاچماقچى بولىدۇ.

ئۇ يەنە بوتۇلكا يىغىپ سېتىش ھەققىدىكى مېھرىگۇلنىڭ پىكرىنى لايىق تاپتى. ھەر كۇنى ئاشخانىدىكى بوتۇلكىلارنى يىغىپ كۆمۈرخانىغا توپلىدى، ئاشخانىغا نەرسە - كېرەك ئەكەلگەندە قەغەز يەشىكلەرنىمۇ يىغدى ۋە بۇنى كېيىن داۋۇتقا ساتتى، داۋۇت بۇنداق يەشىكلەرگە ئالما قاچىلايتتى. ئاشخانىدا ھەر كۇنى ئەللىك - ئاتمىش پىۋا بوتۇلكىسى، ھەر خىل سوغۇق ئىچىملىكلەرنىڭ ئاليۇمىن قـاچىلىرى يـىغىلىپ قالاتتــى. ئۇ بۇلارنى يىغىپ، ئۆزى بىر قېتىم ئاشقان تامىقىنى يەپ، مېھرىگۇلدىن ئاھانەت ئىشتكەن شاربارچىغا ساتاتتى. بۇ ئۇنى «ئىش تاپىدىكەن، پۇل تاپىدىكەن» دېگەن پىكىرگە كەلتۇردى. بىر ئايدىن كېيىن ئۇ كۆرە پىۋا زاۋۇتىغا بېرىپ، شىشە ئۆتكۈزۈش توختىمى تۈزدى. زاۋۇت خادىمى: «بوتۇلكىلارنى يۇيۇپ ئەكەلـ

ـسەڭ ئەللىك تىيىندىن ئالىمەن» دېدى. تۇردىنىڭ كۆز ئالدىغا شۇ ھامان مەھەللىدىكى بىكار يۈرگەن قىزلار كەلدى. ئۇ مەھەل‐لىسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ راسخوتىنى بېرەلمەي، بىكار يۈرگەن ئىككى قىز بىلەن سۆزلەشتى. ئۇلارغا بىر بوتۇلكا يۇيۇپ بەرسە بىر تىيىن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قىزلار:

— ۋىييەي، بىر تىيىنغا بىر تال شىمىشكىمۇ كەل‐مەيدۇ، — دەپ ئۇنىمىدى.

— ھەي سىڭىللار، — دېدى تۇردى، — بىز كومموندا بىر تىيىنغا بىر كۈن ئىشلەيتتۇق ... يۈز بوتۇلكا يۇساڭلار بىر سوم، مىڭنى يۇساڭلار ئون سوم بولىدۇ.

— كۆڭلىكىمىزگە ئون سومدىن بېرىڭ.

تۇردى كۆنگە ئەمەس، ھەپتىگىمۇ مىڭ بوتۇلكا يىغالمايت‐تى. ئۇ ھېسابلاپ كۆرۈپ مۇنداق دېدى:

— بولمىسىچۇ، بىر بوتۇلكا يۇساڭلار بەش تىيىن بېرەي. ھەر دۈشەنبە كۈنىلا كېلىسىلەر.

قىزلار ماقۇل بولۇشتى.

**6**

كېچە ـ كۈندۈز بىللە ئىشلەش داۋامىدا تۇردىدىكى بۇخىل ئۆزگىرىشلەر تۇرغۇنئايدا بىر خىل ھېسسىيات پەيدا قىلدى. ئۇ ئەمدى ئاشخانىغا مۇمكىن قەدەر ياسىنىپ ـ تارىنىپ كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ياسانمىسىمۇ تۇردى ئۇچۇن ئۇنىڭ قاپقارا قويۇق چاچلىرى، خۇشپىچىم تەن قۇرۇلۇشى، قوي كۆزى، نېپىز لەۋلىرى شۇنداق گۈزەل كۆرۈنەتتى.

بىر كۈنى تۇرغۇنئاي كېچىكىپ كەلدى. ئۇ كېچىچە ئاغرىق ئانىسىدىن ئانسىرەپ، ئۇنىڭغا قارايمەن دەپ تاڭ ئالدىدا ئۇخلاپ قالغانىدى. دېرىزىدىن چۈشكەن ئۆتكۈر قۇياش نۇرى ئۇنىڭ

كۆزىنى چاققاندىلا ئالدىراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، ئۇدۇل ئاشخا-
نىغا باردى. جاۋۇرلاردىكى توغرالغان ئوتياشلارنى كۆرۈپلا ھەي-
ران قالدى. ئۇ ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان نۇرلۇق
يۈزنى كۆرۈپ، ھەممىنى چۈشەندى. تۇرغۇنئاينىڭ قەلب دول-
قۇنلىرى ئۆركەشلىدى، سۆيۈنگىنىدىن بۇ نۇر يېغىپ تۇرغان
يۈزنى سىلىغۇسى، قېلىن لەۋلىرىگە لېۋىنى تەگكۈزگۈسى كې-
لىپ كەتتى، لېكىن ئۇ پەردىشەپلىك قىز بولغاچقا ئۇنداق قىل-
مىدى. پەقەت «مانا تۇرمۇشۇمنىڭ جورىسى، ئۆز ۋاقتىدا نەدى-
كى بىر بايۋەچچىگە كۆيۈپ يۈرۈپتىمەن. كۆزگە ئىلماي يۈرگەن
بۇ يىگىت ئۇ بايۋەچچىدىن مېھرىبان، كۆچلۈك، قامەتلىك ئې-
كەن ئەمەسمۇ! ئاپامنىڭ ‹قىزلارنىڭ كۆزى كور› دېگىنى مۇ-
شۇ ئىكەن ـ دە» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. تۇرغۇنئاي ئۇ
بىر باينىڭ بالىسىغا تەگمەكچى بولغاندا، باي «ئوغلۇمنى كې-
سەلمەن خوتۇنغا ئىچ كۈيئوغۇل قىلىپ بەرمەيمەن» دەپ ئۇنىمى-
غانىدى. شۇنىڭدىن بىرى تۇرغۇنئاي ئاپامنى يالغۇز قويۇپ ئەر-
گە تەگمەيمەن، دەپ يۈرگەنىدى. مانا ئەمدى تۇردىدەك قارا
يېتىم ئانىسىغا كۈيئوغۇللا ئەمەس، ئۆز ئوغلىدەك بولالايدۇ.
شۇ مىنۇتتىن باشلاپ، قىز ئۆزىنى بۇرۇنقى تاشلاندۇق تۇلۇمغا
ئاتىدى.

— ئاي، نېمىگە قاراپ قالدىڭىز، ئوتياشلارنى لايىق توغرا-
لاپتىمەنمۇ ياكى ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇپ قاپتىمۇ؟ — دەپ سورى-
دى تۇردى.

قىز بۇ ئەندىشىلىك سوئالدىن تېخىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ
ئەمدى ئىزانى قايرىپ قويسا كېرەك، ئىتتىك بېرىپ تۇردىنىڭ
مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى. تۇردى سۆيگۈنىڭ كۆيدۈرگۈچ لەززىتى-
دىن بىر لەھزە قېتىپ قالدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ تۇرغۇنئاينىڭ
بېلىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. ئۇلار گويا چاڭقىغان قەلب
ھەۋزى كەۋسەرگە چۆمۈلگەندەك يايرىدى. «غىچ» قىلغان ئاۋاز-

دىن ئۇلار ئىتتىك ئاجراشتى. مېھرىگۇل ئوتياشلارنىڭ كۇندى-
كىدىن بالدۇر توغرىلىپ بولغىنىنى كۆرۈپ:
— يارايسەن تۇرغۇنئاي، سېنى مۇكاپاتلايمەن! — دېدى.
— ياق، ياق... — تۇرغۇنئاي ماڭا تۇردى توغراپ بەردى،
دېمەكچىدى، ئىزاتارتتى.
— بۇگۇنكى ئىشىڭىز مۇكاپاتلاشقا لايىق، — دەپ تۇردى
قىزنى سۆزلەتمەي ئۆزى چۇشەندۇردى، — قاراڭغۇ - ماراڭغۇدا
كېلىپ، ئوتياشلارنى ئاقلاپ، توغراپ قويدىڭىزغۇ.
— يا - ق، تۇردى...
— ھە، نېمە دەيسىز؟ كەمتەرلىك قىلماڭ.

7

مېھرىگۇل بۇ ئىككى ياشنىڭ چىقىشىپ قالغىنىنى سېزىپ
خۇش بولدى. ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن ئىشقا ماڭدى. ئۇ بىر كۇنى
تۇردىنى باشلاپ ئىلگىرىكى ئەترەت باشلىقىنىڭ ئۆيىگە باردى.
ئۇچ ئېغىز، يېڭى پېشايۋانلىق ئۆي ھويلىنىڭ كۇنگەي تەرىپىدە
قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. باغچە تەرەپتىكى ئېغىل ئالدىدا ئىككى
قوڭۇر سېيىر كۆشەپ ياتاتتى. مېھرىگۇل مۇشۇ سېيىرلارنىڭ
ھەر كۇنى يىگىرمە بەش چىنە سۇتىنى ئاشخانىسىغا ئالاتتى.
ساھىبخان سەھىبە يۇگۇرۇپ دېگۇدەك مېڭىپ مېھرىگۇللەرنىڭ
ئالدىغا چىقتى، ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى.
— رەھمەت، ياز ھاۋاسىدا ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدا ئولتۇراي-
لى، پاھ - پاھ، ئۇزۇملىرىڭلار قالتىس بوپتۇ، — دېدى مېھرى-
گۇل.
— ھەرقايسىڭلار ئېغىز تەگكۇدەكلا، — دەپ سەھىبە ئو-
چاق بېشىغا ماڭدى.
— جوۋۇماڭ، بىز ئالدىرايمىز، سەمەت بارمۇ؟

— ئۇنى سورىمايلا قويۇڭ، — دەپ قايتىپ كېلىپ باغاچ سۇپىنىڭ كىرۋىكىگە ئولتۇردى سەھىبە، — باشلىقلىقتىن چۈشكەندىن كېيىن بىر قىسىملا يۈردى. كالىلارنى تاڭ سەھەردە ئوتلىتىپ، بىر باغ چۆپ ئېلىپ كېلىدۇ ـ دە، نەگىدۇر يوقاي-دۇ. بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە يۈرەمدىكىن، ئەر كىشىنىڭ كەينىدىن يۈرگىلى بولمايدىكەن.

— ئەمىسە كەلگەندە ئېيتىپ قويارسىز، مۇنۇ تۇردى مۇشۇ ئۆيلەرنى سالغاندا، ئالتە ئاي ئىشلەپتىكەن، ئىش ھەققىنى تې-خىچە بەرمەپتۇ، سەمەت ئەتە مېنىڭ ئاشخانامغا بارسۇن.

مېھرىگۈل شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى، سەھىبەنىڭ ھال ئېيتىشىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ چىقىپ كەتتى. مېھرىگۈل قە-دىمىنى سابىق چوڭ ئەترەت باشلىقىنىڭ ئۆيىگە تاشلىدى. بۇ تۇردىغا تونۇش ئۆيلەر ئىدى. تۇردى بۇ نەقىشلىك ئۆيلەر پۈتكۈ-چە ئىككى ياز ئىشلىگەن ـ دە، بۇ ئۆيلەرنىڭ قاپقاقلىق دېرىزى-لىرى كوچىغا قارىتىلغان، تاملىرىنى بىر يېرىم مېتىر ئېگىز-لىكتە خىش بىلەن قوپۇرۇپ، ئاندىن خام كېسەكتە قويغان ئالتە ئېغىز ئۆي ئىدى. ھويلىدىن كىرىدىغان ئىشىكى قوش ئىدى، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا ئاق ساقاللىق بوۋاي قوش تەكىيگە يۆلى-نىپ، تەسۋىي تارتىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئىلگىرىكى چوڭ ئەترەت باشلىقى قاسىم ئىدى. ئۇ مېھرىگۈلنىڭ سالىمىغا جاۋاب بەردى-يۇ، ئەمما ئورنىدىن تۇرمىدى.

مېھرىگۈل كارىۋاتنىڭ يېنىدا تۇرغان ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇردى، بوۋايدىن ھال سورىدى. ئاندىن:

— قاسىمكا، تۇردىنى ئىككى ياز ئىشلەتكەنىكەنسىز، ئىش ھەققىنى مۇشۇ كەمگىچە بەرمەپسىز، شۇنى بەرسىگىز دەپ كەلدۇق، — دېدى.

— ئىش ھەققى؟! — دەپ تەئەججۈپلەنگەندەك تەكرارلىدى قاسىم، — ئۇنى سەمەت ئەترەت مەجبۇرىيەت ئىش ھەققى سۈپە-

تىدە ئەۋەتىپ بەرگەن تۇرسا، يەنە نېمە ئىش ھەققى ئۇ؟
— سىز گە مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى مەدىكار بولۇپ ئىشلىگەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىشىڭىز كې-رەك.
— سىز سوتچىدەك كېسىم قىلىۋاتىسىزغۇ؟
— سوتچى بولمىساممۇ قانۇننى بىلىمەن، «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» دا كۆرسىتىلگەن بويىچە بېرىشىڭىز كېرەك. بولمىسا سوتقا ئەرز سۇنىمەن.
— ئەرز قىلسا قىلسۇن، ئۇنىڭ مەندە ھەققى يوق!
— بەرمىگىنىڭىزنى كۆرىمىز، — تۇردى، بۇ ئادەمدە ئىش ھەققىڭ بارمۇ؟ ساڭا نومۇر بەرگەنمۇ؟
— ياق، — دېدى تۇردى كەسكىن قىلىپ، — سۇيۇق - سېلەك تاماقتىن باشقا ھېچنېمە بەرمىگەن. ھەتتا ھەق بېرىش بۇياقتا تۇرسۇن، تىللاپ، ئۇرۇپ ئىشلەتكەن.
— ئاڭلىغانسىز قاسىمكا.
— بۇ ھۇرۇن كاززاپلىق قىلىۋاتىدۇ، گۇۋاھىڭ بارمۇ؟
— بولمايچۇ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى، — يالغۇز مەن ئە-مەس، يەتتە بالا ئىشلىگەنمىز.
بۇ گەپ ئۈستىگە ئۆيدىن قىرىق ياشلار چامىسىدىكى قاسىم-نىڭ چوڭ ئوغلى چىقىپ قالدى. ئۇ تىل ياغلىمىلىق بىلەن مېھرىگۈللاردىن ھال سورىدى. ئاندىن:
— ئىش بولسا، مەسلىھەت بىلەن پۈتىدۇ، — دېدى.
— قاسىمكا، ئوبدانراق ئويلىنىڭ، بىز يەنە كېلىمىز.
مېھرىگۈل شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنى تۇردىنىڭ «يەتتەيلەن بىلەن ئىشلىگەنمىز» دېگەن سۆزى قايتۇردى. ئۇ كوممۇنا قۇرۇلغاندا مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى، مەدەنىيەت ئىنقى-لابىدىن كېيىن چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغان قاسىمنىڭ ئاساس-لىقچە تۇردىنىڭ ھەققىنى بەرمەيدىغىنىنى چۈشەنگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

— بۇ ئەترەت باشلىقلىرى راسا جاھىل ۋە ئۇششۇقلاردىن ئىكەن، — دېدى مېھرىگۇل دوستلىرى تۇردىنىڭ ئىش ھەققىنى بەرگەن - بەرمىگەنلىكىنى سورىغاندا، — ئالدىغا نەچچە بېرىپ سۆزلەشتۇق، زادىلا يېقىن كېلەر ئەمەس. ئۇلاردا ئىشلىگەن باشقا يەتتە ياش دېھقانمۇ بېرىپ خېلى تاكالاشتى. سوتقا ئەرز سۇنمىساق بولمىغۇدەك.

مېھرىگۇل سەككىز دېھقان نامىدىن سوتقا ئەرز سۇندى. سوتتىكىلەردىن «بۇ ئون ئۈچ يىل بۇرۇنقى ئىش ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز مۇنداق ئىش توغرىسىدا دېلو تۇرغۇزۇپ باقمىغان» دېگۈچىلەرمۇ، «‹ھەق تەلەپ قانۇنى›، دا ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىش ئەمگىكى قوغدىلىدۇ، دېيىلگەن. ئەترەت باشلىقلىرى شاگىۋۇلار-دەك دېھقانلارنى بوزەك قىلغان، بۇ ھال ھازىر بەزى بېيىغان شەخسلەردىمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ، شۇڭا دېلو تۇرغۇزۇپ سوت قى-لىش زۆرۈر» دېگۈچىلەرمۇ بولدى. بۇ خىل قاراشلار سوتچىلار-نى نۇرغۇن قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، ئىزدىنىشكە مەجبۇر قىلدى. مېھرىگۇلمۇ ئۆگەندى. ئاخىر دېلو تۇرغۇزۇلدى. سوت ئېچىلىدىغان ۋاقىت ئۇقتۇرۇشىنى ئالغان مېھرىگۇل تۇردىنى باشقا يەتتە كىشىنى يىغىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ئەرز قىلغۇچى، ئۇلارنىڭ گۇۋاھچىلىرى بولۇپ ئون ئۈچ ئادەم ئاشخانىغا توپلان-دى. مېھرىگۇل ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

— سوت ئۆگۈنلۈككە ئېچىلىدىكەن، بىز ئوبدان تەييارلىق قىلايلى، بىز سوتتا راست گەپ قىلىشىمىز، پاكىتلىق سۆزلى-شىمىز كېرەك. سوراقچىلار، ئادۋوكاتلارنىڭ سوئالىغا قىسقا، ئەق گەپ بىلەن جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك. نەچچە كۈن، كۈنىگە نەچچە سائەت ئىشلىگىنىڭلار، ھەق بەرگەن - بەرمىگەنلىكىنى، تامىقى قانداقلىقىنى دەپ بېرىڭلار، بىز خەقتىكى ئاجىزلىق بىرلىك - ئىتتىپاقلىق يوق، بىز يەنە قانۇننى بىلمەيمىز، قانۇننى بىلمىسەك ئۇتتۇرىمىز. بۇ ئىككى ئاجىزلىقىمىز تۈپەيلى

ئورنىنى تولدۇرغۇسىز نۇرغۇن زىيانغا ئۇچرىدۇق.

— قىرىغاندا، قانۇنغا چىشىمىز پاتمايدۇ - دە، — دېدى بىر گۇۋاھچى بوۋاي.

— چىشىمىز پاتىدۇ، ھازىر باغقا بېرىپ، مۇنۇ ھەق تەلەپ قانۇننى ئۆگىنىمىز. گۈلشەن ئوقۇپ چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ، بۇ قىز سوتتا ئىشلەيدۇ.

— سوتچى ئۆگەتسە بولىدىكەن.

ئۇلار بىر - بىرلەپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسىمۇ ئۆگىنىشتى. مېھرىگۈلنىڭ تەلىپى بويىچە كەلگەن سوتچى قىز گۈلشەن ئۇلارغا قانۇننى خېلىلا چۈشەندۈرۈپ قويدى.

سوت ۋاقتى - سائىتىدە ئېچىلدى. بىر توپ دېھقان سوت بىناسىنىڭ پەلەمپىيىدىن بىر - بىرلەپ تىزىلىپ چىقىشتى. مېھرىگۈل ئۇلارنى سوت زالىغا باشلاپ كىردى ۋە ئوڭ تەرەپ بىرىنچى رەتكە ئولتۇرۇشتى. سوت باشلاندى. ئاۋۋال تۇردى قاتارلىق سەككىز ئەمگەكچى ئىش ھەققىنى تەلەپ قىلىدىغىنىنى، ئىش كۈنى، ۋاقتى - سائىتىنى ئىسپاتلىق سۆزلەپ دەلىل- لىدى. ئاندىن گۇۋاھچىلار تەكلىپ قىلىندى. بىرىنچى بولۇپ مېھرىگۈل مۇنداق گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى:

— مەن بۇ سەككىز ئەمگەكچىگە تاماق ئېتىپ بەرگەن، شۇڭا ھەممە ئىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن. كۆرگەنلى- رىمنىڭ ھەممىسى توغرا، يالغىنى يوق، يالغان بولسا، سوتقا جاۋاب قىلىمەن.

ئۇ ئىككى ئەترەت باشلىقىنىڭ توققۇز ئېغىز شەخسىي ئۆيىد- نى سېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا دەسلەپ لاي ئەتكۈزۈپ كېسەك قۇيغۇزغان، توشۇتقان، لىم چىقارغان، سۇۋاق لاي ئەتكۈزگى- نىنى، كۈنىگە ئون ئىككى سائەتلەپ ئىشلەتكىنىنى پاكىتلار بىلەن بايان قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— قاسىمكام بەجايىكى بۇرۇنقى بوتۇڭلاردەك قولىنى كەي-

www.uyghurkitap.com

ىنگە قىلىۋېلىپ، ئىشلىگۈچىلەرگە ۋارقىراپ ــ جارقىراپ بىر مىنۇتمۇ دەم بەرمىدى، ھەتتا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى. بىر كۈنى تۇردى تاماكا بۇراۋاتاتتى، قاسىمكا تۇردىنىڭ قولىغا تېپ-پىپ موخۇركىسىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ھەتتا «ھەي ھارام تاماق، يىگىنىڭگە لايىق ئىشلىمەي ئولتۇرىسەنغۇ، بۇ يەر سېنىڭ ئارام-گاھىڭ ئەمەس. قوپە، ماۋۇ لايىنى يەنە بىر ئۆرى!» دەپ ۋارقى-رىدى. قاسىمكامنىڭ بەرگىنى تاماق ئەمەس، ھەلەپ دېسەك خاتالاشمايمىز. ئۇ تاماق ئەت دەپ ئىككى تۇخۇم، ئىككى چىنە ئۇن بېرىدۇ. يا مېيى، گۆشى يوق. ھېلىمۇ ياخشى بەش ـ ئالتە توخۇ بېقىپ ھويلىغا ئوتياش تېرىپ قويۇپتىكەنمەن، شۇلا-رنى ئەكىلىپ تاماق ئېتىپ بەردىم. ئۇلار خۇددى شاڭيۇلاردەك ئادەم ئىشلىتەتتى. شۇڭا سوتتىن ھەق تەلەپ قانۇنى بويىچە ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئېلىپ بېرىشنى سورايمەن.

سوتچى قاسىمدىن سورىدى:

— ئەرز قىلغۇچى ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ قويغان پاكىتلىرى توغرىمۇ؟

— بۇ سەككىز كىشىنى ئىشلەتتىم، بۇ راست، بىراق ئۇلارنى مەجبۇرىيەت گۈچى سۈپىتىدە ئىشلەتتىم، سەمەت دۈي-جاڭ ئۇلارغا گۈڭ نومۇرى بەردى. نومۇر بويىچە ھەق بېرىلىپ بولغان تۇرسا، يەنە ھەق بەرسەم قانۇنغا توغرا كەلمەس، دەي-مەن. مېھرىگۈلنىڭ مەندەك بىر پارتىيىلىك كادىرنى شاڭيۇغا ئوخشىتىشى مېنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقۇمغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغان-لىقتۇر. بۇنى سوتنىڭ ئەنگە ئېلىپ قويۇشىنى ئۆتۈنىمەن. مېھرىگۈل يەنە يالغان ـ ياۋىداق پاكىتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ. مەن نەدىنمۇ مەدىكارلارنى تىللاپتى-مەن، تاماقنى ...

— تىللىدىڭغۇ؟ — دەپ سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى تۇردى.

— قاسىم سۆزلىگەندە سۆزىنى بۆلۈشكە بولمايدۇ، — دېدى

سوتچى.

كېيىن باشقا گۇۋاھچىلاردىن سەمەتمۇ سەككىز كىشىگە مەجبۇرىيەت ئىش كۈنى بېرىپ ئىشلەتكىنىنى ئېيتتى. سوتچى ئۇنىڭمۇ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن دەۋاگەرلەردىن:

— قاسىم، سەمەتلەر نومۇر بەردىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، بەرمىدى، مانا كىنىشكىمىزنى كۆرۈپ بېقىڭ.

سوت ساقچىسى ئۇلارنىڭ نومۇر كىنىشكىلىرىنى ئېلىپ سوتچىغا ئاپىرىپ بەردى. سوتچى كىنىشكىلارنى بىر - بىرلەپ تەكشۈردى. ئاي - كۈنگە قارىدى ۋە:

— قاسىم، سىز ئىشلەتكەن ۋاقىت يېزىلماپتىغۇ، — دەپ سورىدى.

— كوممۇنا ئەمەلدىن قالغان يىلى بولغاچ يېزىلمىسا كې-رەك، — دەپ جاۋاب بەردى قاسىم.

— سەمەت، سىزمۇ نومۇر بەرمەپسىز.

— ئەسلىدە مەجبۇرىيەت ئىش كۈنى يىلدا كوللېكتىپ ئىش-لىرىغا قىلىپ بېرىلىدىغان بولغاچ كىنىشكىغا يېزىلماي-دۇ، — دېدى سەمەت.

— ئۇنداقتا، سىزنىڭ ئۆيىڭىز كوللېكتىپنىڭ ئۆيىمۇ؟ — مېھرىگۈل سوتچىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ سورىدى.

— ياق، مېنىڭ شەخسىي ئۆيۈم.

— ئۇ قانداقمۇ سىزگە تەۋە ئۆي بولسۇن، — دېدى مېھرى-گۈل، — يەر كوللېكتىپنىڭ، ئۆي سېلىشقا ئىشلەتكەن ياغاچ ۋە مەجبۇرىيەت ئىش كۈنى كوللېكتىپنىڭ بولغاندىكىن، ئۆيمۇ كوللېكتىپنىڭ بولىدۇ - دە، سىز بايا مەجبۇرىيەت ئىش كۈنى دېگەن دېھقانلارنىڭ كوللېكتىپ ئىشىغا سېلىنىدۇ. دېگەن مەنى-دە سۆزلىدىڭىز، بۇ راست، مەجبۇرىيەت ئىش كۈنىدە دېھقانلار سۇ قۇرۇلۇشى، ئۆستەڭ رېمونتى قاتارلىق ئىشلارغا سېلىنىدۇ. شەخسلەرنىڭ ئۆينى ياساشقا سېلىنمايدۇ. شۇنداقكەن، سەمەت

www.uyghurkitap.com

بىلەن قاسىمكام يېڭى سالغان جاينى كوللېكتىپقا قايتۇرۇشى كېرەك.

قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە قايناپ سۆزلىدى:

— بۇ قانداق گەپ، ئوتتۇز يىلدىن ئارتۇق دېھقانلار ئۈچۈن جان تىكىپ ئىشلىدىم، ئاز ـ تولا مەجبۇرىيەت ئىش كۈنى بىلەن ئۆي سالسام بولمامدىكەن؟!

— قاسىمكا، — دېدى مېھرىگۈل، — يەنىلا باشقىلار مەن ئۈچۈن ئىشلىشى كېرەك، دېگەن ئىدىيىدە ئىكەنسىز ـ دە، ھەممە ئەيىب مانا شۇ ئىدىيىڭىزدە. شۇڭا دېھقانلارنى خالىغانچە ئىشلىتىپ، ھەققىنى بەرمىدىڭىز، ئەمدى بېرىشىڭىز كېرەك.

سوتچى ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ھازىر مەسىلە ئايدىڭلاشتى، بىز دەۋاگەرلەرنىڭ ئەرزىنى ئېلىپ ئەتراپلىق تەكشۈرگەن. تەكشۈرگىنىمىز بىلەن دەۋاگەرنىڭ پاكىتلىرى توغرا چىقتى. ئەمدى دەۋاگەرلەرمۇ، جاۋابكارلارمۇ سوتىمىزنىڭ كېسىمىنى كۈتسۇن. ھازىر سوت يېپىلدى.

## 8

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ كۈنلەرنى دەۋاگەرلەر بىلەن جاۋابكارلار سوت ھۆكۈمىنى كۈتۈپ تەقەززالىق بىلەن ئۆتكۈزدى. دېھقانلارنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بارلىرىمۇ سوتنىڭ ھۆكمىگە دىققەت قىلىۋاتاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇردى ئاشخانىغا ئۈچۈپ دېگۈدەك كىرىپ كەلدى. ئۇ سوتنىڭ چاقىرتىشى بىلەن ھۆكۈمنى ئاڭلاپ كەلگەنىدى:

— خۇش خەۋەر، مېھرىگۈل ھەدە، خۇش خەۋەر! — دەپ ۋارقىرىدى.

مېھرىگۈل ساناۋاتقان پۇلنى ئىشكاپقا سېلىپ تۇردىغا قارىدى. تۇردى ئۇنىڭغا بىر پارچە قەغەزنى سۇندى:

— بۇ كېسىم ... بۇ كېسىم، بۇنى ئېلان قىلىپ ماڭا بەردى.

مېھرىگۇل قەغەزدىكى كېسىمنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

— «شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ كول-لېگىسىيىسى مۇنداق كېسىم قىلدى: قاسىم ھەق تەلەپ قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنمۇ سەككىز نەپەر دېھقاننى ئالتە ئايدىن توققۇز ئايغىچە ھەقسىز ئىشلەتكەن. بىر دېھقان قاسىمغا 180 كۈن ئىشلىگەن. شۇ يىلىنىڭ كۈنلۈك ئىش ھەققى بويىچە ئۇلار-نىڭ كۈنلىكىگە بەش يۈەندىن جەمئىي 6300 يۈەن ئىش ھەققى بېرىش ... كېسىم قىلىندى.» كېسىمنامىدە سەمەتنىڭمۇ دېھقان-لارغا تۆلەيدىغان پۇلى يېزىلغانىدى. بۇنى ئاڭلاپ ئاشخانا خۇشال-لىق تەنتەنىسىگە چۆمدى. تۇرغۇنئاي مېھرىگۇلنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى. باشقا خوتۇنلارمۇ ئۇنى سۆيۈپ، قۇچاقلاپ رەھ-مەت ئېيتتى.

بىراق بۇ خۇشاللىق ئۇزۇنغا بارمىدى. قاسىم سوتمۇ سوت ئەرز سۇنۇپ نارازىلىق قىلدى. ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىمىنى توغرا تاپتى. لېكىن، قاسىم مەندە ھازىر پۇلنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق، دەپ مۇرد-سىنى چىقىرىپ تۇرۋالدى. دەۋاگەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ كەت-تى. مېھرىگۇل ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ تۇردىنى:

— كېسىمنى بېجىرگۈچىلەرنى چاقىرىپ كەل، — دېدى.

مېھرىگۇل كېسىم بېجىرگۈچىلەرگە ياخشىلاپ زىياپەت بەر-دى ۋە «بۇ ئىش پۇل مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئەمگەكچىلەرنى ئۇزۇل - كېسىل ئازاد قىلىش مەسىلىسى» ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا سۆزلىدى. كېسىم بېجىرگۈچىلەر سەمەتنى ئىككى سىيىر-نى سېتىشقا مەجبۇرلىدى. لېكىن، سىيىرنى سېتىشقا سەھىبە قەتئىي ئۇنىمىدى. مېھرىگۇل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سەمەتنىڭ ئۆيىگە باردى، سەھىبە بىلەن خېلى پاراڭلاشتى:

— ماڭا قاراڭا، بىر نەچچە يىلدىن بېرى سۈت ـ قايمىقىڭىزنى سېتىۋېلىپ پۇللۇق قىلىپ قويدۇق، بىر كالىڭىز تۇغۇت بولدى. مەن سۈت ـ قايمىقىڭىزنى ئالمىسام بىر كالا تۇتۇت بولاتتىمۇ؟

— سىزدىن تاغدەك مىننەتدارمەن.

— ماڭا ئەمەس، سىزگە چىرايلىق ئۆي سېلىپ بەرگەنلەرگە رەھمەت ئېيتىڭ. ئېرىڭىز ئۇلارنى ئىشلىتىپ مۇشۇ ئۆينى سىزگە سېلىپ بەردى، ئەمما ئۇلارغا ئىش ھەققىنى بەرمىدى. ئەگەر مەن سۈت ـ قايمىقىڭىزنىڭ پۇلىنى بەرمىسەم سىز قانچىلىك خاپا بولاتتىڭىز، سۈت ـ قايمىقىڭىزنى مەن ئالمىسام كىم ئالاتتى؟

— قولۇم ـ قوشنىلار ئالاتتى.

— ئۇلار پۇل بېرەتتىمۇ؟

— ياقەي، پۇلغا ساتمايتتۇق، ئۇ چاغلاردا ...

— ئەمدى بىكارغا بېرەمسىز؟

— نېمىشقا؟ مەن ئىشلەپ، ئۇ كالىنى باققاچقا سۈت چىقىدۇ ـ دە.

— ھە مانا، ئەگەر ئۇ توققۇز ئادەم ئىشلىمىگەن بولسا، مۇشۇ چىرايلىق ئۆيمۇ بولمايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى سۈت ـ قايماقنىڭ ھەققىگە ئوخشاش ئىش. بۇنى چۈشەنسىڭىز ئىككى كالىڭىزنى سېتىشقا ماقۇل بولۇڭ.

— بۇ كالىلار بالامدەك بولۇپ كەتكەن، زادى ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ.

— ئەمىسچۇ قاراڭ، سىزمۇ كالىلاردىن ئايرىلماڭ، كالىلارنىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇپ كەتسىمۇ مەن ئالاي، مەن ئالغان ئىككىلا كالا قورۇيىڭىزدا تۇرىدۇ، سىز بېقىپ، سۈتىنى سېغىپ بېرىسىز، ئىش ھەققىڭىزنى ئايمۇ ئاي ئالىسىز بولامدۇ؟ سەھىبە ئولتۇرۇپ كەتتى. مېھرىگۈل ئۇنى ئويلىنىۋېلىشقا

قويۇپ بەردى. سەھىبە ئېرىنىڭ ھاراقكەش بولۇپ كەتكىنىنى ئويلاپ، كالىلارنى سېتىۋېتىشكە قېتىلاتتى، كالىلارنى ئويلىسا ...

مېھرىگۈل ئىككى كۈن كۈتتى، ئۈچىنچى كۈنى سەمەتنىڭ ئۆيىگە يەنە باردى. سەھىبە كۆزى قىيمىغان ھالدا قوشۇلدى.

قاسىمغا كېسىمنى بېجىرگۈچى دوق قىلدى.

— ئەگەر پۇلىڭىز بولمىسا، يېڭى سالغان ئۆيلەرنى ساتىمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قاسىمنىڭ ئوغلى 6300 يۈەننى ئۇنىڭ ئالدىغا چۆرۈپ بەردى.

تۇردى مېھرىگۈلنىڭ بۇ مېھىر - شەپقىتىگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولار، دەپ ئويلاپ يۈردى. ئوي - پىكىر مېڭىنى ئاچىدۇ، بىر ئادەم ھەممە ئىشىدىن خاتىرجەم بولسا، دىلى يورۇپ، باش - مېڭىسى قالتىس ئىشلەپ كېتىدۇ. تۇردى شۇ كۈنلەردە مۇشۇنداق خاتىرجەم ئىدى. ئۇ ھازىر كوچىدا قالغان سەرگەردان ئەمەس، ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، بىزەڭلىك بىلەن قورسىقىنى تويغۇزىدىغان تۇلۇم ئەمەس، ئۆي - ماكانسىز، خوتۇن - بالىسىز مۇساپىر ئەمەس. بەلكى كېلىشكەن خوتۇنى بار، باغۋارانلىق قورۇنىڭ خوجايىنى. ئۇنىڭغا بۇنداق بەخت - خاتىرجەملىك ئاتا قىلغان مېھرىگۈلدىن مىننەتدار. ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا ياخشىلىق قايتۇرالىسىلا ئاندىن ئۇ تېخىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق بىر ھېسسىيات ئىچىدە خوتۇنىدىن مەسلىھەت سورىدى. تۇرغۇنئايمۇ كۆپ ئويلاندى. ئامالنى ئاخىر تۇردى ئۆزى تاپتى. ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى ئەمەلىي ئىش. ئۇنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىز مۇنداق پىكىر كەلدى: «مېھرى ھەدەم ئاشخانىسىغا بىر توخۇنى كەم دېگەندە يىگىرمە سومدىن سېتىۋالىدۇ، توخۇ بېقىپ ئاشخانىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرسامچۇ، ھەي، ئۇنى قانداق باقىمەن؟» ئۇ يەنە ئويلىدى.

ئۇ كەچلىكى ئادىتىچە ئاشقان ـ تاشقان يېمەكلىكلەرنى ئورەككە ئېلىپ چىقىپ تۆكتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى گۆش، ئوتىياش، لېڭمەن، گۇرۇچ ۋە چۆپلەرنى كۆرۈپ، كاللىسىدىكى يېشىلمىگەن تۈگۈن يېشىلدى. «تاپتىم، توخۇلارنى مۇشۇنىڭدا بېقىش كېرەك!» ئۇ ئەتىگەنلىك ئىشنى تۈگەتتى ـ دە، قولۇم ـ قوشنىلىرىنىڭ توخۇسى، چۈجىسى كۆپرەكلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، سېتىش ـ ساتماسلىقىنى سورىدى. ساتىمەن، دېگەنلەر بىلەن باھا تالاشتى. بەشىنچى كۈنى ئۇ ھېسابلاپ، مۇشۇ ئايلىق مائاشىغا 42 توخۇ ئالالايدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. ئۇ باغقا كىرىپ، ئەڭ چەتتىكى بۇلۇڭنى توخۇ چىقىپ كېتەلمىگۇدەك قىلىپ بادرا، چەڭزە، سىملار بىلەن قاشالىدى، ئاندىن سۆزلىشىپ قويغان ئۆيلەرگە بېرىپ، توخۇلىرىنى سېتىۋېلىپ، بۇ چوڭ قاشالىق كاتەككە سولىدى. كەچتە بىرچېلەك ئاشقان تاماقنى ئەكەلدى. ئۇ خورازلىرى قىچقىرىشىغا ئورنىدىن تۇردى ۋە چېلەكتىكىنى ياغاچ ئوقۇرغا تەكشى چاچتى ـ دە، بىر دەم قاراپ تۇردى، توخۇلار تالىشىپ، قاقاقلىشىپ يېيىشكە باشلىدى. بۇ ئىشنى قېينانىسى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كۈندۈزى توخۇلارغا قاراپ قويدى. تۇخۇملىرىنى يىغدى. بۇ ئاغرىقچان ئانا ئۈچۈن ئوبدان ئەمەك بولدى. بىر ئاي ئۆتتى.

— ھەدە، بۈگۈن توخۇ گۆشى ئەكەلمەڭ، — دېدى تۇردى.

— نېمىشقا؟ — مېھرىگۈل ھەيران بولۇپ تۇردىدىن سورىدى.

— مەن ئەكەلدىم.

— قېنى؟

— ئەنە، — تۇردى جاۋۇردىكى ئۇتلەگلىك، سېمىز يەرلىك توخۇ گۆشىنى كۆرسەتتى.

— قانچىدىن ئالدىڭ؟

— ئون سومدىن.

— نېمانچە ئەرزان؟
— قوشنىلار شۇنداق باھادا ساتىدىكەن.
— قانچە توخۇ ئالغانتىڭ؟
— سىز كۈندە بەشنى ئەكىلەتتىڭىزغۇ؟ ھە، مەنمۇ بەشنى.
— مە، پۇلۇڭنى، — دەپ مېھرىگۈل 50 يۈەنلىكتىن بىرنى سۇغۇرۇپ بەردى.

ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ تۇرغان تۇرغۇنئاي خىرىلداپ كۈلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## سەككىزىنچى باب

# ئېدىتلىق ئىش

## 1

ئەمدى مېھرىگۇلگە ئارام بەرمەيۋاتقىنى داۋۇتنىڭ بېغى، گۇللۇكى ۋە تاشلىق يەر ئىدى. ئۇنىڭ چۈشىدىمۇ ئويلايدىغىنى تاشلىقنى مۇنبەت تۇپراققا، ئاندىن گۇللۇك، باغۋارانلىققا ئايلاندۇرۇش، ئەزىمەتنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئىدى. ئۇ بىر كېچىسى ئەزىمەتنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئويلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇنىڭغا ئەزىمەت: «دادىل بول گۇلۇم، بۇ ئۇلۇغۋار پىلانىڭ چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ، ئەۋلادلار ئۈچۈن باشقىلار بۇزۇۋەتكەن زېمىنىمىزنى تېخىمۇ گۈللەندۈر» دەۋاتقاندەك، ئۇ ئويغىنىپ كېتىپ ئويلاندى. «ئەزىمەت توغرا ئېيتىدۇ، بىر ئادەم شۇنچە ئىشنى قىلغان يەردە، بىز شۇنچە كۆپ ئادەم تۇرۇقلۇق تاشلىقنى مۇنبەت تۇپراققا ئايلاندۇرالمايمىزمۇ؟» ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى ئىش تۇراتتى. تاشلىق زېمىننى ئۆزگەرتىش مۇھىممۇ، ئاۋۋال مۇراببا زاۋۇتى قۇرۇش كېرەكمۇ؟ ئاتاي ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن بېرى زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى ئەكەلمىسەك بولمايدۇ، دەپ غىڭشىپ يۈرەتتى. مالىيە - سودا ئالىي مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان نۇرگۇل ھەپتىدە بىر تېلېفون بېرىپ زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى تېزراق ئېلىپ كېتىشنى چىڭ قىلىۋاتاتتى. مېھرىگۇل ئۆزىنىڭ دېرى-

-رىسى ئالدىغا كېلىپ تۇردى. ئۇ بۇتتەك مىدىرلىماي تۇرغىنى بىلەن كاللىسى تىنماي پىكىر قىلاتتى. بۇ ئىككى ئىشتىن بىرىنى تاللاشتا ئۇ پىكىر ئېقىنىدا ئۈزەتتى. بۇ ئىككى ئىشنى بىر ۋاقىتتا تۇتۇش تەس ئىدى. بەش قولنى بىراقلا ئېغىزغا سالغىلى بولمايدۇ. بالىلىرىغا ئاۋۋال تاشلىق زېمىننى ئېچىپ، تاش - قۇملىرى بىلەن زاۋۇت بىناسىنى سالىمىز، دېيىشكە تىلى بارمايتتى. ياشلارنىڭ ئاغزى ئوچۇق بولىدۇ. بۇ پىلانى سىرتقا يېيىلىپ كەتسە ئۇنىڭ ئىگىلىرى چىقىدۇ. هازىرقى رىقابەت دەۋرىدە ئېغىزنى چىڭ تۇتمىسا، لېۋىنى چىشلەپ قالىدىغان گەپ ... ئۇ مۇشۇنداق ئارىسالدى بولۇپ يەنە ئويلاندى ۋە بىر تۇگۇشكە كەلدى: ئاۋۋال تاشلىق زېمىننى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. بۇ پىكىر ئۇنىڭغا ئارام بەرمەي تەكرارلىنىۋەردى. تەكرارلانغانسېرى مېڭىسى سەگەكلىشىپ، قەلبىنى قۇياشتەك يورۇتتى، بىردىن ئۇنىڭدا ئىشەنچ بىلەن غەيرەت تولۇق ئېقىمى بولۇپ پۈتكۈل جىسمىغا تارىدى. ئۇ ئەمدى ئارىسالدى بولماي مەخپىي ئىشقا كىرىشتى.

ئۇ شۇ كۈنى ئاشتا قىلىپلا يېزىلىق هۆكۈمەت باشلىقى بىلەن سۆزلەشتى، يېزا باشلىقى يېڭىدىن تەيىنلەنگەن، ئالىي مەكتەپتە ئورمانچىلىق كەسپىنى پۈتتۈرگىنىگە بەش يىل بولغان ياش يىگىت ئىدى. مېھرىگۈلنىڭ بىكار ياتقان تاشلىق زېمىننى ئۆزگەرتىش پىلانى ئۇنىڭغا يېقىپ كەتتى. ئۇ قولىلاپلا قالماي، ئالاقىدار باشلىقلارنىڭ ئېگىدىن ئۆتكۈزۈشنى زۆرۈر تاپتى، بۇنى مېھرىگۈلمۇ لايىق كۆردى. چۈنكى، تاشلىق زېمىن داۋۇت ئاچقان زېمىندىن ئون ھەسسە چوڭ ئىدى. ئۇنىڭ بىر بۆلۈكىگە تاختاي زاۋۇتى ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. ئۇلار بىلىپ قالسا، بۇ يەر دەريادىن سال توختىتىپ ياغاچ چۈشۈرىدىغان يەر، دەپ چاتاق سېلىشى تۇرغان گەپ، شۇڭا مېھرىگۈل ياخشىسى، شەھەر باشلىقىنىڭ ئالدىغىلا باراي دەپ يول ئالدى.

www.uyghurkitap.com

— شەھەر باشلىقى بىلەن كۆرۈشمەن، مۇھىم خىزمەت بىلەن كەلگەنتىم، — دېدى مېھرىگۈل كاتىپ ئايالنىڭ ئالدىغا كىرگەندە.

— كىم بولىسىز، ئىسىم - شەرىپىڭىز، ۋەزىپىڭىز؟ — سورىدى كاتىپ.

— مېھرىگۈل، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولىمەن.

— كەچۈرۈڭ، نامىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان، بۇرۇن كۆرمىگەچكە تونۇماپتىمەن.

ئۆز يېزىسىدىن باشقا ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى خىزمەتچىلەرلا ئۇنىڭ سوت ئارقىلىق تۇردى قاتارلىق دېھقانلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغىنىنى بىلمەيتتى. ئۇنى ئۆز مەھەللىسى، يېزىسى خەلق ۋەكىللىكىگە سايلىغان - دە، شۇڭا ئۇنى كۆپ كىشى بىلمەيتتى. كاتىپ ئۇنى شەھەر باشلىقىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. باشلىق قىزغىن كۈتۈۋالدى، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، بىر ئىستاكان چاي قۇيدى، سالامەتلىكىنى، ئىشىنى سورىدى.

— رەھمەت، — دېدى مېھرىگۈل باشلىقنىڭ ۋاقتى قىسلىقىنى كۆزدە تۇرۇپ، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۇنى ئىزدەپ كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى ۋە ئاخىردا قوشۇپ قويدى، — ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بەرسەڭلارلا بولاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئىش باشلىۋالاي دېگەنتىم.

شەھەر باشلىقى ئۇنىڭ پىلانىغا زوقلاندى، پىكىر يۈرگۈزدى. ئاخىر جاۋاب كۈتۈپ ئولتۇرغان بۇ قەيسەر خوتۇنغا مۇنداق دېدى:

— پىلانىڭىز بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدەك، چوڭ ئىش ئىكەن. بىز بىر قىسىم يەرلەرنى، ھەتتا ئورماننى بۇزۇپ تېرىلغۇ

يەرگە ئايلاندۇرۇۋالغان يەرلەرنىمۇ يېشىللاندۇرۇش، مېۋىزار-
لىق، ئورمانزارلىققا ئايلاندۇرۇپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق-
نى ساقلاشنى ئويلىشىۋاتاتتۇق. سىز موللا تاپقاقلىق قىلىپ،
بۇ ئويۇمىزنى بىلىۋالدىڭىزمۇ ـ قانداق، بىزدىن بۇرۇن چىقماق-
چى بوپسىز ـ دە. ھا ـ ھا ـ ھا! مەن شەخسەن پىلانىڭىزنى
قوللايمەن. بۇ ئەلۋەتتە ئۇلۇغ، ئەدىتلىق ئىش. ھۆكۈمەت ئەزا-
لىرىمۇ قوللىشى مۇمكىن. تاختاي زاۋۇتى، يەر باشقۇرۇش
ئىدارىسى ماقۇل بولارمۇ؟

— مەن دەل مۇشۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ ئالدىڭىزغا كېلى-
شىم. يېزا باشلىقىمىز قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى.

— ئۇلارغا بۇ پىلانىڭىزنى دېدىڭىزمۇ؟

— بىر يېزا باشلىقى، بىر سىزدىن باشقىسىغا تىنمىدىم.

— نېمىشقا؟ تاختاي زاۋۇتى، يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى
ئۇقمىسا بولمايدۇ ـ دە.

— بۇ ئورۇنلار قوشۇلسىغۇ بىر نۆرى، ئۇنىمىسا بىكار
بولىدۇ ـ دە.

— ئۇنىمىسا قالىۋەرمەمدۇ.

بۇ گەپتىن مېھرىگۈل سەگەكلەشتى، ئۇ ھەربىر سۆزنى
دەڭسەپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن دېدى:

— مەسىلە شۇ يەردىكى، بۇ پىلان ئۇلارنىڭ كاللىسىغا
كىرىپ باقمىغان، ئۇلارمۇ ئىگىلىك تىكلەپ، بېيىشنىڭ خىلمۇ
خىل يوللىرىنى ئىزدەۋاتىدۇ. پىلانىمنى ئۇلارغا دېسەم بېيىش-
نىڭ يېڭى ئۇچۇرىنى بېرىپ قويىمامدىم.

— پاھ ـ پاھ، بەك قۇۋ ئىكەنسىز. ئۇلارغا ئۈن ـ تىن
چىقارماي يەڭ ئىچىدە ھەل قىلماقچى، شۇنداقمۇ؟

مېھرىگۈل كۈلدى ۋە قىزغىن ھالدا سۆزلەپلا كەتتى:

— بايا يېشىللاندۇرۇش ھەققىدە ئويلىشىۋاتىمىز، دېدىڭىز-
غۇ، مەن بۇ ئويۇڭلارنى ئىشقا ئاشۇرسام ھۆكۈمەتنىڭ ئويىغا

ئۇيغۇن ئىش قىلغان ۋە چاقىرىقىغا ئەمەلىي ئاۋاز قوشقان بولارمەن دەيمەن. مېنىڭ كۆزدە تۇتقىنىم بۇ ئارقىلىق بايلىق توپلاش ئەمەس، يېزىمىزدىكى نامرات دېھقانلارنىڭ ھاللىنىۋېلىشىغا يار- يۆلەك بولۇش، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بىكار يۈرگەن ئوغۇل - قىزلىرىمىزنى ئىش بىلەن تەمىنلەش. بۇ ئارقىلىق كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ياپيېشىللىققا چۆمگەن، مول بايلىق بېرىدىغان گۈزەل زېمىن يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئەگەر رۇخسەت قىلىنسا، ھازىردىن باشلاپ، كېلەر يىلى ئەتىيازغىچە تاشلىق زېمىننىڭ شېغىللىرىنى چىقىرىپ، ئورنىغا يېڭىدىكى دۆڭنىڭ توپىسىنى يېيىتماقچى ۋە ئۇنىڭغا ئەتىيازدا دەل - دەرەخ، مېۋىلىك كۆچەت، گۈل تىكمەكچىمىز.

— بۇنى ئەتىيازغىچە ئىشقا ئاشۇرالامسىز؟

مېھرىگۈل باشلىقنىڭ راسا ئىشەنچ ھاسىل قىلالمايۋاتقىنىنى سەزدى. ئۇنى ئىشەندۈرۈش يۈزىسىدىن داۋۇتنىڭ ئىشلىرىنى دەپ بەردى. ئۆزىنىڭ مۇراببا، گۈلقەنت زاۋۇتى قۇرۇش تەييارلىقىنى، ئوغلىنى مۇشۇ كەسپتە ئوقۇتقانلىقىنى بايان قىلدى. شەھەر باشلىقى ئۇنىڭ ئىشەنچ ۋە ئۈمىدكە تولغان سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالىي تىلەككە تولغان قەلبىنى، يېڭچە قارىشى ۋە خىسلىتىنى كۆردى. مېھرىگۈلنىڭ سۆزىدىن بەختىيار كەلگۈسىنىڭ گۈزەل سۈرىتىگە بېرىلگەن رەڭدار بوياقنى كۆرگەندەك بولدى. تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى. قارشى تەرەپ بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ، مېھرىگۈلگە شۇنداق دېدى:

— كەچۈرۈڭ مېھرىگۈل ھەدە، ۋىلايەتتە جىددىي يىغىن بار ئىكەن. سىزنىڭ بۇ ئالىي تىلەك - ئارزۇيىڭىزنى ھۆكۈمەت ئەزالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەي. كۈتۈپ تۇرۇڭ، بۇ پىلانىڭىز ھازىرچە مەخپىي تۇتۇلغاي، خەير - خوش!

## 2

ۋاقىت ئاقار يۇلتۇزدەك ئۆتۈۋەردى، مېھرىگۈل ھەر تاڭدا قۇياشنىڭ نۇر تۆكۈشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى، ئۇ قۇياش نۇرىنىڭ ئۆزىگە خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىشىنى تىلەيتتى. ھەپتە كۈتتى، ئاي كۈتتى، شەھەر باشلىقىدىن خەۋەر يوق! ئۇ چىدى-مىدى، شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بىرنەچچە قېتىم قاتىردى. ھەر قېتىمدا بىنانىڭ تېمىغا ئۇستى. «ئۇرۇمچىگە كەتتى» «تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى»، «يىغىن ئېچىۋاتىدۇ!».

— ۋاي - ۋاي، — دەپ زارلاندى مېھرىگۈل، — نېمانداق تۈگىمەس يىغىن، تۈگىمەس قاتراش بۇ! ئۇلار يىغىنلا ئاچقۇچە تۆۋەنگە بېرىپ، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى ھەل قىلسا بولمامدۇ. ئاستىدا پىكاپ بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرىگىمۇ ئاسان بولار ئىدى. ئەمدى مەن قانداقمۇ قىلارمەن؟

— تېرىكىش - زارلىنىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، — دېدى خاسىيەتقىز ئۇنىڭ جىلى بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، — شەھەر باشلىقىنى تاپالمىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئايالىنى ئىزدە، ئايالى تەلىپىڭنى ئېرىغا ئاسان يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئايالمۇ باشلىق ئىكەنغۇ؟

مېھرىگۈل خاسىيەتقىزنىڭ تەكلىپىنى لايىق تاپتى. شەھەر باشلىقى كۈندۈزى ئىشخانىسىدا بولمىغان بىلەن ئاخشاملىرى ئۆيىدە بولىدىغۇ! ئۇ بۇ ئەقىل بالدۇرراق كاللىسىغا كەلمىگىنى ئۈچۈن ئەپسۇسلاندى. خاسىيەتقىزنىڭ مەسلىھەتىگە قايىل بول-غان مېھرىگۈل شۇ ئاخشىمى خىيال سۈرۈپ يېتىپ «خاسىيەتقىز توغرا دەيدۇ» دەپ ئويلاندى. خوتۇن خەق خوتۇن خەقنىڭ قايا-شى، شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى تېخى يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى-نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۆتكەندە ئۇنىڭ «يەر باشقۇرۇش ئىدار-سى بىلەن سۆزلىشىڭ» دېگىنى خوتۇنۇم بىلەن سۆزلىشىڭ

دېگەندىن بېشارەت ئىكەن ـ دە، ھىم، ئىشى خوتۇنلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتىن باشلاش كېرەك! ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەت‑تى، چىراغنى ياندۇردى. ئەينى چاغدىكى توي ساندۇقنى ئاچ‑تى. ئۆتكەن يىلى نورتاي ئالمۇتىدىن ئېلىپ كەلگەن بەش مىڭ يۈەنلىك ئاق ئالتۇن بىلەزۈكنى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر تۇيۇقسىز شۇ بىلەزۈك ئېسىگە كەلگەنىدى. «بى‑لەزۈك، پايپاق ئىچىدە بۇرۇقتۇما بولۇپ يۈرگىنىدىن شەھەر باشلىقى خوتۇنىنىڭ بىلىكىدە پارقىرىغىنى يارىشىملىق بولما‑دۇ» . بۇ ئوي بىلەن ئوغرىلار زەن سالمايدۇ، دەپ ئەسكى پايپاق ئىچىگە سېلىپ قويغان بىلەزۈكنى قولىغا ئالدى. دېرىزىدىن چۈشكەن ئاي يورۇقىدا بىلەزۈك پارقىرىدى. ئۇ ھەۋەس بىلەن بىلەزۈكنى بىلىكىگە سالدى، قولىنى سېلىپ، ئۆي ئىچىدە ماڭدى، ئاپپاق بىلىكى بىلەزۈك بىلەن تەڭ پارقىرىدى. قولىلا ئەمەس، يۈرىكىمۇ پارقىرىدى: «ياق، ئوغلۇم بۇنى مېنىڭ مۇشۇنداق سېلىپ يۈرۈشۈم ئۈچۈن ئەتەي ئەكەلگەن تۇرسا، خەققە بەرسەم بولامدۇ؟!» ئۇ بىلەزۈكنى شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىغا سوۋغا قىلىپ بېرىشكە، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا پارە بېرىشكە چىدىمىدى ـ دە، يەنە ئورنىغا كىردى. ئەمما نەدىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقا كەلسۇن! تاشلىق زېمىن «مېنى تېز شې‑غىلدىن قۇتقۇز، قۇياش نۇرىدىن مەنمۇ بەھرە ئالاي» دەپ زارلى‑نىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ بالدۇرراق تاڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ، سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ قالدى.

تۇردىنىڭ خورازلىرى بەس ـ بەس بىلەن «قى ـ قى» لاپ ئۈنى ئويغىتىۋەتتى: مېھرىگۈل ئورنىدىن تۇردى، يۈزىنى يۇيۇ‑ۋېتىپ، بىلىكىدىكى بىلەزۈككە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ كې‑چىچە ئويلاپ بۇ بىلەزۈكنى شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىغا سوۋغا قىلىپ بېرىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئەمما، شۇ تاپتا تۇيۇقسىز ئويلاپ قالدى : «بۇ بىلەزۈكنى شۇنداقلا بەرسەم قىپيالىڭاچ

ئارقا ئىشىكتىن ماڭغانلىق بولمامدۇ؟» ئۇ ھويلا - ئارامنى سۈپۈرۈۋېتىپمۇ، ناشتا قىلىۋېتىپمۇ شۇ خىيال بىلەن ئازابلاندى، ئۇ ئاشخانىسىغا بارغاندىن كېيىنمۇ شۇ خىيالنى ئۆزىدىن نېرى قىلالمىدى. ئۇ شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى ئەگەر سوۋغىسىنى قوبۇل قىلمىسا، ئىش بۇزۇلۇپ، ئارزۇلىرى خام خىيال بولۇپ قېلىشىدىنمۇ ئەنسىرەيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئوغلىنىڭ ئۇ سوۋغىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشقىمۇ كۆڭلى قىيمايتتى. ئاخىر ئۇمۇ ئايال ـ دە، زىبۇ زىننەتنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئايال نەدە بار؟ بۇ بىلەزۈكتىن ۋاز كېچىپ ئالتۇن زېمىنغا ئىگە بولۇشقا بەل باغلىدى. «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ، دېگەن گەپ بار. نېمانچە ئۆزۈمنى قىينايمەن. بىر نانغا زار بولۇپ، يېرىم ئاچ، يېرىم توق يۈرۈپمۇ ئون نەچچە يىلنى ئۆتكۈزدۇمغۇ، بىر چىت كۆڭلەكنى يەتتە يىل ياماپ ـ چۇمەپ كىيىۋىدىمغۇ، ئەمدى ئالتۇن بىلەزۈك تاقىمىسام نېمە بوپتۇ، بىلەزۈكنى شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىغا بېرىمەن، ئالسا تېخى ياخشى، ئالمىسا ئىشىم بۇزۇلسا ئۇمۇ مەيلى.» مېھرىگۈل شۇ ئوي بىلەن كاسسىرلىقنى خاسىيەتقىزغا بېرىپ، ئۆيىگە باردى. ساندۇقنى ئاچتى، ئالتۇن بىلەزۈكنى ئېلىۋاتقاندا، قولى يۇمشاق، سىلىق رەختكە تېگىپ كەتتى ۋە ئاتاي ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئەكەلگەن شىپىڭ دۇخاۋىنى كۆردى. مېھرىگۈل ئۇ رەختنى ئېلىپ تاش ئەينەك ئالدىغا كېلىپ، رەختكە ئورالدى: «پاھ، ئالامەت يارىشىملىق كۆڭلەك بولىدىكەن، ئاتاي بۇنى قانداق تاللىغاندۇ، تايىنلىق قىز ساۋاقداشلىرى تاللىشىپ بەرگەندۇ» ئۇ بىر ئايلاندى. ئۆزىنىڭ توي كۈنىدىكىدەك چىرايلىق، لېۋەن قىزغا ئايلانغىنىنى كۆردى. مېھرىگۈلدە تۇيۇقسىز يەنە ئوي پەيدا بولدى. ئۇ بۇ رەختنىمۇ شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىغا سوۋغا قىلىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى بۇرۇن بېرىپ باقمىغان ئۆيگە پەتلەپ ياكى بىرەر ئىش بىلەن بارغاندا، ئادىمىگەرچىلىك دەپ

بىر نەرسە كۆتۈرۈپ بارىدىغان ئادەت بارغۇ، ئۇ ئەنە شۇ ئادەت بويىچە بۇ رەختنى ئېلىپ بارىدۇ. شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى ئۇنى شۇنداق ئادەت قارىشى بويىچە قوبۇل قىلىدۇ، ئەمما مېھرىگۈل قايتقاندىن كېيىن رەختنى ئېچىپ بىلەزۈكنى كۆرىدۇ ... ئۇ شۇ ئۆي بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى بولۇپ بىر سائەتتىن كېيىن (ئۇ بۇ ۋاقىتتا شەھەر باشلىقى، ئۇ يوق بولسا ئايالى ئۆيدە بولىدۇ دەپ ئويلايتتى) بىلەزۈكنى رەختنىڭ ئىچىگە قويۇپ ۋە ئۇلارنى سومكىسىغا سېلىپ ئۆيدىن چىقتى.

مېھرىگۈل شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىگە تاكسىغا ئولتۇرۇپ باردى. شەھەر باشلىقى ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كەتكەنىكەن. ئۇنى شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى كۈتۈۋالدى. ئۇ ئايال تولىمۇ مېھماندوست ئىكەن. ئۈستەلنى تاتلىق - تۈرۈم بىلەن تولدۇرۇۋەتتى، پەمىل چاي دەملەپ كىرىپ چىنىلەرگە قۇيدى. ئۇلار چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە ئەھۋالى، بالا، مەكتەپ تەربىيىسى، كىيىم مودىلىرى خۇسۇسىدا پاراڭلاشتى. شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىنىڭ گەپ - سۆزى، ئاددىي كىيىنىشى، خۇشخۇيلۇقىنى مېھرىگۈل ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇلار چۆچۈرە تۈگۈپ ئولتۇرۇپ، خوتۇن - قىزلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى ھەققىدە پاراڭ بولغاندا، مېھرىگۈل پاراڭنى كېلىشتىكى مەقسىتىگە يۆتكىدى. ئۇ يېزىسى شەھەرنىڭ دەريا بويى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى، يېزىسىدا تۇل خوتۇنلار كۆپ، ئىش - ئوقىتى يوق بولغاچ تۇرمۇشتا قىيىنلىشىۋاتقانلىقىنى، ئاشخانا ئېچىپ، ئۇلار بىلەن ئىگىلىك تىكلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— سىزنىڭ كۆكسى - قارنىڭىز نېمىدېگەن كەڭ، ۋاي ھەدە، سىز بەكمۇ مېھرىبان ئىكەنسىز. ئۆز ئىسمىڭىزغا لايىقكەنسىز، — دېدى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تەسىرلەنگەن ساھىبخان.



www.uyghurkitap.com

كېيىن مېھرىگۇل كېلىشتىكى مەقسىتىنى — شېغىللىقنى ئۆزگەرتمەكچى ئىكەنلىكىنى، بۇ تەلىپىنى شەھەر باشلىقىغا دې- گەنلىكىنى، شەھەر باشلىقىدىن بۇ ئىشنىڭ جاۋابىنى ئالالمايۋات- قانلىقىنى، ئۆزىدىن ياردەم سوراپ كەلگەنلىكىنى ئوچۇق ئېيت- تى.

— پاھ، نېمىدېگەن ئەقىل بۇ، — دېدى تەسىرلەنگەن سا- ھىبخان، — بۇنى ھۆكۈمەت ئەلۋەتتە قوللىشى كېرەك، باشقا يۇرتتىن كەلگەنلەرمۇ تەييار بوستان يۇرتىمىزدا زاۋۇت، شىر- كەت قۇرۇۋاتقان يەردە سىزنىڭ بۇ تاشلاندۇق يەرنى گۈللەندۈرۈ- شىڭىزنى ئەلۋەتتە قوللىشى كېرەك - دە.

— رەھمەت، قېرىنداش، مېنىڭ بۇ تەلىپىمنى باشلىقنىڭ سەمىگە سېلىپ قويغان بولسىڭىز.

— سىزنىڭ بۇ ئالىيجاناب ئىشىڭىزنى قەتئىي قوللايمەن. ئېرىمگىمۇ سىزنى قوللاش لازىملىقىنى ئېيتىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ.

مېھرىگۇل رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە سومكىسى- دىن ئوراقلىق رەختنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى.

— ۋاي بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟

— بۇ بىز خوتۇن - قىزلارنىڭ ئادىتى، سىزنىڭ يارىشىقى- ڭىز بولمىسىمۇ، قۇرۇق كىرسەم سەت تۇرىدۇ.

— ياق، — دېدى ساھىبخان قاپىقىنى تۈرۈپ، — سىز بىزنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، بىز ئۇنداق پارە يەيدىغانلاردىن ئەمەس. بۇ نەرسىڭىزنى ئېلىپ كېتىڭ، بۇنداق قىلسىڭىز زى- يان تارتىپ قالىسىز.

ساھىبخانىنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى. مېھرىگۇل ئوسال بولدى، شۇنداق بولسىمۇ:

— ئۇنداق قىلماڭ، ئېلىپ قېلىڭ، — دېدى مىڭ تەسلىك- تە.

— ياق، قوبۇل قىلالمايمەن، ئېلىپ كېتىڭ.

ساھىبخانىنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى. مېھرىگۈل تو-لىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ، پۇت - قوللىرى دىرىلدەپ كەت-تى. ئۇ ئامالسىز رەختنى سومكىسىغا سالدى. ساھىبخان يېنىك كۈلۈمسىرىدى - دە:

— بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيىمىزگە ھەرقانداق ئىشىڭىز بولسا، كېلىۋېرىڭ، سىز ئۈچۈن ئىشىكىمىز ئوچۇق، بىز دوست بو-لۇپ قالايلى، — دېدى.

مېھرىگۈل تولىمۇ ئوسال بولۇپ قايتىپ چىقتى. ئۇ ئۆيدىن قانداق ئۇزاپ چىققىنىنى، دەرۋازا بوسۇغىسىدىن قانداق ئاتلىغى-نىنى بىلەلمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى «بۇ ئىشىم بۇزۇل-مىغىدى» دېگەن ئەندىشە قاپلىغانىدى.

مېھرىگۈلنىڭ ئەندىشىسى ئورۇنسىز بولۇپ چىقتى. شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى ئېرىغا ئۇنىڭ سوۋغا كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ئېيتمىدى، بەلكى ئۇنىڭ باشلىقنى ياخشى نىيەت بىلەن ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى قوللاش لازىملىقىنى تەۋسىيە قىل-دى. شەھەر باشلىقى مېھرىگۈلنىڭ تەلىپى يادىدا بارلىقىنى، ئۇنىڭ تەلىپىنى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىش ئويى بارلىقىنى، ئەمما ئالدىراشچىلىقتا ۋاقىت چىقىرالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا مېھرىگۈلنىڭ تەلىپىنى چوقۇم ھەل قىلىپ بېرىدىغانغا ۋەدە بەردى.

## 3

شەھەر باشلىقى نامراتلارنى يۆلەش ھەققىدىكى ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئىشنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— نامراتلارنى مۇنداق خالىسانە يۆلەيدىغان بىر تۈل خوتۇن-نىڭ چىقىشى ئاددىي ئىش ئەمەس. ئۇ بىزنىڭ كەلگۈسى پىلانى-

مىزغا ئۇيغۇن ئىش قىلىپ، تاشلاندۇق يەرنى بوستانلىققا ئايلان-دۇرماقچى، بۇنى مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى.

بۇ تەكلىپكە يىغىن ئەھلىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قوشۇل-دى. پەقەت مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىلا ئۇ دۆلەتنىڭ يېرى، شەخسىيگە بەرسەك بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. لېكىن ئۇنىڭ-دىن باشقىلار شەھەر باشلىقىنىڭ پىكرىنى قوللىغاچقا ئۇ ئامال-سىز قالدى. نەتىجىدە تاشلاندۇق يەرنى مېھرىگۈلگە بېرىش ماقۇللاندى. بۇ قارار مېھرىگۈلنى ئىنتايىن خۇش قىلدى. ئۇ بۇ خۇش خەۋەرنى ئۆزىگە تېلېفوندا يەتكۈزگەن باشلىقنىڭ ئايالى-غا قايتا - قايتا ھەشقاللا ئېيتتى.

گەپ ئەمدى بۇ قارارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە قالدى. مۇئا-ۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ يېقىنى بولغان يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى-نىڭ باشلىقى رەسمىيەت قەغىزىگە قول قويۇشنى كەينىگە سۈرۈ-ۋەردى، مېھرىگۈل بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىپ شەھەر باشلىقى-نىڭ ئايالىغا تېلېفون بەردى. باشلىقنىڭ ئايالى بۇنداق جاۋاب بەردى:

— ۋاي ھەدە، بىزنىڭ باشلىق تىرەجەپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. بىلىشىمچە، ئۇ بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا بېرىپ، ئۇلارنى ئىش بىلەن تەمىنلىمەكچى ئوخشايدۇ.

مېھرىگۈل پىكىر يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا «ئۇنىڭ قارا قازىنىغا بىر چۆمۈچ ماي سالسام بولغۇدەك» دېگەن پىكىر كەلدى، ئۇ ئەتىسى شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىغا، يەنى شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىغا تېلېفون بېرىپ سورىدى:

— ئاڭلىسام ئۇ باشلىقىمىزنىڭ شېغىل يۆتكەش ماشىنى-سى، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بار ئوخشايدۇ، راستمۇ؟

— ھە، شۇنداق. ئۇنىڭ ماشىنا ئەترىتى بار، بىر قېرىندى-شى باشقۇرىدىكەن، قۇم - تاش توشۇيدۇ.

— ئەمىسە ياخشى، مەن بۇ نامرات باشلىقنىمۇ يۆلەي.

— ۋاھ - ھا - ھا! — شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى كۈلۈپ كەتتى.

— شۇنداق، بۇنداق نەپسى يامانلارنى يۆلەپ قويمىساق ئىشىمىز يۈرۈشمەيدىغان ئوخشايدۇ. ئەمما ئۇلارغا دۆلەتنىڭ مۇقىم باھاسى بويىچە ئىش ھەققى بېرىمەن.

— سىز كېلىنىڭ، باشلىق بىلەن دەرقەمدە سۆزلىشەيلى.

— سىز سۆزلىشىپ بېقىڭ، ئۇ قوشۇلغاندىلا، مەن بېرىپ ئۇنىڭ قېرىنىدىشى بىلەن توختاملىشاي.

## 4

دەريا بويىدىكى بۇ تاشلىق زېمىن ئاۋاتلاشقانىدى. ماشىنىلار گۈرۈلدەيتتى. توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى نەچچە ئون يىلدىن بېرى شامال، يامغۇر ۋە قۇياش نۇرىدا قېتىپ كەتكەن شېغىل زېمىنغا پولات چىشلىرىنى پاتۇرۇپ ئالىقىنىنى تولدۇراتتى - دە، يېنىدا گۈركىرەپ تۇرغان يۈك ماشىنىسىنىڭ سوزۇنچاقراق ساندۇقىغا سالاتتى. ئاندىن يەنە ئەجدىھانىڭ بېشىدەك ئېگىلىپ پولات چىشىنى قاتتىق يەرگە پاتۇراتتى ۋە بەشلا قېتىم ئالغان شېغىلى بىلەن يۈك ماشىنىسىنى يولغا سالاتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر يۈك ماشىنىسى كېلىپ تۇراتتى. بۇ ماشىنىلار مېھرىگۈلنىڭ تۇپتۇز قىلىنىۋېتىلگەن ئىككى مولۇق بېغىغا كېلىپ، يۈكىنى «شار» قىلىپ تۆكۈپلا يەنە كېتەتتى. بۇ يەردە ھېزىم ئون ئىككى مەدىكارنى ئىشلىتىۋاتاتتى، بەش ئېغىز ئۆينىڭ ياغاچ - تاشلىرى بۇلۇڭغا تىزىپ قويۇلغانىدى. ھېزىم ئىشلەمچىلىرىنى ئىككى گۇرۇپپا قىلىپ، شېغىل تاسقىتىۋاتاتتى. ئۇ ئىشلەۋېتىپ:

— مېھرىگۈلنىڭ يەمى بار جۇمۇ، مېھرىگۈللا بۇ زېمىننى

ئالالىدى، — دېدى.

— كاللىسى ئۆتكۈر - دە، — دەپ قويدى تۇردى.

— ھەي تۇلۇم، مېھرىگۇل قارىنىڭنى تويغۇزۇۋېپ قويۇۋېدى، تىلىڭمۇ چىقىپ قالدى - ھە، — دېدى كامىل گەپنى ئۆزىگە ئېلىپ كېتىپ.

— ئەمىسە ھاڭۋېقىپ تۇرسام بولامتىمۇ؟

ئىشلەمچىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. چاقچاقىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھېزىم يوغان ئاۋازدا ئىشقا بۇيرىدى:

— قېنى ئاغىنىلەر، تۆمۈر گۆرجىكىڭلار ھەرىكەتلەنسۇن، يەنە بىر ماشىنا كەلگۈچە تاسقىۋەتمىسەك شېغىل بېسىۋالمىسۇن.

— تاش بېسىۋالسىمۇ خوتۇنۇڭ بېسىۋالمىسۇن، — دەپ كامىل سېتكىنىغا بىر گۆرجەك شېغىل ئاتتى. سېتكىدىن مۇشتۇمدىن يوغان ياۋا تاشلار سىرىلىپ ئالدىغا چۈشتى، سېتكىنىڭ ئۇششاق تۆشۈكلىرىدىن ئۆتكەن قۇم بىلەن ئۇششاق تاشلارنى يەنە بىر قۇم تاسقايدىغان سېتكىغا ئېتىۋاتقان شەمشەم ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ:

— كامىلكا، ئەجەب لاۋزىلىشىپ كېتىپسىزا، — دېدى.

كامىل سەل قىزاردى، ئۇ گۇناھكاردەك گەپمۇ قىلماي سېتكىغا ئۇزۇلدۇرمەي شېغىل ئاتتى.

— كىران بىر ئەجدىھا ئىكەن، — دېدى مېھرىگۇل ئوغلى ئاتايغا زوقلىنىپ سۆزلەپ، — ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىلا شېغىللىقنىڭ خېلى قىسمىنى تازىلاپ بولدى. ئەمدى بۇ شېغىللىق ئېلىنغان تىك يەرگە دۆڭنىڭ توپىسىنى توشۇپ تىندۇرۇۋەتمىز كېرەك. سەن تايچىقىم، مەھەللىدىكى ئات ھارۋىسى بارلار بىلەن سۆزلەشكىن، بىكار لاغايلاپ يۈرگەنلەرنىمۇ باشلاپ كەلگىن، ئۇلارغا ئىش ھەققى، تاماق بېرىمىز، بۇ يەردە

www.uyghurkitap.com

ئىشلەپ، ئاز - تولا پۇل تاپسۇن.

— ماقۇل ئاپا.

مېھرىگۇل ئاتايىنى كەتكۈزۈۋېتىپ، بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ كاپىنكىسىغا ئولتۇردى - دە، ئۆز قورۇسىغا كەلدى. بۇ يەردە ھېزىمنىڭ ئىشنى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىۋاتقىنىدىن خۇرسەن بولدى. ھېزىم ئادەملىرىنى ئىككى گۇرۇپپىغا بولۇپ، شىغىلىنىڭ غېزىنى غاز، ئۆردىكىنى ئۆردەك قىلىۋاتاتتى، شىغىل تاشلار چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ ئۈچ يەرگە دۆۋىلىنىۋاتاتتى. تۆتىنچى دۆۋە قۇم ئىدى. مېھرىگۇل ئاشخانىسىغا بېرىپ خاسىيەتكە جېكىلىدى:

— ئىشلەمچىلەر غەيرەت بىلەن ئىشلەۋاتىدۇ، كۆپ قىسقا بولغاچقا تامىقىنى ئىش ئورنىدا يېسۇن، گۆشنى مول قىلغىن.

خاسىيەت تۇرانقىزنى ھېزىمنىڭ گۇرۇپپىسىغا، گۆھەرنى توپا توشۇش گۇرۇپپىسىغا ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار ئىش ئورنىدىلا يەر ئوچاق سېلىپ، تاماق ئېتىپ بەردى. كۆپ قىسقارغانسېرى ۋاقىت قەدىرلىنىۋاتاتتى. گۇرۇپپىلار بەس - بەستە ئىشلىدى. مېھرىگۇل ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىشچانلىقىنى كۆرۈپ، ئەمگەك كۈچى ئازاد بولسا، تاغنى تالقان قىلىدىغىنىنى، دېھقانلار ئەتىرەت باشلىقىسىزمۇ ئىشنى بىلىپ، ئۆز ئىشىدەك، ئاڭلىق قىلىدىغىنىنى چۈشەندى.

مېھرىگۇل ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئىشقا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. ئۇ بىردە شىغىللار تازىلىنىۋاتقان دەريا بويىغا، بىردە ئۆز قورۇسىدىكى شىغىل تاسقىلىۋاتقان ئىش مەيدانىغا، بىردە دۆڭنىڭ توپىسى توشۇلۇۋاتقان يېڭى زېمىنغا چاپاتتى، گۇرۇپپا باشلىقلىرىغا يول كۆرسىتەتتى. شىغىللىق تازىلىنىپ بولاي دېگەندە، ئاتاي ئانىسىنىڭ بېشىنى يەنە ئاغرىتىشقا باشلىدى.

— ئەمدى زاۋۇتنىڭ ئۇلىنى كولاپ، زاۋۇت قۇرۇلۇشىنى باشلىغىن.

— كران بوشىسۇن، ئۇلىنى كراندا چىقارساق تېز بولىدۇ.

— ئەمىسە مېخانىك بىلەن زاۋۇت ئۇسكۇنىلىرىنى ئەكەلەي، مېخانىك ئۇسكۇنىلەرنى قەيەرگە ئورنىتىشنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. بىر تەرەپتىن بىنا ياساپ، بىر تەرەپتىن ماشىنا-ئۇسكۇنىلەرنى ئورنىتىپ ماڭدىغان ئىش.

— بۇنىڭغا پۇل كېرەك، ئاكاڭغا نەچچە قېتىم تېلېفون بەردىم. جاۋاب يوق، ئۇ زاۋۇتۇاق سەرپ قىلىدىغان پۇلنى ئەۋەتمىسە، ماشىنا ئۇسكۇنىلەرنى نەنىڭ پۇلىغا سېتىۋالىسەن!

— ئۇ نېمىشقا جاۋاب بەرمەيدىغاندۇ؟

— شۇنى دېمەمسەن، مەن ئاكاڭدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، بىرەر قويمىچىغا ئالدىنىپ قالدىمىكىن ياكى قازاقىستان ساقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىمىكىن، بولمىسا ھەپتىدە بىر تېلېفون بېرىپ تۇراتتى، بىر ئايدىن بېرى خەۋىرىنى ئالالمايۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولماس، ئۆتكەندە تۇرمىگە كىرىپ بۇرنىغا يېتىدىغۇ.

ئانا - بالىنىڭ بۇ كەچتىكى پارىڭى ئاچقۇچلۇق پەيتتىكى مۇھىم پاراڭ ئىدى.

— ئاپا.

— ھە، بالام.

— بولمىسا مەن چېگرىغا بېرىپ باقاي، بۇ ياققا تونۇش سودىگەرلەر ئۆتۈپ قالسا، ئاكامنى سۈرۈشتۈرۈپ باقاي.

— بوپتۇ، بۇنىڭدىن باشقا چارىمۇ يوقتەك تۇرىدۇ. ئاكاڭنىڭ غېمى مېنى شۇلۇكتەك شوراۋاتىدۇ.

— ئەنسىرىمە، ئاپا.

ئاتاي ئەتىسى مېڭىپ كەتتى. مېھرىگۇلنىڭ ئىشى كۆپ، ئالدىراش يۈرسىمۇ ئوغلىدىن ئەنسىرەپلا يۈردى.

## 5

قارا قاشلىرى تۈرۈلگەن، ئاپئاق يۈزى تاتارغان، چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىدىن غەمكىنلىك يېغىپ تۇرغان ئاتاي ھەپتىدىن كېيىن ئانىسىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى. مېھرىگۈل بۇ خۇش-خۇي، شوخ ئوغلىنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ، بىر قىسما بولۇپ كەتتى. ئاتاي چېگرىدىن كەلگۈچە ھارغۇچە دەرد ـ ئەلەم تارتقان ئانىسىغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي كەلگەنىدى، ئۇ ئانىسىغا يالغان ئېيتىشنى خالىمايتتى، يالغانىمۇ قاملاشتۇرالمايتتى، ئەڭ يامىنى ئانىسىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى يوققا چىقىۋاتاتتى. زاۋۇت قۇرۇش بۇياقتا تۇرسۇن، شىغىلى ئادالانغان زېمىننى كۆكەرتىشكىمۇ پۇل يوقلۇقىنى ئۇ بىلەتتى. ئۇ ئانىسى ئالدىدا ئۈنسىز تۇرۇپ قالدى. مېھرىگۈل چىدىماي سورىدى:

— تاي، نېمە بولدۇڭ، بىرەر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ ئاكاڭ ھەققىدە بىرەر ئۇچۇر ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ئۇ ئامان-ئېسەنكەن.

— تېلېفونۇمغا نېمىشقا جاۋاب قايتۇرماپتۇ؟

— بۇ، بۇنى دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ!

— تىلىڭنى چاينىماي دەۋەرگىن.

— دېسەم تىلىم كۆيىدۇ، ئاپا.

— تىلىڭ كۆيگۈدەك نېمە ئىش بوپتۇ، تۈرمىگە چۈشۈپتۇمۇ؟! ياق دەمسەن، ئەمىسە نېمە بوپتۇ، مېنى قىيناۋەرمەي، دەۋەرسەڭچۇ، ھەر قانداق چاتاق ئىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ ئاپاڭ چىدايدۇ!

— ئۇ، ئۇ، بار پۇلىنى قىمارغا سېلىپ بېرىپتۇ.

— ھە، ئىككى مىليوننىڭ ھەممىسىنىمۇ!؟

مېھرىگۈلنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇ گەپ ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس چىقتى، ئۇ بوششىپ لاسسىدە قىڭغايدى. ئاتاي ئۇنى ئىتتىك

يۆلىۋالدى، ئاستا سۇپىدىكى كۆرپىگە ياتقۇزدى. بىر ئىستاكان مۇزدەك سۇنى ئەكىلىپ ئىچكۈزدى. مېھرىگۇل سۇنى خۇددى چاڭقاپ كەتكەن ئادەمدەك گۇپۇلدەپ ئىچىۋەتتى. بۇلاقنىڭ مۇزدەك سۇيى يۇرەك ئوتىنى سەل ئۆچۈرگەن بولسا كېرەك، كۆزىنى ئاچتى، كۆزىدىن شۇ هامان بۇلاق سۇيى تامچىلاپ ئېقىشقا باشلىدى.

— ئاھ دەردىم، ئاھ پەلەكنىڭ گەردىشى!

— ئاپا، جېنىم ئاپا، ئۆزۈڭنى بېسىۋال.

— نېمىشقىمۇ ئۇ شۇمغا پۇل تۇتقۇزغاندىمەن، ھەممىنى يوق قىپتۇ. ئەمدى ئىشلىرىم، تىرىشچانلىقلىرىم بىر قىمار بىلەن چاڭ - توزاندەك توزۇپ كېتىدىغان بولدىمۇ! ۋاي ئىسىت!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تورى تارىسى

# توققۇزىنچى باب

## قىمار دەردى

### 1

مىھرىگۈلنى ئىككىنچى قېتىم چوڭ دەرد ـ ئەلەمگە قويغان نۇرتاي ئانىسىدىن بىر مىليون يۈەن ئېلىپ ئالمۇتىغا چىقىپ كەتكەن، ئالتە ئاي ئىچىدە مىھرىگۈل ئوغلى زاكاز قىلغان مالدىن يەنە بىر مىليون يۈەنلىك چىقىرىپ بەرگەنىدى. ئۇ نۇرتاينىڭ سودىدىكى ئۇچارلىقىغا قايىل بولغان، نۇرتاي بۇ پۇللارغا تېرە، يۇڭ، كەچ كۇزدە پاختا ئەۋەتىپ بەرگەن، مىھرىگۈل بۇلارنى پۇل قىلىپ، دوللارغا ئالماشتۇرۇپ دوللار ياكى نۇرتاي زاكاز قىلغان ماللارنى ئالمۇتىغا چىقىرىپ تۇرغانىدى. كېيىنچە نۇرتاي پولات چىۋىق، قاڭالتىر ئەۋەتىپ بەردى. بۇ خىل ئايلىنىش ئۇلارغا خېلىلا كۆپ نەپ بەرگەنىدى. مىھرىگۈل بۇ نەپنى كۆرۈپ، نۇرتايغا تاغدەك ئىشەنگەن، ئۇ بىر يىلدىن كېيىن نۇرتايغا تېلېفون بېرىپ: «بىز تەرەپتە تېرە ـ يۇڭ، پاختا، پولات ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتتى. ئاتاينى ئۈچ يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتتىم. سەن يېنىپ كېلىپ ماڭا قاراشقىن» دېگەنىدى.

نۇرتاي ئانىنىڭ گېپىدىن چىقمايدىغان بالا ئىدى. ئۇ قايتىپ كەلدى. ئۇ كۆپ ئۆتمەي زېرىكتى، ئۇنى ئانىسىنىڭ ئۇششاق ئىشلىرى بىلەن پارچە سودىلار زېرىكتۈرگەنىدى. نۇرتاي

دېگەن مىليونلۇق چوڭ سودىلارنى قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان - دە، ئۇ يەنە چەت ئەلگە چىقايچۇ، دەپ غىڭشىپ يۈرگەندە، كوپپىدە شېرىكى ساۋۇت تېلېفون بېرىپ قالدى: «ئالمۇتىدا گۆش كەم، باھاسى كۆنسېرى ئېشىۋاتىدۇ!» بۇ ئۇچۇر نۇرتاينى جانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ مال بازىرىغا كىردى. دولان، قارىتام كېمىسى قاتارلىق چەت - ياقا يېزا بازارلىرىغا چاپتى. قوي - كالا شۇنچىلىك ئەرزان ئىدىكى گۆشتىن ئوتياش قىممەترەك ئىدى. ئۇ بۇ بازارلاردىن قوي، كالا ئېلىپ، ئىلى دەرياسى بويىدىكى قۇشخانىغا ھەيدەيتتى. تېرە - ئۈچىيىنى بىر پۇل قىلدى. باش - سىراقنىمۇ ساتتى. ساۋۇتقا ماشىنا - ماشىنىدا گۆش چىقاردى. ئۇ ئون يەتتە كۈندە ئۈچ قېتىملا گۆش چىقار-دى، بۇ 45 توننا گۆش ساۋۇت ساختىنى تويغۇزسا كېرەك: «بولدى، ئالمۇتىنى تويغۇزدۇڭ» دەپ تېلېفون بەردى. بۇ كۈن-لەردە شەھەردىمۇ گۆش باھاسى ئۆرلەشكە باشلىغانىدى. چەت ئەلگە يالغۇز نۇرتاي ئەمەس، خېلىلا كۆپ سودىگەرمۇ گۆش چىقىرىپ، شەھەرنىڭ گۆش باھاسىنى ئۆرلىتىۋەتكەنىدى. بۇ سودىدىن خېلىلا پايدا كۆرگەن نۇرتاي «ئاپامغا قاراشقاچ ئوقەت قىلساممۇ پايدا ئالالايدىكەنمەنغۇ» دېگەن ئويغا كەلدى. ئۇ ئەمدى ساۋۇتتىن ئۇچۇر كۈتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئىشلىرىغا قاراشقاچ يۇرتىدىكى بازار ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ھەرخىل مەھسۇلات ۋە تاۋارلارنىڭ باھاسىنى بىلدى. بىر ئايدىن كېيىن ساۋۇتتىن تېلېفون كەلدى:

— كۆممىقوناق چىقارغىن!

ئۇ مەھەللىسىدە كوچا چىڭداپ يۈرگەن تەڭتۇشلىرىنى يەنە يېزا - يېزىلارغا ماڭغۇزدى، بۇ كۈنلەردە ئاشلىق ئىدارىلىرى «ساڭلار توشۇق» دەپ قوناق ئالماي قويغان، دېھقانلار قوناقلى-رىنى پېشايۋانلىرىغا دۆۋىلەپ قويغانىدى. دېھقانلار مۇشۇ قوناق-لىرىنى سېتىپ، قىشنىڭ تۇرمۇش غېمىنى راسلايتتى، بىر

www.uyghurkitap.com

قىسىم پۇلنى ئەتىيازدىكى تېرىلغۇ ۋە پەرۋىشكە ئېلىپ قوياتتى. ئاشلىق ئورۇنلىرى قوناقنى ئالالمىغاچ بىر كىلوگرامىنىڭ باھاسى ئەللىك پۇڭغا چۈشۈپ قالغانىدى. بورداقچىلار ئالمىسا، باشقا ئالار ئادەم يوق ئىدى. نۇرتاي ئادەملىرىگە:

— بىرىنچى سورتلۇق قوناقنىڭ كىلوگرامىنى 60 تىيىندىن ئېلىڭلار. ئىككىنچى، ئۈچىنچى سورتلۇقىنى ئالماڭلار، ئالغان قوناقنى ئۇدۇللۇق ماشىنىغا بېسىپ، چېگرىغا ماڭغۇزۇڭلار، مەن چېگرىدا ساقلاپ تۇرىمەن، — دەپ جېكىدى.

ئۇنىڭ ئادەملىرى دېگىنىدەك قىلدى. نۇرتاي چېگرىدىن ھەر كۈنى بەش ماشىنا قوناق ئۆتكۈزۈپ تۇردى. چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ساۋۇتنىڭ ئادەملىرى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالمۇتىغا — ساۋۇت ساختىغا ئەۋەتتى. ئىقتىسادتا قىينالغان، قونىقىنى پۇل قىلالمىغان دېھقانلار نۇرتايدىن مىننەتدار بولدى ۋە ئۇنىڭغا «نۇر دۇكا» دەپ نام بەردى.

نۇرتاي كېيىنكى ئىككى يىلدىمۇ مۇشۇنداق دۆڭ سودا قىلىپ داڭق چىقاردى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. چېگرا سودىسى يا گۆش ئەمەس، يا بېز ئەمەس ھالغا چۈشۈپ قالدى. نۇرتاي يەنە زېرىكىشكە باشلىدى. ساۋۇتتىن: «سودا بەك سۇس، خەلقتە پۇل بولمىغاچقا دۇكاندىكى ماللار بېسىلىپ ياتىدۇ. بازارنى شەرقىي - شىمال ۋە دېڭىز ياقىسىدىن كەلگەن سودىگەرلەر ئىگىلىدى. ئۇلار قازاقىستانغىلا ئەمەس، روسىيە، بېلورۇسىيە، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگىمۇ يېغىپ كەتتى. بۇ ئەللەر خەلقى نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا، ئىچكى ئۆلكە - شەھەرلەردىكى زاۋۇتلارغا زاكاز قىلىپ، زاۋۇت باھاسىدىلا پويىزدا يۆتكەپ كېلىپ ئەرزان باھادا سېتىۋاتىدۇ» دېگەن ئۇچۇرنى ئالدى. ئۇ ئانىسىغا:

— ئىنىم ئۈچ ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ، ماڭا رۇخسەت قىلغىن، ئالمۇتىدىكى سودىمىز ئۆلۈپتۇ، مەن چىقمىسام

بولمىغۇدەك، — دېدى.

مېھرىگۈل ماقۇل تاپتى. نۇرتاي ئالمۇتىغا چىقىپ كەتتى. نۇرتاي شېرىكىنىڭ دېگىنى توغرىلىقىنى بازار ئارىلاپلا بىلدى، ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك، چوڭ رىقابەتكە دۇچ كەلگىنىنى چۈشەندى، ئۇ ساۋۇت بىلەن مەسلىھەتلەشتى، ساۋۇت ئاچچىق بىلەن غۇدۇرىدى:

— ئالمۇتا، بىشكەك، ئاستانە بازارلىرىنى مانا بىز قۇرغانىدۇق. ئەمدى بازارنى قۇرغۇچىلارنى تالا مۇشۇكى سىقىپ چىقىرىدىغان بولدى.

ساۋۇت ساختا باھا قويۇۋېتىلگەندىن ئىلگىرى ئۆيىدە يوشۇرۇن شىمىشكا قورۇپ، تۇخۇم پىشۇرۇپ ئوغرىلىقچە سېتىپ يۈرگەن، بازار قويۇۋېتىلىشىگە تەنزىچىلىك، كېيىن دۇكان ئېچىپ مىلىش مال سودىسى قىلغان، دەسمايىلىك بولغاندىن كېيىن، يېزىمۇ يېزا، شەھەرمۇ شەھەر چېپىپ چوڭ سودىلارنى قىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ھامان چەت ئەلگە مال ئېلىپ چىقىپ، ساختا ماللارنى جىق مال سۈپىتىدە سېتىپ كۆپ پايدا ئالغان، بۇ ۋاقىت خوتۇن - قىزلار مودا قوغلىشىدىغان دەۋر بولغاچقا يېڭى پاسونلۇق كىيىم - كېچەكلىرىنى جىق مال، دەپ قىممەتكە ساتقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «ساختا» دەپ لەقەم سىڭگەنىدى. ئەمەلىيەتتە مۇنداق ساختا ماركىلىق كىيىم-كېچەكلەرنى چەت ئەل سودىگەرلىرىمۇ «بەك ئېسىل، يېڭى مودا» دەپ ماختاپ ساتاتتى. ساۋۇتمۇ ئۇلارنىڭ ساختا ماللىرىنى ئېلىپ قويۇپ بۇرنىغا يېگەن ۋە ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دەپ ئۆزىمۇ بۇ ساختىلىققا كىرىشىپ كەتكەنىدى.

نۇرتاي تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن ساۋۇتنىڭ «پۇل پۇلنى تاپىدۇ، دەسمايە كۆپ بولسا، توپ ئېلىپ، توپ ساتساق لوق - لوق پايدا ئالىسەن» دېگەن تەلىمىگە ئەمەل قىلغان، كېيىنچە بۇ ئىككىسى شېرىكلىشىپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان-

دەك، توپ سودىدا لوق ـ لوق پايدا ئالغانىدى. نۇرتاي ساۋۇتنى ئۇستاز تۇتتى. ئۇنىڭدىن ئۇچۇر ئىگىلەش، تاۋارنىڭ [illegible]جا ـ جىڭلىقىنى پەرق ئېتىش، نەرخى ـ ناۋا قاتارلىق ئەمەلىي سودا بىلىمىنى ئۆگەنگەنىدى.

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىدىكى دۆلەتلەر خەلقلىرىنىڭ كىرىم مەنبەسى ئاز بولۇپ، تۇرمۇشى تۆۋەن ئىدى. ئۇلار ئىچكىرى ئۆلكە ۋە دېڭىز ياقىسىدىن كەلگەن، زاۋۇتتىنلا مال يۆتكەۋاتقان سودىگەرلەرنىڭ ئەرزان ماللىرىنى كۆپرەك ئالدى. نۇرتاي بىلەن ساۋۇت يۇرتى ۋە ئىچكى ئۆلكە توپ بازارلىرىدىن ئېلىپ چىققان ماللىرى سۈپەتلىك ھەم ۋاستە ئارقىلىق ئالغان ماللار بولغاچقا قىممەت، ئۇلارنىڭ مىلىنى خەق ئالماي بېسىلىپ قېلىپ، سودىدا سۇنماقتا ئىدى.

## 2

نۇرتاي سودىدا سۇنماسلىق ئۈچۈن ھەرخىل چارىلەرنى ئويلىدى. ئۇ ئويلا ـ ئويلا ساۋۇتقا:

— مېۋە ـ چېۋە سودىسى قىلمايلىمۇ؟ — دېدى.

— بۇ سودىدا بېيىغىلى بولمايدۇ!

— نېمىشقا ھوي!

— مېۋە سودىسى بەشىنچى خىل سودا، مۇنچىلىكلا، — دەپ ساۋۇت كىچىك بارمىقىنىڭ ئۇچىنى كۆرسەتتى.

نۇرتاينىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، چۈنكى ئۇلار دەسلەپ شېرىكلەشكەندە ساۋۇت «بىز لوق سودا قىلىپ، لوق پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلىمىز، سەن مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىشىڭ كېرەك» دېگەن. مېھرىگۈلمۇ نۇرتايغا «ساۋۇت سېنىڭدىن كۆپ چوڭ، سودىدا مول تەجرىبىسى بار، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلا» دېگەن. نۇرتاي يېقىن ئاغىنىسى شەمىگە ئۆزىنىڭ 500 مىڭ

يۈەن پۇلىنى قەرز بەرمەكچى بولغاندىمۇ ساۋۇتتىن سورىغان، ساۋۇت شۇ چاغدا:

— قەرز سورايدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى، ئۇ قانچە سوراۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىغاندا، نۇرتاي،

— 500 مىڭنى! — دېگەن ئىتتىكلا.

— بۇ پۇلۇڭ بىخەتەر ساندۇقتىمۇ؟

— هازىر هېچكىم بىخەتەر ساندۇقتا پۇل ساقلىمايدۇ.

— ئەمىسە نەدە ساقلايدۇ؟

— ئەسكى سامانلىقتا.

— ئاڭلا، — دېگەن ساۋۇت جىددىي تۇردە، — هازىرقى زاماندا قەرزدار قەرز ئالالمايدۇ، پۇلدارلار قەرز ئالالايدۇ. شەمى بىر قويمىچى، ئۇ پۇل تېپىشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ پۇلۇڭنى ئالداپ ئەكەتمىسۇن!

— ئۇ مېنىڭ كىچىكىمدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئاغىنەم، ئاغىنەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتمىسام بولامدۇ؟

— سودىدا ئاغىنىدارچىلىق قىلساڭ سۇنىسەن، كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ يالىڭاچ قالمىساڭلا بولىدىغۇ!

ئۇنىڭ بۇ ئاگاهلاندۇرۇشى توغرا چىقتى، شەمى شاڭخەيگە بېرىۋېلىپ نۇرتاينىڭ پۇلىنى قايتۇرمىدى. مانا شۇ شەمى ۋەقەسىدىن كېيىن نۇرتاي ساۋۇتقا قايىل بولۇپ گېپىدىن چىقماي يۈرگەنىدى.

3

بىر كۈنى ساۋۇت ساختا دۇكانغا ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. ئۇ:

— هوي ئۇكا، دۇكاننى بېقىپ بىكار ئولتۇرغۇچە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئويناپ كەلمەيلىمۇ، — دېدى.

— نېمىنى ئوينايمىز؟

— خەلقئارادىكى داڭلىق قىمارۋازلار كەپتۇ، ئۇلارنىڭ ئوي-
يۇننى كۆرۈپ كېلەيلى، دەيمەنا.

— ئۆزۈڭ بارغىن، — دېدى نۇرتاي خۇشياقمىغان پىشمە-
دا، — مەن قىمارغا يېقىن يولىمايمەن.

— هە، بۇرۇن ئۇتتۇرۇپ قويۇپ بۇرنۇڭغا يەپتىكەنسەن-
دە؟

— ياقەي، قىمار دېگەن قىلما دېگەنلىك. شۇڭا بارمايمەن.

— بىز قىمار ئوينىمايمىز، كۆرۈپ باقايلى، دەيمەنا.

نۇرتاينىڭ ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغانىدى. يۇرتقا كېتەي دېسە
دۇكاندا مىليون سوملۇق مال بېسىلىپ ياتاتتى. بۇنى ئېلىشىغا
سېتىۋېتەيلى دېسە ساۋۇت «ئالدىرىما، مېلىمىزنى ئالىدىغان
پەسىلگە ئاز قالدى» دەپ ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلار دۇكان
بىلەن ياتاقنىڭ يولىنى چىڭداپ يۈردى. نۇرتاي يالغۇز زېرىكىپ
ئولتۇرغۇچە «كۆرۈپ كەلمەمدىم» دەپ ساۋۇت بىلەن بىللە
باردى. ئۇلا ھەرخىل ئولتۇرۇش، توي، تانسخانىلارغا ساۋۇت
بىلەن بىللە بېرىپ، بىللە قايتاتتى. يالغۇز يۈرسە بۇلاڭ-
تالاڭغا ئۇچراشتىن ئەنسىرەيتتى، شۇ كۈنلەردە ئۇ تەرەپلەردە
بۇلاڭچىلار كۆپىيىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، نۇرتايلار نەق پۇللىرى-
نى بىخەتەر ئېشكاپقىمۇ سالمايتتى. ساۋۇتنىڭ كىر پايپاقلىرى
ئىچىگە تىقىپ، كونا كىيىملەر ئارىسىغا تاشلاپ قوياتتى.

قىمارخانا شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر باغدا ئىكەن، ساۋۇت
پىكاپىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ، نۇرتاينى بىر ئۆيگە باشلاپ كىر-
دى. ئۇلار قىمارخانىغا ئاتۇش، قەشقەر، خوتەن سودىگەرلىرىمۇ
كەلگىنىنى بىلدى. ئۇلاردىن بىرنەچچىسى قىمارغا بېشىچە كى-
رىشىپ كەتكەنىدى، ئۇلارغا تونۇشلىرى بېشىنى كۆتۈرۈپ قا-
راپمۇ قويمىدى. بۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تار كارىدور بولۇپ،

كارىدورىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سەككىز ئېغىز ئۆيىنىڭ ھەممى-سىدە قىمارۋازلار قارتا بىلەن قىمار ئويناۋاتاتتى. نورتايلار ھەممە ئۆيگە كىردى. ئۇلار چەت ئەللىك قىمارۋازلارنىڭ ئويۇ-نىغا سەپسالدى. ساۋۇت نورتايغا پىچىرلاپ شۇنداق دېدى:

— ۋاي، بۇ خەقنىڭ خەلقئارا قىمارۋاز دېگەن نامى بولغىنى بىلەن چاغلىق ئىكەن، ئەنە قارا، ئاۋۇ قەشقەرلىك ئاق ئورۇسنى ئۇتۇۋاتىدۇ.

نورتاي ئۇلارغا قارتا تارقىتىپ بېرىۋاتقان رۇس قىزىغا سەپسالدى. ئۇ ھەر قېتىم يېڭى قىمار باشلانغاندا، قارتىنى قىمارۋازلارغا كۆرسىتىپ تورۇپ شىلايتتى. ئۇ شىلىغاندا پەقەت قەغەزنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. قارتنى شىلاپ بولۇپ ئۈستەل ئۈستىگە قوياتتى. ئاق ئورۇس قەغەزنى ئۈچ يەرگە بۆلدى. قىز بىر - بىرلەپ ئېلىپ جەملىدى، ئاندىن دەسلەپ ئۈچتىن تارقاتتى، قىمارۋازلار قارتىنى تاماشىبىنلاردىنمۇ يو-شۇرۇپ، ئالىقىنىغا ئېلىپ ھېسابلىدى، قىز يەنە ئىككىدىن قەغەز تارقاتتى. قەشقەرلىك سودىگەر ئون مىڭ ئامېرىكا دوللى-رىدىن تىكىپ، ئىككى قېتىم ئۇتتى.

بىر ئۇيغۇر سودىگەرنىڭ، يەنە كېلىپ چالا ساۋات ئادەمنىڭ بىردەمدىلا بۇنچە كۆپ پۇلنى ئۇتۇۋېلىشى نورتاينى لەرزىگە سال-دى، ئۇ بارغانچە قىمارغا قىزىقىپ كەتتى. قارىسا ساختىلىق يوق. ئۇلار ياتاققا كېلىپ ئوزۇقلاندى. ئاندىن ساۋۇت ساختا ئۆزلىرى دائىم ئوينايدىغان قارتا قەغىزىنى ئېلىپ ئۆزى يالغۇز پال ئېچىپ ئويناشقا باشلىدى. كارىۋىتىدا يېتىپ ئۇيقۇسى كەل-مىگەن نورتاي ئۈستەلگە كېلىپ:

— كېلە، ئىككىمىز ئويناپ باقىلى، — دېدى.

ئۇلار يېرىم كېچىگىچە ئوينىدى. ئەگەر پۇلدىن ئويناشقان بولسا، نورتاي ساۋۇتنىڭ نورغۇن پۇلىنى ئۇتۇۋالغان بولاتتى. قىمار ئۇنى خېلىلا قىزىقتۇرۇپ قالدىمۇ، ساۋۇتنى «يۈر» دەپ

باشلاپلا قىمارخانىغا باردى. ساۋۇت بەش قول ئوينىدى. تۆت قولدا 180 مىڭ تەڭگە[1] ئۇتتى، بەشىنچى قولدا 30 مىڭ تەڭگە ئۇتتۇردى. نۇرتاي ئۇنىڭ پېشىدىن تارتتى. ساۋۇت «تاماق يەۋالاي» دەپ قوپتى. ئۇ ئۈچىنچى كۈنى بۇ 150 مىڭنى دەسمايە قىلىپ يەنە تاۋكاغا ئولتۇردى. ساۋۇت يەنە 300 مىڭ تەڭگە ئۇتتى. تۆتىنچى كۈنى ساۋۇت نۇرتايغا بۇ پۇلنى تۇتقۇزۇپ:

— سەنمۇ بىر ئويناپ باق، — دېدى، — تەلىيىڭ بولسا ئۇتارسەن، كونىلار «تەلەيدە بوك ـ بوك» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئۇتۇۋالساڭ بېسىلىپ قالغان مالنىڭ زىيىنىنى تولدۇرارمىز.

نۇرتايمۇ قارتا ئويۇنىغا قىزىقىپ، بىر ئويناپ باققۇسى كېلىپ كەتكەنىدى. ئۇ كېچىدە ئۇشۇق ئوينىغاندا، دائىم ساقىسى ئالچۇ چۈشەتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ تەلىيى كېلىشىگە ئىشىنەتتى. ساۋۇت دېگەندەك، بۇ قىماردىمۇ تەلىيى كېلىپ، ساقىسى ئالچۇ، چۈشۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئۇ شۇ خىيالدا قىمارغا ئولتۇردى. بىرىنچى قولدا يۈز مىڭ تەڭگە ئۇتتۇردى، ئىككىنچى قولدا ئۇتۇۋالدى، ئۇ قىزىپ كەتتى، ئامەت ـ تەلەي ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇۋەردى. قىمار توختىغاندا، ساۋۇت ئىككىسى بىر خالتا پۇلنى ئېلىپ قايتىشتى، ئۇلار ياتاققا كېلىپ پۇلنى ساناشتى. نۇرتاي قازاقىستان پۇلى بويىچە بىر مىليون 200 مىڭ تەڭگە ئۇتقانىدى. نۇرتاي خۇشاللىقىدىن خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ئەتىسى ساۋۇتنى قىمارخانىغا بىرىنچى ئالدىراتتى. ساۋۇت:

— بولدى قىلىلى، — دېدى، — ئۆزۈڭ دېگەنغۇ، قىمار دېگەن قىلما، دېگەنلىك دەپ. مۇشۇ پۇلمۇ زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، قىمارۋازلار گورۇھى ئالمۇتا

---

① تەڭگە ـ قازاقىستان پۇلىنىڭ نامى.

بازىرىندىكى مىلليونىرلارنى گاڭسا ـ جىڭسا قىلغىلى كەلگەندەك
تۇرىدۇ، كۆڭلۇم تارتمايۋاتىدۇ، ھېلىقى قەشقەرلىك سودىگەر
بار دەسمايىسىنى قىمارغا سېلىپ بېرىپتۇ.
مىليون تەڭگە ئۇتۇپ، قىمارغا تېخىمۇ قىزىقىپ كەتكەن،
بىر دەمدىلا بىر نەچچە يىل جاپا بىلەن تاپقان پۇلدىن ئارتۇق پۇل
ئۇتتۇۋېلىپ دەندەپ قالغان نۇرتاي بارماي قوياتتىمۇ؟ ئۇ قىزد-
شىپ:
— قىمار دېگەندە بىردە ئۇتتۇرىدۇ، بىردە ئۇتىدۇ، ماڭا
ئامەت كېلىۋاتقاندا، بارمىساڭ قانداق بولىدۇ؟ — دېدى.
ساۋۇت قىمارخانىغا بوينىنى باغلىغان ئىتتەك تەستە بار-
دى. قىمارغا چۈشمەي، نۇرتاينىڭ ئوينىشىنى كۆزىتىپ تۇردى.
نۇرتاي بۈگۈن ئاق ئورۇس بىلەن ئوينىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ
ئامىتى قاچقان ئوخشايدۇ، ئۈچ كۈن ئۇتقىنىنى ئاق ئورۇس
سېرىۋالدى. ساۋۇت نۇرتاينىڭ پېشىنى بىر نەچچە قېتىم تارت-
تى، قۇلىقىغا پىچىرلىدى، ئەمما قىزىپ كەتكەن نۇرتاي «بۇدا
بىر قېتىم» دەپ ئويناپ ئۇتتۇرۇۋەردى. ئۇ ئاخىرقى پۇلنى «يا
چىككا يا پۇككا» دەپ تىكتى، ساۋۇتنىڭ كۆزلىرى يېنىپ
كەتتى. چۈنكى نۇرتاي ئۇتقانىدى. خۇددى ئۇتۇش نۆۋىتى ئۇنىڭ-
غا كەلگەندەك، تاڭ ئېتىپ، قىمارخانا ئېتىلگۈچە ئۇنىڭ ئامىتى
كېلىۋەردى. رۇسنىڭ سېرىق تۇكلىرى تەتۇر ئۆرۈلدى.
قىمارخانا قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتتىن باشلاپ تاڭ ئاتقۇچە
ئېچىلاتتى. دېموكراتىيە ـ ئەركىنلىك قازاقىستاننىڭ سىياسى-
تى بولسىمۇ قىمارۋازلار ساقچىلاردىن ئېھتىيات قىلىشاتتى.
قىمارخانا دەسلەپ ئېچىلغاندا ساقچىلار كۈندۈزى تۇيۇقسىز باس-
تۇرۇپ كىرىپ قىمار سورۇنىدىكى ھەممە كىشىنىڭ پۇلىنى
سېرىپ كەتكەنىدى. نۇرتاينىڭ مۇنچە كۆپ پۇل ئۇتۇشى ساۋۇت-
نى باشقىدىن قىزىقتۇرۇپ قويدى. ئۇ ئىككىسى ئەمدى قىمارغا
بېشىچە كىرىشىپ كەتتى. ئەمما، ھەمىشە تەلىيى ئوڭدىن كېلە-

ۋەرمىدى. بىر ئاي ئىچىدە ئۇلار خالقئارا قىمارۋازلاردىن ئۇچىنى گاڭسا ـ جىسا قىلىپ قويىدى ۋە يەنە باشقا قىمارۋازلارغا نەچچە مىليون تەڭگە ئۇتتۇردى، ئەڭ يامىنى بۇ ئىككى قىمارۋاز ئالته ئۇتىمىز، مانا ئۇتىمىز بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يەتتە مىليون تەڭگە دەسمايىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتتى ۋە قىمارخانىغا تەتۈر قارايدىغان بولدى. بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىنى مېھرىگۈل زاۋۇت قۇرۇشقا ئىشلەتمەكچىدى. مېھرىگۈلنى ئوڭدا قويغان ئىش مانا شۇ ئىدى.

3

مېھرىگۈل ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئۆيدە يېتىۋالدى. بۇ ئىككى كۈندە ئۇ نېمە قىلدى، نېمىلەرنى ئويلىدى، ئاغرىپ قالدىمۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. خاسىيەتقىز، تۇرانقىزلار نەچچە مەرتەم ئىشىكنى قاقتى، زۇۋان چىقمىدى. پۈتۈن ئىش ئاتايىغا قالغانىدى، ئۇ ئاشخانىنى خاسىيەتقىزغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى تاشلىقتا توپا تۆكتۈرۈش، تۈزلەش، توشۇلغان شېغىللارنى تاسقىتىپ، تاش ـ قۇمنى سېتىش بىلەن بولۇپ كەتتى.

مېھرىگۈل ئۆزىنى خەلقئالەم ئالدىدا ئىزاغا قويغان نۇرتايدىن خاپا ئىدى. نۇرتاينىڭ بار پۇلنى قىمارغا سېلىپ بەرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ تاپىنىدىن چوغ كىردى. بۇ چوغ كۆيدۈرۈپ، مېڭىسىگە چىقتى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئەبجەش خىياللار چۆرگىلىدى. «مېنىڭ جېنىم پولاتتىن چىڭ ئەمەسقۇ، بۇ بالا مېنى نېمانچە قىينايدىغاندۇ، ھەي نۇرتاي، نۇرتاي، نېمىشقا سېنى چوڭ قىلغۇچە كۆلدە كۆمەچ بولغىنىمنى ئويلىمايدىغانسەن. يېرىم ئاچ يۈرگەن چاغلىرىمىزنى نېمىشقىمۇ ئۇنتۇغانسەن؟!» ئۇ ئۆزىنى قويار يەر تاپالمىغاندەك بارماقلىرىنى پۇكۇپ ئاچاتتى. ئاخىر ئۇ بىر تۇجۇرۇمغا كەلدى. ئۇ ئۇچىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە ئاشخانىسىغا كەلدى. ئەتىگەنلىك چېيىنى

ئىچىۋاتقان ئەر - خوتۇنلار ئۇنىڭ جۇدەپ، چىرايى سارغىيىپ كىچىكلەپ كەتكەن، تىك قەددى پۈكۈلگەن جىسمىغا قارىدى. مېھرىگۈل سالامىلاشمايلا مۇنداق دېدى:

— قېرىنداشلار، مەن زاۋۇت قۇرۇش نىيىتىمدىن يالتاي-دىم.

ھەممە ھاڭ - تاڭ قالدى، ئەرلەرنىڭ چايناۋاتقان نېنى ئاغزىدا قالدى. كامىل قوپال ئاۋازدا جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— نېمىشقا؟

— سەۋەبىنى سورىما.

— قىزىق گەپقۇ بۇ، بىر چىرايلىق بېغىڭىز، ئىسسىق ئۆي - ماكانىڭىزنى تۈپتۈز قىلىۋېتىپ يالتايغىنىڭىز نېمىسى؟

— بۇزسام ئۆز ماكانىمنى بۇزدۇم، ئىشلىگەن ھەققىڭلارنى ئايمۇ ئاي بېرىمەن.

— ئەيتاۋۇر ھېچ چۈشىنەلمىدۇق، شۇنچە ياخشى پىلانىڭىزدىن ۋاز كېچىشىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم.

— بۇ پىلان چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، لېكىن بۇ كۈنى ئەتە ئەمەس. ئىشنى ئىدىتلىق قىلىشىمىز كېرەك، ئاۋۋال تاشلىق زېمىننى بوستانلىققا ئايلاندۇرىمىز، ھازىردىن باشلاپ، ئەرلەر يېتىپ - قوپىدىغان گەمە كولايدۇ، كۈن قىسقا بولغاچقا يېتىپ - قوپۇپ ئىشلىمەي بولمايدۇ. گەمە كولاشقا كامىل مەسئۇل بولىدۇ، سىلەر دۆڭنىڭ بېقىنىدىن تېشىپ گەمە كولاي-سىلەر. ھېزىم بىر گۇرۇپپا ئادىمى بىلەن شېغىل تاسقاۋېرىدۇ. خاسىيەتقىز ئاشخانىغا مەسئۇل بولىدۇ. تۇرانقىز بىر گۇرۇپپا خوتۇن - قىزلار بىلەن تاشلىق زېمىنغا تۆكۈلگەن توپىنى تۈز-لەيدۇ. مېنىڭ ئورنۇمدا ئاتاي ھەممە ئىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

— سىزچۇ؟ — سورىماي تۇرالمىدى خاسىيەت.

— مەن، ئۇرۇمچىگە داۋالىنىشقا بارىمەن، بىر ھەپتە ئى-

چىدە قايتىپ كېلىمەن.
مېھرىگۈل ئىشلارنى مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، كەچلىك ئاپتوبۇستا ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۈرۈمچىگە ئەمەس، بەلكى شاڭخەيگە بېرىۋالغان شەمىدىن نۇرتاي قەرز بەرگەن 500 مىڭ يۈەننى ئېلىپ كەلمەكچىدى.

## 4

مېھرىگۈل كەتكەندىن كېيىن ئىش ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇ-شى بويىچە يۈرۈشۈپ كەتتى. كامىل، تۇرانقىزلار ئادەملىرىنى يىغدى. كامىل شۇ كۈنىلا گەمە كولاشنى باشلىۋەتتى. گەمە ئۆيلەر پۈتكۈچە تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى. تۇرانقىز كامىلنىڭ ياردىمىدە هارۋىكەش، قول تراكتورچىلار بىلەن سۆزلىشىپ يەتتە ئات هارۋا، ئىككى قول تراكتور، ئون بىر قول هارۋىسى بىلەن توپا توشىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر گۇرۇپپىسىدىكى خوتۇن - قىزلار توشۇلغان توپىلارنى يېيىتىپ تۈزلىدى. ئۇلار ئىشنى داۋۇتنىڭ بېغىغا تۇتاشقان يەردىن باشلىدى. يېڭى توي قىلغانلار بىردىن گەمە كولاپ كىرىشىۋالدى. ئاشخانىدا ئون بىر قىز كەملىدى، ئاتاي ئانىسى يوق چاغدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئاش-خانىنى «ياشلاشتۇرۇش» ئويى بويىچە ئاشخانىغا ئالىي مەكتەپكە بارالمىغان ئون بەش قىزنى ئورۇنلاشتۇردى. بىراق، ئىقتىسا-دىي يۆك بېسىمى پەيدا بولدى. ئاتاي قورقۇپ قالمىدى. ئۇ شېغىل، قۇم ساتقان پۇل ۋە ئاشخانا كىرىمىدىن بۇلارنىڭ ئىش هەققىنى بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ بىر قۇرۇلۇش شىر-كىتىگە مىڭ كۇب مېتىر قۇم، 500 كۇب مېتىر تاش سېتىپ بېرىشكە كېلىشتى.

## 5

مېھرىگۈل شاڭخەيگە بېرىپ، بېيىپ كەتكەن شەمىنى تېپىپ 500 مىڭ يۈەن قەرزنى قايتۇرۇپ ئالدى. ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپلا قىزى نۇرگۈل بىلەن بىر كېچە بىللە بولدى ۋە كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ، 300 مىڭ يۈەننى نۇرگۈلگە تاشلاپ كەلدى. مېھرىگۈل ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا ئاتايىنى ئۈرۈمچىگە نۇرگۈلنىڭ يېنىغا يولغا سالدى. ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنى ئەكىلىشى كېرەك ئىدى.

مېھرىگۈل بۈگۈن ھاردۇق چىقىپ قالدىمۇ ياكى پۇلنى ئېلىپ كېلىپ خاتىرجەم ئۇخلىغاچقا ئۇيقۇغا قېنىپ قوپتىمۇ، ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ھويلىغا چىققاندا ھەممە يەر ئاپئاق قار ئىدى. بۇ نازۇكئاينىڭ ھويلىسى بولۇپ، مېھرىگۈلنىڭ ئۆيى تۇپتۇز قىلىۋېتىلگەندە كۆچۈپ كەلگەنىدى. ئۇ ئامبارنىڭ لىمىغا كىرگۈزۈپ قويغان ياغاچ كۈرەكنى ئېلىپ ھويلىنىڭ قارىنى تازىلىدى، ئاندىن شوتا قويۇپ ئۆگزىگە چىقتى. ئۇنىڭ كۆزىنى كۈچلۈك نۇر چاقتى، بۇ نۇر يېڭى كۆتۈرۈلۈپ چىققان قۇياش نۇرىنىڭ قارغا چۈشۈپ ئەكس ئېتىشى ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قۇياش، قار نۇرىنى بېسىپ چۈشۈپ، يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاۋۋال يېڭىدىن ئاچقان زېمىننى ئىزلىدى، تاپالمىدى، ئون بەش كۈن ئاۋۋالقى يېشىل زېمىن ئاپئاق تون كىيىپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇياقمۇ ئاق، بۇياقمۇ ئاق، قاياققا قارىمىسۇن، پۈتكۈل زېمىن ئاق لىباسقا ئورالغانىدى. بۇ ئاپئاق زېمىن ئۇنى ئالدىدىكى كۈنلەردە نېمە ئىش قىلىش لازىملىقى ئۈستىدە ئويلاندۇردى.

«ھە، ئاتاي ياراپتۇ، قېرىنداشلارمۇ ياراپتۇ، دۆڭنىڭ توپىسى تاشلىق ئورنىنى ئىگىلەپتۇ، ئەمدى قىشچە قوي مايىقىنى تاغدىن، قىشلاقلاردىن يۆتكەپ كېلىپ بۇ يېڭى زېمىننى ئوغۇتلاش

كېرەك، بۇنىڭ ھۆددىسىدىن ھېزىم پاڭقاي بىلەن شەمشەمنىڭ ئېرى چىقىدۇ. قالغانلار بىكار يۈرەرمۇ؟»

مېھرىگۈل قېرىنداشلىرىغا ئىش تېپىپ بېرەلىدى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يېڭى يىل كىردى ـ دە، مېھرىگۈل ئاتاي بىلەن ئولتۇرۇپ بىر يىللىق كىرىم ـ چىقىمنى ھېسابلىدى. بۇ يىلدا كىرىم ـ چىقىمنى قاپلىيالمىغانىدى. مېھرىگۈل قول ئاستىدا ئىشلىگەنلەرگە يەنە 11 مىڭ 320 يۈەن بېرىشى كېرەك ئىدى. ئاشخانا بۇ چىقىمنى تۆلىيەلمەيتتى، شاڭخەيدىن ئەكەلگەن پۇلنىڭ 200 مىڭى بانكىدا بولسىمۇ ئۇنىڭغا تېگىشكە بولمايتتى. مېھرىگۈل شۇنداق غەم قىلىپ ئولتۇرغاندا، قىشلىق تەتىل قىلىپ نۇرگۈل كەلدى، ئائىلە خۇشاللىقى ھەممە غەم ـ غۇسسىلەرنى ئۇنتۇلدۇردى. ئائىلىدە ھەپتىگىچە زىل كۈلكىلەر ياڭراپ تۇردى. كېلىم ـ كېتىملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەن بىر كۈنى ئانا بىلەن قىز مانتا تۈگۈپ ئولتۇرۇپ سىرداشتى.

— سەن بىر ئاي دەم ئالامسەن؟

— ياق، بۇ يىل يېنىڭدا تۆت ئاي تۇرىمەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ھېچ ئىش بولمىدى، مەن بۇ يەردە ئۈچ ئاي ئەمەلىي مەشىق قىلىمەن، بۇنى پراكتىكا دەيدۇ.

— ئەمىسە بەك ياخشى بوپتۇ.

— تۆت ئايدىن كېيىن مەكتەپتە يەنە ئىككى ئاي تۇرۇپ، دىسسېرتاتسىيە ياقلاش، ئىمتىھان بېرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىمەن، ئاندىن يېنىڭغا مەڭگۈلۈك قايتىپ كېلىمەن.

— ۋاي، ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان، راست، بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلىڭ ئەمەسمىدى، — دەپ مېھرىگۈل باشقىدىنلا ئېچىلىپ كەتتى، — پاھ ـ پاھ، كۈنلەر، ئايلار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، ئالتە يىل بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ جۇمۇ!

— بۇ يىللار سەن ئېغىر كۈنلەرنى تارتقان، جاپا - مۇشەققەتتە ئۆتكەن يىللىرىڭ، مېنىڭ بىلىم ئالغان يىللىرىم بولدى. بۇ يىللار ھەقىقەتەنمۇ مەنىلىك، شەرەپ قۇچقان يىللار بولدى.

— شۇنداق، بۇ يىللار ماڭا ئۇچقاندەك بىلىنىدۇ، كوممۇنا ۋاقتىدا كۈنلەر شۇنچە ئۇزۇندا ئۆتەتتى، قورساق ئېچىپ، غۇلدۇرلىغانسېرى كۈنگە قارايتتۇق، كۈن بىر يەردە توختاپ قالغاندەك بىلىنەتتى. مانا ئەمدىزە كۈن بىردەمدىلا ئۇلتۇرۇپ كېتىدۇ. ئاشۇ ئۇزۇن كۈنلەر نېمىشقا قىسقىراپ كېتىدىغاندۇ، دەپ ئۆكۈنىمەن.

— ۋاي جېنىم ئاپا، كوممۇنا ۋاقتىدا ئەمگەكنىڭ قەدىرلەنمەيتتى، شۇنداق تۇرسا دېھقاننىڭ ئىشلىگۈسى كېلەتتىمۇ؟ تۇخۇ باقسامۇ «كاپىتالىزمنى تىرىلدۈردى» دەپ تەنقىد قىلسا، قورساق تويمىسا، كىيىم پۈتۈن بولمىسا، كىمنىڭمۇ ئىشلەشكە رايى باراتتى.

— توۋا دەيمەن، شۇنچە كەڭ بېغىمىزنىڭ ئالقانچىلىك يېرىگىمۇ ئوتياش تېرىساق «كاپىتالىزم يولىغا ماڭدىڭ» دەپ تەنبىھلەيتتى، بۇ بېغىمىز قوراي بېسىپ تۇرسا رازىدىكى، سىلەرنىڭ قورسىقىڭلار ئۈچۈن بىر نېمە تېرىشقا رۇخسەت يوق ئىدى.

— ئۇ چاغدىكى باشلىقلارچۇ، كاپىتالىزمنى كۆرمەي، بىلمەي تۇرۇپ، سىيگەن - چىشقاننىمۇ كاپىتالىزم دەۋالغان. ھەتتا سوتسىيالىزم - كوممۇنىزم دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنىمۇ، ماھىيىتىنىمۇ چۈشەنمەيتتى، كوممۇنا دېگەننىڭ ئۆزى كوممۇنىزم دېگەن سۆزدىن چىققان، دۆلەت، خەلق گاداي تۇرۇپمۇ، يەنە «ئېھتىياجىغا قاراپ تەمىنلەيدىغان» كوممۇنىزم قۇرىمىز، دەپ پو ئاتاتتى.

— مېنىڭغۇ ئەس - يادىم سىلەرنىڭ قورسىقىڭلارنى بېقىشتىلا قالغان، بىر قېتىم قانداق قىلىشىمنى خىيال قىلىپ

ئولتۇرۇپ، ئەترەتنىڭ كوممىقوناقلىقى ئېسىمگە كېلىپ قالدى، ئۇ كۆممىقوناقلار كۆكۋاش بولغان ۋاقىتلار ئىدى. بەزىلەرنىڭ كۆكۋاش ئوغرىلىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ كۆكۋاشلاردا بىنىڭىمۇ ھەققىمىز بارغۇ، دېگەن ئوي بىلەن كۆكۋاش ئوغرىلىماقچى بولدۇم. مەنمۇ شۇلارنى دوراپ قوناقلىقتا ئوت ئالغىلى بارغان بولۇپ، قولتۇقلىرىمغا، قوينۇمغا كۆكۋاش تىقىپ كەلدىم. بىر كۈنى خاسىيەت چىرايىمغا قاراپ قويۇپ: «ۋىيىيەي ھەدە، ئىششىپ كېتىپسىزغۇ» دېدى.

— ھىي - ھىي، ھا - ھا!

نۇرگۈلنىڭ قوڭغىراقتەك كۈلكىسىگە مېھرىگۈلمۇ قوشۇلدى. مېھرىگۈل سۆزىنى داۋام قىلدى:

— قوناق پىشقاندا، خوتۇن - قىزلار ئۈزەتتۇق، شۇ چاغدا تا قوناق ئۈزۈلۈپ بولغۇچە باش قوناقنى قوينۇمغا تىقىپ ئەكېلىپ، قىشچە سىلەرگە ئاق بالداق ئېتىلدۈرۈپ بەردىم.

— مەن ئاقبالداققا بەك ئامراقتىم، بۈگۈنمۇ ئېتىلدۈرۈپ بەرگىنە.

— ماقۇل، نېمە يېگۈڭ كەلسە دەۋەر، قىلىپ بېرىمەن.

## 6

بىر كۈنى نۇرگۈل ئانىسىنىڭ چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ سورىدى:

— خىيالغا پېتىپ كېتىپسەنمۇ نېمە؟

— قىشچە ئادەملىرىمىزگە بىرەر ئىش تېپىپ بېرىشنىڭ غېمىدە قالدىم.

— ۋاي - ۋۇي ئاپا. خەققە نېمانچە كۆيۈپ - پىشاتتىڭ، ئۆزۈڭنىمۇ ئايا، قارىغىنا تۇرقۇڭنى، ئورۇقلاپلا كېتىپسەن.

— ئالىي مەكتەپ ساڭا باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى، ئۇلار-

نىڭ ياشىشىغا توغرا يول تېپىپ بېرىپ، كۆڭلىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرۈشنى ئۆگەتمەپتۇ - دە.

— هازىرقى زامان قانداق زامان، ھەممە ئۆز كويىدا يۈرىدىغان، پۇلنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، دەيدىغان زامان. سەنمۇ چۇ، زامانغا بېقىپ ئىش قىلغىنىڭ ياخشى.

— سېنىڭ بىلەن مەن ئەل بىلەن ياشاۋاتىمىز، ئەلنىڭ قورسىقى تويسا بىزمۇ تويۇنىمىز.

— توپتوغرا گەپ، — دېگەن بوم ئاۋاز ئانا - بالىنى چۆچۈتىۋەتتى، ئۇلار ئىشىككە قاراشتى، بوسۇغىدا داۋۇت تۇراتتى، — ساۋاقدىشىمىزنىڭ خەلق سۆيەرلىكىنى بىلگەچكە، ياردەم سوراپ كەلدىم.

— هوي، داۋۇت تاغامغۇ بۇ، — دەپ نۇرگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ تىنچلىق سورىدى.

— ھە، تاغىڭىزنى ئۇنتۇماپسىز - دە، قىزىم، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

— ھەئە، قېنى يۇقىرىغا ئۆتۈڭ، — دەپ نۇرگۈل كۆرپە سالدى.

— ئالدىراپ تۇرىمەن، مۇنداق ئىشتى، ھەي تۇل خوتۇنلار غەمگۈزارى، — دېدى داۋۇت مېھرىگۈلگە قاراپ، — ماڭا بىر نەچچە ئايال كېرەك ئىدى. ئامبىردىكى ئالمىلىرىم سېسىۋاتىدۇ، ئۇنى يالغۇز ئۆرۈپ ئۈلگۈرەلمەيۋاتىمەن.

— توپ سېتىپ تۈگەتسەڭ بولمىدىمۇ؟ — دېدى مېھرىگۈل.

— ھەي، بۇ يىل بازار كۆتۈرەلمەي قالدى. بىر كىلوگرام ئالمىنى 30 تىيىندىنمۇ ئالمىسا، بۇنى ئاز دەپ گۈلقەنتىنىڭمۇ بازىرى ئۆلدى.

— بوپتۇ، نەچچە ئايال كېرەك؟

— ئۇچى بولسا بولار.

مېھرىگۈل ئۈچ ئايالنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى. داۋۇت قانداق تېز كىرگەن بولسا، شۇنداق تېز چىقىپ كەتتى. نۇرگۈل ئىشىك يېپىلىشىغا ئانىسىغا:

— مانا ئاپا، ساڭا ئىش چىقتى، — دېدى.

— قانداق ئىش؟

— نۇرتايغا ئالمۇتا بازىرىدا گۈلقەنت سودىسى قانداق دەپ تېلېفون قىلايلى، ئۇ شەھەردە بازار تاپسا داۋۇتكامنىڭ گۈلقەنتلىرىنى چىقىرىپ بېرەيلى.

— ئۇنىڭ قىمار ئوينىشىغا دەسمايە سېلىپ بېرەيلى، دېگىنە.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

مېھرىگۈل نۇرتاينىڭ بار پۇلنى قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتكىنىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. قىز ئويلىنىپ قالدى. كەچتە ئاتاي كەلدى، ئۇچى ئولتۇرۇپ ئۇندىمەي پېتىر مانتا يېيىشتى، تاماقتىن كېيىن نۇرگۈل:

— ئاپا، ئەمىسە مەن ئېلىپ چىقاي، — دېدى قەتئىي تەلەپپۇزدا.

— نېمە دەيسەنۋوي، سەن بىر قىز بالا تۇرساڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاسپورتۇڭ بولمىسا، قانداق چىقىسەن!

— 500 يۈەن تۆلەپ، يىگىرمە كۈنلۈك ساياھەتكە چىقىمەن، گۈلقەنتنى نۇرتاينىڭ ئادرېسىغا ماڭغۇزىمەن، بۇ يىگىرمە كۈندە گۈلقەنتنى سېتىپ، نۇرتاينىڭ قۇلىقىدىن تارتىپ ئەكېلىمەن.

مېھرىگۈل قىزىنىڭ پىكرىنى دەڭسەپ كۆردى، قانداقلا بولمىسۇن، نۇرتاينى چەت ئەلدە تاشلاپ قويۇشقا بولمايتتى. بىراق، قىز بالىنى يالغۇز چەت ئەلگە چىقىرىشقا تېخىمۇ بولمايتتى، بۇ ئويىنى قىزىغا ئوچۇق ئېيتتى.

— جېنىم ئاپا، مەندىن ئەنسىرىمە، ئوقۇش پۈتتۈرۈش پراكتىكىسىنى مۇشۇ سودىدىن باشلاي، مەن خەلقئارا سودا كەسپىنىڭ نەزەرىيىسىنىلا ئۆگەندىم، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرمىسەم ئوقۇغىنىم قۇرۇق پېتى قالىدۇ. رۇس تىلىنىمۇ رۇسلار بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىپ پىششىقلىغۇم بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنىم نېمە كۈنلەردە قالدى، نېمە قىلىۋاتىدۇ، بۇ مېنى ئەنسىرىتىپ قويدى.

— ئويلىشىپ باقاي.

— ئويلاشقۇدەك نېمىسى بار، — دېدى ئاتاي بۇ تەكلىپكە قىزىقىپ، — ھەدەم چىقسا ھەم ئۆگەنگىنىنى ئىشلىتىدۇ، ھەم پۇل تاپىدۇ، مۇھىمى ئاكامنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

نۇرگۈل ئانىسىنىڭ يەنىلا ئىككىلىنىۋاتقىنىنى سېزىپ:

— ئاپا، مېنىڭدىن ئەنسىرىمە، مەن ئەرەنچە ياسىنىپ چىقىمەن، — دېدى.

مېھرىگۈل ئويلىنىپ قالدى. نۇرگۈل چوڭ بولۇپ قالغاندى، ئۇنىڭغا قاچانغىچە ئىشەنچ قىلالمايدۇ؟ ... ئانىسىنىڭ ئويلىنىپ قالغىنىنى كۆرگەن نۇرگۈل خۇشال بولۇپ ئېيتتى.

— دېمەك قوشۇلدۇڭ ـ ھە؟ مېنىڭچە گۈلقەنت بىلەنلا چىقسام كۆپ پايدا ئالالمايمەن، مېنىڭ كەم ئەقلىمگە كىرسەڭ مۇراببامۇ ئاچىقىمەن.

— نەنىڭ مۇرابباسىنىمۇ ئاچىقىسەن؟

— سەن پۇل بولمىغاچقا مۇراببا زاۋۇتى قۇرۇشقا يېتىشەلمىدىڭ، مېنىڭچە داۋۇت تاغامنىڭ ئالمىسىنى مۇراببا قىلىش كېرەك. سەن بىزگە شۇنداق تەملىك، يېسە يېگۈسى كەلگۈدەك مۇراببا قايناتتىپ بېرەتتىڭغۇ.

— قول مۇراببانى خەق ئالامدۇ؟

— ماشىنىنىڭكىدىن سېنىڭ قول مۇراببايىڭ تەملىك.

— مۇراببانىمۇ قايناتايلى، ئۇنى قاچىلايدىغان شىشە، چاپ-

لايدىغان ماركىچۇ؟

— ئەينەك زاۋۇتىغا زاكاز قىلمامسەن.

— بەك قىممەت توختاپ كېتەر.

— شىشىنى مەن تاپاي، — دېدى ئاتاي، — شاراباراچىلار كونسېرۋا شىشىلىرىنى سېتىلىدۇ، ئۇنى پاكىز يۇيۇپ، دېزىنفېكسىيىلەپ قاچىلىساق بولىدىغۇ.

— سەنلا قوشۇلساڭ ئانىجان، ماركا ۋە باشقا ئىشلارنى ئاتاي ئىككىمىز قىلىمىز.

— ئەقلىڭلارغۇ ياخشى، — دېدى مېھرىگۈل، — ئەممازە داۋۇت سىلەرگە گۈلقەنتنىمۇ، ئالمىسىنىمۇ بەرمەيدۇ، ئۇ بېيىغانسېرى قاتتىقلىشىپ كەتتى.

— بايا ئۇ ئالما سېسىۋاتىدۇ، گۈلقەنت پۇل بولمايۋاتىدۇ، دەپ قاقشىدىغۇ؟

— ئۇنىڭ مىجەزىنى سىلەر بىلمەيسىلەر، ئۇ كاج نېمە، ئۇنىڭغا بىز بىرلىشىپ شىركەت قۇرايلى، دەپ تالاي دېدىم، گۈلقەنت، مۇرابا زاۋۇتى قۇرۇپ، زامانغا لايىق كارخانىچى بولىدىغان ۋاقىت يەتتى. بىغىڭ، گۈللۈكۈڭ شىركەتكە قوشقان سەرمايەڭ بولسۇن، دېسەم «سەن تەييارغا ھەييار بولماقچىمۇ، ئاۋۋال مەن تارتقان جاپانى تېتىپ بېقىپ، ئاندىن مېنىڭ دۇنيارىمغا كۆز ئالايتتى» دەپ تەنە قىلدى. مۇنداق ئادەم تەييار مەھسۇلاتنى سىلەرگە بېرەرمۇ؟

— بولمىسا، ئاۋۋال بىر بېرىپ سۆزلىشىپ باقمايمىزمۇ.

— مەن بارمايمەن، سىلەر بارساڭلار ئىختىيارىڭلار.

## 7

— ۋاي كېلىنگلار، ھوي، نۇرگۈلكەنغۇ بۇ، — ئاتاينىڭ چاقىرىشىغا ئۆيدىن چىققان نازۇكئاي نۇرگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ

مەڭزىنى مەڭزىگە تەگكۈزۈپ كۆرۈشتى، — قېنى، ئۆيگە كىرىڭلار.

لىق كەلگۈدەك بىرلا قېلىن گىلەم سېلىنغان ئۆي ئىسسىق ئىدى. ئۇلار كۆرپىگە ئولتۇرۇشتى، نازۇكئاي دەرھال داستىخان راسلىدى. ئاتاي گۈلقەنت، تاتلىق - تۈرۈم، ئالما تىزىۋاتقان نازۇكئايدىن سورىدى:

— ھەدە، داۋۇت تاغام بارمۇ؟

— ئۇ ئالما ئۆرۈۋاتاتتى، ھازىر چاقىرىمەن.

نازۇكئاي چاي قۇيۇپ، مېھمانلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى - دە، سىلىق مېڭىپ چىقىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي، داۋۇت كىرىپ كەلدى. ياشلار ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشتى. داۋۇت:

— ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار، نۇرگۈل، ھاردۇق چىقتىمۇ؟ — دەپ ھال سورىدى.

— رەھمەت، بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىمەن.

— ھە، ئەمدى ھۆكۈمەت بولۇپ بىزنى باشقۇرىدىكەنسىز - دە؟

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز، — دېدى نازۇكئاي، — نۇرگۈل مالىيە - سودا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرىدۇ، مېھرىگۈلدەمنىڭ ئوڭ قانىتى بولىدۇ.

— ۋاھ، ياخشىغۇ، نۇرگۈل بىزگە سودا يولىنى ئۆگىتىپ قويسا بولىدىكەن.

— مەن ئوقۇغانلىرىمنى سىناپ كۆرەي، دەپ كەلدىم. داۋۇتكام گۈلقەنت سېتىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويار، دەيمەن.

— ما گەپنى، ئاڭلىدىڭمۇ نازۇك، بۇ قىز تېخى بىر دودەن دېھقاندىن ئۆگەنگۈدەك، ۋاھ - ھا - ھا!

— ھەم ئۆگىنىدۇ، ھەم ئۆگىتىدۇ - دە. چاي ئىچىڭلار.

— مەن ھازىر ئۆگىتىشنىڭ ئەمەس، قانداق قىلسام ئالما،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

گۈلقەنتلەرنى پۇل قىلىشنىڭ غېمىدە قالدىم.

— ئۇلارنى پۇل قىلىشنىڭ يولى بار، — دېدى نۇرگۈل.

— قانداق يول بار؟

— ماڭا توپ باھا بويىچە نېسىگە ساتىسىز، مەن پۇل قىلىمەن.

— ۋاھ - ھا - ھا! — دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلدى داۋۇت، — نەچچە يىلدىن پۇل قىلىپ كەلگەن مەندەك بىر دودەن پۇل قىلالمايۋاتسا، ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى كەتمىگەن بىر ئوقۇغۇچى پۇل قىلارمىش.

نۇرگۈل رەنجىدى. نازۇكئاي قىزنىڭ قىزارغان يۈزى، ئىنچىكە قاشلىرىنىڭ تۈرۈلگىنىدىن خاپا بولغىنىنى سېزىپ، ئېرىغا كايىدى:

— بۇ ساراڭنىڭ دودەنلىكى تۇتتى، خاپا بولماڭ نۇرگۈل، سىزنى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ چاقچاق قىلىۋاتىدۇ.

— ھەي داۋۇت تاغا، ئاۋۋال توختاملىشىپ، گۈلقەنت، ئالمىلىرىڭنى ھەدەمگە سېتىپ بەرگىن، قاملاشتۇرالمىسا شۇ چاغدا كۈلۈپ زاڭلىق قىل، — دېدى ئاتاي.

— مەنچۇ، سىزگە راست گەپ قىلىۋاتىمەن، ھەممە گۈلقەنت، ئالمىلىرىڭىزنى سېتىۋالىمەن، ئەگەر پۇلىنى بېرەلمىسەم ئاپام بېرىدۇ. سىزنى زىيان تارتىپ قالمىسۇن، دەپ كەلگەنتىم... نازۇكئاي ھەدە، چۈشەنگىزغا رەھمەت.

نۇرگۈل شۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇردى. داۋۇت خېلى تۇتۇلۇپ نۇرگۈل بېشىنى تىك تۇتۇپ چىقىپ كەتتى. مېھرىگۈل داۋۇتنىڭ قىلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلىگە بىر نىمىنى پۈكتى. ئۇ بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى. داۋۇتتىن خەۋەر يوق. نۇرگۈل ئۈمىدىنى ئۈزدى. ھەپتىدىن كېيىن ئىشىك قېقىلدى. نۇرگۈل ئىشىكنى ئېچىپ نازۇكئاينى قىزغىن كۈتۈۋالدى. چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ نازۇكئاي:

— داۋۇت سىزنى گۇلقەنت، ئالمىلارنى قانداق پۇل قىلىدىكەن، دەيدۇ، — دەپ سورىدى.
— بۇ سىر، بۇنى ھەتتا ئاپامغىمۇ ئېيتمايمەن، داۋۇتكام ماڭا ئېشەنمىسە ئاپامغا ئېشەنسۇن.
— ھەي شەيتان قىز، بۇ سىرىڭىزنى مېھرىگۇل ھەدەممۇ بىلمەمدۇ؟ — دەپ مېھرىگۇلگە قارىدى نازۇكئاي.
مېھرىگۇل بىلمەيمەن دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقىدى. نازۇكئاي دېدى:
— داۋۇت سىزگە ئىشىنەلمەيۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ ھەممە مېلىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن، نەتىجىدە مېھرىگۇل بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى ئۇزاق يىللىق دوستلۇقىمىزغا تەسىر يېتىشتىن قورقىدۇ، ئۇ سىزنى بالا، مۇنداق چوڭ سودىغا خام، دەيدۇ.
— بىلىمگە ئىشەنسە بولاتتى، — دېدى نۇرگۇل.
— قىزىمغا ئىشەنمىسە ماڭىمۇ ئىشەنمەمدۇ؟
— بۇ سودىدىن سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىز بار ئىكەن — دە؟
— ھەئە، ئالما مۇراببەسىنى پېقىر قىلىدۇ، قىزىم ساتىدۇ. داۋۇتقا دەپ قويغىن، ئەگەر قىزىم ئۇنىڭ مېلىنى پۇل قىلالمىسا، مەن تۆلەيمەن، مەن كېپىل.
— بۇ گېپىڭلارنى داۋۇتقا دەپ باقاي.

مېھرىگۇل سەككىز ئايالنى ئەگەشتۈرۈپ، داۋۇتنىڭ ھويلىسىغا كەلدى، ئۇلار شاللاپ چىقىرىلغان ئالمىلار دۆۋىسىگە كېلىپ، پىچاقلىرىنى قولىغا ئالدى. ئۇلار ئالمىنىڭ سېسىق يېرىنى ئېلىۋېتىپ، ساق يېرىنى پاكىز مىشكاپقا سېلىشتى. ئۇلار كەچكىرگۈچە بەش مىشكاپ تازىلانغان ئالمىنى قول ھارۋىسىغا بېسىپ مېڭىشتى، ئۇلار ئاشخانىغا كېلىپ، ئالمىلارنى پاكىز يۇدى، ئاقلىدى، توغراشتى، مېھرىگۇل قىيام قايناتتى، بەش كىلوگرام توغرالغان ئالمىنى قىيامغا سېلىپ قايناتتى.

هەممە تېتىپ بېقىشتى:
— مانا مۇراببا دېگەن، — يەپ كۆرۈپ تامچىپ ـ تامچىپ قويدى خاسىيەتلىكمىز، — قولى گۇل خوتۇن جۇمۇك بۇ!

ئەتىسى بىر قېتىمدىلا ئون كىلوگرام مۇراببا چىقىرىلدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن مېھرىگۇل ئوغلى بىلەن بىللە قايتىپ كېلىۋېتىپ مۇنداق دېدى:

— بالام، ئەتە ئەينەك زاۋۇتىغا بېرىپ سۆزلەشكىن، ئۇلارغا ئەرزانراق ئىشلەپچىقىرىپ بەرسەڭلار، 1000 دانە شىشە ئالىمىز، دېگىن.

— ۋاي ئاپا، بۇ بەك كۆپقۇ!

— مۇلچەرىمچە داۋۇتنىڭ ئالمىسىدىن بەش مىڭ شىشە مۇراببا چىقىدىغاندەك.

— ئەمىسە بەش مىڭ شىشە ئالىمىز، دەي.

بىر ئاي ئىچىدە نۇرگۇلنىڭ ئالدىدا بەش مىڭ شىشە ئالما مۇراببىاسى، ئۈچ مىڭ شىشە گۇلقەنت تەييار بولدى.



www.uyghurkitap.com

## ئونىنچى باب

# ئەرەنچە كېيىنگەن سودىگەر

### 1

نۇرتاي ئالمۇتىنىڭ ئاپتوبۇس قاتناش بېكىتىگە چىقتى. ئۇ خېلى ساقلىدى. بىر كەمدە بىر چوڭ ئاپتوبۇس بېكەتكە كىردى. نۇرتاي ئاپتوبۇس ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ چۈشۈۋاتقان يولۇچىلارغا قارىدى. ھەدىسى يوق! «ھەي، ئاتاي ھەدەم ماڭدى دېگەنتىغۇ، كەلمەپتۇ» دەپ قايتاي دەپ بۇرۇلۇشىغا مۈرىسىگە قويۇلغان ئالىقاندىن كەينىگە قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا دادىسىنىڭ چىراي غۇۋا كۆرۈندى، «چۈشۈممۇ - ئوڭۇممۇ» دەپ قاراپ تۇرۇپ قالدى. ياق نەق دادىسى! مانا ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى، چوڭ كۆزلىرى، قاڭشارلىق بۇرنى، كەسمە بۇرۇتى، ئات يۈزى — ھەممە يېرى، ھەممىسى دادىسىنىڭ ئۆزى! ئۇنى بىردىن قورقۇنچ باستى، ئۇ قاچماقچى بولۇپ يەنە كەينىگە بۇرۇلۇشىغا ئۇنىڭ بىلىكىگە قول كىردى:

— ئىزدراستى نوكا، كاك دىلا[1]

بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا غەلىتە ئاڭلاندى، «بەلكىم دادامنىڭ ئەرۋاھى كەلگەندۇ، ئۇ ئالەمدە ئاۋازىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ... شۇئان يەنە ‹ۋاھ - ھا - ھا!›، دېگەن ئەرلەرگە خاس

---

① رۇسچە، ياخشىمۇسىز نوكا، قانداق ئەھۋالىڭىز، دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

كۇلكە، كەينىدىنلا «پىخ ـ پىخ» قىلغان بوش كۇلكە نۇرتاينىڭ قۇلىقىغا كىردى. ئەمدى نۇرتاي پۇتۇنلەي گاراڭ بولۇپ قالدى. ئۇ ھەتتا ئالدىدا كۇلۇۋاتقان بۇ دادىسىنىڭ ئەرۋاھىغا قاراشقىمۇ پېتىنالمىدى. شۇ ئەسنادا بىر يوك ماشىنىسى كىرىپ كەلدى. شوپۇر ۋارقىرىدى:

— ھاي، نۇرتاي ئىسىملىك تىجارەتچى قايسىڭ؟ بۇ يۈكنى تاپشۇرۇۋال!

نۇرتاي تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن بېرى ئولتۇرسا ـ قوپسا «مال، پۇل» دېگەن خىيال ۋە پارىڭىمۇ سودا، پۇل ھەققىدە بولغاچقىمۇ «يۈكۈڭنى تاپشۇرۇۋال» دېگەن ئاۋازدىن ئۆزىگە كەلدى. دادىسىنىڭ ئەرۋاھىمۇ ھەممە يېرى يېپىق يوك ماشىنىسى ئالدىغا كەلدى ۋە دېدى:

— ھوي تۇرغان، بىز بىلەن تەڭلا كەپسىز ـ دە.

— ھە، ئامان كەلدىڭىزمۇ ئۇكا، كابىنكىغا چىقىڭ، يۈكـ ڭىزنى قەيەرگە چۈشۈرىمىز؟

— دىرۋۇزبىغا①، — دېدى نۇرتايمۇ كېلىپ ۋە ئەيمىنىپكىنە كابىنكىغا چىقتى، — ھەدەم كەلمىدىمۇ؟

شۇ ھامان بىلەك گۆشى ھەرە چاققاندەك ئاغرىپ كەتتى.

— ھەدەم دېگىنىڭ نېمىسى، مانا بۇ يىگىت بۇ يۈكنى بەرگەن، — شوپۇر شۇنداق دەپ نۇرتاينىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كەسمە بۇرۇتلۇقنى كۆرسەتتى.

نۇرتاي تېخىمۇ تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ كىچىكىدە ھەدىسى مۇشۇنداق بىلىكىنى مۇجۇپ چىمداپ ئەدىپىنى بېرەتتى. ئۇنىڭ ھالى بارغانچە يامانلىدى، چىرايى مۇردىدەك ئاقاردى. ئۇ گەپ سوراشتىنمۇ قورقۇپ، موللا مۇشۇك بولۇپ، تۈگۈلۈپ ئولتۇر-دى. شوپۇر دىرۋۇزبىنى بىلىدىكەن، ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ:

---

① دىرۋۇزبا ـ ئالمۇتىدىكى جاي ئىسمى.

— قايسى قورۇغا چۈشۈرىسەن؟ — دەپ كەسمە بۇرۇتلۇققا قارىدى.

كەسمە بۇرۇتلۇق يىگىت نۇرتاينى يەنە چىمداپ قويدى. نۇرتاي ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك:

— ھە، ھە، كەلدۇق، ئەنە ئاۋۇ بېغى بار قورۇغا، — دېيەلىدى.

ماشىنا بىر دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. ئاۋۋال كەسمە بۇرۇتلۇق، ئاندىن نۇرتاي چۈشتى، ئۇ ئالدىراپ دەرۋازىدىن كىرىپ ۋارقىرىدى:

— هاي بەختىيار، بۇياققا چىق!

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئورۇق، ئېگىز بويلۇق، ئاق پىشماق كەلگەن چىرايلىق بىر يىگىت چىقىپ سالام بەردى. ئۇ نۇرتاي بىلەن بىللە يۈكلەرنى چۈشۈردى. شوپۇر ماشىنىسىنى ئايلاندۇرۇپ، كەلگەن يولىغا قايتتى. ئالىپتە يىگىتمۇ يۈكلەرنى توشۇدى.

نۇرتاي دادىسىنىڭ ئەرۋاھىنى بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى، ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، قاپقارا چاچلىرىنى بۇدۇر قىلغان ئاق پىشماق ئايال ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، سالاملىشىپ ئۆيگە باشلىدى ۋە ئۇلارنى ئۇستەل چۆرىسىدىكى ئورۇندۇققا باشلىدى.

ئۆي ئىگىسى ئايال «بۇ كىم؟» دېگەندەك كەسمە بۇرۇتلۇق يىگىتنى بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كۆلۈپ نۇرتايغا قارىغاندى. نۇرتاي نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. ئۇنىڭ ئورنىدا كەسمە بۇرۇتلۇق يىگىت جاۋاب بەردى:

— مەن نۇرتاينىڭ ئىنىسى ئاتاي بولىمەن.

— قېنى ئاتاي. ئازادە ئولتۇرۇڭ، مېنىڭ ئىسمىم ھەجەر يارمەتىۋا، نۇرتاي سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ بەرگەنىدى.

ھەجەر شۇنداق دەپ چىقىپ كەتتى. تازىمۇ قايمۇقۇپ،

دەككە ـ دۈككىدە تۇرغان نۇرتاي «مېنىڭ ئىسىسىم ئاتاي» دېگەندە داڭ قېتىپلا قالغانىدى. ئۇ ئەمدى بۇ ئەرۋاھقا «داداممۇ ئىنىممۇ» دېگەندەك كۆزلىرىنى جامدەك ئېچىپ قاراشقا باشلىدى، ئۇنىڭ بېشىدا بۆرە قۇلاقچا، ئۇچىسىدا قارا دىراپ پەلتۇ، پۇتىغا خۇرۇم ئۆتۈك بار ئىدى. نۇرتاي ئۇنىڭ قېشىنىڭ ئىنچىكىلىكىگە، دادىسىنىڭكىدەك كۆزلىرىگە، ئويماقتەك لەۋلىرىگە قاراپ «ھىم، ھەدەم بولۇپ قالمىسۇن» دەپ ئويلىدى ۋە كۆرۈشكەندىن بېرى «ئاتاي»غا بىرىنچى قېتىم گەپ قىلدى:

— سەن ـ سەن ئاتايغا ئە ـ ئەمەس ··· دادامغا ئوخ ـ ئوخشاپ قاپسەن!

— كۆزۈڭدىن چىقىپ قاپتىمەن، — دېدى بۇرۇتلۇق يىگىت بوم ئاۋازدا، — مېنى تونۇمىدىڭما؟

شۇ ئارىدا ساھىبخان نان، چىنە كۆتۈرۈپ كىردى، ئۇلار چايغا ئولتۇردى، نۇرتاينىڭ كېلىدىن بىر نېمە ئۆتمىدى. ئۇ پەقەت كەسمە بۇرۇتلۇققا سەپسېلىپ ئولتۇردى. چاي ئىچىلىپ بولدى. كەسمە بۇرۇتلۇق دۇئا قىلىپ، ئورنىدىن تۇردى. نۇرتاي ئۇنى بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. كەسمە بۇرۇتلۇق ئاۋۋال پەلتۇسىنى سالدى، ئاندىن شىلەپىسىنى ئېلىۋېدى، ئىككى ئۈرۈم ئۇزۇن چاچ بېلىگە سىيرىلىپ چۈشتى.

— ۋاي ـ ۋاي، ھا ـ ھا ـ ھا! — دەپ نۇرتاي راسا كۈلدى، ئۇ كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى، — ۋاي ـ ۋاي، سېنىڭ ھىيلەڭنى قارا، خۇددى دادامغا ئوخشاپ قاپسەن!

— ئاستا، پەي قىمارۋاز، ئۇلار ئاڭلاپ قالىدۇ.

ئەمدى كەسمە بۇرۇتلۇق يىگىت قىزنىڭ ئاۋازىدا پىچىرلىدى. نۇرتاي كۈلكىسىنى بېسىپ:

— ۋاي ـ ۋاي ھەدە، ئەجەب قورقۇتتۇڭا مېنى، مەن تېخى دادامنىڭ ئەرۋاھى كەلدىمىكىن، دەپتىمەن.

— قانداق، يىگىتلەرگە ئوخشاپتىمەنمۇ، قاملاشتۇرۇپتى-

مەنمۇ؟
— ئالامەت قاملاشتۇرۇپسەن.
— بىلىپ قوي، شۇ مىنۇتتىن باشلاپ مېنىڭ ئىسمىم ئاتاي، سېنىڭ ئىنىڭ، ھەدە ياكى نۇرگۇل دەپ سالما، ئاڭلىدىڭمۇ؟
— سەن ئاتاي ئەمەس، نۇرگۇل نامى بىلەن چىقىۋەرسەڭمۇ بولمايتتىمۇ، سېنى ئەرەنچە ياسىنىشقا نېمە مەجبۇر قىلدى؟
— ئاپام بولمادۇ، — دېدى نۇرگۇل ۋە مېھرىگۇلنىڭ ئىشلىرىنى، پۇل غېمىدە يۈرگىنىنى، ئۆزىنىڭ داۋۇتنى ماقۇل قىلىپ گۈلقەنتلەرنى ئېلىپ چىقماقچى بولغاندا، «سەن قىز بالا، چىقارمايمەن» دەپ تۇرۇۋالغىنىنى سۆزلەپ بەردى.

2

مېھرىگۇل نۇرگۇلنىڭ ئالمۇتىغا چىقىشىغا ئەنسىرەپ ئۇنىمىغانىدى. شۇندا نۇرگۇل بۇ ھىيلىنى تاپتى. ئۇ ئۆيدە يالغۇز قالغاندا، ئەرلەرچە سۆزلەشنى مەشىق قىلدى، ئاتايىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، مۇئامىلىسىنى ئۆگەندى. ئاندىن ساندۇقتىن دادىسىنىڭ كاستۇم - بۇرۇلكىسى، ئۆتۈكى، پەلتۇسىنى ئېلىپ كىيىپ باقتى. بۇ كىيىملەر ئۇنىڭغا دەل كېلىپلا قالماي، راسا ياراشتى. ئاندىن ئۇ ھۆسن تۇزەش دۇكىنىغا بېرىپ، چىرايىغا ئەرلەرچە پەرداز قىلدۇردى ھەم چاپلايدىغان كەسمە بۇرۇت ئالدى. بازاردىن شلەپ ئېلىپ ئۆيگە كەلدى. ئانىسى كېلىش ئالدىدا دادىسىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ بۇرۇتنى چاپلىدى. ئۇزۇن چاچلىرىنى بېشىغا يۆگەپ، شلەپنى كىيدى. ئۇ شۇنداق ياسىنىپ بولۇپ، ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى قاقتى - دە، ئۆيگە كىردى. مېھرىگۇل بىرلا قاراپ چىرقىرىدى - دە، ھوشىدىن كەتتى. نۇرگۇل شلەپە، پەلتۇلارنى سېلىۋېتىپ ئانى-

سىغا يېقىن كېلىپ، بېشىنى كۆتۈردى.

— ئاپا ـ ئاپا، بۇ مەن، مەن قىزىڭغۇ، — دەپ قورقۇپ كەتكەن نۇرگۈل يىغلامسىراپ چاقىردى.

ئۇ ئانىسىنىڭ كۆز ئاچمىغىنىنى كۆرۈپ، بىر چۆمۈچ سۇ ئەكىلىپ، يۈزىگە ئازراق چاچتى. مېھرىگۈل سەسكىنىپ كەتتى ۋە كۆزىنى ئېچىپ ئالاق ـ جالاق قارىدى. نۇرگۈل بۇرۇتنى ئېلىۋەتمىگەنىدى. مېھرىگۈل كەسمە بۇرۇتنى كۆرۈپلا، كۆزلىرى چەكچەيدى. نۇرگۈل «هوي ئاپا، بۇ مەن، قىزىڭمەن» دەپ تەكرار ـ تەكرار ۋارقىرىدى. شۇ ئارىدا ئاتاي كىرىپ كەلدى. ئۇمۇ هە، دېگەندە بىر قىسما بولۇپ كەتتى، نۇرگۈل ئانىسىغا يېلىندى:

— ئاپا، جېنىم ئاپا، مەن ئەخمەق قىزىڭنى كەچۈر، سەن ئالمۇتىغا چىقىشىمغا رۇخسەت قىلمىغاچقا ئەرەنچە ياسانغان، دادامنىڭ كىيىملىرىنى كىيگەنتىم. سەن مېنى دادامغا ئوخشىتىپ قالدىڭمۇ، نېمە؟

ئاتاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، نۇرگۈلنىڭ بۇرۇتىنى كۆرسىتىپ قاقاهلاپ كۈلۈۋەتتى. كۈلكە ۋە نۇرگۈلنىڭ ئاۋازىدىن مېھرىگۈل ئۆزىگە كەلدى. ئۇ ئەمدى هەيران بولۇپ قىزىغا قاراپلا قالدى.

— ۋاي شوخ، ۋاي شوخ، مېنى ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالدىڭ، داداڭنىڭ ئەرۋاهى كەپتۇ، دەپ قورقۇپ كېتىپتىمەن، سەنزە ...

— هەدەم دادامغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ، ئەمەسمۇ! — دېدى ئاتاي.

ئۇلار ئەمدى ئۇچى تەڭ كۈلۈشكە، كۈلكىدىن توختاپ ئەزمەتنى ئەسلەشكە باشلىدى، نۇرگۈل يەنە ئالمۇتىغا چىققۇچە ئاتاينى سۆزلىتىپ، ئەرلەرچە سۆزلەش، مېڭىش ـ تۇرۇشنى مەشىق قىلدى ۋە:



www.uyghurkitap.com

— ئاتاي، چانىمدىكەن؟ — دەپ سورىدى.
— چانىمدى.
— ئەمىسە ئاپا، رۇخسەت قىلارسەن، بولمىسا، يەنە سېنى قورقۇتىمەن.
— بوپتۇ، چىقساڭ چىق!

## 3

ئەتىسى نۇرگۈل نۇرتاي، ساۋۇتلار بىلەن دۇكانغا باردى. نۇرگۈل كىچىك ماشىنىدا ئولتۇرۇپ كېتىۋېتىپ تەلەپچان تەلەپ‑پۇزدا دېدى:
— ماڭا سودا ئەھۋالىڭلارنى تونۇشتۇرۇڭلار.
— سودىمىز سۇغا چىلاشتى. شەرقىي ‑ شىمال ئۆلكىلەر‑دىن ۋاگونلاپ مال كېلىپ، باھانى چۇشۇرۇۋەتتى. بىز ساپ، ئالىي ماللارنى قىممەت باھادا ئەكەلگەنتۇق. باھاسى ئۆرە بول‑غاچقا خېرىدار سورايدۇ، ئالمايدۇ، — دېدى ساۋۇت.
— ماللىرىڭلار يازلىقمۇ، قىشلىقمۇ؟
— ھەر ئىككىسى بار، قىشلىقى كۆپ، ھازىر ئاز تولا سېتىۋاتىمىز، — دېدى ساۋۇت.
نۇرتاي «ھەدەم ئىككى مىليون يۈەننىڭ گېپىنى چىقارمى‑غىدى» دېگەن ئەندىشىدە ئۈندىمەي پىكاپنى ھەيدەپ ئولتۇردى. پىكاپ ساپلا دۇكانلار قاتار تۇرغان يەردە توختىدى.
— كەلدۇق، — دېدى نۇرتاي.
ساۋۇت چۈشۈپ ئوتتۇرىدىكى دۇكاننى ئاچتى، نۇرگۈل ئاۋۋال دۇكاننىڭ تېشىغا قارىدى، ئىچىگە كىردى. مالنىڭ تىزىلىشىنى كۆرۈپ ياراتمىدى، ئۇ چىقىپ ھەممە دۇكانلارنى ئارىلىدى. ساۋۇت:
— ئەمدى ئۇكا، باراخولكا بازىرىمىزنىڭ ھەممە يېرىنى،

مەن دېگەن دۆخبېيدىن كىرگەن ماللارنى كۆرۈپ بېقىڭ، — دەپ يول باشلىدى. ئۇ يول بويى باراخولكا بازىرىنى تونۇشتۇرۇپ ماڭدى:

— بۇ بازار بەك چوڭ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندە ئىلى سودىگەرلىرى نۇرغۇن مال ئېلىپ چىقىپ، ئالمۇتا، بىشكەك شەھەرلىرىدە بازار ئاچتى. ئۇلارنىڭ سودىسى ئاۋۇپ، بازار ئاۋاتلاشقان، ئوش، تاشكەنت، چىمكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە مەخسۇس توپ سېتىش، پارچە سېتىش بازارلىرى بەرپا بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە مەشھۇرلىرى ئالمۇتىدىكى مۇشۇ باراخولكا بىلەن بىشكەكتىكى تۇر بازىرى. ئالمۇتا ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت كەڭ بىر مەيدان ئاجرىتىپ (دەل مۇشۇ يەرنى) سودىگەر تىجارەتچىلەرنى كۆچۈردى ۋە بۇ بازارغا «باراخولكا» دەپ رۇسچە نام بەردى. ھازىر بۇ خەلقئارا بازارغا ئايلاندى. بۇ بازاردا توپ سودا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى، ياۋروپا، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن سودىگەرلەر بۇ بازاردىن توپ مال ئېلىپ، ئۆز دۆلەتلىرىگە ئاپىرىپ ساتىدۇ. بازاردا يەنە دۇكانلار، يايمىلار كۆپ، بۇلاردا پارچە سېتىلىدۇ، مىلىش مالمۇ سېتىلىدۇ، بۇ بازار سەككىز يىلدىن بېرى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ئەللىرىگە ناھايىتى كۆپ پايدا يەتكۈزدى، ئاۋاتلىق، باياشاتلىق ۋەزىيىتى شەكىللەندۈردى. بىزنىڭ دۇكانمۇ توپ ۋە پارچە سېتىلىدىغان دۇكان.

نۇرگۇل ساۋۇتنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، بازار ھەققىدە ئەمەلىي بىلىم ئالدى. ساۋۇت بازار ئىچىگە كىرگەنسېرى بىلەرمەنلىك بىلەن تونۇشتۇرۇپ ماڭدى:

— باراخولكا بازىرىچۇ ئۇكا، قازاقىستان بويىچىلا ئەمەس. پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئاممىباب سودا مەركىزى بولۇپ قالدى. بۇ بازاردا كىيىم - كېچەك سودىسى ئاساس

قىلىنىدۇ، جۇڭگو، تۈركىيە، ئىران، سۈرىيە، كورىيە، رۇ-
سىيە، ھىندىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كىيىم
- كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئائىلە
ئېلېكتىر سايمانلىرى، تۈرلۈك ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى قاتارلىق
تاۋارلار سېتىلىدۇ. بىر قىسىم جۇڭگو سودىگەرلىرى ئۆز تاۋار-
لىرىنى سىزگە ئوخشاش بېۋاستە ئەكىلىدۇ ياكى قازاقىستانلىق
شېرىكلىرى بىلەن بىللە ئەكىلىدۇ.

ساۋۇت شۇنداق دەپ نۇرگۈلنى بازاردىكى چەت ئەل كىيىم-
كېچەكلىرى سېتىلىدىغان دۇكانلارغا باشلىدى. نۇرگۈل دۇكان-
لاردىكى ئىتالىيىنىڭ خۇرۇم پەلتۇسى، ئاياغ كىيىمى، سۈرى-
يىنىڭ ئىچ كىيىملىرى، تۈركىيىنىڭ كۆڭلەكلىرى، ھىندىس-
تاننىڭ يۇڭ پوپايكىلىرى، جۇڭگونىڭ تەنھەرىكەتچىلەر كىيى-
مى، ئىراننىڭ ياغلىقلىرى، ئۆزبېكىستاننىڭ ساپ پاختا كى-
يىملىرى، رۇسىيىنىڭ نوركا قۇلاقچىلىرى قاتارلىق ئەلا سۈپەت-
لىك تاۋارلارنى كۆردى، تۇتۇپ باقتى، كىيىپ باقتى. ئۇ تۈر-
كىيىنىڭ ماركىسى چاپلانغان ئەرلەرنىڭ قېلىن كۆڭلىكىدىن
بىرنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ كۆردى، ئۇ ساۋۇتقا كۆڭلەك
ماركىسىنى كۆرسەتتى، ساۋۇت:

— بۇ تۈركىيىنىڭ ماركىسى، ھاۋا سوغۇق، بىرەرىنى
ئېلىپ كىيىۋېلىڭ، — دېدى.

— ئېلىڭ ئەپەندى، بۇ نەق تۈركىيىنىڭ كۆڭلىكى، —
دېدى دۇكاندار.

— ياق، بۇ كۆڭلەكنى مەن شاڭخەيدە كۆرگەن، — دېدى
نۇرگۈل.

— تۈركىيىنىڭ مېلى دېسەم ئىشەنمىسىڭىز، ماركىسىغا
قاراپ بېقىڭ، — دېدى دۇكاندار.

نۇرگۈل ئۇنىڭغا رۇس تىلىدا جاۋاب بەردى:

— خانىم، بۇ جۇڭگونىڭ شاڭخەي شەھىرىدە تىكىلگەن

www.uyghurkitap.com

كۆڭلەك، مەن مۇشۇ كۆڭلەكنى تىكىدىغان شاڭخەيدىكى فابرىكىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا كۆرگەنمەن.

— بۇ، مۇمكىن، — دېدى ساۋۇت، — ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى جۇڭگو تاۋارلىرىغا چەت ئەلنىڭ ماركىلىرىنى چاپلاپ ساتىدىغان بولدى. بىر يىلى چوڭ ئاپام ھەرەمدىن نۇرغۇن يىپەك پايپاق ئەكەپتۇ، مېنى سېتىپ بەر، دېدى. مەن ھەرەمنىڭ تەۋەررۇك پايپىقى دەپ سېتىۋەردىم، بىر كۈندىلا سېتىپ بولدۇم، بىر چاغدا بىر خوتۇن پايپاقنى دۇكىنىمغا ئەكىلىپ ئېتىپ:

— ھوي ئالدامچى، بۇ جۇڭگونىڭ پايپىقىغۇ، ھەرەمنىڭ تەۋەررۇكى دەپ ئالداشقا قانداقمۇ يۈزۈڭ چىدىدى، ھۇ ساختىپەز، — دەپ ۋارقىراپلا كەتتى.

— ۋاي سىڭلىم، چوڭ ئاپام ھەرەمدىن ئەكەلگەن، — دېدىم.

ھېلىقى خوتۇن مەن ساتقان پايپاقتا ئوپئوخشاش بىر پايپاقنى كۆزۈمگە تۇرتۇپ:

— بۇنىڭغا قارا، «چىينا» دېگەن ماركىسىنىلا ئالماشتۇرۇپ، بىرگە بىر قىممىتىگە ساتامتىڭ!

قارىسام راست، ئوخشاش پايپاق «China» دېگەن ماركىنى تىرنىقىمدا تاتىلاپ چىقاردىم. مانا شۇنداق ئەسلىي ماركىنى سويۇۋېتىپ، ئورنىغا چەت ئەل تاۋارلىرىنىڭ ماركىسىنى چاپلايدىغان ساختىپەزلىك ھاجىلاردىمۇ بار …

ئۇلار ھېچنېمە ئالماي تاۋارلارنى كۆردى، ئاندىن قايتىشتى. ساۋۇت تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، جۇڭگو ماللىرىنىڭ ئەھۋالىدىن مۇنداق مەلۇمات بەردى:

— مەن باراخولكا بازىرىنى قۇرغۇچىلاردىن بىرى. بىز دەسلەپ «دوستلۇق» ناملىق كۆڭلەك ئېلىپ چىققاندا بۇ بازار يوق ئىدى. شۇ چاغدا بۇ كۆڭلەكنى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارلا ئەمەس،

ياۋروپالىقلارمۇ ياقتۇرۇپ سېتىۋېلىشتى. ئۇ چاغدا بۇ يەرگە ئېلىپ چىققان باشقا خىل تاۋارلىرىمىزنىڭ سۈپىتى ياخشى ئىدى. كېيىنچە شەخسىي كارخانىلار كۆپىيىپ، ئۇلار ئىشلەپچىقارغان سۈپەتسىز ماللار كۆپەيدى. مەن ساتقان يىپپېكى، چىرايلىق ئاياغلارنىڭ چەمى سۈنى كۆرسىلا ئاجراپ كېتەتتى. بۇنداق سۈپەتسىز ماللار بازارنى قاپلاپ، بىز ئېلىپ چىققان ماللارنىڭ ئىناۋىتى چۈشۈپ كەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار باي ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىتالىيە، تۈركىيىلەرنىڭ قىممەت باھالىق ماللىرىنى سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. ھازىر بازارغا كىرگۈزۈلۈۋاتقان جۇڭگو تاۋارلىرىنىڭ سۈپىتى ياخشىلاندى، ئەمما «سۈپەتسىز» دەيدىغان قاراش ھازىرمۇ بار. بىزنى سەگەكلەشتۈرگەن بىر ئىش بار، — دەپ ساۋۇت مۇغەمبەرلەرچە ھىجايدى.

— قانداق ئىش؟ — قىزىقتى نۇرگۈل.

— كىشىلەرنىڭ چەت ئەل مېلىغا قارىغۇلارچە ئۆزىنى ئېتىشىدىن پايدىلىنىش.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ھوي ئاكا؟

— بىر تاشكەنتلىك سودىگەر بىلەن پاراڭلاشقانىدىم، ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: سودىگەرچىلىك ـ ئالدامچىلىقتۇر. بۇ يەردىكى ئادەملەر تۈركىيە تاۋارلىرىغا قارىغۇلارچە ئىشىنىدۇ. تۈركىيە سودىگەرلىرى جۇڭگودىن تۆۋەن باھادا تاۋار ئىمپورت قىلىپ، ماركىسىنى تۈركىيىنىڭ داڭلىق ماركىسىغا ئالماشتۇرىدۇ. جۇڭگونىڭ بۇ سۈپەتلىك تاۋارلىرى تۈركىيە ياۋروپا، شەرقىي ـ جەنۇبىي ئاسىيا، ياپونىيە، كورىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر بازارلىرىدا داڭدار مال قاتارىدا سېتىلىدۇ. جۇڭگونىڭ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق تاۋارلىرى ياپونىيە، كورىيە تاۋارلىرىدىن قېلىشمايدۇ. شۇڭا زېرەك تۈرك، ئەرەب سودىگەرلىرى جۇڭگونىڭ بۇ خىل تاۋارلىرىغا ئۆز

دۆلىتى ماركىلىرىنى چاپلاپ يېنىك سانائىتى يوق ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىغا كۆپلەپ سېلىپ، ئاردىن نۇرغۇن پايدا ئېلىۋاتىدۇ. بولسا، سىز ماڭا جۇڭگودىن مال چىقىرىپ بېرىڭ، بىزمۇ تۇركلەردەك قىلايلى.

— سىز ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشتىڭىزمۇ؟

— ياقەي، مېنىڭ ماللىرىمنى قويۇپ كېتەرمىكىن، دەپ قورقتۇم. ھازىر قويمىچىلار خىلمۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن بىزنىڭ پۇلىمىزنى بۇلاۋاتىدۇ.

بازار ئايلىنىپ كۆرۈش، باھا، ساۋۇتنىڭ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ سودىگەرچىلىك مەنتىقىسىدىن نۇرگۇل سودىگەرچىلىكنىڭ ئەمەلىي بىلىمىنى ئالغاندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى قانداق بېسىش ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزدى، ئويلاندى، ئۇدا ئۈچ كۈن بازار ئارىلىدى، سودىگەرلەر بىلەن پاراڭلاشتى، ئەتراپلىق ئۇچۇرغا ئىگە بولدى. ئىنىسى بىلەن ساۋۇتنىڭ دۇكىنىدا بېسىلىپ قالغان ماللارنى كۆردى، بۇ ماللار ھەقىقەتەن سۈپەتلىك ماللار ئىدى. ئۇ: «بىر ئىش قىلىدىكەنمەن، بۇردىسى بار ئىش قىلىشىم كېرەك» دېگەن پىكىرگە كەلدى ۋە ئۇنىڭ كاللىسىدا مۇئەييەن پىلان، تەدبىر شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئۇ ساۋۇت بىلەن نۇرتايغا مۇنداق تەكلىپ بەردى:

— بىز دۇكاننى كىشىلەرنى جەلپ قىلغۇدەك زىننەتلىسەك، دۇكاننىڭ ئالدىغا كۆركەم، چوڭ بىر ۋىۋىسكا ئاسساق، ۋىۋىسكىغا دۇكىنىڭلاردىكى كىيىمنى كىيگەن ئالپتە يىگىت بىلەن قىزنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپ، ئوتتۇرىسىغا «يېڭى مودىلىق، يارىشىملىق كىيىملەرنى تاللاپ كىيىڭ» دېگەن رۇسچە - ئۇيغۇرچە خەت يازدۇرساق، خەت ئاستىغا گۈلقەنت، مۇراببانىڭ ئەترگۈل، ئالمىلارغا ئورالغان يەنە بىر رەسىمىنى سىزدۇرۇپ، تۆپىسىگە «گۈلقەنت سىزگە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ،

مۇرابىا تېنىڭىزگە راھەت، ئاغزىڭىزغا شەربەت» دەپ يازدۇر-
ساق، خېرىدارلار بۇنى كۆرۈپ، مېلىڭلار بىلەن تونۇشىدۇ.
— بۇ بولىدىغان چارىكەن، قىلىپ كۆرمەيمىزمۇ.
— مېنىڭچە رەسسام جىق پۇل تەلەپ قىلىدۇ، ياخشىسى
ئالىپتە يىگىتىمىز ئۆزىمىزدە بولغاندىكىن شۇنى سۈرەتكە تارتىپ
چوڭايتساق بولمىدىمۇ؟ — دېدى ساۋۇت.
— قىزنىچۇ؟ — سورىدى نۇرتاي.
— ھەجەر ھەدەمنىڭ قىزى راسا باب كېلىدۇ.
— ھەي ساۋۇتكا، گۈلزار دېگەن ئوقۇغۇچى تۇرسا ...
— بولدى، تالاشمايلى، مېنىڭ سۈرىتىمنى چاپلىساق بولى-
دۇ، قىزنى بولسا، بىر ئامالى بولار، مودا قىزلار باردۇ؟
— سامانىنىڭ نەرخىدە، — دېدى ساۋۇت ئۆزى ئالاقە قىلىپ
يۈرگەن قىزلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ.
— يۇر نۇرتاي، مېنى ئەڭ چوڭ ۋە بىر ياخشى سۈرەتخانىغا
ئاپارغىن، — دېدى نۇرگۈل ۋە دۇكاندىن ئۆزىگە يارىشىملىق
شىپىڭ كۆڭلەكتىن بىرنى ئېلىپ پوپكىسىغا سېلىۋالدى.
— ماقۇل، سېنى موسكۋالىق مەريەمنىڭ فوتو سۈرەتخانى-
سىغا ئاپىراي.
— ھـوي ھېلىقـى نادىربـاينىڭ خـوتۇنىنىڭ سۈرەتخانى-
سىغىما؟ — دەپ قالدى ساۋۇت.

## 4

ئۇلارنىڭ تەلىيىگە نادىرمۇ، مەريەممۇ بار ئىكەن، نادىر
نۇرتايغا سودىگەرچىلىك يولىنى ئۆگەتكەن ۋە كۆپ ياردەم بەرگە-
نىدى. نۇرتاي بۇلارنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى،
ئۇ نۇرگۈلنى ئىنىم دەپ تونۇشتۇردى. مەريەممۇ ئۇلارنى ئىللىق
كۈتۈۋالدى. مەريەم «ئاتاي» نىڭ سۈرىتىنى تارتىپ بولغاندىن

كېيىن نۇرگۈل كىيىم يۆتكەش ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ قىز-لارچە كىيىنىپ، پەرداز بېرىپ چىققاندا، مەرىيەم بۇ گۈزەل رەسىمگە قاراپلا قالدى. نۇرتاي چاندۇرماسقا تىرىشىپ:

— بۇ قىز بىلەن ئىنىمنىڭ سۈرىتىنى ۋېۋىسكىغا يانمۇيان قويۇپ كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى كۆرگەزمە قىلاتتىم. شۇڭا ئىككىسىنىڭ سۈرىتىنى يېرىم مېتىر چوڭايتىپ بەرسىڭىز.

مەرىيەم مىيىقىدا كۈلۈپ، نۇرگۈلنىڭ سۈرىتىنى تارتتى، ئۇ فوتو ئاپپارات كۆزىدىن بايىقى يىگىت بىلەن قىزنىڭ تولىمۇ ئوخشايدىغىنىنى كۆردى ۋە يەنىمۇ ھەيران قالدى. مەرىيەم لېن-تىنى يۇيۇش، چوڭايتىش ئاپپاراتى بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇرۇ-شىغا نۇرگۈل غىپلا قىلىپ ياسىنىش ئۆيىگە كىرىپ، يەنە ئالىپ-تە يىگىت بولۇپ چىقتى ۋە نۇرتاي بىلەن قايتىپ كەلدى، ئۇلار خەتتاتتىن بىرنى تېپىپ كېلىشكە ساۋۇتنى ئەۋەتتى. نۇرتاي ھەدىسىگە چاقچاق قىلدى:

— ۋاي - ۋاي، سەن بۇ ھىيلە - مىكىرلەرنى نەدىن ئۆگەنگەنسەن، كىنو ئارتىسى بولۇپ رول ئالساڭ قالتىس ئوخ-شىشاتتىڭكەن، — دېدى.

— ھەي ئەخمەق، تۇرمۇشتا تۇپتۇز يول يوق، تۈز يولنى تېپىش ئۈچۈن، ئەگرى - توقاي يوللاردا مېڭىشنى بىلىشىڭ كېرەك. بۇ ئەگرى - توقاي يول يامان يول بولماي ئۆزۈڭگە پايدىلىق بولۇشى شەرت.

ئۇلارنىڭ پارىڭى ئۈزۈلدى، ساۋۇت بىر خەتتاتنى ئېلىپ كەلگەنىدى. كۆزەينەك تاقىغان بۇ ئادەم بىلەن نۇرگۈل ئۆزى سۆزلەشتى، ۋېۋىسكىنىڭ لايىھىسىنى سىزىپ كۆرسەتتى. بۇ ئادەم ئۇيغۇرچە يازالمايدىغىنىنى ئېيتتى.

— ئۇيغۇر تۇرۇپ ئۆز تىل - يېزىقىنى ئۇقمايدىغان ئىشمۇ بار ئىكەن، — دېدى نۇرگۈل ئەجەبسىنىپ.

— رۇسلار تىل - يېزىقىمىزنى يوقاتتى، شۇ.

— بۇ ۋېۋىسكىنى قاچان پۈتتۈرىسىز؟
— ئۈچ كۈندە.
ئۇلار شۇنىڭغا كېلىشتى. نۇرتاي خەتتاتنى پىكاپىدا ئېلىپ كەتتى. نۇرگۈل تۇيۇقسىز سورىدى:
— ساۋۇتكا، نۇرتاي ئىككى مىليون يۈەننى قانداق ئۈتتۈردى؟
ساۋۇت ئۇدۇق - بۇدۇق قىلىپ تىلىنى چىشلىدى. نۇرگۈل كوچىلاپ سوراۋەردى.
ساۋۇت ساختىلىقتا ماھىر بولغىنى بىلەن گولراق ئادەم ئىدى. شۇڭا قىماردا قانداق ئۇتتۇپ، كەينىدىن قانداق ئۇتتۇرغىنىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى.
نۇرگۈل ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ دېدى:
— بىز ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئەڭ يامان ئىللىتى مانا مۇشۇ، قىلما دېگەننى قىلىشىدۇ، بولمىسا ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتمىگەن يەر قالمىدى، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتتى. ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدە ۋەھشىي بۆلاڭچى - باندىتلارنىڭ رەھىمسىز مۇشت، كالتەكلىرىنىڭ جاراھەت تارتۇقلىرى قالدى، نۇرغۇنلىرىنىڭ جەسەتلىرى ياقا يۇرتلاردا قالدى. ساق قالغانلىرى چامادانىدا ئامېرىكا دوللىرىنى كۆتۈرۈپ مەيدىسىنى كېرىپ، بېشىنى تىك تۇتۇپ، مەردانە قەدەم بىلەن يۈرۈۋاتىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ئالىي پىكاپلارنى ھەيتىدە بىر ئالماشتۇرۇپ ھەيدەيدىغان دەرىجىگە يەتتى، دۆلەت باشلىقلىرى ياتىدىغان ئالىي مېھمانسارايلاردا يېتىۋاتىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرى سودا ئىلمىنى بىلمىگەنلىكى، پۇلنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن سادىر بولۇۋاتىدۇ، پۇلنى بۇزۇپ - چېچىۋاتىدۇ، ئۇلار شۇنداق قىلىشنى پۇلنىڭ لەززىتى، ھاياتنىڭ مەنىسى دەپ يۈرۈشىدۇ، ھەتتا بەزى ئەخمەقلەر بىر - بىرىگە كۆز-كۆز قىلىپ، دوللارنى كۆيدۈرۈشتى، تاماكىسىغا تۇترۇق قىل-

دى، چوڭ تەرتىپنى ئېرتتى، قولللىرىنى سۇرتىدىغان قەغەز قىلدى. ئۇلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتتە تاپقان پۇللىرى مەنمەنلىك، دۇشمەنلىشىش مەيدانلىرى، قىمارخانا، پاھىشىخانىلاردا ئۇچۇپ يۈردى. يوقسۇزلۇق، ئىشسىزلىق تۇپەيلى ماددىي - مەنىۋى جەھەتتىن خارلانغان ياش ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئاشۇ قەغەز پۇللىرى بىلەن ئالداپ، ئىپلاس كوچىلارغا ئىتتىردى، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى، كەلگۈسى تۇرمۇشىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن ھېسابلاشمىدى. بىلەمسىز ساۋۇتكا، نېمىشقا ئۇلار مۇشۇنداق قىلىشىدۇ؟

— پۇلنىڭ جىقلىقىدىن بولسا كېرەك.

— بۇ پەقەت بىر تەرىپى، ئەڭ ئاساسلىقى ئۇلار ساۋاتسىز، بىلىمسىز نادانلار بولغاچ مۇشۇ يوللارغا كىرىپ قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر نانغا زار بولغان كۈنلىرىنى ئۇنتۇغان، ئويلاپ بېقىڭچۇ، جاپا تارتىپ پۇل تېپىشنىڭ مەقسىتى كۆڭۈل ئېچىش، بۇزۇپ - چېچىش ئۇچۇنلىمۇ؟ بىزدە پۇل تېپىشتا مۇئەييەن مەقسەت، غايە بولۇشى كېرەك. بۇ نامراتلاشقان خەلقىمىزگە ياردەم قولىمىزنى سوزۇپ، ئۇلارنىڭ پۈكۈلگەن قەددىنى رۇسلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق غايە بولمىسا، پۇل تېپىپ نېمە قىلىمىز، سىڭگەن نېنىمىزنى يەپ، چەت ئەللەردە غېرىب بولۇپ يۈرگۈچە ئۆز يۇرتىمىزدا «ئۇلتاڭ» بولغىنىمىز ياخشى ئەمەسمۇ! ئاپام سىزنى تەجرىبىلىك سودىگەر، دەپ نۇرتاينى قوشۇپ قويغانىدى، ئەپسۇسكى، ئۇنى يامان يولدىن توسۇپ قالالماپسىز.

بۇ گەپلەردىن ساۋۇت ئۆلەي دېدى، مىڭ بىر پۇشايمان قىلدى، نۇرگۈلنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ زىل يەرلىرىگە تېگىپ، قەلب تارلىرىنى چەكتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي، بىردە تاتىرىپ، بىردە قىزىرىپ ئولتۇردى. ئۇنى بۇ خىجىللىقتىن دۇكانغا كىرگەن نۇرتاي قۇتقۇزدى. ئۇ نۇرگۈلگە:

— مەن بىر تونۇش ياغاچچىنى تونۇيمەن، شۇنىڭغا ۋىۋىس-
كىنىڭ جازىسىنى ياسىتىپ، رەختىنى تارتقۇزۇپ كېلەي، —
دەپ سىرتقا مېڭىۋىدى، نۇرگۈل ئۇنى توختىتىۋالدى.
نۇرگۈل ئىنىسىنى ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، ساۋۇتقا دېگەنلىرى-
نى قايتا، قاتتىقراق دەپ، ئۇنىڭ ئەمدى هوشىنى يىغىۋېلىشى
لازىملىقىنى جېكىدى، ئۇنىڭ پۇللىرىنى قىماردا ئۇتتۇرىۋەتكەن-
لىكىنى ئاڭلىغان ئانىسىنىڭ ئۈچ كۈنگىچە ئۆيدىن چىقماي، ئاه
چېكىپ ئازابلانغانلىقىنى ئېچىتىپ تۇرۇپ دېدى، زاۋۇت قۇ-
رۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرغىنىنىمۇ دەپ بەردى. ئانىسىنىڭ ئۆز-
لىرىنى چوڭ قىلغۇچە قانچىلىك ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈ-
رۈپ جاپا - مۇشەققەت، هەسرەت چەككىنىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى.
ئۇنىڭ كېچە - كۈندۈز موكىدەك ئىشلەپ تاپقان - تەرگىنىنى
ئىككى ئاخشامدىلا قىمارغا سېلىپ بەرگىنىنى كەچۈرگۈسىز جى-
نايەت، دەپ قاتتىق تەگىدى. ئۇنىڭ سۆزىنى كەلگەن خېرىدار-
لار بۆلۈپ تۇردى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، خېرىدارلارنى ئىللىق
كۈتۈۋالدى، سورىغان مالنى ئالدىغا قويىدى. هەتتا قانداق مال
ئېلىش، قايسى رەڭدىكى كىيىم يارىشىدىغانلىقى هەققىدە مەس-
لىهەت بەردى. خېرىدارلار ئۇنىڭ بۇ ئىللىق مۇئامىلىسىدىن
سۆيۈنۈپ، مېلىنى ئالدى، ئالمىغانلار «ئويلىشىپ، مەسلىهەت-
لىشىپ كېلەيلى» دەپ كېتىشتى. هەدىسىنىڭ پاكىتلىق، قائىد-
دىلىك نەسىهەتلىرى، بۇ خىل سودا ئۇسۇلى ۋە ئانىسىنىڭ
تارتقان ئازابلىرىنى ئويلاپ، نۇرتايىنىڭ كۆزىگە ئىختىيارسىز
ياش كەلدى، ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلىدى، ئىككىنچىلەپ يامان يولغا
ماڭماسقا ئۆز - ئۆزىگە قەسەم قىلدى.

5

نۇرگۈلنىڭ تەكلىپى بىلەن بېزەلگەن دۇكان خېرىدارلارنى

جەلپ قىلدى، ئۇلار دۇكان ئىچىگە كىرىپ تاملارغا ئېسىپ قويۇلغان ھەرخىل كىيىملەرنى تۇتۇپ كۆرەتتى. نۇرگۇل بولسا، قولىدىكى كانايىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ، ماللىرىنى ماختاپ خېرىدار چاقىراتتى. خېرىدارلار دۇكان ئالدىغا كېلىپ ۋۇنىسكىندىكى بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان يىگىت - قىزنىڭ كىيگەن يارىشىملىق كىيىمىگە، مال چۈشەندۈرۈشلىرىگە قارايتتى، دۇكانغا كىرىپ، خالىغان كىيىمنى ئېلىپ كىيىپ، چوڭ ئەينەك ئالدىغا كېلىپ كۆرەتتى. نۇرگۇل دۇكاننىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئىككى پەنەركە تاختاي بېكىتىپ، كىيىم يەڭگۈشلەيدىغان ئۆي قىلغانىدى. خوتۇن - قىزلار بۇ ئۆيچەككە كىرىپ كىيىملەرنى كىيىپ كۆرەتتى، نۇرگۇل ئۇلارغا چۈشەندۈرەتتى:

— سۇپىتىگە كاپالەتلىك قىلىمىز، ئۈچ ئايغىچە كاپالەت بېرىمىز، چاتاقلا بولسا قايتۇرۇپ بېرىمىز...

نۇرگۇلنىڭ بۇ ئۇسۇلى ئۈنۈم بەردى. گۈلقەنت، ئالما مۇراببالىرى سېتىلىپ بولدى. نۇرتايلارنىڭ قىشلىق كىيىملىرىمۇ سېتىلىپ بولدى، ئۇلارنىڭ مېلى قازاقىستان پۇلىغا ئون ئۈچ مىليون 130 مىڭ تەڭگىگە يارىدى. نۇرگۇل قايتىش ئالدىدا ساۋۇتتىن:

— نۇرتاي يەنە قىشلىق كىيىم - كېچەك، مۇرابا ئېلىپ چىقسۇن، قانداق دەيسىز؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ مال سېتىشتا ساختىلىق قىلغان بىلەن «شېرىكلىك ئىشتا ھالاللىق شەرت» دېگەن قاراشتا ئىدى. ئۇ ئەرەنچە كىيىنىۋالغان بۇ سودىگەرگە قايىلمۇ بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا رازىلىق بەردى ۋە ئۆيدىكىلەرگە سوۋغا - سالام، ئاز - تولا راسخوتلۇق پۇل بەردى.

ئۇلار تەڭگىلەرنى دوللارغا ئالماشتۇرۇش ياكى ئۇنىڭغا مال سېتىۋېلىپ ئېلىپ كېتىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشكەندە نۇرتاي:

— تەڭگىلەرنى دوللارغا ئالماشتۇرايلى، مەن ئالماشتۇرۇپ



www.uyghurkitap.com

كېلەي، — دېۋىدى،

— ياق، ئالماشتۇرمايمىز، — دېدى نۇرگۈل. ئۇنىڭ ئويى باشقىچە ئىدى، — بۇلارنىڭ بىزنىڭ خەلقىمىزگە باب كېلىدىغان مەھسۇلاتىدىن ئالىمىز.

ساۋۇت ساختا ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە ئارىلاشتى:

— ئاتايىنىڭ پىكرى توغرا، بۇ يەردىن يۇرتقا لايىق تۇنىكە قاچىلار، پوپايكا قاتارلىقلارنى ئېلىپ بېرەي.

— تۇنىكە قاچا ئادەمگە زىيانلىق ھېسابلىنىۋاتىدۇ، مېنىڭچە سىرلانغان كورا - چۆگۈن، سىز دېگەندەك قولدا توقۇلغان يۇڭ كىيىملەر، قاڭالتىر ئالساقمىكىن.

— مېنىڭچە تۆمۈر، پاختا، تېرە - يۇڭ ...

— بۇلارنىڭ باھاسى ئەرزانلاپ كەتتى، دەسمايىمىز كۆپ بولغاندا، يەنى ھېلىقى ئىككى مىليون يۈەن بولغان بولسا شۇنداق نەرسىلەرنى سېتىۋالساق بولاتتى. ئەمما، ھازىر ئۇنداق قىلالمايمىز.

نۇرگۈلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نۇرتاي بىلەن ساۋۇت ھۇپپىدە قىزاردى.

## 6

نۇرگۈلنىڭ تۇنجى سودىسى مەھەللىگە پۇر كەتتى. مېھرىگۈل ئۇنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ:

— سېنى ئالتە يىل ئوقۇتۇپ خاتا قىلماپتىمەن، ھاردۇقۇمنى چىقاردىڭ، — دېدى.

— ئەمەلىي بىلىم يەنە بىر چوڭ ئالىي مەكتەپكەن ئەمەسمۇ ئاپا.

— ھەر ھالدا ئالىي مەكتەپنىڭ نەزەرىيە بىلىمى ساڭا ئاساس بولدى، بۇنى ئەمەلدە ئىشلەتتىڭ. ئۇ دەرسلىكلىرىڭنى

www.uyghurkitap.com

ماڭا بەرگىن، نۇرتاي، ئاتاي ئۈچىمىز ئوقۇيلى، بىزگە سەن دەرس بەرگىن.

— سەن ئۆزلۈكۈڭدىن ئۆگىنىۋاتىسەنغۇ.

— مېنىڭ ئۆگەنگەنلىرىم ئاشلىق تېرىش، باغۇەنچىلىك، ئورمانچىلىق بىلىملىرى، خالاس. سىلەر سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللانغاندىكىن، مەن بۇ بىلىملەرنى ئۆگەنمىسەم زادىلا بولمىغۇدەك.

— بوپتۇ، مەن سىنى ئاياپ قولۇڭدىن چۇشۇرمىگەن كىتابلىرىمنى تېخى تىقىپ قويار دېۋىدىم، ئەتىدىن باشلاپ، ئائىلىمىز بويىچە ھەر كەچلىكى دەرس باشلىنىدۇ. ئەلا ئوقۇغانلار مۇكاپاتلىنىدۇ، ناچار ئوقۇغانلار جازالىنىدۇ.

— ئوھوي، مۇئەللىمىمىزنىڭ تۈزۈمى قاتتىقكەن جۇمۇ ئاپا، ھەر ھالدا ئوقۇش ھەققى ئالماسسەن؟ — دېدى نۇرتاي كۈلۈپ.

— سىنىڭدىن ئالىمەن، ئاپامدىن ئالمايمەن، بەلكى ئاپامغا سىنىڭدىن ئېلىپ بېرىمەن. ئاتاي كىچىك بولغاچ ھەم كەمبەغەل بولغاچ كەچۈرۈم قىلىمەن. ئاپامغا مەن مەڭگۈلۈك قەرزدار.

مېھرىگۈل قىزىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

ئۇ نۇرتاي قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى ئەيىپلىمىدى. قىمار ئوينىغىنىنى يۈزىگىمۇ سالمىدى. پەقەت بۇرۇنقىدەك كۆيۈپ ـ پىشىپ كەتمىدى، سالقىن قارىدى.

— ئاتاي، تاڭگا چىشلىۋالغاندەك مۆرىمەيسەنغۇ؟

ئاتاي ھەدىسىنىڭ گېپىگە جاۋابەن موزايىنى دوراپ مۆرىدى. ھەممە قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئاتاي:

— سەن قېرىنداش بولغاندىكىن، ئىمتىھان ئالماسسەن ـ ھە! — دەپ سورىدى.

— نېمىنى، ئىمتىھان ئالمىسام سەن كۆڭۈل قويۇپ دەرس ئوقامسەن، جەزمەن ئالىمەن!

— ئىمتىھان ئالىمەن؟ — مېھرىگۈل ئۆز بالىسىغا ئىمتى-
ھان بېرىشنى ئويلىمىغانىدى.

— ھە، ئىمتىھان ئالمىسام قانداق بولىدۇ؟

— قىرىغاندا ئىمتىھان بېرەلەرمەنمۇ؟

— نەدىمۇ قېرىيسەن ئاپا. ئەمدى 47 ياشقا كىرگەن تۇر-
ساڭ، قىرىق بەشتىن ئاشقانلار ئوتتۇرا ياش ھېسابلىنىدۇ، 60
ياشتىن ھالقىغاندىلا ياشانغان موماي بولىسەن. ھازىر ياشلىق
باھارىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

مېھرىگۈل قىزىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ياشىرىپ كەتكەندەك
بولدى. ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلدى.

ئەمدىلىكتە نۇرگۈلنىڭ چەت ئەلگە چىقىشى كۈنسېرى تەس-
كە توختايدىغان بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە مال ئېلىپ چىقىش-
چىقالماسلىق چېگرىنىڭ كىرىش - چىقىش ئەھۋالىغا باغلىق
ئىدى. ساۋۇتتىن «قازاقىستاندىمۇ سودىگەرلەرنى قوغلاۋاتىدۇ»
دېگەن تېلېفون كېلىپ تۇراتتى، نۇرتاي بىلەن نۇرگۈل ئۇنىڭغا
500 مىڭ يۈەنلىك مال چىقاردى.

مېھرىگۈل ئانىسىغا چەت ئەلدە تۇرۇش بەك تەسلىكىنى،
باجگىرلارنىڭ پات - پات كېلىپ باج ئالىدىغىنىنى، ساقچى،
بازار باشقۇرغۇچىلارنىڭمۇ پۇل تەلەپ قىلىدىغىنىنى، پۇل بەرسە
ئوقەت قىلالايدىغىنىنى، بەرمىسە قوغلايدىغىنىنى سۆزلەپ بەر-
دى، ئۇ يەنە بىر قىسىم سودىگەرلەر قوغلاندى بولۇش، سېلىق-
لاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چەت ئەللىك خوتۇن - قىزلارغا ئۆيلى-
نىپ، قازاقىستانلىق بولۇپ كەتكىنىنى، بەزىلىرى بالا - چاقى-
لىق بولۇپ، ئىلىدىكى خوتۇن - بالا چاقىسىنى تاشلىۋەتكىنىنى
ئېيتىپ بەردى. مېھرىگۈل بۇنداق ئېرى بار تۇرۇپ تۇل قالغان-
لاردىن بىر نەچچىسىنى تونۇيتتى. مېھرىگۈل قىزىدىن ئاڭلاپ
ئىشەندى ۋە نۇرتايدىن ئەنسىرەپ ئالمۇتىغا چىقارماسلىق قارارىغا
كەلدى. ئۇ «نۇرگۈلنىڭ تويىنى قىلىۋېتىپ، كەينىدىنلا نۇرتاي-

نى ئۆيلەپ قويسام نۇرتاي ئالمۇتىغا چىقىمەن دېمەيدىغۇ» دېگەن نىيەتكە كەلدى. ئۇ بىر ئاخشىمى پاراڭلىشىپ يېتىپ، نۇرگۈلگە بۇ نىيىتىنى بىلدۈردى. نۇرگۈل خىلىغىچە جىم ياتتى، ئانىسى سوراۋەرگەندىن كېيىن:

— ئالىمجانمۇ نەچچە دېگەنىدى، سەن ئالدىراتساڭ بوپتۇ، كۆزدە بولسۇن، — دېدى ئاخىر.

## ئون بىرىنچى باب

# ھىكمەت ئىشىكىنى ئېچىش

### 1

شۇ كۈنلەردە مېھرىگۈل ئالدىراپ قالدى. باھار يېقىنلاپ «كۈندىن قالدىڭ، ئايدىن قالدىڭ» دەيدىغان ۋاقىتلار كېلىپ قالغانىدى. ئۈنىڭ قەيسەرلىك روھى چاقناپ تۇرغان شەھلا كۆز-لىرىدە قەتئىيلىك ئىپادە قىلاتتى. ئۇ نۇرگۈل بىلەن ئاتاي ئالمۇتىدىن ئەكەلگەن ماللارنى سېتىپ داۋۇتنىڭ پۇلىنى بېرى-ۋەتتى، خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشلىرىنى تولۇق بەردى. ئۇ نۇر-گۈلگە يېتەرلىك پۇل تۇتقۇزۇپ:

— ئەمدى ۋاقتى كەلدى، ئاتاي ئىككىڭلار ھەمەل كىرگۈچە زاۋۇتنىڭ ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى بىلەن مېخانىكلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار، كېچىكمەڭلار، — دەپ ئۇرۇمچىگە ماڭغۇزدى.

مېھرىگۈل پۈتۈن ئادەملىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، زا-ۋۇت بىناسىنىڭ پۈندامېنتىنى قېزىشقا سالدى. ئۇ بىنانى ئۆي-غۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سالماقچىدى. شۇڭا تامچى ئىزدىدى، ئۇ ئىزدە - ئىزدە ئاشخانىسىدا قويمىچىغا ئالدىنىپ قالغان سادىق-قا ئۇچراپ قالدى، ئۇ مېھرىگۈلگە تونۇشلۇق بېرىپ، ئۆيىگە باشلىدى، مېھرىگۈلنىڭ تامچى ئىزدەپ يۈرگىنىنى ئاڭلاپ مۇڭ-داق مەسلىھەت بەردى:

— چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن بىزنىڭ گۈللۈك مەس-

چىتتنى كۆرۈپ بىقىڭ، يىقىپ قالسا، بۇ مەسچىتتنى سالغان قەشقەرلىك ئۇستاملارغا زاۋۇت بىناسىنى سالغۇزۇڭ.

ئۇ مېھرىگۇلنى گۇللۇك مەسچىتكە باشلاپ باردى، مېھرىگۇلگە ئىمارەت، گۇل نەقىشلىرى ياقتى. ئۇ:

— سىزنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، — دىدى.

— بۇ نىمە دىگىنىڭىز، مىنى خىجىلچىلىقتىن قۇتۇلدۇرغىنىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، ئالەمچە ئىش بولسىمۇ دەۋىرىڭ.

— گۇللۇك مەسچىتنى سالغان ئۇستاملارنىڭ نەدىلىكىنى دەپ بىرەرسىزمۇ؟

— يۇرۇڭ، ئىشلەۋاتقان يىرىگىلا ئاپىراي.

— ئۇلار 5 - يول ئاپتوبۇسىغا ئولتۇردى، «تەگرىتاغ ئالىي مەكتىپى» ئالدىدا ئاپتوبۇستىن چۈشۈشتى، ئۇلار يۇز قەدەمچە مىڭىپ، سول تەرەپتىكى چوڭ دەرۋازىغا بۇرۇلۇشتى، دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىككى قەۋەتلىك، نەقىشلىك ئۆي قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئۇڭ ياندىكى پەلەمپەيدىن ئۆينىڭ تار زالىغا كىرىشتى. ئۆيدە تاقىلدىغان بولقا ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى. ئۇلار ئاۋاز چىققان ئۆيگە كىرىشتى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز ئورۇندۇقتا چىقىۋالغان كىشى تورۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۇگىلەك ياغاچ نەقىشنى مىقلاۋاتاتتىكەن.

— ئىنىمويى، ئۆيلەرنى پۇتتۇرۇپلا قويۇپسىز.

— ھە، ئاز قالدى.

— سىزگە بىر خېرىدار باشلاپ كەلگەنتىم.

ئۇستام ئورۇندۇقتىن چۈشتى. مېھرىگۇلنىڭ زاۋۇت بىناسى سېلىش لايىھىسىنى ئاڭلاپ ئۇستام جاۋاب قىلدى:

— سېلىپ بىرەي، قەيەردە؟

مېھرىگۇل بىنا ئورنىنى دەپ بىرىپ قوشۇپ قويدى:

— مەدىكارلار مەندىن بولىدۇ، ئۇلار سېمونت لاي ئېتىش

قاتارلىق ئىشلارنى قىلالايدۇ.

— مەن ئۆگۈنلۈككە بارغاندا كەڭرەك سۆزلىشەيلى.

مېھرىگۈل بۇ يەردىن توغرا خۇمدانغا باردى. بۇ خىشنىڭ بازىرى كاسات، پىشۇرۇلغان خىش دۆۋىلىنىپ كەتكەن چاغ ئىدى. ئۇ خىش سېتىۋالماقچى بولۇپ بىر خۇمدان بىلەن توختاملاشتى. تامچى ئۇستام ۋەدە قىلغان كۈنى كەلدى. ئۇ زاۋۇت لايىھىسىنىڭ خەرىتىسى، ئورنىنى كۆردى ۋە باھادا سودىلاشتى. مېھرىگۈل ئۈچ قەۋەتلىك بىناغا قانچە خىش، سېمونت، پولات چىۋىق لازىملىقىنى سوراپ يېزىۋالدى. مېھرىگۈل ھېسابلاپ كۆرۈپ قولىدىكى پۇلنىڭ يەتمەيدىغىنىنى بىلدى. ئۇ قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئاشخانىسىنىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى تاپشۇرۇپ، تۆت پىرسەنت ئۆسۈم بېرىش شەرتى بىلەن 500 مىڭ يۈەن قەرز ئالدى. ئۇ بارلىق نەرسىلەرنى ئۆزى ئاسانلا ھەل قىلدى. بۇمۇ ئۇنىڭ ئاشخانىسىنىڭ شاراپىتى ئىدى، قەيەرگە بارمىسۇن، ئۇنىڭ ئاشخانىسىدا تاماق يېگەن خېرىدارلىرى چىقىپ قالدى. پولات چىۋىقنى نۇرتاي ساۋۇتقا تېلېفون بېرىپ قازاقىستاندىن ئالدۇردى. زاۋۇت قۇرۇلۇشىغا ئاتاي مەسئۇل بولدى. ئۇ تېخنىكومدا بىناكارلىق قۇرۇلۇش توغرىسىدىمۇ بىلىم ئالغانىدى، ھەدىسى بىلەن بىللە ئۇرۇمچىگە بېرىپ ماشىنا - ئۈسكۈنە، تېخنىكىنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

## 2

مېھرىگۈل ئۆزىنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئەمدى يېڭى يېرىنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇشقا قاراتتى، ئۇ سەككىز خوتۇن - قىزنى يېڭى يېرىگە باشلاپ كەلدى. ئۇلار مازاردەك جىمىلىققا چۆمگەن بۇ يەردىن سەل ئەيمەندى، خوتۇن - قىزلاردىكى بۇ خىل قورقۇنچ ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، بۇ خۇسۇسىيەت ئۇلارنىڭ نازۇك-

لۇقىدىن كەلگەن.

— ۋاي ئانامەي. ئىنس - جىن يوق مازارغۇ بۇ! — دېدى تۇرغۇنئاي.

— مازار بولسىغۇ مەيلىدىغۇ، جىن بارمىكىن، — دېدى شەمشەم.

— جىن بار دەمسەن؟ — دەپ چىرقىرىۋەتتى بىر قىز.

— جىن بولسا كېتىمەن، — دېدى يەنە بىر قىز.

— ھەي ئالا قورققاقلار، — دېدى مېھرىگۈل جىددىي تۈردە، — بۇ يەردە جىن - پىن نېمىش قىلىدۇ، بۇ يەرگە مېۋىلىك كۆچەت تىككىلى، گۈل تېرىغىلى چىقتۇق، بۇ يەر گۈلبوستانلىققا ئايلانغاندا، يىگىتىڭلار بىلەن كېتەلمەي قالارسىلەر ئەتە - ئۆگۈن.

— ئۇ چاغدا بۇ يەردە بۇلبۇللار سايراپ، قارلىغاچلار ئۇسسۇل ئوينايدۇ، كاككۇك سىلەردەك زەينەپلىرىنى چاقىرىدۇ، — دېدى تۇرانقىز.

— قېنى، ئىشقا كىرىشەيلى، پاتمە ھازىرلا يۈكلەرنى ھارۋىغا بېسىپ كېلىدۇ، ئۇ كەلگۈچە گەملەرنى تازىلىۋېتەيلى، قىزلار ئوتتۇرىدىكى گەمدە ياتىدۇ، قىزلارنىڭ گەمىسىدە قىز پۇرىقى چىقىپ تۇرسۇن - ھە.

— بىزنىڭ گەمىمىزدىنچۇ ھەدە؟ — دەپ ئەتەي سورىدى تۇرانقىز.

— جۇۋان پۇرىقى!

— ۋاھ - ھا - ھا! — ئومۇمىي كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— تۇرغۇنئاينىڭ گەمىسىدىنچۇ؟

— چوكان پۇرىقى.

— ھى - ھى - ھى ...

— سىزنىڭ گەمىڭىزدىنچۇ؟ — سورىدى تۇرغۇنئاي.

مېھرىگۈلنىڭ ئورنىغا تۇرانقىز جاۋاب بەردى:

— تۇل خوتۇنلار پۇرىقى!

— ھى ـ ھى ـ ھا ـ ھا! ۋاي شەيتانلارەي، ئەرلىرىڭدىن نېرى بولغىنىڭغا بىر كۇنمۇ بولماي شوخلىشىپ كېتىشتىڭغۇ! مانا ھەقىقىي جىن دەپ سىلەرنى دېسە بولىدۇ.

— ۋاي ھەدە، جىن دېگەن سىز، رەھىمسىز جىن.

— ھوي، مەن نېمە رەھىمسىزلىك قىپتىمەن؟

— ئىسسىق ئۆي ۋە ئاران ئېرىشكەن ئېرىمىزدىن ئايرىپ بۇ يەرگە ئېلىپ چىقىپ، يەنە تۇل خوتۇنلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغىنىڭىز رەھىمسىزلىك بولماي نېمە؟

— بىرەر ئاي تۇل ئولتۇرۇشقا چىدىماسەن؟

— ئەمىسە بۇ يەردە يېڭى تۇل خوتۇنلار گۇلۇستانى قۇرـ مىزكەن ـ دە، — دېدى تۇرغۇنئاي گەمىنى سۇپۇرۇۋېتىپ.

— بوپتۇ، رەھىمسىز بولغۇچە مۇنۇ ئېرى بارلارنى ھەيدىۋېـ تىپ، ساپ تۇل خوتۇنلارنى ئېلىپ چىقاي، ئەمىسە.

— ۋايىەي، ئاغزىڭىزنى ئۇششۇتمەڭە ھەدە، بۇ يەرنى ئۆزـ مىز گۇل ـ گۇلىستان قىلىمىز.

ئەتىسى سەھەر قوپقان مېھرىگۇل تۇرغۇنئاينى ئويغىتىپ چىقتى، ئۇلار تۇپتۇز تانا تارتتى، ھەر تانا ئارىلىقىنى تۆت مېتىردىن قالدۇردى. ئاندىن قوزۇق قاقتى، ئۇلار مۇشۇنداق كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ خېلى ئۇزاپ كەتكەنىدى، شەمشەم:

— ھاي، چاي ئىچىڭلار، — دەپ چاقىردى.

چايدىن كېيىن ئۇلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئېرىق ئېلىشقا كىرىشتى. مېھرىگۇل تۆت قىزنى يېنىغا ئېلىپ ئېرىق ئېلىشنى ئۆگەتتى. ئۇلارنىڭ ئەمگەك جۇشقۇنلۇقى بىردەملىكلا ئىكەن. ۋىجىك بىر قىزنىڭ گۇرجەكنى ئارانلا كۆتۈرۈۋالغىنىنى كۆرگەن مېھرىگۇل:

— ھاي گۆھەر، سەن بېرىپ چاي قاينات، ئوتياشلارنى توغراپ قوي، — دەپ بۇيرۇدى.

ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن گۆھەر ئىككى چۆگۈن، ئۇن چىنە كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ ئۇسسۇزلۇق ئىچىشتى.

چۈش بولغاندا گۆھەر ئۇلارنى تاماققا چاقىردى. ئۇلار بىر دەسسەپ - ئىككى دەسسەپ گەمىگە كېلىشتى، داۋۇتنىڭ يېرىنى كېسىپ ئۆتۈدىغان ئۆستەڭنىڭ سۈيى بۇ يەردىن ئۆتۈپ دەرياغا قۇيۇلاتتى، خوتۇن - قىزلار ئۆستەڭدە يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇشتى. تاماق يەپ، بىر ئاز ئارام ئېلىشتى، ئاندىن يەنە گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئېرىق كولاشقا كىرىشتى.

ئۇلار مۇشۇنداق ئىشلەپ، بىر ھەپتىدە ئېرىق قېزىپ بولۇشتى، ئۇلار دېھقان قىزلىرى بولغاچ ئەرلەردىن قېلىشماي ئىشلەيتتى. مېھرىگۈل بىر ھەپتىلىك ئىشتىن خۇلاسە چىقىرىپ، تۇرانقىز، تۇرغۇنئاي، شەمشەملەرنى تەقدىرلىدى. مېھرىگۈل يەنە تۇرانقىز بىلەن تانا تارتتى، قالغانلار ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تۆت مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ، ئىككى گۈرجەكتىن ئويدى، ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكەندىلا گەمىگە قايتىشتى.

— مېھرى ھەدە، نېمانچە ئىشلەپ كەتتىڭلار؟ ۋارقىراپ ئاۋازىم پۈتۈپ كەتتى، — دەپ قارشى ئالدى گۆھەر.

— ئەتە كۆچەت تىكىمىز. ئورەكلەرگە بەلگە قويمىساق، كۆچەت كېلىشىگىلا بىر چەتتىن كولاپ، بىر چەتتىن تىكمىسەك تولۇق تۈتمايدۇ، — دېدى مېھرىگۈل قول - يۈزىنى يۇغاچ، — ھە راست، گۆشتىن قانچىلىك بار؟

— بىر تاماقلىقلا قالدى.

— ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن، ئەتە كۆچەت تىكىشكە ئوتتۇزدەك ئادەم چىقاتتى.

— ئەمىسە مەن ھازىر بېرىپ ئەكىلەي.

— سەن يالغۇز بارساڭ قورقارسەن.

— ئەمىسە مەن باراي، — دېدى تۇرانقىز ئورنىدىن تۇ-

www.uyghurkitap.com

روۋپ.

— سىنى بىرەرى ئېلىپ قېچىپ كەتسە كامىل ماڭا باش ئاتار.

ھەممە كۈلۈشۈپ كەتتى. تۇرغۇنئاي «مەن ھەمرا بولۇپ باراي» دەپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، گېپىنى ئاغزىدىن چىقارماي لېۋىنى چىشلىدى. مېھرىگۈل بۇيرۇدى:

— تۇرغۇنئاي ئىككىڭلار بېرىڭلار، ئەتە باش توخۇ چىللىغاندا، بەش كىلوگرام گۆش، يېتەرلىك ئوتياش ئەكىلىڭلار. تۇران، خاسىيەتكە جېكىگىن، كىچىچە بولسىمۇ بىر تونۇر نان ياقتۇرسۇن، ھە راست، ماينى ئۇنتۇماڭلار.

— خوپ ھەدەم باشلىق.

ئۇلار مېڭىشىغا شەمشەم ئىككى تاياقنى ئۇلارغا تەڭلەپ:

— ھەر ئېھتىمالغا قارشى بۇلارنى ئېلىۋېلىڭلار، — دېدى. ئۇلارنى «بىزنىڭكىلەرگە سالام ئېيتىپ قويۇڭلار» دېگەن ئاۋازلار ئۇزىتىپ قويدى.

3

مېھرىگۈل ھەيران قالغىنىدىن ئۆزىنىڭ شەھلا كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئىككى چوكان ئەمەس، بىر توپ ئۆسمۈرلەر كېلىۋاتاتتى. مېھرىگۈل:

— بۇ نېمىش؟ — دەپ ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتى، ئۆسمۈرلەر ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— ياخشىمۇ سىز مېھرىگۈل ھەدە؟ — دەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ياش مەكتەپ مۇدىرى، — كۆچەت تىكىش بايرىمىنى سىزنىڭ يېڭى زېمىنىڭىزدا ئۆتكۈزۈشىمىزگە ئىجازەت بەرگەيسىز.

— ۋاي سادىغاڭ كېتەي بالىلىرىمەي، سىلەرگە كۆپ رەھ-

www.uyghurkitap.com

مەت، — دېيەلىدى ھاياجانلانغان مېھرىگۈل.

— مېھرىگۈل ھەدە، — دېدى مۇدىر، — ئوقۇغۇچىلارغا بىز زېمىنىمىزنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە بەش مىنۇتلا سۆزلەپ بەرسىڭىز.

ئوقۇغۇچىلار سىنىپ - سىنىپ بويىچە رەتلىك تىزىلىپ تۇراتتى، قوللىرىدا گۈرجەك. مېھرىگۈل ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

— سۆيۈملۈك باللىرىم، بىز كەچكۈزدىن بېرى بۇ تاشلىقنىڭ شېغىلىنى چىقىرىپ، مۇنۇ دۆڭنىڭ مۇنبەت تۇپىسى بىلەن تىندۇرغانتۇق. مەقسىتىمىز زېمىنىمىزنى باغۇ بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش، بىز بۇ يەرگە ھازىردىن باشلاپ سىلەر ئامراق ئالما، ئالىگىرات - ئالۇچا، ئەينولا، جىنەستە ۋە ھەرخىل گۈللەرنى تىكىپ، يېڭى بىر چىرايلىق باغ بەرپا قىلىمىز.

باللارنىڭ ئۇششاق ئالىقانلىرىدىن چىققان چاۋاك ئاۋازىنى ئەرلەرنىڭ قاتتىق چاۋاكلىرى كۆچلەندۈرۈۋەتتى. مېھرىگۈلنىڭ ئوقۇغۇچىلار سېپىنىڭ بىر چېتىدە تىزىلىپ تۇرغان داۋۇت، كامىل قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە ئەرگە كۆزى چۈشتى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شىركەتكە كىرمىگەن، مەھەللە دېھقانلىرى ئىدى، ئۇلار ئارىسىدا بىر نەچچە بوۋايمۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇرىلىرىدە كەتمەن، گۈرجەكلىرى بار ئىدى. مېھرىگۈل ئاجايىپ خۇش بولۇپ كەتتى.

ئىش تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى. ئەركەكلەر ئورەك كولاشنى ئۈستىگە ئېلىشتى. مېھرىگۈل ئۇلارغا بارلىق خوتۇن - قىزلارنى قوشتى، داۋۇت باغ بەرپا قىلىشتىكى تەجرىبىسى بويىچە ئىش باشلىۋەتتى. ئۇ تۇرانقىز، شەمشەم، تۇرغۇنئايلارنى ئوقۇغۇچىلارغا تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىشقا تەيىنلىدى. داۋۇت ۋە كامىل گۇرۇپپىلىرى يەرنىڭ يېرىمىغا ئورەك كولاپ بولۇشىغا ھەممىنىڭ دىققىتىنى «تاتات - تاتات» قىلغان ئاۋاز جەلپ قىلدى. ئاتاي ئۈچ قول تراكتورىغا دۆۋىلەپ بېسىلغان كۆچەت ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇنى كۆرگەن مېھرىگۈل مەكتەپ

مۇدىرىغا:

— 3 ـ، 4 ـ سىنىپ بالىلىرى ئورەككە كۆچەت تۇتۇپ بەرسە، 5 ـ، 6 ـ سىنىپ بالىلىرى ئورەككە توپا تاشلاپ بەرسە، — دېدى.

مۇدىر ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئوقۇغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇردى. تاشلىق يەر قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. بالىلارنىڭ ئىنچىكە، زىل ئاۋازى، تۇرانقىزنىڭ «جانان قىز» دېگەن ناخشىسى، داۋۇت ئېيتقان «خان لەيلۇن» لار بۇ زېمىنغا بايرام تۇسى كىرگۈزدى. ناخشىلار توختىسا چاقچاق، كۇلكىلەر جاراڭلاپ تۇردى. سىدىق ياسىغان يەر ئوچاقتىكى قازاندا گۆش قايناپتتى. تۇرانقىزنىڭ گەمىسى ئالدىدا گۆھەر قاتارلىق خوتۇن ـ قىزلار سەۋزە قەلەمچىسى قىلاتتى. چوڭ قەلەي ساماۋاردا تىنماي قايناقسۇ قايناپتتى.

بۇ قاينام ـ تاشقىن، خۇشال ئەمگەك پولۇ يېيىلگەندىن كېيىن تېخىمۇ قىزىدى. ئاتاي كۆچەتنى ئاران ئۇلگۇرتتى، ئۇ كۆچەتنى توختاملاشقان دۆڭمەھەللە بېغىدىن ئەكىلەتتى. ئۇ يەردىمۇ باغۋەنلەر كۆچەت قومۇرۇپ ئاران ئۇلگۇرەتتى. مېھرىگۇل بىر تراكتور ئالىغىرات كۆچەتنى ئۆزلىرى قازغان ئېرىقلارنىڭ قىرىغا، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا جىنەستە، قالغان كەڭ مەيدانغا ئالما كۆچىتى تىكىش پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۇردى. قوشنا يېزا تەرەپتىكى بىر پارچە يەرگە كۇزدە قۇلۇپنىڭ كۆچۈرگەنىدى. شۇ كۈنى پەقەت كۈنگەي تەرەپتىكى ئوتتۇز مو يەرلا ئاق قالدى.

## 4

مېھرىگۇلنىڭ ئىشى چېچىدىنمۇ تولىراپ كەتتى. ئۇ زاۋۇت قۇرۇلۇشىنى ئاتايغا تاپشۇردى. ئاشخانا، زاۋۇت، گۇلبوستانلىق قۇرۇلۇشىغا لازىملىق نەرسىلەرنى ھازىرلاپ بېرىشنى نۇرتايغا

يۈكلىدى. ئۆزى گۈلبوستانلىقتىن نېرى كەتمىدى، مالىيەنى تۇتتى. بىر تىيىنمۇ بىھۇدە چىقىم قىلىشقا بولمايتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئالاچىغى يوق ئىدى، يەنى ئۇنىڭدا زاۋۇت قۇرۇلۇشىغا ئاجرىتىلغانلا پۇل بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ مائاشى ئاشخانا كىرىمىگە قاراشلىق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئەتىرگۈل كۆچىتىنى گۈلچىلەردىن سېتىۋېلىپ كۆچۈرۈشكىلا تايانسا پۇلى يېتىشمەيتتى. شۇڭا ئۇ داۋۇتنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ شىركىتىگە قوشۇۋېلىشقا ئۇرۇندى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى.

— ئەتىرگۈللەرنى شالاڭلاتقاندا، — دېدى داۋۇت، — چىققان غوللارنى يىلتىزىنى يېرىپ چىقىرىۋېلىڭ، بۇ مېنىڭ سىزگە ياردىمىم.

— ۋاي - ۋۇي، بۇ مەردلىكىڭىزدىن ئايلىناي، — دېدى مېھرىگۈل غىجىقى كېلىپ، — ئۇنىڭدىن كۆرە ئەتىرگۈللىرىمىنى شالاڭلىتىپ بېرىڭ، دەڭا.

— ھەر ئىككىمىزگە نەپ تېگىدۇ - دە.

بۇنداق مەسلىھەتكە مېھرىگۈل ياق دەمدۇ، بىر نەچچە ئايالنى بۇ ئىشقا ئاجراتتى، نازۇكئاي يوغىناپ قالغان قورسىقىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئۇلارغا تاماق ئېتىپ بەردى. مېھرىگۈل بۇ يەردىكى ئىشنى تەكشۈرۈپ كەلگەندە، نازۇكئاي ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ، بالىنى تۇغۇش ئالدىدا نېمىلەر قىلىش، بالىنى قانداق بېقىش، ۋاھاكازالار ھەققىدە مەسلىھەت سورىدى. مېھرىگۈل پايدىلىق مەسلىھەتلەر بىلەن ئۇنى خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— سىڭىڭ ئېرىڭچۇ، تولىمۇ قاتتىقلىشىپ كېتىپتۇ. يالغۇز يېتىشەلمىگەندىكىن، شىركىتىمىزگە قېتىلسا بولماسمىدى، مەن ئۇنى مۇئاۋىن باش مۇدىر قىلىپ تەيىنلەي دېۋىدىم. ئۇ پۈتكۈل باغ، گۈللۈكنى باشقۇراتتى. گۈلقەنتنى ماشىنىدا چىقىرىپ چەت ئەللەردە ساتاتتۇق، ئۆزىمۇ چەت ئەللەرنى كۆرۈپ

كېلەتتى.
— ئۆزىمۇ يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىدۇ، يېتىمسەلمە-گەنسىرى تېرىكىدۇ. تۇرۇپلا شىركىتىڭىزگە قوشۇلغۇسى بار، تۇرۇپلا يالتىيىدۇ، — دېدى نازۇكئاي.
— سەن دەپ قوي، دېگىنىم دېگەن. ئۇ مۇئاۋىن باش مۇدىر بولىدۇ. قوشقان سەرمايىسىگە قاراپ پايدا ئالىدۇ.
— تولا دېدىم، ئۇ ماڭا توك - توك تېگىدۇ.
— توڭلۇق ئۇنىڭ قاپىرىپ چىققان سۆگىلى. سەن ئۇنىڭ توڭىنى مۇنداق، ئۇنداق خوتۇنلارچە ناز - كەرەشمىلىرىڭ بىلەن ئېرىتقىن.
— نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسىز، — دەپ ۋىلىقلاپ كۈلدى نا-زۇكئاي.
— نېمە دەيتتىم، خوتۇنلارنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئىشلەت، دېدىم شۇ.

## 5

يېرىم كېچە، ئەتراپ قاراڭغۇ، بۇ قاراڭغۇلۇقنى گۈلبوس-تانلىقنىڭ باغرى تەرىپىدە بىر نۇر، ئوتتۇرىسىدا بىر نۇر، ئاياغ تەرىپىدە بىر نۇر غىل - پاللا يورۇتۇپ قويىدۇ - دە، ئاسماندى-كى يۇلتۇزلار چۇشۇپ مۆكۈ - مۆكۈلەڭ ئويناۋاتقاندەك بىلىنى-دۇ. بۇ نۇرلار بىردە ئۆستەڭ قىرىنى، بىردە ئوق ئېرىقنى، بىردە گۈل كۆچەتلىرى ئارىسىغا يېيىلىۋاتقان سۇنى پارقىرىتى-دۇ. بىردىن ئوتتۇرىدىكى نۇر ئۆچتى. تۇردى تۇلۇم ئاخىردىكى نۇرنىڭمۇ ئۆچكىنىنى كۆرۈپ گۇمانلاندى. «ھەي، بۇ كاساپەتلەر خوتۇنلىرىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتىمۇ، قانداق؟» ئۇ سۇنىڭ بىر خىل ئېقىشىغا، تۇپراققا سىڭىشىگە قاراپ تۇردى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ كاللىسىغا «بۇلارنىڭ ئۆستىدىن چۇشەي، نېمە قىلىشىۋا-

تىدىكىن» دېگەن شەيتان كىردى، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ئۇنى قىزىقتۇرۇپ، گەمىلەر تەرەپكە ئىتتىردى، بىر بىسسىق - ئىسسىق بىسىپ گەمىلەر يېنىغا باردى. ئىشىك يېنىدىكى پەنجىرىلەر قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئۆزىنىڭ گەمىسىدىلا چىراغ يورۇقى كۆرۈندى، ئۇ «بىچارە خوتۇنۇم، غېرىبسىنىپ ئولتۇرۇپتۇ - دە» دېگەن ئويدا پەنجىرىدىن قارىدى، گەمىدىكى كارىۋاتتا قاپقارا چاچلىرى ئالمىدەك كۆكرىكىگە چۇشۇپ تۇرغان، ئاق روباشكىسى بىلەنلا ئالدىدىكى دۇشىگە ئېڭىشىپ گۆش توغراۋاتقان، يالىڭاچ مۇرىلىرى ئاپئاق ئايال ئولتۇراتتى. «ۋاي - ۋاي، پەرىزات بولۇپ كېتىپتۇ جۇمۇ، ۋاي - ۋاي قەدىردانىم، سېنى شۇنداق سېغىندىمكىن، ئاھ» دېگەن تۇردى تۇتۇۋاتقان سۇينى ئۇنتۇپ گەمىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. چۆچۈپ ئىشىككە قارىغان تۇرغۇنئاي ئېرىنى كۆرۈپ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى. چىرايلىق كۈلۈمسىرەپ:

— سىز مىدىڭىز، ئەجەب قورقۇتىۋەتتىڭىز، — دېدى نازلىق ئاۋازدا.

— شۇ تاپتا سەن پەرىزات بولۇپ كېتىپسەن جۇمۇ، — دېدى تۇردى ۋە سەل ئارام ئالماقچى بولۇپ ياتتى.

— تۇردى، كامىل! ··· تۇردى، كامىل!

تۇردى ئايالى بىلەن مۇڭدىشىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغانىدى، بۇ تونۇش ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتى، ئۇ ئالدىراپ گەمىدىن چىقتى. ئۇ كامىلنى ئويغىتىپ قويۇپ، كىمدۇر بىرى توختىماي «تۇردى، كامىل ···» دەپ چاقىرىۋاتقان تەرەپكە يۈگۈردى. ئۆزى سۇ تۇتۇۋاتقان يەرگە كەلدى - دە، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى:

ئاللاغا شۈكۈر!

— ئۇ ئەتراپقا قارىدى. ئۇزمەي كەتمەن چېپىۋاتقان پەرەڭ ياغلىقلىق ئايالنى كۆردى، ئۇ ئۇنىڭ غەمگۇزارى مېھرىگۈل

ئىدى. ئۇ كەتمىنىنى مۇرىسىگە ئارتىپ مېھرىگۈل تەرەپكە چاپ-
تى. مېھرىگۈل تىنىماي ئۆستەڭنىڭ يا ئېلىپ كەتكەن يېرىگە
توپا تاشلاۋاتاتتى، ئۇ چېكىلىۋالغان پەرەڭ ياغلىقى ئاستىدىكى
پېشانىسىدىن ئۇنچىدەك تەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. تۇردى كېلىپلا
يار ئېلىپ كەتكەن سۇ شارقىراپ ئېقىپ باغقا كىرىۋاتقان يەرگە
يانتۇ ياتتى، سۇنىڭ شارقىرىشى پەسەيدى.

— مېنىڭ ئارقا تەرىپىمگە توپا تاشلاڭ ھەدە، — دېدى تۇر-
دى.

تۇردى مېھرىگۈل تاشلىغان توپىنى قولى بىلەن تارتىپ
مۇشتلاپ چىڭدىدى. كامىل كەلگەندە سۇ توختىغانىدى. ئۇ
مېھرىگۈلنىڭ قولىدىن كەتمەننى ئېلىپ شىددەت بىلەن توپا
تاشلىدى.

— بولدى ھوي كاللا، مېنى كۆمىۋەتتىڭ، — دەپ تۇردى
ئورنىدىن تۇردى.

ئۇلار قىرنى چىڭداۋاتقاندا، ئوبۇل، تۇرغۇنئاي، تۇرانقىز-
لار كېلىشتى، ئۇلار مېھرىگۈلنى كۆرۈپ ئىزا - تارتقىنىدىن
يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇشتى. تۇرغۇنئاي ئۆستەڭدە يۇيۇ-
نۇپ، بۇرۇلكىسىنىڭ پۇشقىقىنى سىقىمداۋاتقان تۇردىنىڭ ھۆل
كۆڭلىكىنى سالدۇرۇپ، چاپىنىنى كىيگۈزۈپ قويدى ۋە كۆڭ-
لەكنى سۇدا چايقىدى. مېھرىگۈل ئۇلارغا چىش يېرىپ بىر نېمە
دېمىدى. ئۇ پاتقاق بولۇپ كەتكەن يەرنى كېچىپ سۇ ئېلىپ
كەتكەن ئەتىرگۈل كۆچەتلىرىنى يىغىشقا ۋە باشقىدىن پاتقاققا
پاتتۇرۇپ تىكىشكە باشلىدى. بۇ خۇددى ئۈنسىز بۇيرۇقتەك،
ھەممەيلەن بۇ ئىشقا تەڭ قول سالدى. ئۇلار كۈن بىر غۇلاچ
كۆتۈرۈلگەندە ئىشنى پۈتتۈردى. ئۆستەڭنىڭ مۇزدەك سۈيىدە
يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇشتى. مەھەللە بىلەن گەمە ئارىلىقىغا
ياسالغان تاشيولدا ئۈندىمەي مېڭىشتى، ئۈندىمەي چاي ئىچىش-
تى. ئەركەكلەر يەنە سۇ تۇتۇشقا، مېھرىگۈل زاۋۇت تەرەپكە

كېتىشتى.

— ھەي كاللا، ھەممىنى قىلغان سەن، ئەمدى ھەدەم بىزنى جازالىماي قويمايدۇ، — دېدى تۇردى سۇ تۇتقىلى كېتىۋېتىپ.

— مېنىڭغۇ شەيتان ئازدۇردى، سېنىچۇ؟ — دېدى كامىل.

— مېنىما؟ ئاي پەرى! — دېدى كۈلۈپ تۇردى.

— ۋاي ساراڭلارەي، ئېشىكنىڭ ماڭمىسا ئۇر توقۇمىنى، دېگەندەك گۇناھنى بىزگە قويۇشماقچىمۇ! — دېدى تۇرانقىز.

— توغرا دېدىڭىز ھەدە، بۇ قىلمىنلارنى كىم چىللاپتۇ.

تۇرغۇنئاي شۇنداق دەپ ئۆز ئىشىغا كىرىشتى.

ئەرلەر ئۇسا قىلغان يەر كۆپ ئىدى. مېھرىگۇل يەنە سەككىز خوتۇننى باشلاپ چىقىپ تۇرانقىزغا تاپشۇردى. ئۇلار كەيزە ئېلىپ، يىگىرمە كەيزىگە سەۋزە، ئون كەيزىگە پىياز، ئون كەيزىگە تۇرۇپ چامغۇر، بەش كەيزىگە يۇمغاقسۇت، ئون كەيزىگە ئاش چامغۇر ئۇرۇقى چاچتى. ئۇ ئوتياشلارنى يىقىش، ئوتاش، توپىسىنى يۇمشىتىش، توپا يۆلەش، سۇغىرىشقا ئوخشاش پەرۋىش ئىشىنى ئۈچ خوتۇنغا تاپشۇردى.

## 6

داۋۇت ناشتا قىلىۋاتاتتى، مەھەللە تەرەپتىن كەلگەن بارابان ئاۋازى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ ئايالى نازۇكئايغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىۋىدى، نازۇكئاي مۇنداق چۈشەندۈردى:

— مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بۈگۈنكى كۆچەت تىكىش بايرىمىنى مېھرىگۇل ھەدەمنىڭ يېڭى بېغىغا كۆچەت تىكىش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. شۇڭغا كېلىۋاتسا كېرەك. بالىلىرىدىن مېھرىگۇل ھەدەمنىڭ بۈگۈن كۆچەت تىكىدىغىنىنى ئاڭلىغان دادىلىرىمۇ چىقىدىكەن، سىزمۇ چىقارسىز؟

باراباننىڭ ئاۋازى يېقىنلاپ كەلدى. داۋۇت چېيىنى سۈمۈرۈ-

ۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى:

— ئاغىنەم ئەزىمەتنىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن، باراي، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ مېھرىگۇل ئاچقان يەرگە بارغۇچە كاللىسىدىن نۇرغۇن پىكىرلەر ئۆتتى. مېھرىگۇلنىڭ «مۇئاۋىن باش مۇدىرى بولىسىز، قوشقان سەرمايىڭىزگە قاراپ پايدا ئالىسىز» دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىدى. داۋۇت بىر تۇل خوتۇننىڭ ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرۇپ، روناق تېپىشىغا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى «خوتۇن كىشى دېگەننىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا بولىدۇ. ئۇ كەم ئەقلى بىلەن زىيان يەتكۈزىدىكى، پايدا بەرمەيدۇ، پايدا بەرگەن ھالدىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرغان سىياسەت چاپىنىنى بىرلا تەتۈر كىيسە شۇنچە يىلدىن بېرى جاپادا تاپقان پۇل ـ دۇنيارىمدىن ئايرىلىپ قالمامدىم، ئۇنىڭدىن كۆرە ‹قايناقسۇ ئىچ، كۆڭلۈم تىنچ› دەپ يۈرمەيمەنمۇ» دەپ مېھرىگۇلنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغانىدى. تۇرۇپلا ساۋاقداشلىق ھېسسىياتى، ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا يىگىرمە يىل ئاشىقى بىقارار بولۇپ يۈرگىنى، ۋىسالىغا يېتەلمەي ناخشىسى بىلەن مۇڭلانغىنى ئېسىگە كېلىپ بىرلەشكۈسى كېلەتتى، پۇل ـ مال دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ۋەھىمىسى بۇ نىيىتىدىن يالتايتاتتى.

داۋۇت بۈگۈن مېھرىگۇلنىڭ ئىدىتلىق ئىشىغا ئىشىنىپ قالدى. پۈتكۈل بىر مەكتەپ بالىلىرىنىڭ خالىس ياردەمگە چىقىشى ئۇنى لەرزىگە سالدى. ئۆزىنىڭ يېتىشەلمەي قالغىنى، كۈنلۈكىگە 30 سوم بېرىمەن، دېسىمۇ مەدىكار چىقمىغىنىنى ئويلىدى، شۇنچە كۆپ ئوقۇغۇچى، مۇئەللىم، مەھەللە ئەركەكلىرى مېھرىگۇلنىڭ ئۇلۇغ ئىشىغا ياردەم قولىنى سوزدى، ئۇلار پۇل بېرىمەن دېسىمۇ قاراپ قويمىغانىدى. ئۇ ئورەك كولاۋېتىپمۇ، چۈشلۈك تاماقنى يەۋېتىپمۇ مۇشۇنداق پىكىر يۈرگۈزدى.

ئۇ تامىقىنى يەپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، مېھرىگۈل ئاچقان يەرگە نەزەر تاشلىدى. بۇ يەر ئۆزى ئاچقان يەردىن ئۇنى ئەجەپ ھەسسە چوڭ كۆرۈندى. قۇياش قىزىرىپ ئولتۇرۇۋاتقاندا، ئىش توختىدى. ئۇ يەنە ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. سانسىز كۆچەتلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. «بۇ كۆچەتلەر بەش يىلدا مېۋە بېرىدۇ. مېۋە بەرگۈچە مېھرىگۈل كۆچەتلەر ئارىسىغا ئوتياش، قۇلۇپنىك تېرىپ ھوسۇل ئالىدۇ.» ئۇ بۇنىڭ ھېسابىنى ئۆيىگە كېلىپ پۈتتۈرمۇ قىلدى. نازۇكئاي ئەتىگەنلىك چايدا، ئېرىنىڭ ئالدىغا يىلىكتەك ئەتكەن چاينى قويۇپ:

— نېمە خىيال سۈرۈپ قالدىڭىز، چاي ئىچىشكىمۇ رايىڭىز يوققۇ، — دەپ سورىدى.

داۋۇت خىيالدىن ئۆزىگە كېلىپ چىنىسىگە نان سالدى:

— نېمە خىيال بولاتتى، مېھرىنىڭ تەكلىپىنى ئويلىنىۋاتىمەن.

— بىز ئۇنىڭ ھەسسىدارلىق شىركىتىگە كىرگىنىمىز توزۇكتەك تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ زاۋۇت بىناسىنى كۆردۈم، يەر ئاستى زالى پۈتۈپتۇ. شۇنداق چوڭكى، بىزنىڭ گۈلخانىمىزدەك 2 ـ 3 قەۋەتلىك ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى ئورناتقۇدەك، سىزمۇ بىر بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭ.

— يەر ئاستى زالىنى نېمە قىلىدىكەن؟

— گۈلقەنت، مۇراببا خامئەشيالىرىنى ساقلايدىكەن.

داۋۇت يەنە پىكىر ئېقىنىغا چۆكتى.

7

داۋۇت «قوشۇماڭنى تۈرسەڭ بىر ئەقىل تاپىسەن» دېگەن ئەقىدىگە ئەمەل قىلاتتى. شۇ ئەقىدىسى بويىچە بۆكىنى ئالدىغا قويۇپ پىكىر يۈرگۈزدى. ئۇ ئاخىرى «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر

كۆرگەن ئەلا» دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە، بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ زاۋۇت قورۇلۇشى ئورنىغا باردى، ئۇ زاۋۇت ئورنىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى بىر قەدەملىدى، كەڭلىكىنى بىر قەدەملىدى ۋە «ۋاھ، چوڭكەن، ئۇزۇنلۇقى 200 قەدەم، كەڭلىكى 100 قەدەملىكەن» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ بىنانىڭ تۈۋرۈكلىرىنى ساندى. «تۆت قىرلىق 24 تۈۋرۈككەن، ئامبار ئۈستىنى قېلىنلىقى قىرىق سانتىمېتىرلىق پولات ـ سېمونت تاختىسى بىلەن يېپىپتۇ، بۇ تۈۋرۈكلەر يەنە ئۈستىگە ئېگىزلەۋېتىپتۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا، يەنە بىر قەۋەتنىمۇ مۇشۇ تۈۋرۈكلەر كۆتۈرۈپ تۇرىدىغاندەك» ئۇ شۇ ئويلار بىلەن يەر ئاستى ئامبارغا كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلارغا كۆزى چۈشتى، ئۇنى بىر كىم چاقىردى، قارىسا ئاتاي چاقىرىۋاتقانىكەن.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپ داۋۇت ئاتاينىڭ سوئالىغا جاۋاب قىلدى ۋە سورىدى، — بۇ قۇرۇلۇشنى سەن قىلىۋاتامسەن؟

— شۇنداق دېسىڭىزمۇ بولىدۇ، ھەددەم بىلەن ئۇ باشلاپ كەلگەن ئىنژېنېر تېخنىكىلىق جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ.

— نۇرگۇل قاچان كەلدى؟

— بىر ئاي بۇرۇن.

— ئوقۇش تۈگەپتۇمۇ؟

— ھەئە.

— ھە، ئەمدى مېھرىنىڭ ئائىلىسى جەم بوپتۇ ـ دە. بۇ زاۋۇتۇڭ نەچچە قەۋەتلىك؟

— ھازىرچە ئۈچ قەۋەت.

— ئۈچ قەۋەتنى مۇشۇ تۈرۈكلەر كۆتۈرەلەمدۇ؟

— ئاۋۇ ياساۋاتقان تۈۋرۈككە قاراڭا، — دېدى ئاتاي تىك تۇرغۇزۇلۇپ، ئىنچىكە پولات چىۋىق بىلەن توقۇلغان، تۆت

تەرىپىگە تاختاي مىقلاۋاتقان تۈۋرۈكنى كۆرسىتىپ، — ئۇنىڭ ئىچىگە شېغىل تاش، قۇم، سېمونت ئارىلاشتۇرۇلغان لايىنى تىقىپ چىڭدايدۇ. ئۈچ كۈندە ئۇ قاتىدۇ، بۇنداق تۈۋرۈكنى بېتون تۈۋرۈك دەيمىز. بۇ بېتون تۈۋرۈكلەر ئۈچ قەۋەت ئەمەس، ئالتە قەۋەت ئۆينى كۆتۈرەلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈۋرۈكلەر ئارىسىغا يەر ئاستى ئۆيدىكىدەك خىش قوپۇرىدۇ.

— ۋاھ، قالتىسكەن، — دەپ قويدى داۋۇت، — نۇرگۈل نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— ماۋۇ يەر ئاستى زالدا قىزلارغا گۈلقەنت، مۇراببا چىقىرىش ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىۋاتىدۇ.

— يۈرگىنە، شۇ ماشىنىلىرىڭنى كۆرۈپ باقاي.

داۋۇت گۈلقەنت چىقىرىش ماشىنىسىنى كۆرۈپ، ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋېلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. ئاتاي ئۇنى باشلاپ يەر ئاستى زالىغا چۈشتى، بىر نەچچە قىز بىر ئىستانوكنى چۆرىدەپ تۇرۇشاتتى. نۇرگۈل ئىستانوكنىڭ ئۇيەر - بۇيېرىنى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەر دەۋاتاتتى. داۋۇت ئامبارغا سەپسالدى. ئىستانوك تامغا يېقىن يەردە تۇراتتى. يەر بىلەن تەڭ كىچىك دېرىزىدىن يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. باياتىن قىزىق ئاپتاپتا تەرلەپ كەتكەن داۋۇت بىردەمدىلا سالقىنلاپ قالدى. ئۇ «ھىم - ھە، بۇ ئامبارغا ئالەمنىڭ ئالمىسى پاتقۇدەك ھەم مۇزدەك چىڭ تۇرغۇدەك» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاستا قايتىپ چىقتى.

## 8

قۇياش قىزىدى، يەر - جاھانمۇ قىزىشقا باشلىدى. مېھرىگۈل تاڭ سەھەردىلا بېغىغا كەلدى. ئۇ ئاۋۋال قۇلۇپنىكلارنى ئارىلىدى. قۇلۇپنىكلار ياپراق چىقىرىپ قالغان، ئەمما تۇپراق

قېتىپ كەتكەنىدى، «ھە، ئۇسساپتۇ ـ دە، سۇغىرىش كېرەك» دېگەننى كۆڭلىگە پۈككەن مېھرىگۇل ئەتىرگۇللۇكنى ئارىلىدى. گۇللەرمۇ يوپۇرماق چىقىرىشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئايلىنىپ يۈر-گەندە، قارشى تەرىپىدىن كەلگ مۇرىلىك، ئېگىز، گەۋدىلىك بىر ئادەم كۆرۈندى، مېھرىگۇل «ۋاھ، داۋۇتقۇ بۇ، نەچچە ۋاقىتتىن قارىسىنى كۆرسەتمىگەن ئادەم ئەمدىزە تاڭ سەھەردە بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قاپتۇغۇ» دېگەن خىيال بىلەن مېڭىپ داۋۇتنىڭ كەينىدىن كەلدى ۋە ئەرلەر ئاۋازىدا:

— ھە، ئوغرى، قولۇمغا چۈشتۈڭمۇ؟ — دېدى.

داۋۇت چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە:

— مەن ... مەن، ئو ... ئوغرى ئە ـ ئەمەس، — دېدى. مېھرىگۇل پاراققىدە كۈلۈۋەتتى. داۋۇت كۈلكىسىنى بې-سىپ چاقچاق قىلدى:

— ئەگەرچەندە ساقچى بولسىڭىز كۈندە ئوغرى تۇتىدىكەن-سىز جۇمۇ.

— ئىجازەتسىز خەقنىڭ بېغىغا كىرگەنلەرنى تۇتىمەن، ئەل-ۋەتتە.

— باغمىش، تۆت تال چىلۋىقنى تىكىپ قويسا باغ بولامدۇ.

— تۆت تالنى ئونمىڭغا كۆپەيتسىڭىز قانچە بولىدۇ؟

— ھە، نېمە، ئۆتكەندە 40 مىڭ تۈپ تىكىلدىما!

— ئۆزىڭىز ئورەك كولىغانغۇ.

— مەن ساناپ ئولتۇرمىدىم ـ دە.

— ھازىر بۇ يەر قاقاس كۆرۈنگىنى بىلەن بىر ئايدىن كې-يىن، يېشىل باغ، گۇلزارلىققا ئايلىنىدۇ.

— ئېتىكىڭىزنى كەڭ يېيىۋېتىپسىز. زاۋۇتىڭىزمۇ چوڭ-كەن ...

ئۇلار پاراڭلىشىپ مېڭىپ داۋۇتنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۇ مېھرىگۇلنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. مېھرى-

گۈل دەرۋازىدىن كىرىشكە نازۇكئاي ئالدىغا چىقتى. ئۇ مېھرى-
گۈل بىلەن قېرىنداشلارچە كۆرۈشۈپ:

— ۋاي ھەدە، ۋاقتىدا كەلدىڭىز، پەرىشتىلەر ئەۋەتتىمۇ
سىزنى؟ — دەپ ئۆيگە باشلىدى.

— ھە، ئەمدى كىنىدىك ئانا قىلاي دېۋىدىڭمۇ، — دەپ مېھ-
رىگۈل ئۇنىڭ پومپىيىپ تۇرغان قورسىقىنى سىلاپ قويدى.

نازۇكئاي ئاشخانىدىن نان - توقاچ، چىنە، قايماق كۆتۈ-
رۈپ كىرىپ، ئۈستەلگە تىزدى، داۋۇت كۆتۈرۈپ كىرگەن
كورىدىن چاي قۇيۇپ مېھرىگۈلگە تۇتتى. مېھرىگۈل تۇزۇت
قىلىپ:

— ئائىلە باشلىقىدىن كەلسۇن، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— تۇزۇت قىلماڭ، سىز دېگەن مېھمان، — دېدى داۋۇت.

— پاھ، — دېدى مېھرىگۈل چاينى قولىغا ئېلىپ، —
ياغلىما گەپلەرگىمۇ ئۇستا بولۇپ كېتىپسىزغۇ.

— سىز ئۆگەتتىڭىز، شېرىن شېكەر تىللىرىڭىز بىلەن
ئەمەلدارلارنى ئېرىتىپ، زېمىندار بولدىڭىز، يەنە كارخانىچى
بولماقچىسىز.

— ساۋاقدىشىم، شېرىك بولۇڭ دېسەم ئۇنىمىدىڭىزغۇ.

— جېنىم ھەدە، ئۇ ئەمدى ئۇنايدۇ، بىنالىرىڭىز، يېڭى
ئاچقان يېرىڭىزنى كۆرۈپ شىركىتىڭىزگە كىرىش ئويىدا بولۇ-
ۋاتىدۇ.

— تېخىچە ئويىدىمۇ؟

— ھازىر «ئوي ئويلاپسەن، ئوي ئويلاپسەن، ئويچىمىدىڭ
سەن» دېگەندەك ئويچى بولۇپ قالدىم. شۇنچە تاپقان - تەرگە-
نىمنى بېرىشتە يەتتە ئۆلچەپ، بىر كەسمىسەم بولماس دەيمەن.

مېھرىگۈل قايماقلىق چاينى ئوتلاپ تۇرۇپ: «ھە نازۇك
بۇنىڭ مۇز يۈرىكىنى ئېرىتقاندەك تۇرىدۇ، يەنە مەيلىگە قويۇۋەت-
سەم جاھىللىقى تۇتۇپ، قولىنى بىراقلا سىلكىمىسۇن» دەپ

ئويلىدى ۋە يۇمشاق ئاۋازدا:
— ساۋاقداش، بىز كىچىكلىكتە بىللە ئۆسكەن، بىر-بىرىمىزنى بىلىپ يۈرگەن تەڭتۇش دوست ۋە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشمىز، شۇڭا بىر-بىرىمىزگە ئىشىنىشىمىز، قولنى قولغا تۇتۇپ بىرلىكتە بايلىق يارىتىشىمىز كېرەك، — دېدى.
— گەپنى ئەگىتمەي توغرىسىنى ئېيتىڭا!
— ئەمىسە ئاڭلاڭ، مېنىڭ تەكلىپىمگە قوشۇلۇڭ.
— ئويلىناي دېدىمغۇ.
— نېمىنى ئويلىنىسىز؟
— بايا دېگەن پايدا-زىيىنىنى-دە.
— ۋاي-ۋاي، سىز ئۆزگىرىپلا كېتىپسىز، شەخسىيەتچىلىك يامان كويلارغا سالىدۇ. يەنە ئېنىقراق دەپ قوياي: مەن تۇتۇۋاتقان ئىش جولدىسى بار ئىش، مەنپەئەت مەسىلىسىگە كەلسەك، ئومۇمىي پايدىدىن قوشقان دەسمايىڭىزگە لايىق ئۈلۈش ئالىسىز، كۆندىلىك تۇرمۇشىڭىزنى غەملەشكە ئايلىق مائاش ئالىسىز.
— مەندە قوشقۇدەك جىق پۇل يوق.
— بېغىڭىز، گۈلخانىڭىز مۇقىم مۈلۈك ھېسابلىنىدۇ.
— نېمىشقا، باغنىڭ كۆكى، گۈلخانىنىڭ گۈلى ساپ مەھسۇلات تۇرسا نەق پۇل ھېسابلانمامدۇ؟
— ئۇ ئايلانما پۇل بولىدۇ، ئۇمۇ دەسمايىگە كىرىدۇ. ئەمدىغۇ بولغاندۇ؟
— ئەمما، زاۋۇتىڭىز، بېغىڭىز مۇقىم مۈلۈك بولىدۇ-دە.
— ۋاھ، قۇلۇپىنىڭ، ئوتياش، گۈللەرچۇ، سىزنىڭ ئايلانما پۇل بولىدۇيۇ، مېنىڭ بولمامدۇ؟!
— سىز ئۇلارنى ئەمدى تىكتىڭىز، قانچىلىك پۇل بولار؟
— قانچىلىك پۇل بولسا، شۇنچە دەسمايىگە قېتىلىدۇ.

زاۋۇت مۇقىم مۇلۇك بولغىنى بىلەن ئۇپراش ھەققى، ئىجارە ھەققى ئېلىنىدۇ.

— زاۋۇت پۇل تاپمايدۇ ـ دە، ئۇ بىر جانسىز نەرسە.

— ئاشۇ ئىستانوك، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر بولمىسا گۈل- قەنت، مۇراببانى قانداق چىقىرىمىز؟ باغدىكى مېۋە، گۈللەر بولسا ئۇنىڭ خام ئەشياسى، خالاس.

— ھىم، ئۇنىڭغا قانچە پۇل كېتەر؟

— ئۇپراش ھەققى، زاۋۇت ھەققى ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن ئۆلچەم بويىچە بولىدۇ. خوش، قانچە نەق پۇل قوشىسىز؟

— ئازراق.

— ئوبدانراق ھېسابلىشىڭ، زاۋۇت ئىشقا چۈشۈشتىن بۇ- رۇن جاۋابىنى بېرىڭ. سىزنى زورلىمايمەن، تەجرىبىسى بار، ئىشەنچلىك بىر ئەركىشى ماڭا ياردەملەشسە ئىشلىرىم ئوڭاي يۈرۈشۈپ كېتەر، دېگەنلا ئۈمىدىم بار. شۇڭا سىزنى مۇۋاپىق كۆرگەنتىم.

— مەن شىركىتىڭىزگە كىرمىسەم، ئالما، گۈلقەنتلىرىم- نى بۇلتۇرقىدەك سېتىۋالامسىز؟

— سۈپىتى ۋە باھاسىغا قارايمىز، ئەمدى گۈلقەنت ئەمەس، گۈلىڭىزنىڭ بەرگىسىنى ئالىمىز...

مېھرىگۈل دۇئادىن كېيىن نازۇكئايغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى.

## 9

— ھوي ھەدە، دۆڭنىڭ بېقىنىدىكى يەر ئاق قالامدۇ؟

— مۇشۇ زاماندا ئاق قالىدىغان يەر بولامدۇ؟

— ئەمىسە نېمە تېرىيمىز؟

— قىزىلچا!



www.uyghurkitap.com

— شېكەر ئىشلەپچىقىرىمىزمۇ؟
— شېكەرگە تېگىشىمىز.
مېھرىگۈل شېكەر باھاسىنىڭ بۇ يىل ئېشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، قىزىلچا تېرىپ شېكەرگە تېگىشىش قارارىغا كەلگەندى. ئۇ يەرلىك گېزىتتىن «شېكەر زاۋۇتى دېھقانلار بىلەن قىزىلچا سېتىۋېلىش توختىمى ئىمزالاشقا باشلىدى» دېگەن خەۋەرنى ئوقۇپ قالدى. ئۇ ئاتاي بىلەن شېكەر زاۋۇتىغا باردى، ئاتايىنىڭ تەرجىمانلىقىدا زاۋۇت باشلىقى بىلەن سۆزلەشتى.
— مەن 150 مو يېرىمگە قىزىلچا تېرىيمەن، ئالامسىلەر؟
— ئالىمىز، — دېدى زاۋۇت باشلىقى مېھرىگۈلگە باشتىن-ئاياغ قاراپ قويۇپ، — سىز قايسى يېزىدىن؟
— مېنىڭ يېزا ئىگىلىك سانائەت بىرلەشمە شىركىتىم بار، ماڭا پۇل ئەمەس، شېكەر بېرىسىز. بىر توننا قىزىلچىغا قانچىلىك شېكەر بېرىسىز؟
— سىز قىزىلچىنى شېكەرگە ئالماشتۇرماقچىمۇ؟
— شۇنداق.
— ئەمىسە سىزگە زاۋۇت باھاسى بويىچە ئالماشتۇرۇپ بېرىمىز، ئەمما ئۆزىڭىز يۆتكەپ كېتىسىز.
— قىزىلچا ئالغىلى ماشىنا ئەۋەتەمسىز؟
— ياقەي، سىلەر ئەكىلىپ بېرىسىلەر.
— ھە، بوپتۇ، ئەمىسە توختاملىشايلى.
بۇ توختام بويىچە مېھرىگۈل قىزىلچا تېرىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

## ئون ئىككىنچى باب

# مېھرىگۈلنىڭ گۈللىرى

### 1

يېشىل كۆڭلەك كىيگەن قىزلاردەك چىرايلىق كۈلۈمسى- رەپ ياز كىرىپ كەلدى. ئۈستەڭ سۈيىنى ئىچىپ، قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىنى ئەمگەن يېڭى زېمىن باھار گۈلىگە پۈركەندى. بۇ گۈزەل گۈللۈكنىڭ ھۆسنىدىن ھۇزۇر ئالغان ئاياللارنىڭ شادلىق كۈلكىسى دەريا دولقۇنلىرى بىلەن بەسلەشكەندەك جا- راڭلىدى. يازنىڭ ئىسسىق قۇياشى ھەر تۇپ گۈل، ئالما، ئالىگىرات قاتارلىق كۆچەتلەرگە يېشىل كۆڭلەك كىيگۈزگەن- دى. تۇل خوتۇنلار بەرپا قىلغان بۇ يېڭى باغ ۋە گۈللۈكتىكى كۆچەتلەر يېشىل ئېتەكلىرىنى يايغانىدى. بۇلار ئىچىدىكى بويىغا يەتكەن چىرايلىق گۈللەر مېھرىگۈل تۇنجى ئەتىۋارلاپ ئۆستۇر- گەن ئەركە، نازۇك گۈللەر ئىدى. بۇلارنىڭ بىرى قۇلۇپنىڭ، بۇ يۇمىلاق، تۇمشۇقى ئۇچلۇق بولۇپ، قۇياشتىن بەھرە ئالغان- سېرى قىزىرىپ، تەبىئىي رەڭ ئالماقتا ئىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە شەربەت پارقىراپ تۇراتتى، مېھرىگۈل بۇنىڭغا قاراپ «تېزلا بويۇڭغا يېتىپسەن» دەپ بىر تال ئۈزدى ۋە ئاغزىغا سالدى. ئۇنى دوراپ بارلىق ئاياللار تېتىدى، بۇنىڭ ئۇلارغا لەۋ گىرىمى قىلىپ قويغىنىنى سېزىشمىدى. كېيىن بىلگەندىن كېيىن بۇ- نىڭغا ئامراقلىقى كېلىپ ئۈزۈشكە باشلىدى.

يىراقتىن قارىغاندا، بۇ يەر كىشىنى مەست قىلغۇدەك خۇش پۇراق چېچىۋاتقان مېۋە چېچەكلىرى پورەكلىگەن گۈل نۇسخى-لىق گىلەمدەك كۆرۈنەتتى. مانا شۇ گىلەمدە گۈللەر بىلەن تەڭ ئېچىلىپ مېھرىگۈل يۇرەتتى. ئۇ ھاياتىنىڭ مۇنداق رەڭگارەڭ، چىرايلىق، مەنىلىك بولىدىغىنىنى ئىككىنچى قېتىم ھېس قىل-دى. ئۇ بىرىنچى قېتىم ئەزىمەتنىڭ بېغىدا ئىشلەپ يۈرگىنىدە ھېس قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شېرىن - شېكەر گۈللىرىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ، پۈتكۈل ئالەمگە تارقىتىشقا ئالدىرايت-تى. ئۇ بۇ ئالدىراقسانلىقىنى قىزى بىلەن ئوغلىغا ئۆتكۈزمەك بولدى:

— سىلەرچۇ، باشقىنى قويۇپ، مۇرابىا ئىستانوكىنى ئىشقا سېلىڭلار.

— جېنىم ئاپا، ئالدىرىمىساڭچۇ، — دېدى نۇرگۈل.

— قۇلۇپنىك پىشىپ كېتىپ ئالدىرىتىۋاتىدۇ.

— ئالدىرىما ئاپا، بىنانىڭ ئۇچىنچى قەۋىتى پۈتسۇن.

— ماڭا سىنىڭ ئۇچىنچى قەۋىتىڭ ئەمەس، مۇرابىا ماشى-نىسى كېرەك.

ئانا بىلەن قىزنىڭ ئارىسىغا ئوغۇل قىستىلىپ كىردى:

— بولمىسىچۇ ھەدە، ئاۋۋال ئىككىنچى قەۋەتنىڭ تاملىرى-نى ھاكلايلى، بىر مۇرابىا ماشىنىسىنى بولسىمۇ ئىشقا سالايلى.

ئانا بىلەن قىز بىر - بىرىگە قاراشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى تەڭلا ئۇچقۇندىدى.

— ياشاپ كەت ئوغلۇم، بۇ ئەقلىڭگە قارىغاندا چوڭ بوپ-سەن.

مېھرىگۈلنىڭ قۇلۇپنىك ئۇچۇن مۇنچە ئالدىرىشىدا سەۋەب بار، ئەلۋەتتە. شەھەردە پۈتكۈل دېھقانلارنىڭ قۇلۇپنىكلىرى پىشىپ، بازارنى قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ باھاسى چۈشۈپلا قالماي، ئالىدىغان ئادەم يوق دېگۈدەك بولۇۋاتاتتى. مېھرىگۈل

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ ۋە باشقا دېھقانلارنىڭ قۇلۇپىنكىلىرىنى مۇرابىا قىلسا، كۆپ پايدا ئېلىپلا قالماي، دېھقانلارنى زىياندىن ساقلاپ قالاتتى، شۇڭا ئاتاينىڭ دېگىنىچە بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتى ئاقارتىلىپ تازىلاندى، مۇرابىا ماشىنىسى ئورنىتىلىپ، مېھرىگۇلنىڭ قۇلۇپىنكىلىرى ماشىنىدا پىرقىراپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى.

مېھرىگۇل:

— نۇرتاي، ھازىردىن باشلاپ، شەھەر ئەتراپى مەھەللىلەردىكى دېھقانلارنىڭ ئالدىغا بارغىن، ئۇلارنىڭ قۇلۇپىنكىلىرىنى سېتىۋال، زاۋۇتقا ئەكىلىپ بەرسۇن، — دەپ بۇيرۇدى.

نۇرتاي پىژ - پىژ ئاپتاپتا چېپىشقا باشلىدى. چەت ئەلدە پىكاپتىن چۈشمەي يۈرگەن بۇ بايۋەچچە ئىنىسىنىڭ كونا ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ، مەھەللىمۇ مەھەللە چاپتى، ئۇ «ئاپام قىمار ئوينىغىنىمغا تويغۇزىدىغان بولدى» دەپ ئويلايتتى. ئۇ بىر مەھەللىدىكى دېھقانلار بىلەن سۆزلىشىپ، يەنە بىر مەھەللىگە بارغۇچە دېھقانلارنىڭ قۇلۇپىنكىلىرى زاۋۇتقا كېلىشكە باشلىدى. ئۇنى نۇرگۇل تەكشۈرۈپ ماقۇل بولغاندىلا، ئاتاي تارازىدا تارتىپ ئالاتتى.

نۇرگۇل دەسلەپ ئۆزى دەپ بەرگەن قىزلار بىلەن ماشىنىنى ماڭغۇزدى. مېھرىگۇلنىڭ كۈلۈمسىرىشى بىلەن سەدەپ چىشلىرى پارقىراپ كەتتى. ماشىنىغا سېلىنغان قۇلۇپىنكىلار بىردەمدىلا شىشىلەرگە قاچىلىنىپ چىقاتتى. ئۈزلۈكسىز مېڭىۋاتقان رىزىنكا تاسما ئۈستىدە شىشىلەر ئۇسسۇل ئويناپ، قاتار تىزىلىپ ماڭاتتى. ئۈچ قىز ئالدىغا كەلگەن شىشىلەرنى تۇتۇۋېلىپ، «تۇل خوتۇنلار يېمەك - ئىچمەك شىركىتى»، «قۇلۇپىنك مۇرابباسى» دېگەن ماركىلارنى ئۇسما قويغاندەك چاپلايتتى. مېھرىگۇل ھاياجان بىلەن ۋارقىرىۋەتتى:

— ئېھ، تۇنجى مەھسۇلات!

ئۇ تۇنجى شىشە مۇراببانى تۇتۇۋېلىپ تىتىپ كۆردى ۋە

باشقىلارغىمۇ تېتىتتى، ھەقىقىي، تەملىك مۇراببا!
— تاتلىق تەم بىلەن چۈچۈمەل تەم بىرلىشىپ، بىر خىل لەززەتلىك تەم ھاسىل بوپتۇ، پۇرىقىچۇ، پۇرىقى!
مېھرىگۈل ماختاپ، نۇرگۈلنىڭ مەڭزىدىن سۆيۈپ قويدى.
— چىرايلىقلىقىچۇ تېخى!
— ئالمۇتىدىكى ئورۇسلار «مەريەم ئانىمىزنىڭ قىزىكەن» دەپ چوقۇنۇپ يۈرمىگىدى بىزنىڭ مۇراببانى! — دېدى تۇرانقىز.
— شۇنداقلا بولسا بازىرى چىقىپ كېتىدۇ.
تۇرانقىزغا بولۇپ بەردى، ئۇ مېھرىگۈلنىڭ ئىشىدىن سۆيۈپ، چىن قەلبىدىن رەھمەت چاقچىقى ياغدۇردى.
— بولدى ھوي شاش بايتال، — دەپ مېھرىگۈلمۇ بوش كەلمىدى، — سەنمۇ كامىلغا مۇشۇنداق چىرايلىق قىز تۇغۇپ بەرسەڭ ھەرگىز سېنى ئۇرمايدۇ.
— ۋاھ ـ ھا ـ ھا! ئەمدىغۇ تويغانسىز تۇرانقىز ھەدە، — دېدى تۇرغۇنئاي.
— ئالدى بىلەن سەن تويغىن، — دېدى تۇرانقىز.
— كۆرۈپ تۇرۇڭ، تۇردىغا گۈلدەك قىز تۇغۇپ بېرىمەن.
— ھە، مۇبارەك بولسۇن! — دەپ مېھرىگۈل تۇرغۇنئاينى سۆيۈپ قويدى.
مېھرىگۈلنىڭ ئەتىرگۈل، قىزىل گۈللىرىمۇ قۇياش نۇرىدا ئېچىلىپ، سەھەر شامىلىدا تاۋلانغانچە يۈزىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى.
ئۇلار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق پورەكلەپ ئېچىلىشقا باشلىدى.
ئۇلار ئېچىلغانسېرى گۈللۈك ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ھۆسنى بىلەن ئاياللارنى جەلپ قىلدى. خۇشبۇي ئەتىر چېچىپ، ئىگىلىرىنىڭ كۆڭلەك، بەدەنلىرىگە سىڭدى، ئايالللار بۇ ئەتىر پۇرىقىنى مەھەللىسىگە، ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەلدى. پۈتۈن يۇرت، ھەممە ئۆي گۈل پۇرايتتى، ئەتىر پۇرايتتى ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكسىز ئادرېسى

## 2

خوتۇن ـ قىزلار ئۈزگەن گۈل بەرگىلىرىنى سىۋەتلەرگە تۆكەتتى، توشقان سىۋەتلەر تۈپتوغرا گۈلقەنت سېخىغا كىرەتتى. بۇ ئەتىر پۇرىقى چىچىپ تۇرغان گۈللەر ماشىنىغا چۈشۈپ، يانجىلىپ، شىشىلەرگە قاچىلىنىپ چىقاتتى. تۇنجى قېتىم گۈلقەنت قاچىلىنىپ چىققان شىشە مېھرىگۈلنى دەككە ـ دۈككىگە قويدى. نۇرگۈل جىلى بولغىنىدىن تىترەپ كەتتى، ئۇ ماشىنىنى توختىتىپ، تۇنجى شىشىدىكى گۈلقەنتنى تېتىپ باقتى، ئاندىن مېھرىگۈل تىترەك قوللىرى بىلەن قوشۇقنى شىشىگە سالدى، ئاغزىغا ئاپاردى، تىللىرى بىلەن تېتىدى، ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى:

— ھوي، بۇ نېمەڭنىڭ ھېچبىر گۈلقەنت تەمى يوققۇ!

بۇ گەپ ھەممىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ھېچكىم ئاۋاز چىقارمىدى، ھەتتا ئۇلار تىنمايۋاتقاندەك ئىدى. نۇرگۈل يەنە بىر قېتىم تېتىدى ۋە مۇجمەل ئاۋازدا:

— نېمىدۇر بىرنېمىسى كەمدەك قىلىدۇ، — دېدى.

— شېكىرى ئازمىكىن.

— تەمسىزلىكىگە قارىغاندا، شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

مېھرىگۈل سېختىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى، ئۇ داۋۇتنى ئۆيىدىن تاپالمىدى. ئۇنىڭ گۈلخانىغا چىقتى. گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كېتىپتۇ. گۈلخانىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئىككى ئادەم گۈل ئۈزۈۋاتاتتى. ئاق ياغلىق تېڭىۋالغان خوتۇننىڭ خالتىسى پومپىيىپ كۆرۈندى، پومپايغان خالتا ئەمەس، نازۇكئاينىڭ قورسىقى ئىكەن. مېھرىگۈل ئۇلارنىڭ يېنىغا:

— كۆچۈڭلارغا كۈچ، ھوسۇلۇڭلارغا بەرىكەت ياغقاي، — دەپ باردى.

ئەر ـ خوتۇنلار ئۆرە بولۇشتى، نازۇكئاي خۇشخۇيلۇق

بىلەن:

— ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، تېنچ تۇرۇۋېرىڭلار، — دەپ سورىدى.

— ئوھوي، ئۆزۈڭ نازۇك بولغىنىڭ بىلەن غەيرىتىڭ چوڭ جۇمۇ، تۇنجىسى ئوغۇل ئوخشايدۇ! — دېدى مېھرىگۇل.

— رەھمەت ھەدە، دېگىنىڭىز بولغاي.

— ھوي تۇل خوتۇنلار ھامىيسى، ئىشلىرىڭىز قانداق؟ ئاڭلىسام پۈتكۈل شەھەرنىڭ قۇلۇپىنىڭ مۇرابىبا قىلىپ بوپسىز، — دېدى داۋۇت.

مېھرىگۇل ئۇنىڭغا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن رەھمەت ئېيتتى، داۋۇتنىڭ خۇشۋاق ۋاقتىدا كەلگىنىدىن سۆيۈندى، داۋۇت مۇنداق خۇشۋاق ۋاقتىدا ئېچىلىپ - يېيىلىپ، گەپلىرى سىلىقلىشىپ كېتەتتى. خاپا ۋاقتىدا ياكى بېشى قېتىپ تۇرغاندا بولسا، چىرايى بۇلۇتتەك تۈتۈلۈپ، ئاغزىدىن گەپ ئالغىلى بولمايتتى، گەپ قىلغان تەقدىردىمۇ توك - توك تېگەتتى. ئۆزىگە مەنپەئەتى يوق ئىش بولسا چورتلا رەت قىلاتتى.

— بىر نېمىلەر قىلدۇق، ئۇستام، شۇ تاپتا ئۆزىڭىزگە ھاجىتىمىز چۈشۈپ قالدى.

— ۋاھ، پېقىرغىمۇ ھاجىتى چۈشىدىغان ئادەم چىققىدىكەنا، قولۇم كۆكسۈمدە.

— گۈلقەنتنى قاملاشتۇرالمايۋاتىمىز، ئۇستام ئۆگىتىپ قويارمىكىن، دەپ كېلىشىم.

— ماشىنىدىمۇ؟

— ھە.

— ماشىنا ئىشلىتىشنى بىلمىسەم.

— بىز تەڭشىيەلمىدۇقمۇ ياكى باشقا سەۋەبمۇ، بىلەلمىدۇق. بىر بېرىپ كۆرۈپ باققايسىز.

داۋۇت «مېھرىگۇلنىڭ مۇرابىبا زاۋۇتى ئىشقا چۈشۈپتۇ»

دىگەن خەۋەر قۇلىقىغا كىرگەن هامان ئوتتەك بارغۇسى، گۈل-
قەنت چىقىرىش ماشىنىسىنى ئوتتەك سىناپ كۆرگۈسى كەلگەنى-
دى، ئەمما ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرى بارغۇزمىغانىدى. «بىر تۇل
خوتۇندىن ئۆگىنىمەنمۇ، ئاتام زاماندىن بېرى ئەرلەر خوتۇنلارغا
ئېگىلگەن ئەمەس» دىگەن كاجلىقى تۇتۇپ بارمىغانىدى. ئۇ
«مېهرىگۇل پۇتكۇل شەهەرنىڭ قۇلۇپىنىكىنى سېتىپ ئېلىۋېتىپ-
تۇ» دىگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندا يەنە بارغۇسى كەلدى. ئەمما
«مۇرابىا چىقىرىش خوتۇنلارنىڭ ئىشى» دەپ بارمىدى، بۇدا
بولسا، مېهرىگۇل ئۆزى باش ئېگىپ كەپتۇ، ئەمدى بېرىش
كېرەك، داۋۇت شۇ خىياللارنى ئويلاپ:
— يورۇڭلار، دوست دىگەن دوستىنىڭ بېشىغا كۈن چۈش-
كەندە ئەسقاتىدۇ، — دەپ ماڭدى.
داۋۇت پېشايۋاندىكى دۆۋىلەكلىك گۈللەر ئۈستىگە ئاسما
خالتىسىدىكى گۈل بەرگلىرىنى تۆكتى. پەرتۇقلىرىنى ئېلىۋې-
تىپ كىيىملىرىنى ماڭغاچ قاقتى. نازۇكئايمۇ ئۇلارغا ئەگەش-
تى. داۋۇت كېلىپ، مېهرىگۇللەر تېتىغان گۇلقەنتنى تېتىپ
باقتى، تامشىدى ۋە:
— تەڭشەش مۇۋاپىق بولمىغاندەك تۇرىدۇ، شېكەر قىيامى
ئازدەك قىلىدۇ، — دەپ نۇرگۇلنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.
نۇرگۇل ماشىنىنىڭ تەڭشەش ئۇسكۇنىسىنى تەكشۇردى.
قىيام چۈشىدىغان نەيچىنىڭ گايكىسىنى بوشاتتى، ئاندىن ماشى-
نىنى ماڭغۇزدى. ئون مىنۇت ماڭدۇرۇپ توختاتتى. مېهرىگۇل
بىلەن داۋۇت يېڭىدىن چىققان گۇلقەنتنى تېتىپ كۆردى. داۋۇت
شۇ هامان جىددىي سورىدى:
— هوي قىزىموي، قۇلۇپىنىڭ ئاربلاشتۇرمىغانسەن؟
— ۋىيىەي مېنىڭ دۆتلۇكۇمنى، — نۇرگۇل پېشانىسىگە
بىرنى ئۇردى، — قۇلۇپىنىڭ مۇراباسى چىقارغاندىن كېيىن ما-
شىنىنى تازىلىماپتىمەن ئەمەسمۇ!

ئۇ دەرھال ماشىنىنى تازىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن گۈل-قەنت قولدا ئىشلىگەندىن يۇمشاق، تەملىك چىقتى، داۋۇت تېتىپ كۆردى ۋە ئىچىدە قايىل بولدى، ئۇ قول سائىتىگە قاراپ تۇردى، بىر سائەت ئۆتتى، ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي، ئۇنلۇك قىلىپ «پاھۇي، ...» دەپ سالدى، مېھرىگۈل سورىدى:

— ماشىنا بولامدىكەن؟

— قالتىس ئىكەن. سائىتىگە يۈز شىشە گۈلقەنت چىقىرىدىكەن ئەمەسمۇ! سىزگە قول قويدۇم.

— ماڭا ئەمەس، پەن - تېخنىكىغا قول قويۇڭ.

— شىركەتكە كىرىش توختامىغىمۇ قول قويۇڭ.

نازۇكئاينىڭ بۇ سۆزى دەل جايىدا ئېيتىلدىمۇ ياكى داۋۇت ئاخىر چىگىش خىياللىرى ۋە مۇرەككەپ ھېسابلىرىدىن قۇتۇلغۇسى كەلدىمۇ، قوشۇلدى.

— شىركىتىڭىزگە كىرىمەن، رەسمىيەت ئۆتەيلى.

— كىرىمەن، دېگەنلا ئادەم كىرەلمەيدۇ.

— ئەمىسە ...

— كىرىش ئىلتىماسى يازىسىز.

— بۇ ئاددىي گەپقۇ.

— ئاددىي ئەمەس، ئىلتىماسقا بار مال - مۈلكىڭىز، نەق پۇلىڭىزنى پاي ھېسابىدا قوشىدىغىنىڭىزنى، قوشقان پايغا قاراپ پايدا ئالىدىغىنىڭىزنى، زىياننىمۇ پايغا قاراپ تارتىدىغانلىقىڭىزنى ئېنىق يازىسىز.

— كىرەي دەپ قويسام ئەجەب غادىيىۋالدىڭىزا.

داۋۇت شۇنداق دەپ پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالدى.

— ئاپا، سەنمىچۇ بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭ، كېيىنكى شەرتىڭنى دېمەي تۇرساڭ بولاتتى.

— ھەي قىزىم، ئالدىرىما، ئۇ يەنە ئېگىلىپ كېلىدۇ. بۇنداق كاجلارنى بازار ئوڭشايدۇ، گۈلقەنتلىرىنى پۇل قىلالمىسا

كەلمىگىنىنى كۆرگىن. ھېساب ـ كىتاب باشتىلا ئېنىق بولمىسا بولمايدۇ، تاسادىپىي زىيان تارتساق ئۇ چىدىمايدۇ.

مېھرىگۈلنىڭ دېگىنى كۆپ ئۆتمەي ئىسپاتلاندى. داۋۇت گۈللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولالماي ئاخىر كەلدى ۋە مېھرىگۈلدىن ياردەم سورىدى. مېھرىگۈل ئۇنىڭ گۈللىرىنى ماشىنىدا گۇلقەنت قىلىپ بەردى. ھەقمۇ تەلەپ قىلمىدى. ئەمما داۋۇت گۇلقەنتنى شەھەردە پۇل قىلالمىدى. ئۇ ئاخىر بولماي، نازۇكئايدىن شىركەتكە كىرىش ئىلتىماسىنى ئەۋەتتى ۋە شىركەت نامىدىكى «تۇل خوتۇنلار» دېگەن سۆزنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى.

3

بۇ كۈنى كېچىسى نۇرگۈلنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، ئۇياققا ئۆرۈلۈپ، بۇياققا ئۆرۈلۈپ تولغاندى، مېھرىگۈلنىمۇ ئۇخلاتمىدى. ئۇ «قىزىمنىڭ كۆڭلىگە نېمە جىن كىرىۋالغاندۇ» دەپ ئويلىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇندىمەي ياتتى، قىزى يېرىم كېچىگىچە يەنە ئۆرۈلۈۋەرگەندىن كېيىن چىدىماي سورىدى:

— ساڭا نېمە بولدى، بۈگۈن ھېچنېمىگە راپتايىڭ يوققۇ، بىرەر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ يە؟

— ئالتە يىل ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغىنىم نېمىگە تەڭ بولدى؟ نۆلگە. ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىدىن ئاتلىمىغان ئادەمچىلىك بىلىم ئالالماپتىمەن. ئۇ ئىشلىگەن گۇلقەنتنى ئىشلىيەلمەي، خوتۇنلار ئالدىدا يەرگە كىرگۈدەك بولدۇم، ئۇ تېتىپ بېقىپلا ئەيىبىنى تاپتى.

— ھوي ئەخمەق قىزىمەي، — دەپ تەسەللى بەردى مېھرىگۈل، — ئالىي مەكتەپ ساڭا بىلىم ئېلىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بىلىم دەرۋازىسىنى ئۇلۇغ ئېچىپ بېرىدۇ، خالاس.

ھەقىقىي بىلىم تۇرمۇشتا.

نۇرگۇل جەينەكلەپ يېتىپ ئانىسىغا ھەيرانلىقتا قارىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دېدى نۇرگۇل ئاغرىنىپ، — مېنىڭ ئالتە يىللىق ئوقۇشۇمنى بىر ياماق قىلىۋەتتىڭغۇ!

— بىر ياماق قىلىۋەتمىدىم، بىلىم ئالدىڭ. پەقەت نەزەرىيىۋى بىلىم، كىتابىي بىلىم ئالدىڭ. ئەڭ ئالىي بىلىم تۇرمۇشتا. سەن ئەمدى ئوقۇغىنىڭنى تۇرمۇش ئالىي مەكتىپىدە ئىشلىتىپ، تەجرىبە ھاسىل قىلىشىڭ كېرەك...

ئۇلار شۇ خىل مۇڭدىشىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. مېھرىگۇل قىزىغا تۇرمۇش بىلىمى بېرىشكە، قىزىدىن نەزەرىيە بىلىمى ئۆگىنىشكە كىرىشتى. نۇرگۇل ئانىسى بىلەن پەن - تېخنىكا ھەققىدە پاراڭلاشقاندا:

— كىمىكى ئىلىمنى، ئالىمنى دوست تۇتسا ئۇ مەڭگۇ غالىب ئورۇندا تۇرىدۇ، — دەيتتى.

مۇرابىا زاۋۇتىنىڭ ئىشقا چۈشۈپ، مۇرابىا، گۇلقەنتلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپچىقىرىشى تۇل خوتۇنلارنىڭ ئەمەس، مەن - مەن دېگەن ئەرلەرنى، زىيالىي باشلىقلارنى قايىل قىلدى. ھېزىم پاڭقاي زوق بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

— مېھرىگۇل ئەم - دى ب - اي بولىدۇ، ئۇ، ئۇ باي بولسا بىزگىمۇ پايدىسى تېـ - تېگىدۇ.

— ئۇنىڭ بايلىقى پۇلدا ئەمەس، پاراسەتكە تولغان روھىي دۇنياسىدا، — دېدى داۋۇت.

— توغرا دېدىڭ، — دېدى كامىل، — ئۇنىڭ كاللىسى بەك سەگەك، چېچەن.

— يەنىلا شۇ كاللا، ئۇ كاللىسىنى ماختاۋاتىدۇ.

— ۋاھ - ھا - ھا!

— ھەي پاڭقاي، كاللا دەپ سېنىڭ بىلەن مېنىڭ كاللامنى دەۋاتمايمەن، مېھرىنىڭ ئۆتكۈر، چىرايلىق كاللىسىنى دەۋاتى-

مەن. ئۇ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئىشنى چىۋەرلىك بىلەن قىلدى.

— شۇڭا، — دېدى داۋۇت، — ئۇ سىنىڭ بىلەن بىرىدىن ئېشىپ كەتتى ۋە ھەممىنى ئاغزىغا قارىتالىدى. ھازىر ئۇنىڭدەك ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى يوق!

— ۋاھ، ئۇنىڭ چىرايلىق قىزىنى ئېلىۋېلىپ، ئەمدى ماختايدىغان بوپسەن ـ دە.

— ھە، سەن ئالمىدىڭمۇ؟

— مەن چوكىنىنى ئالدىم.

— خاسىيەتچۇ قىزغا تەڭلەشتۇرگۇسىز قىز.

— بولدى تالاشماڭلار، ھەممىمىز مېھىرگۇلنىڭ قىزلىرىنى ئالدۇق.

## ئون ئۈچىنچى باب

# يېشىلزارلىق

### 1

— مىلادىيە XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ بېشىدا، — دەپ ھېكايە ئېيتىشقا باشلىدى داۋۇت، — غۇلجا شەھىرىدە بىر دوكاچى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى ياقۇپكەن، ئۇ ئىلىدىكى بارلىق تېرىلەرنى ياز ـ كۈز پەسىللەردە سېتىۋېلىپ، ئۇستى يېپىقلىق لەمپىلەرگە بېسىۋالىدىكەن. ئەتىيازدا مال ئۇرۇقلاپ، سويۇشقا يارىمىغان، تېرە راسا پۇللۇق بولغاندا، تېرىلىرىنى ئورۇس سودىگەرلىرىگە نەچچە ھەسسە قىممىتىگە ساتىدىكەن. كىشىلەر ئۇ ئادەمنى ياقۇپ دوكا، دەپ ئاتايدىكەن، ھازىر بىزنىڭ مەھەللىدە ئاشۇنداق بىر تۇل خوتۇن دوكاچى چىقتى.

— كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئاتاي.

— كىم بولماقچىدى، سېنىڭ ئاپاڭ ـ دە.

— ئاپام ئەرزىنىگە ئېلىپ قىممىتىگە ساتقىنى يوق، دېھقانلار ساتالمىغان، كۈندىن ـ كۈنگە سېسىۋاتقان مېۋىلىرىنى سېتىۋېلىپ دېھقانلارغا ياردەم قىلدى.

بۇ گەپنىڭ چىقىشىغا شەھەر بويىچە «يېمەك ـ ئىچمەك ھەسسىدارلىق شىركىتى» نىڭ بېغىدا ئۆتكۈزۈلگەن نەق مەيدان يىغىنى سەۋەب بولغانىدى. يىغىندا شەھەر باشلىقى تاشلاندۇق

تاشلىق يەرنى باغۇ بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ، زېمىنىمىزنى يېشىللاشدۇرۇپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا زور ھەسسە قوشقان مېھرىگۈلنى ماختىغان ۋە ئۇنى تەجرىبە تونۇشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى. شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلار، ئىدارە-جەمئىيەت، مەكتەپلەردىن كەلگەن ۋەكىللەر ياپيېشىل يوپۇرماقلىق مېۋە كۆچەتلىرى، كۆچەتلەر ئارىسىغا تىكىلگەن ئوت-ياش، ئەتىر گۈللەر، قۇلۇپنىك، قىزىلچىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىۋېتىپ مېھرىگۈلگە ئاپىرىن ئوقۇشقان، مېھرىگۈل دوكلات بېرىپ ئۆز تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرغان، ئۇ دوكلاتىدا داۋۇت دودەن ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ تۈنجى بولۇپ كونا تاشلىقنى ئۆزگەرتىپ، باغ، گۈلىستان بەرپا قىلغىنىنى مەدھىيىلىگەن، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، بۇ باغۇ - بوستانلىقنى بەرپا قىلغىنىنى بايان قىلغانىدى. بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇش بولغان داۋۇت مېھرىگۈلنى ئىككىنچى قېتىم سۆيۈپ قويۇشقا تاس قالدى. يىغىندا مېھرىگۈل شەھەردىكى بارلىق ئالمىنى سېتىۋېلىدىغىنىنى جاكارلىدى. بىر ئايدىن كېيىن ھارۋا - ھارۋىدا، سېۋەت - سېۋەتتە ئالما كېلىشكە باشلىدى. خوتۇن - قىزلار يەنە قولى قولىغا تەگمەي ئالما شۆپۈكلىرىنى ئاقلاپ دۆۋىلىۋەتتى، ئاتاي بۇنى ئەخلەت تۆكۈدىغانلارغا كۆتۈرە بەردى. ئۇ ئاندىسىغا:

— بىز بىرەر يۈز قوي ئېلىپ، ئالما شۆپۈكلىرى بىلەن بوردىساق ئەخلەت توشۇيدىغانلارغا بېرىلىدىغان پۇل تېجىلىپ قالاتتى. قوينىڭ مايىقى باغ ۋە گۈللۈككە ئوغۇت بولاتتى، — دەپ تەكلىپ بەردى.

— سېنى ئەسلىي زاۋۇتقا مەسئۇل قىلماي، چارۋا فېرمىسى قۇرۇشقا مەسئۇل قىلسام بوپتىكەن، بۇ ئەقلىڭنى داۋۇتقا دېگىن، — دېدى مېھرىگۈل.

— ئۇ ئۇناش بۇياقتا تۇرسۇن، مېنى مازاق قىلدى.

— ئەمىسە مۇدىرىيەت يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويايلى.

مۇدىرىيەت يىغىنىدىمۇ داۋۇت قارشىلىق قىلدى، ئۇ:

— بىزنىڭ شىركىتىمىز باغۋەنچىلىك، زاۋۇت بىرلەشكەن، كارخانا خاراكتېرلىك شىركەت. مال پادىسى باقىدىغان شىركەت ئەمەس، — دېدى.

— رۇخسەتمۇ؟ — دەپ سورىدى ئاتاي.

— ھە، سۆزلە.

— چارۋا مال بېقىشنى قوشۇمچە قىلساق باغ، گۈللۈككە مال ئوغۇتى مايدەك ياقىدۇ. بۇنداق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلانغان يەرنىڭ مەھسۇلاتىدا زىيانلىق مىكروب بولمايدۇ ھەم خىمىيىۋى ئوغۇت ئالىمىز دەپ پۇل خەجلەپمۇ يۈرمەيمىز. خىمىيىۋى ئوغۇت يەرنى ئاق تاماكىدەك زەھەرلەيدۇ. زەھەرلەنگەن يەردىن چىققان مەھسۇلاتنى يېگەن ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يېتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مالنىڭ گۆشىنى ئاشخانىغا ئىشلىتىشتىن سىرت گۆش كونسېرۋاسى، كولباسا، قېزا قىلىپ چىقارساق ئىچكى - تاشقى بازارلاردا نەق پۇل بولىدۇ، ئۇنىڭ تېرە، ئۈچەيى ھازىر قىممەت، بۇمۇ پۇل دېگەن سۆز. بىز مالنى ئالما شۆپۈكلىرى بىلەن بورداساق، ئەخلەتچىگە ئالما شۆپىكىنى توشۇتۇش ئۈچۈن كەتكەن پۇل تېجىلىدۇ.

— ئالما شۆپىكى تۈگىگەندە، مېلىڭنى نېمە بىلەن باقىسەن؟

داۋۇتنىڭ بۇ سوئالىغا ئاتاي ئالدىرىماي جاۋاب بەردى:

— قوناق يامىسى، ئوت - چۆپ، سامان، كېپەككە ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن باقىمىز، مەن باغ ئارىسىدىكى چۆپلەرنى يۇلغۇزۇپ بېسىپ قويغان.

— ئەزەلدىن قوي بورداش نىيىتىڭ بار ئىكەن - دە.

— ھەئە، چەت ئەللىكلەر قوي بېقىپ، يۇڭىدا سوكنا توقۇپ سېتىپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرنى مۇنقەرز قىلغان. چارۋا مال-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىڭ ھەممە نېمىسى پايدىلىق.

مۇدىرىيەت يىغىنىغا ئىككى باش مۇدىر، ئۈچ شىركەت مۇدىرى قاتناشقانىدى. خاسىيەت ئاشخانا مۇدىرى، ئاتاي سودا-سانائەت شىركىتى مۇدىرى. تۇرانقىز باغ - گۈللۈك مەيدانى مۇدىرى ئىدى. خاسىيەت، تۇرانقىزلار ئاتاينىڭ پىكرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. مېھرىگۈل يىغىننى قىسقا ئاچاتتى، بۈگۈنكى يىغىننىڭ مۇنازىرىگە ئايلىنىپ سوزۇلۇپ كېتىشى ئۇنىڭغا ياقمىدى. شۇڭا ئۇ:

— ھازىر بۇ ئىشنى ئاۋازغا قويۇپ بىر تەرەپ قىلايلى، مال بېقىشقا قوشۇلىدىغانلار قول كۆتۈرۈڭلار، — دېدى.

تۆت قول كۆتۈرۈلدى، مېھرىگۈل سورىدى:

— مۇئاۋىن باش مۇدىر، سىز قوشۇلمامسىز؟

— ئۆز پىكرىمدە قالىمەن، — دېدى داۋۇت.

— كۆپ ئاۋازنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شىركىتىمىز مال بېقىپ بورداش شىركىتى قۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. باش شىركىتىمىز «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، سانائەت - سودا بىر گەۋدە قىلىنغان شىركەت» بولىدۇ. چارۋىچىلىق شىركىتىگە ئاتاي قوشۇمچە مۇدىر بولىدۇ. بۇ مۇشكۇلرەك ئىش بولغاچ مۇئاۋىن باش مۇدىر داۋۇت يېتەكچىلىك قىلىدۇ، يىغىن تامام.

مېھرىگۈلنىڭ قارشى تۇرغان ئادەمنى ئۆزى قوشۇلمىغان ئىشتا يېتەكچى قىلغىنىغا ھەممە ھەيران بولدى، داۋۇت «بۇ ئۆز بېشىمچىلىق» دەپ قارشىلىق قىلماقچى بولدىيۇ، يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئۇ شىركەت ئىچىدە نېرى تۇر - بېرى تۇر ھالىتى شەكىللىنىشنى خالىمايتتى. ئۇ خالار - خالىماس بۇ ئىشنى قىلىپ باقماقچى بولدى ۋە چىقىپ كېتىۋېتىپ «كۆرەرمىز» دەپ قويدى.

## 2

داۋۇت خالار - خالىماس پېشىندا ئاتاي بىلەن كۆكسالاغا ئاتلاندى. ئۇلار ئىككىنچى بېكەتنىڭ تۆۋىنىدىكى سايدا ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قېلىشتى. ساي ئىچىدىن چىققان بىر ئۆستەڭ سۇ شارقىراپ چۈشۈپ، يول ئاستىدىكى كۆۋرۈككە كىرىۋاتاتتى. ئۇلار بىرئاز مېڭىۋىدى، تاغ سۈيى يېيىلىپ تۇرغان يەرگە چىقتى. سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ ياۋا تاش تۇراتتى، ئاتاي تاشتىن تاشقا ئاتلاپ ئۇ قاتقا ئۆتتى، ئاندىن داۋۇتقا ئۆگەتتى:

— مەندەك سەكرەپ ئۆتۈڭ!

— مەن ساڭا ئوخشاش توشقان ئەمەس، — دېدى داۋۇت ۋە ئوڭ پۇتىنى كېرىپ تۇرۇپ بىرىنچى تاشنى دەسسىدى، ئاندىن ئىككىنچى تاشقا دەسسەپ ئۆتتى.

ئۇلار سۇپسۇزۇك سۇغا ھەۋىسى كەلگەن چېغى، سۇ ياقىسىدا ئولتۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇشتى. ئاندىن تاغ سۈيىنى ياقىلاپ ئۆرلىدى. تاغ سۈيى تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئىتتىك ئاقاتتى. سۇ ياقىسىدا يېشىل قارىغايلار تىك تۇراتتى. سۇ بەزى قارىغايلارنىڭ يىلتىزىنى ئېچىۋەتكەنىدى. كىمدۇر بىرى سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆسكەن قارىغاينى كېسىپ ئەكەتكەنىدى. يىلان باغرى ئەگرى يول ئۇلارنى بىر كەڭرەك چىمەنلىككە ئېلىپ باردى. چىمەنلىكتە ئىككى كىگىز ئۆي چوقچىيىپ تۇراتتى. بىر كىگىز ئۆينىڭ بېقىنىدا ئۈچ پىكاپ قاتار تۇراتتى. خۇددى ئەتەي ئۆستۈرۈلگەندەك دۈگىلەك دائىرە ھاسىل قىلىپ ئۆسكەن بەش - ئالتە تۈپ قارىغاينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چۆپلۈك ئۈستىگە سېلىنغان گىلەم ئۈستىدە بەش چوكان پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلاردىن سەل نېرىدا قارىغاي ئارىسىدا بەش ئەر زىقتا كاۋاپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئاتاي داۋۇتنى نېرىقى كىگىز ئۆيگە باشلىدى، داۋۇت ئالدىغا ئىتتىك كېلىۋاتقان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى

ئادەمنى كۆرۈپلا توندى.

— هوي - هوي، داۋۇت دودەنكەنغۇ بۇ، قانداق ئەھۋالىڭ؟ سېنى قاياقنىڭ شامىلى ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دەپ قىزغىن كۆرۈشتى ساھىبخان.

— تېغىڭنىڭ شامىلى، — دەپ داۋۇت ئەھۋال سوردى، — ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— خۇداغا شۈكۈر، قېنى، ئۆيگە كىرىڭلار، — دەپ تەكلىپ قىلدى ساھىبخان.

داۋۇت بىلەن ئاتاي تاختايدىن سۇپا چىقىرىلىپ، ئۈستىگە كىگىز، كۆرپە سېلىنغان ئۆيگە كىردى. داۋۇت كۆرپىگە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى. قايتىدىن ئەھۋاللاشتى. يۈزى قايماق بىلەن تولغان ئەتكەن چاي ئىچىلگەندىن كېيىن بىر كورا قىمىز كەلتۈرۈلدى. ساھىبخان قىمىزنى سورۇپ تۇرۇپ چىنىلەرگە قۇيۇپ داۋۇتقا، ئاندىن ئاتايغا سۇندى. ئاتاي قىمىز ئىچىپ ئولتۇرۇپ مەقسىتىنى ئېيتتى.

— ئوبدان ئويلاپسىلەر، — دەپ قوللىدى ساھىبخان، — هازىر يايلاقتا مال كۆپىيىپ كەتتى. يايلاق يېتىشمەيۋاتىدۇ. شۇڭا قوينى ئەرزان ئالالايسىلەر، نېسىگىمۇ بېرىدۇ.

— بىزگە ئاغىنە، ئېتىڭنى بېرىپ تۇرمىساڭ بولمىغۇدەك، — دېدى داۋۇت.

ساھىبخان چاقچاق قىلدى:

— ساڭا ئۆكۈز بېرەيمىكىن، سېنى ئات كۆتۈرەلمەيدۇ دەيمانا.

— تۆگە بەرسەڭمۇ بولىدۇ.

— بۇ يەرگە چۈشۈۋاپسىزغۇ ئاكا، — دەپ سورىدى ئاتاي ئۆي ئىگىسىدىن.

— ھەر يەردىن ساياھەتچىلەر كېلىشىۋاتىدۇ، — دەپ ئاڭلاپ مۇنۇ قوشنام بىلەن كۆچۈپ كەلگەنىدىم. مېنىڭ مېھمانلىرىم



www.uyghurkitap.com

تېخى يېڭىراقتا كەتتى. شەھەرلىكلەر جۇمە كۈنى كەچتە چىقىپ، يەكشەنبە كۈننىگىچە سەيلە ـ ساياھەت قىلىشىدۇ.

— مېلىڭىزچۇ؟

— ئوغلۇم بېقىۋاتىدۇ.

— يائاللا، قەيەرگە بارما پۇلنىڭ گېپى، — دېدى داۋۇت، — مۇشۇ بىر گۈزەل زېمىندىمۇ پۇل تېپىشنىڭ كويىغا چۈشۈپسىلەر.

— بۇغۇ يامان ئىش ئەمەسكەن، كۈندە قازان قايناپ تۇرىدىكەن. بۇنداق گۈزەل زېمىندىن ھەممە تەڭ بەھرە ئالسا ياخشى ئەمەسمۇ!

داۋۇت دۇئا قىلىپ «ساھىبخان سالامەت بولسۇن، داستىخانغا بەرىكەت بولسۇن» دەپ ئورنىدىن تۇردى. ساھىبخان بىر ئىگەرلەنگەن تورۇق ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى ۋە جېكىدى:

— ئەگەر بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالساڭ ئاتنى ئوغلۇمدىن ئەۋەتىۋېتەرسەن.

داۋۇت ئاتقا مىندى، ئاتاي مىنگەشتى، ئۇلار مېڭىپ كەتتى.

3

يول بارغانچە ئۆرلىدى. ئۆرلىگەنسېرى قارىغايلار كۆپەيدى. ئىككى تەرەپ ياپيېشىل تاغ، چۆپلەر شامالدا يەلپۈنەتتى. تاغنىڭ تەسكەي تەرىپى بۇككىدە قارىغايلىق، سۇ ياقىسى، تاغنىڭ كۈنگەي قاپتاللىرى قىيىن، تاغ تېرىكى، تال، زىرىق، تېۋىلغا قاتارلىق ھەرخىل دەرەخلەر بىلەن قاپلانغانىدى. ئات ئېگىزگە ئۆرلىگەنسېرى ئېغىر پۇشۇلداشقا باشلىدى.

— بۆلجۈرگەن، — دەپ ئاتاي ۋارقىراپ، ئوڭ تەرەپ تاغ

قاپتىلىنى كۆرسەتتى.
— ئوھوي، بۇنى ئاپاك كۆرسە بۆلجۇرگەن تېرىڭلار، — دەپ تۇل خوتۇنلىرىنى چىقىرىدۇ جۇمۇ، — دېدى داۋۇت گۈلدۈرلىگەن ئاۋازدا.
— جەزمەن تېرىۋېلىش كېرەك. بۇنىڭ مۇراباسى قۇلۇپىنىكىنىڭكىدىن تەملىك بولىدۇ، — دېدى ئاتاي، — چارۋىچىلارنى بۆلجۇرگەن تېرىپ بېرىشكە قوزغىسام بولغۇدەك.
— ھە، ساڭا تېرىپ بېرەر.
— پۇلغا تېرىپ بېرىدۇ، پۇلغا. ئاۋۇ تاغنىڭ ئېگىز باغرىغا قارىغىنا داۋۇت تاغا.
— پاھ، ھوي، بەك چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەرغۇ ئۇ.
— ئۇنىڭدىن گۈلقەنت چىقارمۇ؟
— سەنمۇزە، ئاپاڭنى كىيىپلا چىقىپسەن - دە، ئۇ گۈلقەنت چىقىرىدىغان ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل ئەمەس.
— ئەمما ئۇ دورا جۇمۇ.
— ئەمىسە دورىخانا قۇرغىن، — دەپ ھىجىيىپ مەسخىرە قىلدى داۋۇت.
— بۇمۇ ئوبدان تەكلىپ، — دېدى ئاتاي، — ئاغرىپ قالغان دېھقانلاردىن دورىغا پۇلى يوق ئۆلۈپ كەتكىنى، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنى ئازمۇ، بىزنىڭ بۇ تاغلاردا دورا ئۆسۈملۈكلىرى ھادىسى كۆپ. بۇلاردىن دورا ياساپ بەرسە ئۇلار ساقىيىپ قالارىدى.
ئۇلار بىر بەلدىن ئېشىشىغا داۋۇتنى ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە مەپتۇن قىلىۋالدى. قېلىن ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ئىچىدە دېگىز يەلكەنلىرىدەك ئۈزۈپ يۈرگەن قوي - ئۆچكە، كالىلار باش كۆتۈرمەي ئوتلاپ، قىيغىتىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ كۆزى تاغنىڭ چوققىسى ئاستىدا تۇخۇم سېرىقىدەك سېرىق، قىزىلگۈلدەك نۇرلىنىپ تۇرغان گۈللەرگە چۈشتى:

— پاھ ـ پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل يەر بۇ، ئاۋۇ گۈللىرىچۇ تېخى، ئاپاڭنىڭ ئۆزۈكىدىكى گۆھەردەك يالتىراپ تۇرىدا.

— ھە، بۇلار سېرىق سەبدە بىلەن چوغلۇق، بۇنى بىلمەمسەن؟

— بىلىمەن، تاغاڭچۇ، ئۆز زېمىنىنىڭ گۈللىرىنى بىلمىسە قانداق بولىدۇ. يۇر، ئاشۇ گۈللەر مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى، بىر دەستە ئۈزۈپ ئەكىتەيلى.

— قايتاشىمىزدا ئۈزۈپ ئەكىتەيلىلا.

— ئۈزمىسەكمۇ ئاشۇ تاغ چوققىسىغا چىقىپ ئەتراپىنى تاماشا قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ.

ئۇلار يۇمشاق، يېشىل، سۇزۇك چۆپلەرنى دەسسەپ چوققىغا ئۆرلىدى. ئات يېنىكلەپ قالغىنىغا خۇشال پۇشقۇرۇپ، چۆپنىڭ بېشىنى «كورس ـ كورس» ئۈزۈپ يەپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۆرلىدى. داۋۇت سېرىق سەبدە گۈلدىن بىرنى، چوغلۇقتىن بىرنى ئۈزۈۋېلىپ، ئۇلارغا ئۇزاق قارىدى، ئاندىن بۆكىگە قىستۇرۇۋالدى.

— بىر ماتېرىيالدا يېزىشچە، — دېدى ئاتاي، — تەڭرىتېغىدا سوغىگۈل، ئاقپورەك، ئېيىق بالدىرغىنى، چاي دورىسى قاتارلىق 200 خىلدىن ئارتۇق دورا ئۆسۈملۈكى بار ئىكەن. يەنە ياۋا قىچا، كاللەك بەسەي، ھەرخىل ھەسەل بېرىدىغان گۈللەردىن 300 خىلدىن ئارتۇق بار ئىكەن.

— ۋاھ، ئۇنداقدا ھەسەل ھەرىسى بېقىپ، بال ئالساق بولغۇدەك، بۇ يەردە ھەرە كۆپتۇ؟

— يەرلىك ھەرىلەرنى چەت ئەل ۋە ياقا يۇرتلاردىن ئېقىپ كەلگەن ھەرىلەر بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، دېيىشىدۇ. يەرلىك ھەرىلەر كىچىك، ئېقىپ كەلگەنلىرى يوغان بولىدىكەن.

— مەيلى ئەمەسمۇ، ھەممىسى بىر ھەرىغۇ.

— چەتنىڭ ھەرىلىرىنىڭ ھەسىلىنىڭ تەمى يەرلىك ھەرىـ

نىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن، دورىلىق قىممىتى بەك تۆۋەنكەن.

— نېمىشقا ھوي؟

— ئۇ ھەرىلەر ھەسەل شىرنىسى بېرىدىغان گۈللەرگە قون-ماي، ئۇچرىغانلىكى گۈل شىرنىسىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن شور-راپ، بالىنىڭ قىممىتىنى بۇزىدىكەن. يەرلىك ھەرىلەرنىڭ پادى-شاھى ھەرە ساندۇقىنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ، ھەرىلەرنىڭ قانداق گۈل شىرنىسى يەپ كەلگىنىنى تەكشۈرىدۇ. غەيرىي گۈل شىر-نىسى شوراپ كەلگەن ھەرىنىڭ بېشىنى ئۈزۈۋېتىدۇ. ئۇلار ھە-سەلنىڭ ساپلىقىنى مانا شۇنداق قوغدايدۇ.

— بۇ قىزىق ھېكايىكىنە، ئەممازە، يامان بوپتۇ - دە. يەرلىك ھەرىلەر يوقاپ كېتىپ يامان بوپتۇ.

— تامامەن يوقاپ كەتمىدى، — دېدى ئاتاي، — ئۇ سېنىڭ گۈللۈكۈڭدە ۋاچچاڭىدە، ئۆزۈڭ كۆرمىدىڭ؟

— ھە - ھە، راست، گۈللۈكتىكى ھەرىلەر ھەسەل ھەرى-سىمۇ؟

— ئەلۋەتتە، تاغ - يايلاقتىكى چوڭ ھەرىلەرنىڭ ھۇجۇمى-دىن ساق قالغانلىرى شەھەر - يېزىلارغا كىرىۋالدى. بىز خەق-نىڭ ئەڭ گادىيىنىڭمۇ قورۇسىدا باغچىسى، گۈللىرى بولىدى-غۇ، ئۇلار ئەنە شۇ ھويلا - باغ، ئېتىز گۈللىرىنى ئوزۇق قىلىپ ياشاۋاتىدۇ. سەن باغ، گۈلخان بەرپا قىلغاندىن كېيىن ئۇلار بەك خۇش بولۇشتى، ئۇلار ئالما شاخلىرىنىڭ ئاچىلىرى، كامالىرىغا كۆنەلگە قويۇپ، ھەسەل چىچىپ، قىشنى ئاشۇ كۆ-نەلگىلەردە ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

— بۇنى ياخشى دېدىڭ، مېنىڭ گۈللۈكۈم بىلەن يېڭى گۈلخانغا بال فېرمىسى قۇرساق بولغۇدەك.

— بۇ ئاسان، ياغاچچىغا ساندۇقلارنى ياستىپ، ئىچىگە ھەسەل سىلىپ گۈللۈكنىڭ بىر چېتى، باغ ئىچىگە قويساق، ھەرىلەر بۇ ئۇۋىغا خۇشاللىق بىلەن توپلىشىدۇ. يىلدىن يىلغا



www.uyghurkitap.com

كۆپىيىۋېرىدۇ ۋە ساڭا ھەسەلنى مول بېرىدۇ.

ئۇلار تاغ بېشىدا ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئالغاچ مۇشۇنداق پاراڭلاشتى. داۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— پاھ، ھوي، مانا گۈزەللىك، مانا ئورمان، مانا يېشىللىق دېگەن، مۇنۇ چۆپلەر ھايۋانلا ئەمەس، ئادەم يېگۈدەككەن.

— ئادەم يەيدىغانلىرىمۇ بار. تەگرىتېغىدا ياۋا سامساق، پىياز، چاي گۈلى، ياۋا ياڭيۇ، ئۆرۈك، ئالما، قىچا، بۇغداي، ئارپا قاتارلىق ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك ئىستېمال نەرسىلىرى بار، پەقەت ھايۋانلار يەيدىغىنىلا كۆپ.

— قانچىلىك كۆپ؟

— 400 دىن ئارتۇق ئۆسۈملۈك تۈرى بار.

— شۇڭا بۇ ئالتۇن زېمىندا ئۆي ھايۋانلىرىدىن باشقا ياۋايى ھايۋان، ياۋايى قۇشلار مىغ ـ مىغ ياشايدىكەن ـ دە.

— ھازىر نەدىمۇ مىغ ـ مىغ ياشىسۇن. ئۆي ھايۋانلىرىلا قالدى، ياۋايى ھايۋان، قۇشلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاچ كۆز ئاچاپەتلەر ئوۋلاپ يوقاتتى. ئامان قالغانلىرى ماكانىمىزغا ئاپەت كەلدى، دەپ باشقا دۆلەتلەرگە ۋە ئاچاپەتلەر ئاياغ باسمايدىغان تاغلارغا قېچىپ كەتتى. مەھەللىمىزدىكىنىلا كۆرمىدىڭمۇ، كەپتەر، قۇشقاچلارمۇ يوقاپ كەتتى. بۇ گۈزەل زېمىنىمىزدا قىرغاۋۇل، كەكلىك، بۇغا ـ مارال، قوڭغۇر ئېيىق قاتارلىق دۆلەت تەرىپىدىن بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلارنىڭ 56 تۈرى ياشايتتى، بۇ زېمىنىمىزدا 292 تۈرلۈك قۇش بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەتتا دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان سېرىق باش بۈركۈت قاتارلىق ئون بىر تۈرلۈك قۇشمۇ يوقاپ كەتتى.

— نېمىشقا ھوي؟

— بايا ساڭا دېدىمغۇ، ئاچاپەتلەر قارنىنى تويدۇرۇش، ھەتتا چەت ئەللىكلەرگە كۆپ پۇلغا سېتىش ئۈچۈن بۇ جانىۋارلارنى

قىردى ۋە ئۇۋلاپ تۇتتى. بىر گېزىتتە بۇ يىل قىشتا «توشقانلار ياش تۆكۈپ، قۇشلار ھەسرەت چەكمىسۇن» دېگەن ئوبزور خەۋ-رىنى كۆرگەنىدىم. خەۋەردە مۇنداق يېزىپتۇ: «قىش كىرگەن-دىن بۇيان قۇربانتۇڭغۇت چۆللۈكى ئەتراپىدا خاسىيەتلىك قار توختىماي ياغدى. چۆللۈك ئىچىدىكى تەبىئىي ئورمانلار قار بىلەن يېپىنىپ بەكمۇ گۈزەللىشىپ كەتتى. ئەپسۇسكى، بۇ ئورماندا ياشايدىغان توشقانلارنىڭ كۆز يېشى، قۇشلارنىڭ ھەس-رەتلىك سادالىرى كىشىلەرنى غەمگە سېلىپ قويدى. ئاچاپەتلەر قىلتاق قۇرۇپ، ئوۋ مىلتىقلىرىنى بەتلەپ، ئورمانلارغا كىر-دى. دەرەخ ئارىسىغا قىلتاق قويۇپ، ياۋا توشقانلارنى تۇتتى، تور يېيىپ ھەرخىل قۇشلارنى تۇتتى. مىلتىق بىلەن ئۇۋلىدى. ساق قالغان قۇش، توشقانلار كۆز يېشى قىلىپ، مۇڭلىنىپ ھەسرەت چەكتى. ئاچاپەتلەر ئۇۋلىغان توشقان، قۇشلارنى رېس-توران، بازار، كوچىلاردا سېتىشتى. ئەپسۇسكى، توشقان، قۇشلارنىڭ زارىنى ئاڭلايدىغان، ئاچاپەتلەرنى توسايدىغان ئادەم چىقمىدى ...» ئەمدى چۈشەنگەنسەن!

— ئاھ، پەلەكنىڭ گەردىشى، ھايۋان ـ قۇشلارغىمۇ ئارام يوق دېگىنە.

— ئەسلىدە پۈتكۈل ھاياتلىق تەبىئىي مۇھىتقا تايىنىپ يا-شايدۇ، ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. ھازىر ئادەمنىڭ شىددەت بىلەن كۆ-پىيىشى، سانائەت ـ قاتناشنىڭ تىزگىنسىز كېڭىيىشى سەۋەب-لىك ئاچ كۆزلەر پۈتىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، كېچىككىنە نەق پايدىنى دەپ، تەبىئىي بايلىقلارنى ۋەيران قىلغاچقا، تەبىئەت ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. گۈزەل تەبىئىيلىك يوقاپ، سۈنئىيلىك كۆپەيدى.

— ھوي، موللا بوپسەنغۇ، سەن بۇلارنى نەدىن بىلدىڭ؟

— كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللاردىن ئوقۇدۇم، تېلېۋىزور-دىن ئۆگەندىم.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— كۆندە ئوقۇمسەن؟

— ھە، ئاپام، ھەدەم ئۈچىمىز بېرىم كېچىگىچە ئوقۇيمىز.

— مېھرى نېمانچە بىلىملىك بولۇپ كەتكەندۇ، دېسەم مۇنداق ئىكەن-دە. سىلەر ئائىلە مەكتىپى ئېچىپسىلەر-دە؟

— ئاپام ئاشخانا ئاچقاندىن بېرى رادىئو ئاڭلاپ، گېزىت-ژۇرنال ئوقۇپ يۈردى. ئاپام ھەدەمگە: «سەن نەزەرىيە ئالىي مەكتىپىنى پۈتتۈردۈڭ، ئەمدى تۇرمۇش ئالىي مەكتىپىنى پۈتتۈرۈشۈڭ كېرەك. ئاتاي ئىككىمىزگە ئوقۇغانلىرىڭنى ئۆگەت. مەن ساڭا تۇرمۇش ئالىي مەكتىپى بىلىمىنى ئۆگىتەي» دېگەنىدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئوقۇشقا بېشىمىزچە كىرىپ كەتتۇق.

— يارايسىلەر.

## 5

ئۇلار تاغ بېشىدىن ئايلانما يىلان يولى بىلەن چۈشتى، ئات ئاۋايلاپ ماڭدى. ئۇلار بىر جىراغا چۈشتى. جىراغا ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى ئاسمان تارىيىپ، يول قاراڭغۇلاشتى. جىرا ئىچى بەك مەنزىرىلىك ئىدى، يېشىل، كۆكۈچ، قوڭۇر رەڭلەردە توقۇلغان گىلەمگە ئوخشايتتى. تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ چۈشۈۋاتقان سۇ مەرۋايىتتەك ئۇنچە چاچرىتاتتى. «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دېگەنىكەن. ئۇلار كۆزلىگەن مەنزىلىگە كەلدى. سول تەرەپ قىيا تاغدىن شارقىراتما چۈشۈۋاتاتتى. شارقىراتما بەك ئېگىز ھەم كىشىنى جەلپ قىلارلىق چىرايلىق ئىدى. ئېگىزدىن سۇ ئەمەس، خۇددى ئاق مەرۋايىت تۆكۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. داۋۇت تۇرۇپلا قالدى.

— داۋۇت تاغا، تۇرۇپ قالدىڭغۇ؟ — دەپ سورىدى ئاتاي.

— ياھ-ياھ، مۇنداق چىرايلىق يەرنى ئۆمرۈمدە كۆرمەپ-

تىكەنمەن. بۇ يەرگە ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلسا، نۇرغۇن توك ئالغىلى بولىدىكەن.

— هوي تاغا، سۆزلەپ قالمىغانسەن، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟

— قارىغىنا مۇنۇ سۇ توك بولۇپ چۇشۇۋاتامدۇ؟

ئاتاي ئانىسىنىڭ «بازار كاجنى ئوڭشىغۇدەك، ئەمەلىيەت داۋۇتنى ئوڭشايدۇ، سېنىڭ بىلەن بارسۇن دېگىنىم ئەمەلىيەتنى كۆرسۇن، ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا. شۇندا ئۇ سېنىڭ تەكلىپىڭگە قىزىقىپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئوي ـ پىكرىنى «پاڭ» قىلغان ئوق ئاۋازى بۇزدى. ئاتاي داۋۇتقا غەزەپ بىلەن دېدى:

— هەيىبى، يەنە بۇغا ئېتىشتى، ئاتنى قامچىلا!

داۋۇت ئاتقا قامچا باستى، ئوق ئاۋازى چىققان تەرەپكە ئېتنى بۇراپ چاپتۇردى. ئالاھەزەل يېرىم سائەتتىن كېيىن پاراڭلاشقان، كۈلۈشكەن ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇلار ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئاستا مېڭىشتى، ئاتاي شاخلار ئارىسىدىن ماراپ، ئىككى ئادەمنىڭ بىر نېمىلەرنى قىلىۋاتقىنىنى كۆردى، ئۇلار ئاتتىن چۈشۈشتى، ئاۋاز چىقارماي شاخلارنى قايرىپ ئىلگىرىلىدى. بىر كەكە ساقاللىق ئادەم بۇغا مۈڭگۈزىنىڭ ھەرىلەنگەن يېرىدىن چىققا قاننى بېسىپ تۇرۇپ تېڭىۋاتاتتى، يەنە بىر ياشراق كىشى بۇغىنى سويۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھېچنېمىدىن ھېيىقماي ئۆز ئىشى بىلەن بەنتلىكىنى كۆرگەن داۋۇت ئاتايغا كەكە ساقالنى ئىما قىلدى، ئۆزى بۇغىنى سويۇۋاتقانغا شىردەك ئېتىلدى. ئاتايمۇ كەكە ساقاللىقنىڭ كەينىدىن كېلىپ گۇپپىدە بېسىۋالدى ـ دە، بۇغا مۈڭگۈزىنى تېڭىۋاتقان داكا بىلەن قولىنى چىرماپ باغلىدى. كەكە ساقاللىق «هەي ...» دېيىشىگىلا بۇغا سويۇۋاتقان ياش كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇ ئۆزىگە ئېتىلىپ كەلگەن داۋۇتقا پىچىقىنى تەڭلىدى. داۋۇت بىكارغا دودەن ئاتالمىغان ـ دە. ئۇ

رەقىبىنىڭ بىلىكىگە بىرنى تەپتى، پىچاق قولدىن قاڭقىپ چى-
قىپ نەگىدۇر چۈشتى. داۋۇتنىڭ رەقىبىمۇ بوش نېمە ئەمەس-
كەن، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالماقچى بولغان داۋۇتنىڭ پۇتىدىن چا-
پۇتلىدى، داۋۇت يېنىغا يىقىلدى، بۇغا سويغۇچى ئۇنى بېسىۋال-
دى. ئاتاي كەكە ساقاللىقنى باغلاپ بولۇپ، داۋۇتقا ياردەمگە
كېلىشىگە داۋۇت بىر ئۆرۈلۈپلا رەقىبىنى بېسىۋالدى ۋە قاڭشى-
رىغا بىرنى قويدى، كەينىدىنلا ئاچ بېقىنىغا دەسسىدى، ئۇلار
يومداقلىشىپ كەتتى. شۇ ئارىدا بۇغا سويغۇچى لىككىدە ئورنى-
دىن تۇرۇۋالدى، داۋۇتمۇ تۇردى. ئۇ تۇرۇشىغا رەقىبى بىر
پەشۋا ئاتتى، پەشۋا داۋۇتنىڭ ئىڭىكىگە تەگدى. ئۇ غەزەپ بىلەن
رەقىبىنىڭ ياڭىقىغا بىر مۇشت ئېتىۋىدى، رەقىبى چاققانلىق
بىلەن بېشىنى چەتكە ئەلدى. ئاتاي ياردەم بېرىشكە ئىنتىلىۋې-
دى، داۋۇت ۋارقىرىدى:

— بۇ خۇمسىنى ماڭا قويۇپ بەر، سەن ئاۋۇ قېرىنى كۆ-
زەت، بۇ خۇمسىنىڭ هازىر بېزىنى ئېلىپ قويىمەن.

داۋۇت رەقىبىنىڭ گۇمپىسى بار نېمىلىكىنى بىلمەيتتى،
ئاتاي ئۇنىڭ قوللىرىنى شاق - شۇق قىلىپ سوزۇشى، پۇتلىرى-
نى كېرىشى، پەشۋا ئېتىشلىرىدىن گۇمپىسى بار چامباشچى
ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى. داۋۇت رەقىبىنى قوغلاپ يېقىنلاپ
كەلدى. رەقىبى ئۇنىڭ بېشىنى كۆزلەپ بىر پەشۋا ئاتتى.
داۋۇت بېشىنى قاچۇردى - دە، ناهايىتى تېزلىكتە رەقىبى-
نىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇۋالدى. ئۇ مۈرىلىرىنى قاتتىق
قاماقلاپ تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى - دە، «گۈس» قىلىپ باش
ئاتتى. ئاتاي بۇغا سويغۇچىنىڭ ئاغىز - بۇرنى تۇپتۇز بولغىنى-
نى، ئوقتەك قان چىققىنىنى كۆردى، يەنە بىر بازغاندەك تەگ-
كەن مۇشت بىلەن ئۇ ئوڭدىسىغا چۈشتى. داۋۇت ئاتايغا «نۇقتى-
نىڭ بوجىسىنى يېشىپ كەل» دەپ بۇيرۇدى. ئاتاي ئوتلاۋاتقان
ئاتنىڭ يېنىغا كېلىپ قىل ئارغامچىنى ئېلىپ كەلدى، داۋۇت

www.uyghurkitap.com

رەقىبىنىڭ قولىنى باغلىدى. ئاندىن ئاتايغا:
— بۆغىنىڭ قارنىنى يېرىپ ئىچىنى تازىلايلى، — دەپ قو-
يۇپ پىچىقىنى غىلاپىدىن سۇغۇرۇۋالدى.
ئۇلار بۆغىنىڭ ئىچ ـ قارنىنى تازىلاپ بولۇپ، ئانا غاز-
جۇغلىدى. ئاندىن بۇغا ئاتقۇچىلارنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى.
ئاتاي ئوۋچىلارنىڭ مىلتىقىنى ئېلىپ، ئۇلارغا تەڭلەپ يالاپ
ماڭدى. ئۇلار سۇ بويىغا تىكىلگەن كىگىز ئۆيگە كېلىشتى.
ئۇلار ئۆي ئىگىسى بەرگەن چاينى ئىچىشتى، ئۆي ئىگىسى بىلەن
ئاتاي، داۋۇت ئاتلىنىپ، بۇغا ئاتقۇچىلار ۋە بۆغىنىڭ گۆشى،
تېرىسى، مۈڭگۈزىنى ئېلىپ ئورمان ساقچىخانىسىغا قاراپ كې-
تىشتى.

## 6

ئورمان ساقچىخانىسى جىنايەتچىلەر بىلەن بۆغىنىڭ تېرى-
سى، مۈڭگۈزىنى ئېلىپ قېلىپ، گۆشىنى داۋۇتلارغا بەردى ۋە
داۋۇت بىلەن ئاتاينىڭ ئادرېسى، ئىسىم ـ فامىلىسىنى يېزىۋال-
دى.
ئاتاي بىلەن داۋۇت ئۆزلىرىنى باشلاپ بارغان چارۋىچىغا
بىر سان بۇغا گۆشى بېرىپ، ئۆز يولىغا ماڭدى. ئۇلار بەزىدە
قېلىن چاتقاللار، قارىغايزارلىقلار ئىچىدە ماڭسا، بەزىدە گۈل-
گەيدىكى ياپيېشىل ئوتلاقلار، قارىغايزارلىقلار ئارىسىدا مېڭىش-
تى. داۋۇتنىڭ بۇ گۈزەل مەنزىرىلەردىن كۆڭلى ئېچىلىپ،
دىلى سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ ھەرخىل تاغ گۈلىنى ئۈزۈپ پۇراپ،
چايناپ تەمىنى تېتىپ باقاتتى. ئۇ گۈلقەنت بولغۇدەك گۈل
ئىزدەپ ئاۋارە ئىدى. ئۇ قېلىن ئورمانلارنى كۆرگەندە:
— پاھ ـ پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل ئورمان بۇ، قارىغايلىرى
قاتار تىزىلغان جەڭچىلەردەك سەپ تارتىپ تۇرغىنىنى قارا، —

دەپ ھاياجان بىلەن تەسراتىنى سۆزلەپ قوياتتى.

— تەڭرىتېغى، — دەپ ئاتاي بىلگىنىنى بايان قىلاتتى، — ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەل شارائىتى بىلەن نەچچە يۈز مىڭ، ھەتتا مىليون يىللاردىن بېرى بىئولوگىيىلىك تۈرلەر كۆپ ماكانلاشقان تاغ سىستېمىسىدۇر، تەڭرىتېغىدا ئاز ئۇچرايدىغان شەمشاد قاتارلىق 1300 خىلدىن ئارتۇق دەل - دەرەخ، ئۆسۈملۈك بار.

— بىئولوگىيىلىك تۈرلەر دېگىنىڭىنى چۈشىنەلمىدىمغۇ!

— بارلىق ھاياتلىقنىڭ — ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، ئورگانىزم قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. بىئولوگىيىلىك تۈرلەر ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي بايلىقى، ھاياتلىق ئاساسىدۇر. زېمىنىمىزدىكى سەن كۆرۈۋاتقان مۇشۇنداق بىئولوگىيىلىك تۈرلەر كۆپ بولغاچ خەلقىمىز ئەمگەكچان، باتۇر، قورقماس، زېرەك، ئەقىللىق، كەڭ قورساق، مېھماندوست بولۇپ خۇش چاقچاق ياشايدۇ. ئۇلار بۇ زېمىننى، ھاياتنى قىزغىن سۆيىدۇ، قەدرىگە يېتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بەھرە ئېلىشنى بىلىدۇ. ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ قىلىپ چالىدىغىنى مانا شۇنىڭدىندۇر.

— قانداق دەرەخلەر باردۇ؟

— تەڭرىتېغىدا قارىغاي، سامىرسىن، شەمشاد، قىيىن، تاغ تېرىكى، تال، دولانا قاتارلىق دەرەخلەر ۋە ئالما، ئۆرۈك قاتارلىق ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەر بار.

نۇرغۇن قارىغاي كۆتەكلىرى ئۇلارنىڭ يولىنى توستى. بۇ يەردە قارىغايلار تولۇق، تەلتۆكۈس كېسىپ تاشلىنىپ، قايتىدىن قارىغاي كۆچەتلىرى قويۇلغانىدى، كۆچەتلەر تېخى جانسىز، كۆرۈمسىز ئىدى. ئاتاي غەزەپ بىلەن قايناپ كەتتى:

— مانا كۆردۈڭمۇ، بۇنداق ئورمانلارنى قىرىش 1953 - يىلىدىن تارتىپ باشلانغانىكەن. موتىۋەرلىك ناھىيىسىدىن بەرگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، تاغ ئورمانلىرىدىكى ياغاچنىڭ يىللىق

www.uyghurkitap.com

كېسىلىش مۆلچېرى 78 مىڭ كۇب مېتىر كەن، ئەمما ھېلىق ئۆسۈپ ـ يېتىلىش مۆلچېرى 54 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، يىلىغا 24 مىڭ كۇب مېتىر دەل ـ دەرەخ ئازىيىپ بارغان. 40 يىل ئىچىدىلا ناھىيىنىڭ ئورمان بايلىق مەنبەسى 52% ئازلاپ كەتكەن. بۇ خىل تاغ ئورمانلىرىنى قىرىپ تۈگىتىش ئاچ كۆزلۈكى تاغ ئورمانلىرىدىلا بولۇپ قالماي، دەريا بويلىرىدىكى چاتقاللار، توقايلىقلارمۇ قىرىلىپ تۈگىگەن. مەسىلەن، تېكەس دەرياسى ئاقدالا يېزا بۆلىكىنىڭ 50 ـ يىللاردا ئۆسۈملۈك بىلەن قاپلىنىش دەرىجىسى 90% بولۇپ، بۇ يەردە چىغان، دولانا، تەڭرىتاغ قىيىنى قاتارلىق دەل ـ دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەر بۈككىدە ئۆسۈپ، بۆرە، ياۋا چوشقا، تۈلكە، ئۆردەك ـ غاز، كەكلىك، قىرغاۋۇل ۋە تۇرنىلارنىڭ كۆڭۈللۈك ماكانى ۋە جەننىتى بولغانىكەن، 1958 ـ يىلىدىكى پولات تاۋلاش ھەرىكىتىدە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كېسىلىپ پولات تاۋلاشقا قالانغان، شۇنىڭدىن تارتىپ ھەركىم خالىغانچە كېسىپ ئىشلەتكەن، ساتقان ۋە قالىغان. 1997ـ يىلىغا كەلگەندە دەل ـ دەرەخ، چاتقال ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ 80% ى قىرىلىپ تۈگىگەن. بۇرۇن كۆپ ئۇچرايدىغان سۇغۇر، ئارقار، قاپلانلارمۇ قوياپ كەتكەن، ھەتتا ساسلىقلارنىمۇ تۈگەتكەن.

داۋۇت دودەن تۈنجى قېتىم بۇ قىيامەتلىك ئاغىنىسىنىڭ كىچىك ئوغلىغا قايىللىق بىلەن قاراپ قالدى. ئۇ مېھرىگۈلنىڭ «ئېرىمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە باللىرىمنى ئوقۇتۇپ ئالىم قىلىمەن» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى. «ھىم ـ ھە، مېھرى مەقسىتىگە يېتىپتۇ. ئاتاي چارۋا، ئورمان، ئۆسۈملۈكلەر ئالىمى بولۇپ قاپتۇ» دېگەن ئويغا كەلدى ۋە مۇنداق دېدى:

— ھوي تايچاق، گېپىڭگە قارىغاندا، ئورماننى قوغدىمىسا، بۇ گۈزەل زېمىن قاقاسلىققا ئايلىنىدىكەن ـ دە.

— قاقاسلىققا ئايلىنىپ، ھاياتلىق خەۋپكە ئۇچرايدۇ، بار-

لىق ھاياتلىق مۇشۇنداق تەبىئىي مۇھىتقا تايىنىدۇ، ئەۋلاد قال-
دۇرىدۇ. ئاپامنىڭ قاقاس تاشلىقنى ئۆزگەرتىپ كۆكەرتىش،
باغۇ بوستانلىققا ئايلاندۇرۇشقا تىرىششى مانا شۇنىڭ ئۈچۈن-
دۇر، ئۇ تەبىئەتنى ياخشى كۆرىدۇ. تەبىئەتنىڭ يېقىن دوستى،
ئۇ ماڭا «تەبىئىيلىك قانچە يوقالسا سۈنئىيلىك شۇنچە كۆپە-
يىپ، ساغلاملىق يوقىلىدۇ، ئادەملەرمۇ سۈنئىيلىشىپ كېتە-
دۇ، تەبىئىيلىكنى ساقلاپ قېلىش تولىمۇ زۆرۈر» دەيدۇ.
— ئاپاڭ گۆھەردەك خوتۇن، — دېدى داۋۇت ھاياجانلە-
نىپ، — ئۇ ئۆز بەختىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە سىلەرنى
ئالىملاردەك تەربىيىلەپ ئۆستۈردى. يەنە ئىنسانلارنىڭ مۇشۇن-
داق گۈزەل تەبىئەت، يېشىللىق قوينىدا ساغلاپ ياششىنى ئويە-
لايدۇ. ئۇنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە پىسەنت قىلماي، تىرى-
شىپ - تىرمىششىنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتتىم. ئۇ تېپىلغۇسىز
باتۇر خوتۇن.
— ئاپامنى چۈشەنگىنىڭگە رەھمەت، سەنمۇ تەبىئەتنىڭ گۈ-
زەللىكىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا ئاز كۈچ سەرپ قىلمىدىڭ.
— مەنما؟
— ھەئە، سەن، بىرىنچى بولۇپ تاشلىق يەرنى ئۆزگەر-
تىپ، باغ - گۈلىستان قىلدىڭ، زېمىنىمىزنىڭ مەھسۇلاتى زايە
كەتمىسۇن، دەپ گۈلقەنت ئىشلىدىڭ. سېنىڭ بۇ باشلامچىلە-
قىڭ بولمىسا، ئاپامنىڭ تەبىئەتنى ئاسراپ قېلىش نىيىتى نەدىن
كېلەتتى؟
— مانا قارا، ۋاھ - ھا - ھا! — داۋۇت قاقاقلاپ كۈلدى،
— ھوي بالاموي، پېقىرنىڭچۇ، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى ساقلاپ
قېلىش دېگەن نەرسە چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان. ساينىڭ تې-
شى، قۇمىنى سېتىپ پۇل قىلىش، دۆڭنىڭ تەييار توپىسىنى
يۆتكەپ، باغ قىلىپ مېۋىسىنى پۇل قىلىش ئۈچۈنلا ئىشلىگەن-
مەن. ئەمدى مەن «باشلامچى» بولۇپ قالدىمما! ۋاھ - ھا -

ھا ـ ھا!

— ئاپام تەبىئەت بىلەن ئىنسانلار مۇناسىۋىتى ھەققىدە يې-زىلغان بىر كىتابنى ئوقۇغانىكەن. ئۇنىڭدا «ئورمان بايلىقىنى قوغداش — بىئولوگىيىلىك تۈرلەرنى قوغداشنىڭ ئاچقۇچى، مۇھىم ھالقىسى. چۈنكى، ئورمان ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق-نىڭ ياخشى كاپالىتى، ھاياتلىقنىڭ مۇھىم مەنبەسى. شۇڭا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇنسىز ئوۋ ئوۋلاش، قانۇنسىز دورا ئۆسۈملۈكى قېزىش، دەل ـ دەرەخ، چاتقال ئۆسۈملۈكلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىش قىلمىشلىرىنى چەكلەش، توسۇش، قىلمىشى ئېغىرلارغا مەمۇرىي ۋە جىنايى جازا بېرىش، بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە بىئولوگىيىلىك بايلىق مەنبەلىرىنى (تۈرلەرنى) تەكشۈ-رۈپ ئېنىقلاپ تەتقىق قىلىش، بىئولوگىيىلىك تۈرلەرنىڭ ئۆ-سۈپ يېتىلىش ماكانى، سانى، كۆلىمى، تۈر ئۆزگىرىش قائىدى-سى، قىممىتى، نەسلى يوقىلىشنىڭ سەۋەبلىرى، پايدىلىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش لازىم» دې-يىلگەن. ئاپام بۇ بىلىمنىڭ سالمىقىنى مۆلچەرلەپ دەررۇ سې-نىڭ بېغىڭ، گۈللۈكۈڭ كۆز ئالدىغا كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇيان ـ بۇيان قاتراپ بۇ ئىشنى ئىدىتلىق قىپتۇ.

— ئاپاڭ ئالىم بولۇپ قاپتۇ جۇمۇ!

داۋۇت ئىچىدە «مەن مېھرىگۈلنىڭ تاشقى گۈزەللىكىگىلا ئاشىق بولۇپ يۈرگەنىكەنمەن. ھەقىقىي گۈزەللىكى ئۇنىڭ بىلى-مىدە، ئىچكى دۇنياسىدىكەن ئەمەسمۇ، ئۇ شۇنچە كىتابتىن بىلىم ئالغان يەردە ئەر كىشى تۇرۇپ مەن ئوقۇمىسام سەت ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئون تۆتىنچى باب

# چوپان قىز

## 1

ئۇلار مۇشۇنداق پاراڭلار بىلەن كۆڭۈل ئۇلتۇرارغا يېقىن چۈشكۈن ئۆيگە يېتىپ كېلىشتى. تاغ بېشىدىن تەكشى يېيىلىپ شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازى، داۋۇتنى ھەيران قالدۇر-دى:

— پاھ، مۇنۇ شارقىراتما بەكمۇ چىرايلىقكەن جۇمۇ!

— ئاشۇ شارقىراتما ئاستىدىكى كىگىز ئۆي بارغۇ، ھە، شۇ ئۆيگە چۈشىمىز، ئۆي ئىگىسىنى سەن بىلىسەن.

— كىم ئۇ؟

— بىر جۈپ ئىتنىڭ قاۋىشى داۋۇتنىڭ سۇئالىغا جاۋاب بولدى. ئىتلارنىڭ ھاۋشىغىنىنى ئاڭلاپ، ئىككى بالا ئۆيدىن چىقتى ۋە:

— ئاتاي ئاكام كەپتۇ، ئاتاي ئاكا! — دەپ يۈگۈرۈشۈپ كەلدى.

ئاتاي ئاتىنىڭ كەينىدىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇ غانجۇغىلاق-لىق خۇرجۇننى ئالدى، خۇرجۇندىن ئالمىلارنى ئېلىپ بالىلارغا بەردى. شۇ چاغدا ساھىبخان چىقىپ ئاتىنىڭ تىزگىنىنى ئالدى. داۋۇت بىلەن ئامانلىشىپ بولۇپ، ئاتنى ئات ياغاچقا باغلىدى ۋە مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى. داۋۇت چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ

قوينىڭ باھاسى ھەققىدە پاراڭلىشىپ، كىمدە ساتىدىغان قوي بارلىقىنى سورىدى.

ئاتاي چېيىنى ئالدىراپ ئىچتى ــ دە، سىرتقا چىقىپ شارقىراتما تەرەپكە ئىتتىك ئۆتتى. ئۇ بىر كىمنى ئىزدىگەندەك ئەتراپقا قارىدى. ئادەتتە ئىزدىگەن ئادىمى بىلەن كۆرۈشىدىغان شارقىراتمىنىڭ كەينىگە ئۆتتى. بۇ يەرگە سۇ چۈشمەيتتى. سۇ ئېگىزدىن يېيىلىپ چۈشەتتى ــ دە، تاغ بىلەن سۇ چۈشۈۋاتقان جاينىڭ ئارىلىقىدا ئۈچ مېتىر كەڭلىكتىكى بوشلۇق ھاسىل قىلاتتى، شارقىراتما ئۆينىڭ قىلىن ئەينەكلىك تىمىدەك تۇراتتى. ئاتاي يۈزىگە تەگكەن سۇدىن سەسكىنىپ كەتتى. ئۇ شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۇنى ئالقىنىدا ئۇرۇپ ئۆزىگە چېچىۋاتقان قىزنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى. قىز ئۇ يېقىن كېلىشىگە توشقاندەك، پەرتلا قىلىپ قېچىپ تاغ تەرەپكە ئۆتۈۋالدى.

— ياخشىمۇ سەن چولپان، سېنى دەپ كەلسەم ئالدىمغا چىقماي مۆكۈۋاپسەنغۇ! — دېدى ئاتاي.

— سېنى مەشەدە قارشى ئالدىغىنىمنى بىلىسەنغۇ!

— شۇڭا مۇشۇ ئەزىزانە جايدىن تاپتىم، بىراق ياۋا توشقاندەك قېچىپ تۇتۇق بەرمەيۋاتىسەن.

ئاتاي ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىش ئالدىدا، يەنى ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياش ۋاقتىدا تەتىللەردە قاسساپلىق قىلغانىدى. ئۇ ئارىلاپ مۇشۇ يايلاققا كېلىپ قوي ـ كالا سېتىۋالاتتى. چولپان بىلەن ئەنە شۇ چاغدا تونۇشۇپ ئىچپەش تارتىشىپ يۈرگەنىدى. ئۇ چولپاننى چىندىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ بۇ يايلاققا ھەر قېتىم چىققاندا، چولپان بىلەن بۇ شارقىراتما ئاستىدا ئۇزاق مۇڭدىشاتتى. ئاتاي ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزئارا خەت يېزىشىپ تۇردى. چولپان ئاتاينىڭ بىرىنچى خېتىگە تېچلىق ـ ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن مۇنداق جاۋاب



www.uyghurkitap.com

خەت يازدى: «كۆڭلىرىڭ خۇشال، مەنىلىك ئۆتسۈن دوستۇم،
دېسەم بولامدۇ؟ خېتىڭدە ئىزاتارتماستىن مېنى «سۆيگىنىم»
دەپ يېزىپسەن. قاچان مەن ساڭا ئۆزۈمنى سۆيگۈزگەن؟ بۇنى
ئوقۇپ شۇنداق ئۇيالدىمكى، يېنىمدا بولساڭ چىمداپ - چىمدى-
ۋالاتتىم.
— سەن يەتۇپ كەتتىڭمۇ - قانداق؟ ساڭا زوق - شوخ
بىلەن خۇشاللىقلىرىمنى، هاياجانلىق خىياللىرىمنى، تېڭىرقاش-
تىكى مۇڭلىرىمنى يازغۇم كېلىدۇ، لېكىن يۈرىكىم چىدىماي-
دۇ. ئەمما كۆڭلىرىم تەرتىپلىك، هاياتىي كۈچكە تولغان، مۇ-
شۇنداق كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتىمۇ سېنى سېغىنىمەن، مەن سەن
كۈتكەندەك، ئارزۇ قىلغۇدەك قىز بولمىسامۇ ماڭا ئاددىي سا-
ۋاقداشلىرىڭغا قىلغانچىلىك كىچىككىنە ئېتىبارىڭنى بەرمىدىڭ.
مەن سېنىڭ ئالدىڭدا قەدرىنى يوقاتقان بىر بايقۇش بولۇپ قالمى-
غاندىمەن، يۈرىكىڭ ئۇرۇمچىگە بېرىپلا قېتىپ كەتكەن بولسا،
ئۇ باشقا گەپ، بىلىپ قويغىنىكى بىزنىڭ دوستلۇقىمىز قەلبىمدە
مەڭگۈ ياشناپ تۇرىدۇ. ساڭا هەر دائىم ئالەمچە بەخت تىلەپ
تۇرۇۋاتىمەن، تۇرمۇشۇڭدا شاد - خۇراملىق، مەغرۇرلۇقنىڭ
سايىسىنى ساڭا ئەگەشتۈرسەم دەيمەن. سەن مېنى ئەسلەپ قال-
ساڭ، بىر غەلىتە قىزنى ئەسلەرسەن. ئۇ ئەرلەر قىلىدىغان
ئېغىر ئىشلارنى قىلغاندىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. ئۇنىڭ
مىجەزى شۇنداق: ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى بىجانىدىل قىلى-
دۇ، شۇنداقلا ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئادىمىگە بارلىقىنى بېغىشلاي-
دۇ! سەن ئالىي بىلىم ئېلىۋېتىپ، بەلكىم، ئۆزگىرىپ كېتەر-
سەن، بىلىم، هېسسىيات، كۆز قاراش، ئەقىدە جەھەتتىن مەن
بىلەن تۈپتىن ئوخشىماي قالغان بولۇشۇڭمۇ مۇمكىن. شۇندا
مەندەك بىر تاغلىق قىز ئۈستىدىن كۈلەرسەن. بۇ ماڭا بەرىبىر.
مەن پەقەت ئاپاڭدەك ئادەم بولسافلا بولغىنى.
هازىر بىرەر دوست تېپىۋالدىڭمۇ؟ ئۇ ساڭا ھەقىقىي كۆيۈ-

نۇپ غېمىڭنى قىلامدۇ؟ سېنىڭ بىلەن قايغۇ — ھەسرەتتە، شادلىقتا ھەمنەپەس بولالامدۇ؟ سېنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ ساڭا مەڭدەك ياكى مەندىنمۇ ئارتۇق بەخت، خۇشاللىق، ئىشەنچ، ئۈمىد بېرەلەمدۇ؟! بۇ سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرمە.

ئوقۇشۇڭ قانداق؟ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنىڭدىن بەك خۇش بولدۇم. يۈرىكىم سېنىڭ ئۇتۇقلىرىڭغا مەڭگۇ تەلپۈنىدۇ. مېنىڭ ھاياتىم ساڭا ئېغىرچىلىق ئەمەس، بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. بىلگىنكى، مەن ئىنسانلار ئارىسىغا كەلگەن پىدا قول!

ئېسىڭدىمۇ، بىزنىڭ شارقىراتما ئاستىدىكى تۇنجى مۇھەببىتىمىز، شۇ كۈندىن باشلاپ، سەن ھەر كەلگىنىڭدە بىز بۇ يەرنى ھۇجرىمىز قىلاتتۇق، شېرىن سۆھبەتلەر قىلاتتۇق. بىر قېتىمقى شوقلۇقۇمنى ئەسلىسەم كۈلۈپ قېتىپ قالىمەن. سەن سۇغا چۆمۈلۈپ چىققاندا، كۆڭلىكىڭنى تاپالماي راسا ئىزدىدىڭ، تېرىكتىڭ، كېيىن مېنى قوغلىدىڭ. ھە، ئەگەر شۇ ئىش ئېسىڭدە بولسا، خەت يازماي، مېنىڭدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ يۈرمىگىن. مەن پەقەت سېنىڭدىن ماڭا تەۋە بولغان مۇھەببىتىڭنىلا تەلەپ قىلىمەن، بۇ چوڭ بەختىمنى باشقىلارغا بېرىۋەتمەسلىكىڭنى سورايمەن. ئەگەر بېرىۋەتسەڭ بۇ سېنىڭ ئەقىلسىزلىكىڭ، خەت يازماي مېنى ئۇنتۇماقچى بولغىنىڭ يولسىزلىقىڭ، سەن مېنى ياۋايىلارچە تەنھا ياشاشقا ئىتتىرگىنىڭ ئاپامغا ئوخشاش بول، دېگىنىڭ بولۇپ قالىدۇ. مەن ساڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگۈچى ئەمەس، بەلكى قەلبىڭگە تەسەللى، ئىللىقلىق بەخش ئەتكۈچى، ئېسىڭدە بولسۇن، مېنىڭ قەلبىم ئىشىكى ساڭا مەڭگۇ ئوچۇق!

ياشلىقىمىزنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. ياشلىقتا قانداق تېز كىرىپ كەلگەن بولساق ئۇنىڭدىن ھەم شۇنداق تېز يىراقلاپ كېتىمىز، جاھان كەڭرى، بۇ جاھاندا يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزىمىز.



www.uyghurkitap.com

مانا، هايت ـ هۆيت دېگۈچە يىگىرمە ياشقا كىردۇق. مەن هازىر خېلى توختاشلىق بولۇپ قالدىم. خېلى مەنىلىك ئىشلار قىلىۋاتىمەن. قويلىرىمنى يايلاققا يېيىپ قويىمەن، تاش ئۈستىگە ئولتۇرىمەن ـ دە، كىتابىمنى ئوقۇيمەن ...
خەير ـ خوش، ئوقۇشۇڭغا ئامەت تىلەيمەن.
سېنى سېغىنغان چولپان. »
ئەنە شۇنداق خەتلەرنى يازغان قىز بۈگۈن بولسا نېزىقاپ قېچىپ يۈرەتتى. ئاتاي نېمىلا دېگەنبىلەن يىگىتقۇ، شاش بايتالدەك تۇتۇق بەرمىگەن قىزنى ئاخىرى تۇتۇۋالدى ۋە بېلىدىن قورۇپ تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى.

## 2

ئەتىگەنلىك ناشتىدا چولپان داستىخانغا كۆمبە نان، مەشكە، خام قايماقلارنى تىزدى. ئانىسى بىر چوڭ كورىدا ئېتىپ كىرگەن ئەتكەن چاينى چىنىلەرگە قۇيدى. ئۇلار مەززە قىلىپ چاي ئىچىشتى:
— هاي يۇنۇس! — دېگەن ئاۋاز داستىخاننى يىغىۋاتقان قىزنى تالاغا چىقىشقا مەجبۇر قىلدى.
چولپان چىقىپ، يېشى ئەللىكلەردىن ئاشقان، كەكە ساقال، بۇرۇتلۇق، بېشىغا ئاق مالخاي كىيگەن ئادەمنى باشلاپ كىردى.
— هە، كەلگىن، قېنى يۇقىرى ئۆت، — دېدى چولپاننىڭ دادىسى يۇنۇس ئورنىدىن تۇرۇپ، مېهماننى تۆرگە ئۆتكۈزدى.
مېهمان چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى:
— ئېي چولپان قىز، قارىغىرىڭىزنى بەيگىگە سېلىپ باقساق بولارمۇ؟
— بەيگە قاچان بولىدىكەن؟

— ئون ئىككى كۈندىن كېيىن.

چولپان دادىسىغا قارىدى، يۇنۇس جاۋاب قىلدى:

— ئۆزۈڭ بىل قىزىم، دۆنەن سېنىڭ.

— قارىگىرنىڭ خۇيى يامان، سىزنىڭ بەيگىگە سېلىش مەشقى قىلىشىڭىزغا كۆنەرمىكىن، — دېدى چولپان.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ قىزىم، — دېدى يۇنۇس، — قاسىمكامنى - نى ئاساۋ ئاتلارنى كۆندۈرۈپ بەيگىگە سېلىپ يۈرگەن تۇرسا سېنىڭ قولۇڭغا ئۆگىنىپ كەتكەن ئېتىڭنى كۆندۈرەلمەمدۇ؟

— ئەمىسە مەن قارىگىرنى تۇتۇپ كېلەي.

چولپان شۇنداق دەپ نۇقتىنى ئالدى - دە، ئىتتىك چىقىپ كەتتى. داۋۇت قاسىم قويچىدىن ساتىدىغان قويى بار - يوقلۇقىنى سورىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن سودىلاشتى، يەنىلا ئاتاي سودىنى پىشۇردى. ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ قىزنى كۈتۈشتى. داۋۇت ئەتراپتىكى گۈزەللىككە قارىماي تۇرالمىدى. تۆت ئەتراپ ياپيېشىللىق ئىدى. پەقەت ئاسمانلا سۈس هاۋارەڭ، بۇ يېشىللىق ئۈستىدە هەر يوغان، غولاچ يەتكۈسىز چوڭ ۋە ئېگىز قارىغايلار قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى. شارقىراتمىنىڭ سۈيى يالاپ كەتكەن تاشلىقتىمۇ قارىغايلار بار ئىدى. يىراقراقتىكى تاغ چوققىسى داۋۇتنى هەيران قالدۇردى، چوققىنىڭ يېرىمىغىچە ياپيېشىل، ئۈستى كۆكۈچ ۋە ئاق كۆرۈنەتتى. ئۇ سىنچىلاپ قاراپ چوققىنىڭ ئۆيۈل تاشلىقىنى بىلدى. شۇ ئېگىز تاشلىقتىمۇ قارىغاي دېگەن سانجاق - سانجاق تۇراتتى. داۋۇت ئەجەبسىنىپ:

— هەي يۇنۇس، ئاۋۇ تاش تاغدىمۇ قارىغاي ئۆسىدىكەن - هە! — دەپ سورىدى.

— ئۇ هاك تاش، مەن سېنى سايغا هاكتاش تېرىغىلى ئاچىققانغۇ، ئۇ ئۇششاق هاكتاشلار ئىدى. ئۇ چوققا ئۆيۈل هاكتاشلىق. قارىغاي دېگەن جانىۋا ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن تاشلار ئىچىدىنمۇ ئۆسىدىكەن، بەلكىم هاك تەركىبىدە ئۇنىڭ

ئوزۇقى بولسا كېرەك.
ئاتنىڭ يېقىملىق كىشنىشى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى، ئۇلار ئات كىشنىگەن تەرەپكە قاراشتى. يېشىل تاغ باغرىدا چولپان قىز خۇددى چولپان يۇلتۇز كۆچكەندەك، ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى، داۋۇتنىڭ كۆزىگە تۇخۇم توختىغۇدەك سىپمىز، تۇكلىرى قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان، دىڭ تۇرغان قۇلاقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئاق قاشقىسى گۈلدەك ياراشقان، ئىنچىكە پۇتلىرىنى تېز ئېلىۋاتقان بىر دۇلدۇل كۆك ئاسماندىن يېشىل زېمىنغا ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئاتاينىڭمۇ كۆزى دۇلدۇلدا ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىدە قارىغايدەك ئولتۇرغان قىزدا ئىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە قارىغىر ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. چولپان ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى، قارىغىر پۇشقۇرۇپ قويدى. چولپان ئاتنى باغلىمىدى. ئۇ چۇلۋۇرنى تاشلاپ قويۇپ ئۆيگە كىردى ۋە كۈمۈش ئىگەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى، ئاتاي ئالدىغا ئۆتۈپ:
— مەن ئىگەرلەي، — دېدى.
— قارىغىر مەندىن باشقا ئادەمنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدۇ، — دېدى چولپان ۋە چاققانلىق بىلەن ئات ئۈستىگە توقۇمنى سالدى، ئاندىن ئىگەرنى ئارتتى، تۆشباغنى تارتتى.
— پاھ، ھەقىقىي دۇلدۇلكەن بۇ، — دېدى داۋۇت ھەۋەس بىلەن، — بۇنداق ئات ھەر قانداق بەيگىدە ئۈزۈپ چىقىدۇ.
— بىراق، — دېدى يۇنۇس، — بۇ دۇلدۇل تېخى تۆت ياشلىق. ئۇ بەيگىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنىنى بىلمەيدۇ. قاسىمكام ئات كۆندۈرۈش ئۇستىسى، بۇنى ھەقىقىي دۇلدۇل قىلىش ئۈچۈن ئون كۈن ئۆگىتىدۇ، مەشىق قىلدۇرىدۇ.
— مە، جانىۋارىم، — دەپ چولپان پىنجىكىنىڭ يانچۇقىدىن ئالغان بىر تال قەنتنى ئاتقا تەڭلىدى. ئات كالپۇكى ئارىسىغا ئېلىپ يېدى. چولپان ئىنچىكە بارماقلىرىنى تارغاق قى-

لىپ، ئاتنىڭ يايلىلىرىنى تارىدى، باش ـ كۆزىنى سىلىدى. ئاندىن قاسىمغا قاراپ جىكىدى، — مۇنۇ قەنتلەرنى ئېلىڭ، ھەر كۈنى بىر تالدىن بېرىڭ، ئۇ شۇندا سىزگە ئۆگىنىپ قالار، مانا چۇلۋۇر.

قاسىم چۇلۋۇرنى ئېلىشقا ئات چاپچىپ، بېشىنى بۇراپ، ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تىك تۇردى، كىشنىدى. چولپان چۇلۋۇرنى قولىغا ئالدى، ئۇلت پۇتلىرىنى چۇشۇردى. چولپان ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى، ئات تىنچلاندى. چولپان:

— قاسىمكا، بۇ سىزنى يات كۆرۈۋاتىدۇ. ئۆز ئېتىڭىزغا مىنىڭ ـ دە، قارىغىرنى يېتىلەپ ئەكىتىڭ، — دېدى.

قاسىم ئېتىغا مىندى، چولپان قارىغىرنى يېتىلەپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئازراق ماڭدى ۋە قارىغىرگە تۇيدۇرماي، چۇلۋۇرنى قاسىمغا تۇتقۇزدى.

3

ئاتاي بىلەن چولپان پىيادە، داۋۇت بىلەن يۇنۇس ئاتلىق چوپانلارنىڭ ئۆيلىرىگە قاراپ مېڭىشتى، ئۇلار قوي سېتىۋالماقچىدى. ئاتاي بىلەن چولپان يېشىل زېمىندا قول تۇتۇشۇپ كېتىشىۋاتاتتى. بۇنداق پىيادە يالغۇز مېڭىش ئۇلار ئۇچۇن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى. يول بويى ئاتاي ئۆزلىرىنىڭ پىلانلىرى، شىركەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، كەلگۈسىدە قىلىدىغان ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىردا قىزنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ:

— مەن سېنى مەھەللىگە ئېلىپ چىقىپ كېتەي دەيمەن، — دېدى.

قىزنىڭ قوي كۆزلىرى قورقىنىدىن جامدەك ئېچىلدى.

— ھە، ساراڭ بولدۇڭمۇ، ئېلىپ قاچمىساڭمۇ مەن باشقا

بىرى بىلەن توي قىلامدىم؟
— سېنىڭ دەردىڭدە ساراڭ بولدۇم، — دېدى ئاتاي قىزنىڭ ئىنچىكە بېلىدىن تۇتۇپ، — مەن سېنى شىركەتنىڭ خىزمەتچىلىكىگە ئالىمەن، دەيمەن.
— ھە، مەن خىزمەتچى بولىمەنما! ۋاھ، مەن تېخى مېنى ئالامدىكىن، دەپتىمەن، خىزمەتچى بولسام كېيىن جەزمەن مەھەللىگە قايتىدىغان گەپ، ساڭا رەھمەت! — دەپ قىز ئاتاينىڭ مەڭزىدىن سۆيۈپ قويدى. ئاتايغا بۇ سۆيۈش باھانە بولغان چېغى، قىزنى ئۆزىگە تارتىپ، نېپىز لەۋلىرىدىن سۆيدى. قىز بىردىن ئاتاينىڭ مەيدىسىن ئىتتىردى.
— بولدى، بۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ.
ئاتاي ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. بىردەم جىم - جىم مېڭىشتى، چولپان سورىدى:
— مەن شىركىتىڭدە نېمە ئىش قىلىمەن؟
— ھازىرچە بىز سېتىۋالغان قويلارنى بورداپسەن، مەخسۇس قوي قوتىنى ياساپ بېرىمەن، قويلارنىڭ ئوزۇقىنى ئەكېلىپ بېرىمەن.
— ھە، — دېدى چولپان سوزۇپ، — يەنىلا چوپان بول دېگىنە. بۇنىڭغىمۇ ماقۇل.
ئاتاي بىلەن چولپان قويچىلار بىلەن سۆزلىشىپ، نەق ۋە نېسى بولۇپ قىرىق ئىككى قوي ئېلىشتى. قويلارنى چولپان تاللىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ مال تونۇيدىكەن. داۋۇتلار 57 قوي ئاپتۇ.
داۋۇت بىلەن ئاتاي يايلاقتا بىر ھەپتىدەك تۇردى، شۇ ئارىدا ئاتاي چولپاننى شىركەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا يۇنۇس بىلەن سۆزلەشتى. يۇنۇسمۇ، ئايالىمۇ مەسلىھەتنى توغرا تاپتى. ئاتاي چولپاننى ئېلىپ قايتقىنىغا، داۋۇت ئىككى ھەپتە يېشىللىق زېمىندا يايرىغىنىغا خۇش بولۇپ، سېتىۋالغان مالالا-

رنى ماشىنىغا بېسىپ قايتىشتى.

ئاتايلار قويلارنى ئېلىپ كەلگۈچە قوتانلارنى ياساپ قويغانىدى. ئاتاي ئالما شۆپۈكلىرىنى، چۆپلەرنى ئەكىلىپ بەردى، چولپان ماللارغا كۈنگە ئىككى ۋاخ ئالما شۆپۈكلىرىنى كېپەككە ئارىلاشتۇرۇپ بەردى، چۈشلۈكى چۆپ سېلىپ بېرەتتى، قالغان بوش ۋاقتىدا مېھرىگۈلنىڭ ئۆيىنى سۈپۈرۈپ، كىرلىرىنى يۇياتتى.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ، كۈز كەلدى. ئاتاي قېرى ساغلىقلارنى سويدى، ئاشخانىنى گۆش بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت بازاردىمۇ ساتتى. بىر كۈنى مېھرىگۈل ئاتايغا:

— باشقا قاسساپلاردىن بىر كىلوگرام گۆشنى ئىككى سوم ئەرزان سات، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

بۇ مەسلىھەت ئاتاينىڭ قاسساپلىقىنى جانلاندۇرۇپ، گۆشى بازار تاپتى. ئۇنىڭ گۆشىنى خەلق ئۆچرەتتە تۇرۇپ ئالدى، ھەتتا شەھەردىن چىقىپ سېتىۋالىدىغان خېرىدارلارمۇ كۆپەيدى.

ئاتاي بىر كۈنى داۋۇتقا ھېساب بەردى:

— ساغلىقلارنىڭ گۆشى بىلەن دىرىنى چىقاردىم، ئۆچەي - تېرىسى پايدىغا قالدى. ئەمدى قوزىلارنى سويۇپ ساتىمەن.

— ماڭا قارىغىنا، بۇ قوزىلارنى قايسى قولۇڭ بىلەن سويارسەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە كۈزلەككە چىقىپ چوڭ قويلاردىن ئەكىلىپ بېرەي، — دېدى داۋۇت.

ئاتاي داۋۇتنىڭ بۇنچە ئىچ كۆيەرلىكىنى، قوزىلارغىمۇ ئىچى ئاغرىتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭدا «ئەسلىدە بۇ دودەن ئەمەس، مېھرىبان ئاتا ئىكەن ئەمەسمۇ!» دېگەن يېقىملىق بىر ھېسسىيات پەيدا بولدى. شۇڭا ئۇ ھۆرمەت بىلەن:

— بولىدۇ، باش مۇدىر، — دېدى.

داۋۇت كۈزلەككە چىقىپ كەتتى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا مېھرى-

گۈل:

— چارۋىچىلارغا قوي مايىقى يىغىپ قويۇشنى جېكىلىڭ، ئۇنىڭ ھەققىگە كۆمۈر بېرىمىز، دەڭ، — دەپ تاپىلىدى.

داۋۇت بۇ قېتىم توقسان يەتتە قېرى قوينى ھايدىتىپ كەلدى. بۇلار پىچاققا يارايدىغان قويلار ئىدى. ئۇ:

— ئۆتكەنكىدىن ئەرزان ئالدىم، دېگىنە، — دېدى ئاتايىغا.

— ئەلۋەتتە ئەرزان بولىدۇ - دە، — دېدى چولپان، — بۇ ۋاخ دېگەن چوپانلار مال ئايرىيدىغان ۋاقىت، سىز ئەكەلگەن قويلارنىڭ بىر قىسمى قىسىر قالغانىكەن، قالغانلىرى قىشتىن چىقالمايدىغان قويلار.

چولپان نېمە دېسە دېسۇن، داۋۇت مال بورداشقا قىزىقىپ، بېشىچە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ كۆزلەكمۇ كۆزلەك، قىشلاقمۇ - قىشلاق بېرىپ مال ئالدى، ئۇ بەزىدە ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا سودىلىشاتتى:

— ھەي ئاغىنە، ماۋۇنىڭغا ئوخشاش كۆتەرمە بولىدىغان قويۇڭدىن نەچچىسى بار؟ — دەپ سورايتتى ئۇ.

— 37 تۇياق بار.

— قانچىدىن بېرىسەن؟

— 300 سومدىن.

— چالتاي - پالتىيىڭنى قوي، 200 سومدىن بېرىمەن، شىركەتكە ھايداپ بار. ھە راست، پۇلۇڭنى ئۈچ ئايدىن كېيىن ئالىسەن، جۇمۇ!

مالچى قوشۇلدىمۇ، يوق، داۋۇتنىڭ بىر پاي كارى يوق. شۇنداق بۇيراتتى - دە، ئېتىنى دېۋىتىپ كېتىۋېرەتتى. قوتانغا قاراۋاتقان چولپان كۆك بۆرە ئىتىنىڭ قاۋىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆيدىن چىقاتتى.

— ھاي قىز، مۇنۇ قويلارنى داۋۇتباي ئەۋەتتى، ساناپ ئېلىڭ ۋە ماڭا ھۆججەت بېرىڭ، — دەيتتى بىر توپ قوينى

ھەيدەپ كەلگەن چوپان.
چولپان داۋۇتتەك بايمۇ، دودەنمۇ ئەمەس، بەلكى چوپان، يەنە كېلىپ قوينىڭ قانداقلىقىنى بىلىدىغان چوپان ئىدى. ئۇ ئالدىرىماي قوينىڭ چاتىرىقى، قۇيرۇقى، بېلىنىنى تۇتۇپ كۆرەتتى، چىشىغا قارايتتى، ئاخىردا تۆت - بەش ياكى توققۇز - ئوننى قوتانغا كىرگۈزمەي ئايرىپ قوياتتى، چوپانغا ھۆججەت يېزىپ بېرىپ:
— بۇ، بۇراقلىرىڭ كېسەلكەن، ئېپكەت، — دەيتتى.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، داۋۇتباي ھەممىنى ئالىمەن دېگەن.
— ئۇ باي بولسا، مەن چوپان، يارىغىنىنى ئالىمەن.
— ئۇ باشلىقىڭىز بولغاندىكىن ئۇنىڭ دېگىنى ھېساب - دە.
— ئۇ پۇلغا باشلىق، قوتانغا مەن باشلىق. بۇراقلىرىڭنى باشلىق باقسۇن، ئۇ ئۆلسە كىمگە زىيان - ھە!
چولپان مۇشۇنداق قەتئىي تۇراتتى ۋە قانچىلىكنى تاللىۋالغان بولسا، شۇنچىلىككە ھۆججەت بېرەتتى.
چوپانلار ئامالسىز ئۇ قايتۇرغان قويلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىۋېتىپ:
— ۋاي - ۋاي، بالا قىزكەن بۇ، — دەپ كوتۇلدىشاتتى.
قوتانغا قوي توشۇپ ئېشىپ كەتتى. قوي ئېپكەلگەن چوپانلار يالۋۇرسىمۇ چولپان ئالمىدى. چوپانلار ئەمدى تىللاپ قويلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان داۋۇت ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى قوتانغا كېلىپ گۇركىرىدى:
— ھەي، مەن ئالغان قويلارنى ئالماي، قايتۇرۇۋەتكەن قايىسىڭ ھوي، يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ ئاكاڭ باشلىققا قارشى تۇرماقچىما؟!
چولپان قوتاندىن زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈپ چىقتى:
— خۇش كەپسىز باشلىق، مانا مەن قايتۇردۇم.

— نېمىشقا قايتۇرىسەن، سەن باشلىقمۇ، مەنمۇ؟
— گۇركىرىمەك تاغا ھەم قىز بالىنى سەنلىمەك. باشلىق- نىڭ قىلغىنى خاتا بولسا، مەن باشلىق، توغرا بولسا سىز باشلىق.
— قايسى قىلغىنىم خاتاكەن؟
— ئاتتىن چۈشۈپ، بۇياققا مېڭىڭ.
داۋۇت غۇدىرىغان ھالدا ئاتتىن چۈشتى، چولپان كۆرسەت- كەن قوتانغا قارىدى، چولپان قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ:
— سىز ئەۋەتكەن قويلارنى قەيەرگە سىغدۇرىمەن؟! — دېدى.
داۋۇت پېشانىسىگە ۋاققىدە ئۇردى - دە، ئۇندىمەي كېتىپ قالدى.
— كاجنى بازار ئوڭشايدۇ، دېگەن مۇشۇ، — دېدى مېھرى- گۇل چولپان بىلەن داۋۇتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان شۇ گەپ- سۆزلەرنى ئاڭلاپ، — ئۇ ھە دېگەندە مال بورداشمۇ ئوقەتمۇ، پۇلنى پۇل تاپىدۇ. نەق پۇلنى زاۋۇتقا، باغقا ئىشلىتىش كې- رەك، بىزنىڭ شىركەت چارۋىچىلىق شىركىتى ئەمەس، دەپ تۇرۇۋالغانىدى. مەن ئۇنى ئەمەلىيەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزسۇن، دەپ چارۋا مال ئېلىشقا مەسئۇل قىلىۋېدىم، ئەمەلىي پايدىنى كۆرۈپ ئوتتەك قىزىپ كەتتى، ھەتتا ئاشۇرۇۋەتتى.
— پايدا ئالالىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى چولپان.
— بىر ھەسسە كۆپ پايدا ئېلىۋاتىمىز. قوي مايتىقىنى كۆندە توشۇۋاتقاندۇ؟ ھە، ئاشۇنىڭ ئۆزىمۇ باغقا كۆپ پايدا. خىمىيىۋى ئوغۇت سېتىۋالىدىغان پۇلىمىز تېجەلدى. باغقا قوي مايىقى ئىشلەتسەك مېۋىلەر تەملىك بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ساغ- لاملىقىغىمۇ پايدىلىق - دە.

www.uyghurkitap.com

## 4

— داۋۇت ئۇندىمەي كېتىپ قالغىنى بىلەن دېگىنىنى قىلىدىغان جاھىللاردىن ئىدى. ئۇ ئەتىسى چولپانغا شۇنداق دېدى:

— ئاپئاق قىز، بۈگۈن كەلگەن قويلارنى مېنىڭ بىغىمغا سولاڭ، بۇ قوتانغا مۇنۇ داناخان قارىسۇن. سىز ئىككى قوتانغا باشلىق ھەم بىغىمدىكى قويلارنى باقىسىز. كېچىسى بىغىمدىكى قويلاردىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن.

چولپان كۈندۈزى باغدىكى يېشىدىن كەلگەن قويلارنى تويۇندۇراتتى، ئارىلاپ داناخاننىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ياردەملەشەتتى. نازۇكئاي چولپان بىلەن مۇڭدىشىدىغان، ئۇنىڭ مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ئاڭلايدىغان بولۇۋالدى.

— داۋۇتنىڭ مېڭىسىلا ئەمەس، تاپىنىمۇ قىزىپ كەتتى، — دېدى مېھرىگۈل بىر كۈنى.

ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان خاسىيەتقىز كۈلۈپ كەتتى. ئۇ:

— ھەر ھالدا سىنى چۈشەندى، — دەپ قويدى.

— بىراق، مەن يېزىنىڭ پۈتكۈل قويىنى سېتىۋالىمىز دېمىگەن - دە.

— ھەي ئاپا، — دەپ ئاتاي گەپكە ئارىلاشتى، ئۇ ئاشخانىنىڭ قويىنى سويۇپ بېرىۋاتاتتى، — يېزىنىڭ چارۋىسىمۇ بىزنىڭ چارۋىمىزغۇ، داۋۇتكامنىڭ دېيىشىچە دادام رەھمەتى ئۆز ئەترىتىنىڭ چارۋا مىلىنى ئۈچ مىڭغا يەتكۈزۈپتىكەن. شۇ چاغدا كوممۇنا بويىچە 22 مىڭ 250 تۇياق قوي، 411 تۇياق ئات، 800 تۇياق كالا بار ئىكەندۇق. كوممۇنا ئەمەلدىن قالغاندا، چارۋىچىلارغا 15 مىڭ تۇياق قوي، 350 تۇياق ئات، 700 تۇياق كالىنى تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ، قالغان مال يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدە قاپتۇ، بۇنىڭدىن ھازىر 3612 تۇياق قوي، 31 تۇياق ئات، 32 تۇياق كالىلا قاپتۇ. بۇ ماللارنى

بېقىۋاتقانلار بۇ ماللار يېلىسىرى كۆپەيمەي، كېمىيىۋاتىدۇ، دەي-
دۇ. داۋۇتكام بۇنى ئاڭلاپ، يېزا باشلىقى بىلەن سۆزلەشتى،
يېزا باشلىقى بۇداقى سايلامدا قېپقالىدىغىنى ئۇچۇنمىكىن ياكى
كوللېكتىپنىڭ مېلىغا ئىچى ئاغرىدىمىكىن، بىزگە سېتىپ بې-
رىشكە قوشۇلدى.

مېھرىگۇل بۇنى چوڭ ئىش سۈپىتىدە قاراپ، مۇدىرىيەت
يىغىنىغا قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. مۇدىرىيەت يىغىنىدا داۋۇت
قايناپ كەتتى، ئۇنىڭ سۆزىگە قاتتىق غەزەپ ئارىلاشقانىدى،
باشقا مۇدىرلار داۋۇتنىڭ پۈتكۈل يېزىلىق ھۆكۈمەت مېلىنى
سېتىۋېلىش دېگەن پىكرىگە قوشۇلدى. مېھرىگۇللا باشقىچە پى-
كىر قىلدى:

— داۋۇتنىڭ پىكرىگۇ توغرا، ئۇ كوللېكتىپ مېلىنى ساق-
لاپ قالماقچى، بىراق شىركىتىمىز سېتىپ ئالالمايدۇ ھەم
سېتىپمۇ ئالمايدۇ.

— نېمىشقا؟ — دېدى داۋۇت قوپاللىق بىلەن.

— پۇل يوق!

قوللىغۇچىلارنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. مېھرىگۇل پۇل
يوق دېگەنىكەن، دېمەك بۇ ئىش يوققا چىقتى، دېگەن سۆز.
ئۇ دېگەن شىركەتنىڭ پۈتكۈل مالىيىسىنى تۇتىدۇ - دە. داۋۇت
پۇل بولمىسا مالنى سېتىۋالغىلى بولمايدىغىنىنى بىلەتتى، شۇن-
دىمۇ ئۇ سورىدى:

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

مېھرىگۇلنىڭ كاللىسىدا مۇئەييەن بىر پىلان بار ئىدى.
ئۇ بۇ پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى:

— تۇل خوتۇنلارغا سېتىپ بەرسۇن.

— تۇل خوتۇنلارغا؟! — ھەيران بولۇپ سورىدى داۋۇت.

— ھەئە، تۇل خوتۇنلار يېرىگە ئىشلىيەلمەي، ئاققۇنلارغا
ئىجارىگە بېرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە چۈپلۈكتە مال باقسا بىر

ھەسسە ئارتۇق كىرىم قىلىدۇ. بۇ يەر ھەيدەش، سۇغىرىش، يىغىۋېلىشقا ئوخشاش قىيىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ قوي بېقىشىغا چولپان بىلەن ئاتاي يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

— ئۇلاردا شۇنچە پۇل بارمىكەن؟ — سورىدى داۋۇت.

— پۇلى بارلار بارىچە بېرىدۇ. يوقلارغا پېقىر، داۋۇتباي، خاسىيەتلەر قەرز بېرىدۇ. مەن يۈز قوي ئېلىپ ئون تۆل خوتۇنغا بېرىمەن. پۇلى يوقلارغا يېزىلىق ھۆكۈمەت قويلىرىنى نېسىگە بېرىشى كېرەك.

بۇ پىكىر يىغىننى زىلزىلىگە كەلتۈردى، داۋۇت:

— قەرز بەردۇقمۇ دەيلى، ئۇلار مالنى سېتىپ خەجلىۋالسىچۇ ۋە ياكى سويۇپ يەۋالسىچۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىز ئۇلاردىن يەر خېتىنى ئېلىۋالىمىز. ئۇلارنىڭ مېلى كۆپەيگۈچە قەرز ھېسابىغا يېرىنى ئىجارىگە ئالىمىز، ئاققۇنلاردىن كۆپرەك ئىجارە ھەققى، ئوت - چۆپ، يېمەك بېرىمىز، يەنە ئۇلار بىلەن مالنى سېتىشقا، سويۇپ يېيىشكە بولمايدىغانلىقى، پەقەت كۆپەيتىشكىلا بولىدىغانلىقى خۇسۇسىدا توختام تۈزىمىز.

مېھرىگۈلنىڭ بۇ پىكىرلىرى خېلىلا ئاساسقا ئىگە ئىدى. ئەقىللىق خاسىيەتقىز بۇ ئاساسنى چۈشەندى بولغاي:

— سېنىڭچە بۇ تەدبىر ئارقىلىق ھەم مالنى ساقلاپ قالىسەن، ھەم نامرات خوتۇنلارنى يۆلەيسەن - دە، — دېدى.

— ئوھوي، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش ئۇسۇلى دېگەن مۇشۇ ئىكەن - دە، — دېدى داۋۇتمۇ.

يىغىن مۇشۇنداق قارارغا كەلدى. بۇ ۋەزىپىنى يەنىلا داۋۇت بىلەن ئاتايغا تاپشۇردى. داۋۇت يېزا باشلىقى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇ چارۋا مالنى نامراتلارغا سېتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى يۆلەش پىكرىنى بەردى، ئۇلار مالنىڭ بىر قىسىم پۇلىنى نەق بېرىدىغان، قالغىنىنى بەش يىلغىچە بېرىپ بولىدىغانلىقىنى

ئىزھار قىلدى. نامراتلارنى يۆلەش يۇقىرىنىڭ مۇھىم سىياسىتى ئىدى. شۇڭا يېزا باشلىقى ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. داۋۇت يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن توختام تۈزدى، قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ رەسمىيىتىنى ئۆتىدى.

مېھرىگۇل شەخسىي پۇلىدىن (بۇنىڭ ئىچىدە ئاتايىنىڭ پۇ-لىمۇ بار) 30 مىڭ سوم بەردى. داۋۇت، خاسىيەتلەرلا ئەمەس، باشقىلارمۇ چامىنىڭ يېتىشىچە قەرز پۇل بەردى. بۇ پۇللارنى داۋۇت يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ ھۆججەت ئالدى. ئاتاي بىلەن چولپان تۇل خوتۇنلارغا تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ باردى، توختامنامە تۈزدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ يەر خەتلىرىنى ئېلىپ، ھەر ئائىلىگە ئوندىن قوي بەردى. چولپان ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ بىر قويغا ئەتىگەندە بىر ئوچۇمدىن، كەچتە بىر ئوچۇمدىن كۆپتۈ-رۈلگەن قوناق بېرىش، چۇشتە چۆپ ياكى غازاڭ بېرىش، تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇز يالىتىشنى تاپىلىدى.

— ھازىر، — دېدى ئۇ، — يەم بەرمىسەڭلارمۇ بولىدۇ. ئېگىز ئېچىلدى، ئاشۇ ئېگىزلىقتا بېقىڭلار. قوي بېقىۋېتىپ، ئېرىق بويلىرىدىكى چۆپلەرنى يۇلۇپ كېلىڭلار. ئۆز يېرىڭلارغا تاشلاپ كېتىلگەن قوناق شاخلىرىنى توشۇۋېلىڭلار، ئۇنى بول-تۇرقىدەك تونۇرغا سالماي، قويلارغا بېرىڭلار.

بۇ ھەم يېنىك، ھەم قىزىقارلىق ئەمگەك ئىدى. تۇل خوتۇنلارلا ئەمەس، كەنت بېقىۋاتقان قېرى، ئاجىز ئەركەكلەرمۇ قوي ئېلىپ بېقىشقا باشلىدى. ئۇلار قويلارنى خۇددى ئۆز بالد-سىدەك كۈتۈشكە باشلىدى، بىر تۇل خوتۇن قىش كىرگەن ھامان قويغا ئىسسىق سۇ ئىچۈرىدىغان بولدى، قوناقنى قايىند-ىتىپ كۆپتۈرۈپ بەردى. ئۇ خۇددى «تۆتۆ قوزام» چۆچىكىدىكى مومايدەك، قوزىسىنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتاتتى:

تۆتۆ قوزام،
يېنىمغا كېلىڭ.
سۈنىڭ ئىسسىقىنى،
قوناقنىڭ يۇمشىقىنى،
سىزگە ئەكەلدىم.

چولپان موماينىڭ مۇشۇنداق ناخشا ئېيتىۋاتقىنى ئۇستىگە كېلىپ قالدى. ئۇ موماي بىلەن پاراڭلىشىپ كەتتى:
— موما، سوغۇق تېگىپ قالمىسۇن، سۇنىغۇ ئىللىتىپ بېرىپتىلا، قوناقنى كۆپتۈرۈپ بەرگەنلىرى نېمىسى؟
— ۋاي قىزىم، قويمۇ بىزگە ئوخشاش جاندارغۇ، قارا، مۇنۇ قوزامنىڭ چىشىنى، نەۋرەمنىڭ چىشىدەك يۇمران، بۇ چىش قاتتىق قوناققا قانداق ئۆتىدۇ؟ كۆپتۈرۈپ بەرسەمچۇ سەن كۆكۋاشنى پىشۇرۇپ يېگەندەك، مەززە قىلىپ چايناپ، تەمىنى تېتىپ يەيدۇ. يېمەك تەنگە سىڭسە ساغلام بولىدۇ ۋە سەمرىدۇ.
— ۋاھ، خېلى ئىلمىيلىكى بار ئۇسۇلكەن بۇ، — دېدى چولپان ۋە باشقىلارغا بۇ ئۇسۇلنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭمۇ قوناقنى كۆپتۈرۈپ بېرىشىنى تەشەببۇس قىلدى.

## 5

— هوي ئاپا، زىننەت موماي قاپتۇ، نامرات بولا - بولا زىننەت مومايدەك بولماس. ئۆيىدىن چاشقان يامانلاپ چىقىدىكەن، بىر يوتقانغا ئوغلى، قىزى ئۇچى ئورنىپ ياتىدىكەن. ئوغلى تۇغما دەلدۈش بولغاچقىمۇ ھېچكىم ئىش بەرمەيدىكەن، قىزى ئاغرىقچان ئىكەن، بىچارە مومايلا ئانچە - مۇنچە مىدىرلاي-دىكەن، مەن ئۇلارغا بەش ساغلىق ئېلىپ بېرەي دەيمەن، — دېدى بىر كۈنى ئاتاي.

— ئەجەب ئۇقماي قاپتىمەنا، — دېدى مېھرىگۇل، — ئەمىسىچۇ قارا، ئاۋۋال مۇنۇ ئاكاڭنىڭ ئورۇن - يوتقىنىنى، كىيىملىرىنى ئاپىرىپ بەرگىن، يەنە ئاشخانىدىن گۆش، نان، ئاپىرىپ بەر، ئاندىن ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقىن. ئىشىم چىچىمە- دىن تولا بولمىغىنىدا ئۆزۈم ھال سوراپ باراتتىم. ئوغلى قارا ئىش قىلالىسىلا تۇردىغا يارده‌مله‌شتۇرەيلى. تۇردى ئۇنىڭغا ئىش ئۆگەتسۇن، زىننەت موماي ماقۇل تاپسا باشقىلار قاتارىدا يەر خېتىنى ئېلىپ، ئون قوي بېرەيلى.

— بۇ پىكرىڭ بەك ئەتراپلىق بولدى، شۇ بويىچە قىلاي، ھازىرلا ئاپىرىپ بېرەي.

ئاتاي ئاكىسىنىڭ يېڭى ئورۇن - يوتقىنىنى، كىيىملىرىنى بوپىلاپ، ۋېلىسىپتىنىڭ كەينىگە باغلىدى، ئۇ مىنىش ئەپسىز بولغاچقا ۋېلىسىپتنى يېتىلەپ ماڭدى. ئۇ زىننەت مومايىنىڭ ئۆيىگە كىردى. كۆردىكى، ئۇلار قاتتىق - قۇرۇق ناننى قايناق- سۇغا چىلاپ يەۋاتاتتى. ئاتايىنىڭ ئىچى سىرىلىپ كەتتى. ئۇ گەپمۇ قىلالمىدى، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ھويلىغا چىقتى. ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئاشۇ زاغرا نان، قايناقسۇغىمۇ تويماي ئاچ - زېرىن ئۆتكىنى كۆز ئالدىغا كەلدى - دە، بۇقۇلداپ يىغلىۋەت- تى. زىننەت موماي:

— ھوي بالاموي، داستىخىنىمىز ساڭا ياقمىسىمۇ ئولتۇر- ساڭ بولماسمىدى، — دېدى چىقىپ.

ئاتاي كۆزىدىكى ياشنى ئىتتىك سۈرتۈۋېتىپ:

— ئۇنداق دېمىسىلە موما، ئاپام سىلىنى يوقلىتىپ ئەۋەت- كەندى. مۇنۇلارنى ئەكىرەي دەپ چىقىۋىدىم، — دېدى.

— ۋاي - ۋۇي، كەمبەغەل، كەمبەغەلنىڭ قاياشى - دە، ئاپاڭمۇ بىز دەك كەمبەغەللىكنىڭ دەردىنى تارتقان، كۆپ جۇۋاپ- تۇ، مىڭلارچە رەھمەت، ئاللا ئىگەم مېھرىگۇلگە بىرگە مىڭنى بەرگەي.

ئاتاي ۋېلىسىپىتىدىكى يۈكلەرنى ئالدى.

— هاي توختى، بۇياققا چىق، باي ئاكاڭ ساڭا كىيىم ئەكەپتۇ، ئۆيگە ئەكىرگىن، — دەپ چاقىردى موماي ئوغلىنى.

ئون بەش ياشلار چامىسىدىكى ئوغۇل ھىجىيىپ چىقتى. ئۇ ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىدىكى يوتقان - كۆرپىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى. كەينىدىن ئاتاي كىيىملەرنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئاتاي بۇدا كىرگىنىدە ئۆيگە سەپسالدى. ياماق چۈشكەن بىر پارچە كىگىز ئەسكى بورا ئۈستىدە تۇراتتى، يېشى يىگىرمىدىن ئاشقان، ئورۇقلۇقىدىن قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالغان قارا قۇمۇچاق قىز داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. ئاتاي ئاكىسىنىڭ چاپىنىنى توختىغا كىيگۈزۈۋېدى، سەل چوڭ كېلىپ قالدى. ئەمما توختى خۇشاللىقىدا چاپاننىڭ چوڭلۇقى بىلەن ھېسابلاشمىدى.

— تازىمۇ ياراشتى، — دېدى قىز، — ئەكىلە، مەن يېڭىنى ئىچىگە تىقىپ تىكىۋېتەي، شۇندا ئۇزۇن كەلمەيدۇ.

توختى چاپاننى سالغىلى ئۇنىمىدى. موماي ئۇنىڭغا يۇمشاق تىلى بىلەن چۈشەندۈرۈۋېدى، توختى سالدى ۋە:

— تىكىپلا بېرىسەن جۇمۇ، — دېدى.

— ھەي توختى، توخۇ باقامسەن؟ — دەپ سورىدى ئاتاي.

— توخۇ باقىمەن، ئۇلار بىلەن ئوينايمەن.

— ياخشى، سېنى مېھرىگۈل ئاپاڭ شىركەتنىڭ توخۇلىرىنى باقسۇن، ئايلىقىغا 200 سوم بېرىمەن، ئاشخانىدىن ئېسىل تاماقلار يەيدۇ، دېدى، بولامدۇ؟

— ۋاھ ـ ھا ـ ھا. مېھرىگۈل ئاپام مۇنۇ ئاپامدىن ياخشى، يۈر، يۈر بارىمەن.

— توختا، يەنە بىر مۇھىم ئىش بار، — دەپ ئاتاي زىنىنەت مومايغا ئۆرۈلدى، — سىلەرگە ئاپام ئون قوي بەرمەكچى، سىلەر بۇنى بېقىپ، قوزىسىنى ئېلىپ كۆپەيتىسىلە، يۇڭىنى قىرقىپ ساتىسىلە، ئەمما قويلارنى سېتىشقا، سويۇشقا بولمايدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن يەرنى بىز ئىجارىگە ئالىمىز، ئىجارە ھەققىنى بۇلتۇر ئىجارىگە ئالغۇچىلار بەرگەندىن ئارتۇق بېرىمىز. يىللىق يەيدىغان ئاشلىقىڭلار بىلەن ماي بېرىمىز. قويۇڭلاردىن تۇغمىغانلارنى مەن يەنە سىلەردىن سېتىۋېلىپ، ئورنىغا تۇغىدىغان قوي ئېلىپ بېرىمەن. بولامدۇ؟

— بولمامدىغان بالام، مەھەللىدىكى ماڭا ئوخشاش خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى قوي بېقىۋاتىدۇ، مېھرىگۈل بىزگە ئىشەنمەي بەرمىگەن چېغى دەپتىمەن. قىزىم ئىككىمىز قوشنىلاردىنمۇ ياخشىراق باقىمىز.

— مېھرىگۈلدەم مېنى ئاغرىقچان، دەپ شىركىتىگە ئالمىسىمۇ ئاپام بىلەن قوي باقالايمەن، — دېدى قىزىمۇ.

— ئەمىسە بەك ياخشى بولدى، يەر خېتىڭلارنى شىركەتكە تاپشۇرۇۋسىلەر، ھازىرلا توختام يازىمەن.

ئاتاي شۇنداق دەپ توختام يازدى. زىننەت موماي يەر خېتىنى ئېلىپ چىقىپ بەردى ۋە توختامغا قول قويدى. ئاتاي توختىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ توختىنى تۇردىغا تاپشۇردى. تۇردى ئاشخانىدا توختىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزدى – دە، «توخۇ فېرمىسى»غا باشلاپ باردى. ئۇ توخۇلارنى كۆرسىتىپ، ساناپ ئۆتكۈزدى. ئۇلارغا قايسى ۋاقىتتا دان چېچىپ بېرىش، قايسى چاغدا سۇ بېرىش، توخۇمىنى قانداق يىغىشنى ئۆگەتتى.

ئەتىسى ئاتاي چولپان بىلەن ئون ساغلىقنى ھەيدەپ زىننەت مومايىنىڭ ئۆيىگە ئاپاردى. زىننەت موماي بىلەن قىزى شۇنچە خۇش بولدىكى، نېمە قىلارنى بىلمەي قالدى. ئاتاي ئىككى قىزنىڭ ياردىمى بىلەن كونا ئېغىلنى تۈزەپ قويلارنى سولىدى، چولپان ئۆزى ئېلىپ كەلگەن يەمنى قوتان ئوقۇرىغا چېچىپ تۇرۇپ، قىزغا بېقىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتتى ۋە تاپىلىدى:

— مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە بېرىڭ. ئاشۇرۇۋەتسىڭىز يەمچۈك بولۇپ سېمىرەلمەيدۇ.

— بىلىمەن، بۇلارنى ئوبدان باقالايمەن.

## 6

— مېھرىگۈلنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ چىرايىلا ئوخشاپ قالماي، قىلىقلىرىمۇ مېھرىگۈلگە ئوخشايدۇ، — دەپ زىننەتخان موماي قوشنىسىغا سۆزلەپ ئولتۇرۇشىغا ئاتاي بىر ئادەمنى باشلا كەلدى. موماي ئالدىراپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئاتاي ھويلىغا كىرىپ، ئوڭ تەرەپتىكى بىر چۆنەكلىككە باردى. بۇ چۆنەكلىكتە موڭغۇللارنىڭ قالپىقىدەك موگۈلار قاتار تىزىلىپ تۇراتتى. ئاتاي باشلا كەلگەن ئادەم بىر تال موگۈنى ئۈزۈپ يەپ كۆردى ـ دە، باھاسىنى سورىدى:

— بىر كىلوسى ئۈچ سوم، — دېدى ئاتاي.

— بەك قىممەت دېدىڭىز، مەن ئۆزۈم كىلوسىنى ئۈچ سومدىن سېتىۋاتىمەن.

— قېنى، سىز دەڭا، نەچچە سومدىن بېرەرسىز؟

— ئىككى سومدىن بېرەي.

— بولمايدۇ.

ئۇلار مۇشۇنداق سودىلىشىپ، كىلوسىنى ئىككى يېرىم ئوتتۇز تىيىندىن كېلىشتى. خېرىدار موگۇ ئۈزۈۋاتقاندا، ئاتاي ئاشخانىنىڭ تارازىسىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار بىر ھارۋىدەك موگۈنى تارتتۇردى، نەق يىگىرمە بىر كىلوگرام چىقتى. خېرىدار قىرىق ئالتە سومنى ئاتايغا تەڭلىدى.

— كەمغۇ؟

— موگۇ چوڭ تارازىدا تارتقاچقا كىچىك تارازىدا پارچە ئۆلچەپ ساتسام كەم چىقىدۇ. شۇڭا بىر كىلوگرامنى جالىسىغا ئالدىم.

— ۋاي ـ ۋاي، سەنمۇ دېھقاننى غاجىغىن، — دەپ ئاتاي

پۇلنى ئېلىپ زىننەتخان مومايغا بەردى.

كۆكتاتچى هارۋىسىنى سۆرەپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئەتە يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. زىننەتخان مومايىنىڭ قولۇم - قوشنىلىرى بۇ بىر چۆنەك موگۇلۇقنى «ئاتايىنىڭ تۇگمىنى» دەپ ئاتاشتى. ئاتاي قوي ئەكىلىپ بەرگەن كۇنىلا بۇ بىر يېرىم مولۇق هويلىنىڭ قوراي بېسىپ تۇرغىنىنى كۆرگەن ۋە كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۇككەنىدى. باهار كىرىشى بىلەن توختى ئىككىسى يەرنى ئاغدۇردى، ئالما كۆچەتلىرى تىكتى. كۆچەت ئارىلىقىغا سەۋزە، تۇرۇپ چامغۇر، ئاش چامغۇر، پىياز ئۇرۇقى چاچتى، بىر چۆنەكنى ئايرىم ئېلىپ قويۇپ، بىر دۆۋە قىغنى قوتاندىن ئېلىپ چىقىپ چاچتى. ئاندىن ئون سانتىمېتىر قېلىن توپىنى يانغا چىقىرىپ قويدى. ئەتىسى هەممىنى هەيران قالدۇرۇپ، بىر هارۋا قارىغاي قوۋۇزىقىنى سۆرىتىپ ئەكەلدى. ئۇ توختىغا ئۆگىتىپ تۇرۇپ، قوۋزاقنى ئاغدۇرغان يەرگە تىزدى، تۆپىسىگە چىقىرىپ تاشلىغان توپىنى چېچىپ، ئاندىن موگۇ ئۇرۇقىنى سالدى. بۇ موگۇلۇق ئەنە شۇنداق پەيدا بولغانىدى. ئۇ هەقىقەتەن تۇگمەن ئىدى. هەر كۇنى بىر هارۋا موگۇ تەييار بولاتتى. چوڭلىرى ئېلىنىپ، ئۇششاقلىرى قالاتتى. ئەتىسى بۇ ئۇششاقلىرى يوغىناپ چۆنەكلىكنى ئاپئاق موگۇ قاپلايتتى. ئاتاي بۇ چۆنەكلىكتىن 7000 سوم كىرىم قىلىپ بەردى. پۇلنىڭ سۇنۇقىنى كۆرمىگەن زىننەتخان مومايىنىڭ خۇشاللىقى كۆككە يەتتى. قىزىنى داۋالىتىپ سەللىمازا ساقايتتى. ساغلىقلاردىن ئون ئۇچ تۆل ئالدى. تۆل ئېلىشتا چولپان بىر نەچچە كۇن، هەتتا كېچىلىرى قاتنىشىپ، تۆلنىڭ ساغلام ئېلىنىشىغا هەسسە قوشتى. بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇش بولغان زىننەتخان مومايىنىڭ قىزى ئۇنى سۆيۈپ قويماقچى بولۇپ ئالدىغا كېلىپ قۇچاق ئېچىۋىدى، چولپان:

— ئاتايىنى قۇچاقلاڭ، — دەپ ئىتتىرىۋەتتى.

بۇنىڭدىن ئانا بىلەن قىز ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قېلىشتى.
چولپان قۇرۇق سۇدىلا قولىنى يۇدى – دە، مومايغا:
— قوزىلىرىڭىز سوغۇقتا قالمىسۇن، ھاۋا ئىلىلغۇچە ئۆيدە بېقىڭ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ساغلىقنى سېغىڭ، — دەپ قويۇپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.
زىننەتخان مومايىنىڭ خۇشاللىقى – چەكسىز ئىدى، ئۇ قولۇم – قوشنىلىرىغا ئاتاي بىلەن چولپاننىڭ بۇ ئاجايىپ خالىس ياردىمىنى سۆزلەپ ھارمىدى. قولۇم – قوشنىلىرىمۇ قاتتىق تەسىرلەندى، ئۇلار نورۇز كەلگەن ھامان ئاتايىنى ئۇستاز تۇتۇپ، قورۇلىرىدىكى قورايلارنى يۇلۇپ تاشلىدى، يېرىنى يەرلىك سا-پان بىلەن ئاغدۇرۇشتى، ئاتايىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن موگۇ تېرىشتى. شۇ يىلى بۇ كوچىدىكى دېھقانلار موگۇ سېتىپ نۇر-غۇن كىرىم قىلىشتى، كىشىلەر بۇ كوچىنى «موگۇچىلار كوچى-سى» دەپ ئاتىشىۋالدى. بۇ ئىش مېھرىگۈلنىڭ دىققىتىنى قوز-غىدى، ئۇ ئوغلىنىڭ ئەقلىگە زوقلاندى. شىركەتتە تۇل خوتۇن-لاردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، كەڭ دائىرىلىك موگۇ تېرى-دى.

# 7

بىر كۈنى چولپان شېكەر زاۋۇتىغا باردى، ئۇ شېكەر ئىش-لىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ زاۋۇت ھويلىسىغا چىقتى، كۆردىكى، بىر نەچچە يەردە قىزىلچا تىرىپلىرى دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. شۇن-داق تىرىپ دۆۋىلىرىدىن بىرىنى بىر كىشى تراكتور كۈزۈپىغا بېسىۋاتاتتى. چولپان شۇ يەرگە باردى ۋە سورىدى:
— ھاي ئۇستام، بۇنى نەگە ئاپىرىسىز؟
— سىرتقا ئاپىرىپ تۆكۈۋېتىمەن.
— بىزنىڭ زاۋۇتقا ئاپىرىپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟

— يىراقمۇ؟
— يىراق ئەمەس، — دەپ چولپان زاۋۇت ئورنىنى دەپ بەردى.
— ھە، بىز قىزىلچا توشۇغان مۇرابىا زاۋۇتىمۇ؟
— تاپتىڭىز، دەل شۇ.
— ئۇ يەر يىراق، ماي كۆپ كېتىدۇ.
— پۇلىنى بېرەي، بىر تراكتور ئاپارسىڭىز بەش سوم بېرىمەن.
— قانچە تراكتور ئالىسىز؟
— بارلىق تىرىپنى ئالىمەن، زاۋۇتتا تىرىپ تۈگىگۈچە ئالىمەن.
— ماقۇل ئەمىسە، بۇنى بېسىپ بولاي.
ئۇ تراكتور ساندۇقىنى تولدۇرغۇچە چولپان كىرىپ شېكەرنى قول ھارۋىسىغا بېسىپ چىقتى. ئۇ تراكتورچىنىڭ تىرىپنى سولىياۋ بىلەن بېپىشىغا ياردەملەشتى، ئارغامچىدا تارتىپ باغلاشتى، تراكتورچىمۇ ئۇنىڭ شىكەرلىرىنى بېسىشىپ بەردى. چولپان تراكتورنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ ئولتۇردى. ئۇ ئالدى بىلەن شېكەرنى مۇرابىا زاۋۇتىغا چۈشۈردى، ئاندىن تىرىپنى قوي قوتىنىنىڭ ئالدىغا چۈشۈرۈپ، تراكتورچىغا بەش يۈەن بەردى. تراكتورچى يەنە ئەكىلىشكە ۋەدە قىلىپ كەتتى. چولپان شۇ ھامان قوي بورداۋاتقان ئاياللارغا خەۋەر قىلدى:
— بۈگۈندىن باشلاپ، قوناقنى بىر ۋاق بېرىڭلار، يەنە بىر ۋاقلىقىغا قىزىلچا تىرىپى بېرىسىلەر، مىشكاپ، چېلەك ئاپىرىپ قوي قوتىنىدىن تىرىپ ئېلىڭلار.
ئۇ ئۇقتۇرۇپ بولۇپ قايتىپ كېلىشىگە، ئاۋۋال كەلگەن ئاياللار بىر چەتتىن تىرىپنى ئېلىشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. چولپان ئۇلارنى توختاتتى:
— ھازىر كەلگىنى بىرلا تراكتور، شۇڭا بىرلا چېلەكتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى

بىر ىمەن، ئۆچىرەتتە تۇرۇڭلار.

چولپان ئاياللارغا تۆمۈر گۈرجەكتە تىرىپ ئۇسسۇپ بىرتۇپا تىپ، قويلارغا تىرىپنى قانداق، قانچىلىك بېرىشنى ئېيتىپ بەردى. ئاندىن:

— كۈندە مۇشۇ ۋاقىتتا كېلىپ ئەكېتىڭلار، — دېدى.

8

ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن ئەمەسمۇ، قويلارنى تۇل خوتۇنلارغا بېرىشتە داۋۇت ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. يەتتە تۇل خوتۇن قويلارنى بىر ـ بىرلەپ سېتىۋەتتى. ئۇلاردىن ئىككىسى ئىككى ـ ئۈچتىن قوينى سېتىپ داۋالاندى. بۇ ئەھۋال-نى چولپان سېزىپ قالغاندى. ئۇ تىرىپ ئېلىشقا بۇ ئائىلە ئاياللىرىنىڭ كەلمىگىنىنى كۆرۈپ گۇمانلاندى، ئۇ بىر كۈنى ئاشۇ ئاياللارنىڭ ئۆيلىرىگە باردى، قوي تۇرماق قوتانلىرىمۇ يوق! ئۇ بۇ خوتۇنلاردىن سورىدى. ئۇلار غەم قىلىپمۇ قويماي:

— قوينى بىزگە توق تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار، دەپ مېھرى-گۈل بىلەن داۋۇت بەرگەن، گۆش، چاي ـ تۇزىمىز بولمىغاچ سېتىۋەتتۇق، بىرەر قۇر يېڭى كىيىملەرمۇ كىيدۇق، — دېيىشتى.

چولپان ئۇلارغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى ـ دە، توپتوغرا داۋۇتقا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

— مەن دېمىدىممۇ، بۇ چىشى بۆرىلەر يەتمىش ئالتە قوينى يالماپ يۇتۇۋېتىپتۇ، — دەپ داۋۇت چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى.

— ئۇلار نامرات ئەمەس، بەلكى يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئىكەن، — دېدى چولپان خاپا بولۇپ.

مېھرىگۈل ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپلا قويدى.

— تېخى بىزنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈۋاتىسىزغۇ؟ — دېدى

داۋۇت قوپاللىق بىلەن.

— ئەمىسە يىغلايمۇ؟ — دېدى مېھرىگۇل، ئاندىن جىددىي تۇردە بۇيرىدى، — هازىرلا بېرىپ، ئۇ «يەتتە باشلىق يالماۋۇز- لار» بىلەن سۆزلىشكىلار، هۆرۈ - پۆرۈ دېسە توختام بويىچە ئىش كۆرۈڭلار.

— توختام بويىچە؟

— هەئە.

— يېرىنى تارتىۋالىمىزمۇ؟! — دەپ سورىماي تۇرالمىدى چولپان.

— ئەلۋەتتە.

— ئۇ، ئۇنداقتا ئۇلار قانداق جان باقىدۇ؟

— قوي ساتقان پۇلى بىلەن.

چولپاننىڭ ئاغزىدىن مۇنۇ گەپ تۇيۇقسىز چىقىپ كەتتى:

— بەك رەھىمسىز ئىكەنسىز!

— بىلىپ قوي قىزىم، شىركەت خەير - ساخاۋەت ئورنى ئەمەس، شىركەتكە ھەسسە قوشقانلارنىڭ سەرمايىسىنى سورۇۋې- تەلمەيمەن. توختامنى ئىجرا قىل دېگەندىكىن قىل، — ئەمدى مېھرىگۇلنىڭ ئاچچىقى تۇتتى.

داۋۇت ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلاتتى. شۇڭا قىز بىلەن ئىك- كىسىنىڭ تالىشىشىغا ئارىلاشمىدى. ئۇ:

— يۇرۇڭ چولپان، — دەپ ماڭدى.

ئەتىسى بۇ ئىش ئاياللار ئارىسىدىلا ئەمەس، مەھەللە، يېزا بويىچە پۇر كەتتى، ھەممە بۇ ھەقتە مۇنازىرىلەشتى، كۆپ قىسى- مى «مېھرىگۇل توغرا قىپتۇ» دېيىشتى. مال بورداۋاتقان، بېقىۋاتقانلار بۇنىڭدىن ساۋاق ئالدى. چولپان مېھرىگۇلنى «رە- ھىمسىز» دېگىنىگە پۇشايمان قىلدى. چۈنكى، ئۇ «مېھىر - شەپقەتتە كەڭ قورساق بولۇش، تۈزۈمدە قاتتىق بولۇش كېرەك ئىكەن» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

# ئون بەشىنچى باب

## ساختىمۇ ئالدىنىدىكەن

### 1

نۇرتاي ئالمۇتىغا چىقىمەن، دەپ غىڭشىۋەردى، مېھرىگۈل ئاخىر بولماي، ئۇنىڭغا نۇرگۈلنى قوشۇپ ئەۋەتتى. ئۇلار بىر ماشىنا مۇرابىا، بىر ماشىنا گۈلقەنت ئېلىپ چىقتى. نۇرتاي ماشىنىلارنى توپتوغرا دۇكىنىغا ئېلىپ باردى ۋە ئۇلار ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. نۇرگۈل دۇكاننىڭ ئېتىكلىك تۇرغىنىنى، ئۆزى ئورناتقان ۋىۋىسكىلارنىڭ رەڭگى كېتىپ، قىڭغىر تۇرغىنىنى، ئۇيەر - بۇيېرىنىڭ تېشىلگىنىنى كۆردى. نۇرتاي نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى، ساۋۇتنىڭ نەدىلىكىنى قوشنا دۇكانداردىن سورىۋىدى:

— ئۇنى جالاپخانىدىن ئىزدەپ باق، — دېدى دۇكاندار.

نۇرتاي ھەدىسىنىڭ سوئال نەزىرىگە:

— ھازىرچە ماللارنى ھەجەر ھەدەمنىڭ قورۇسىغا چۈشۈرۈپ تۇرايلى، — دەپ جاۋاب بەردى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — نۇرگۈل ئىنىسىغا قادىلىپ تۇرۇپ سورىدى.

— ھازىرچە سورىما، ئاۋۋال ساۋۇتكامنى تاپاي، — دېدى نۇرتاي بىرىنچى ماشىنىنىڭ كابىنكىسىغا ئولتۇرۇۋېتىپ.

ھەجەر ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. نۇرتاي يۈكلەرنى چۈ-

شۇرۇپ، چاي ئىچىپ بولۇپمۇ خاتىرجەم ئولتۇرالمىدى. ئۇ كوچىغا چىقىپ تاكسى توردى ـ دە، قوشنا دۇكاندار ئېيتقان «جالاپخانا»غا باردى. بۇ ئەسلىدە مېھمانخانا بولۇپ، بىرىنچى قەۋەتتى رېستوران ئىدى. كوچىلاردا قار كۆرۈنمەيتتى، ئەمما سوغۇق ئىدى. ئالمۇتىدا قار ياغقان هامان تۇز چېچىپ، قارنى ئېرىتىۋېتەتتى. نۇرتاي تاكسىدىن چۈشۈپ مېھمانخانىنىڭ رېستورانىغا كىرىپ قارىدى، ساۋۇتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. مېھمانخانا كۈتكۈچىلىرىدىن ساۋۇتنى سورىدى، ئۇلار «نىزنايۇ»① دەپ مۈرىسىنى چىقاردى. ئۇ مېھمانخانىدىن سالپىيىپ قايتىپ چىقتى. نۇرتاي ئاستا مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا چىققانىدى، قۇلىقىغا بىر ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بىلىندى. ئۇ ئەتراپقا قارىدى، يەنە ئىڭراش ئاڭلاندى. ئۇ ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلانغان تەرەپكە ماڭدى ۋە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇزۇن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا بىر ئادەم تۇگۈلۈپ ياتاتتى. ئۇ ئىتتىك بېرىپ، ئۇ ئادەمنىڭ يۈزىنى ئۆزىگە قاراتتى. بۇرنىدا قېتىپ قالغان قان، كۆكەرگەن تونۇش چىرايىنى كۆردى ۋە ئەندىكىپ چاقىردى:

— ساۋۇتكا، هوي ساۋۇتكا، كۆزۈڭنى ئاچقىنا!

— ئېھى ـ ئېھى، ئۆھۇ ـ ئۆھۇ، — نۇرتاينىڭ چاقىرىقىغا ئىڭراش بىلەن يۆتەل قوشۇلغان جاۋاب بولدى.

«ئاپلا، تاياق يەپتۇ، بۇلاڭچىلار ئۇرۇپ بۇلىغان ئوخشايدۇ، بىرەر يېرى توڭلاپ قالمىغاندۇ» نۇرتاي ئاشۇ خىياللار بىلەن چوڭ يولغا چىقىپ تاكسى توردى. ئۇ شوپۇر بىلەن بىللە ساۋۇتنى كۆتۈرۈپ كىرا ماشىنىسىغا سالدى. شوپۇر سورىدى:

— كۇدا پايدۇم؟②

---

① نىزنايۇ ـ رۇسچە، بىلمەيمىز، دېگەن سۆز.
② كۇدا پايدۇم ـ رۇسچە، قەيەرگە بارىمىز؟ دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

— دىروۋژبا.[1]
تاكسى ئون بەش مىنۇتتىلا ھەجەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدى. نۇرتاي ھەجەرنى چاقىردى. ئۇ تاكسىدا بىھوش ياتقان ساۋۇتنىڭ ئەپتىنى كۆرۈپ چۆچىدى:
— «ئەل رازى» دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىڭ، ئۇنىڭ دوختۇرى سىلەرنىڭ شەھەردىن كەلگەن توختۇر، تېز بولۇڭ، بولمىسا ئۆلۈپ قالىدۇ.
— «ئەل رازى» قايسى كوچىدا؟
— «سۇلتان قورغان»[2] كوچىسىدا.
— ھەدەمگە ئېيتماڭ - ھە! — دەپ نۇرتاي ماشىنىغا چىقتى.

## 2

«ئەل رازى» دېگەن دوختۇرخانىنىڭ ئىسمىمۇ ياكى ئالمۇتا خەلقى بەرگەن ناممۇ، بۇنى نۇرتاي سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىدى.
دوختۇر ساۋۇتنى تەكشۈرۈپلا، بىر ھەمشىرىگە بۇيرىدى:
— قار ئەپكىرىڭلار، — كېيىن نۇرتايغا قاراپ دېدى، — كىيىمىنى سالدۇرۇڭ.
نۇرتاي ساۋۇتنىڭ پالتو، كاستۇم - بۇرۇلكىلىرىنى يېشىپ سالدۇردى. دوختۇر ساۋۇتنى ئوڭدا ياتقۇزدى - دە، مەيدىسىنى كۇچەپ باستى. ئاندىن ھەمشىرە ئەكىرگەن قار بىلەن ساۋۇتنىڭ باش - كۆزى، قول - پۇتلىرىنى ئۇۋىلاشقا باشلىدى. ھەمشىرىنى پۇتىنى ئۇۋىلاشقا بۇيرىدى. بىرەر سائەت

---

① دىروۋژبا - رۇسچە، ئالمۇتا شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى بىر جاينىڭ نامى.
② سۇلتان قورغان - ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانى ئەلاخان سۇلتان پالانغان قورغان.

مۇشۇنداق ھەپىلەشكەندىن كېيىن ساۋۇت ئىگرىدى. نۇرتاي خۇ-شال ئاۋازدا:

— ھوشىغا كەلدى، ھوشىغا! — دەۋەتتى.

دوختۇر ئۇندىمەي ساۋۇتقا يوتقان يېپىپ، ھەمشىرىگە ئو-كۇل سېلىشنى بۇيرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ھەمشىرە ساۋۇتقا ئاسما ئوكۇل سېلىپ قويدى.

نۇرتاي كەچ كىرگۇچە ساۋۇتقا قاراپ ئولتۇردى. ساۋۇت-نىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى پىلدىرلايتتى، مانا مۇشۇلا ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. نۇرتاي كەچتە كو-چىغا چىقتى ۋە ھەدىسىگە:

— ساۋۇتكام «ئەل رازى» دوختۇرخانىسىدا يېتىپ داۋالى-نىۋېتىپتۇ، مەن كېچىچە ئۇنىڭغا قارايمەن، — دەپ تېلېفون بەردى. ئاشخانىدا تاماقلىنىپ يەنە ساۋۇتنىڭ يېنىغا كىردى.

ئەتىسى ساۋۇت گەپ قىلالايدىغان ھالغا كەلدى. نۇرتاي ئۇنىڭغا سۇت ئىچۇردى. كەچلىكى ھەجەر ئۇگرە ئاش ئېلىپ ساۋۇتنى يوقلاپ كەلدى. ساۋۇت ئاشنىڭ سۇيىدىن بەش قوشۇق ئىچتى. ئۇچىنچى كۇنى نۇرتاي ئەكىرگەن شورپىدىن يېرىم سىركاي ئىچتى. دوختۇر ساۋۇتنى تەكشۇرۇپ كۆرۇپ:

— ئۇششۇك قايتىپتۇ، ئۇ تاماققىمۇ كىرىشتى، تاماققا كىرىشكەن كېسەل ساقىيىدۇ، — دېدى.

— ئەمىسە ئاكا، بۇ ئادەمنى سىزگە تاپشۇردۇم.

— پۇلمۇ تاپشۇرۇڭ.

— چاتاق يوق، چاتاق يوق، — نۇرتاي شۇنداق دەپ كاس-سىرنىڭ يېنىغا چىقىپ، تېگىشلىك پۇلنى بەردى. ئاندىن ئۇي-غۇر ھەمشىرىگە، — سىڭلىم، بۇ ئادەمگە ئوبدانىراق قاراپ قو-يارسىز، تاماق يېسە مانا بۇ پۇلغا ئەكىرىپ بېرىڭ، — دەپ پۇل تۇتقۇزدى.

نۇرتاي ساۋۇتنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇۋىدى، دۇكاننىڭ

ئاچقۇچىدىن باشقا ھېچ نەرسە چىقمىدى، ئۇ خاتىرجەم ھالدا دىروۋزىغا قايتتى. نۇرگۈل ئىككىسى ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى دۇكانغا ئېلىپ باردى. دۇكان قۇرۇقدىلىپ قالغانىكەن، نۇرگۈل دۇكاننى چۈشكىچە تازىلىدى. ئاندىن مۇرابىا، گۈلقەنت شىشىلىرىنى سۇرتۇپ جازىلارغا تىزدى، ۋىۋىسكىلارنى يېڭىلىدى. ئۇلار خېرىدار چاقىرىپ، سودىسىنى باشلىغاندىلا، نۇرتاي ساۋۇتنىڭ يېنىغا باراالىدى.

ساۋۇت كارىۋاتتا ئولتۇرغانىكەن، ئۇنىڭ قول - پۇت، يۈزىدىكى ئۇششىگەن يەرلىرى چاۋراپ، تېرىسى سويۇلۇشقا باشلاپتۇ. ئەمما ئۆزى خېلى ياخشىلىنىپ قاپتۇ. ساۋۇت نۇرتايدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ:

— شېرىكچىلىككىلا ئەمەس، يۈرتداشلىقىمۇ ياربىدىغۇ ئۇكا. مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغىنىڭغا مىڭلارچە رەھمەت! — دېدى.

— نېمە بولۇپ ئۇ يەردە يېتىپ قالدىڭ، سېنى قايسى خۇمسى ئۇرۇپ بۇلىدى؟! — نۇرتاي ساۋۇتنى ئۆلەر ھالەتتە دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەن مىنۇتتىن تارتىپ ئۆزىنى قىينىغان بۇ سوئالنى ئاخىر سورىدى. ساۋۇت يەرگە قارىغان ھالدا بوش ئاۋازدا جاۋاب قىلدى:

— سەن سورىما، مەن ئېيتماي ئۇكا.

— ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا، ئېيتقىن، ئۆچۈڭنى ئېلىپ بېرىمەن.

نۇرتاي مۇشۇنداق قىستاۋەرگەندىن كېيىن، ساۋۇت بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىش جەريانىنى بايان قىلىشقا باشلىدى.

## 3

— ئادىمنى شەيتان دېگەن يامان نېمىكەن، — دەپ ساۋۇت ھېكايىسىنى پەس ئاۋازدا باشلىدى. — دۇكاندا سودا يوق، زېرىكىپ ئولتۇرسام بىر چىرايلىق قىز كىرىپ كەلدى. چىرايلىق بولغاندا قانداق دېمەمسەن، بۇدۇر قىلىنغان ئالتۇن چاچلىرى قۇياش نۇرىدەك پارقىراپ تۇراتتى، كۆپكۆك كۆزلىرى كۆك ئاسماندەك يالتىرايتتى، نېپىز لەۋلىرى ئانار گۈلىدەك قىپقىزىل ئىدى، ئىنچىكە بەللىرى، كاساپەتنىڭ كۆكرىكىنى بىر دېمە! نېپىز شايىغا ئوخشاش كۆڭلىكىدىن ئاپئاق بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىكى قىسقا بولۇپ، يامپىشىنىمۇ ياپالمايتتى. ئۇنىڭ ئاپئاق يامپىشىمۇ شەيتاننىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ دۇكانغا كىرىپ بىر ئايلاندى، مېڭىشىنىڭ سىپتىلىقچۇ، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، ھەر بىر كۆڭلەكنى ئېلىپ كۆرسەتتىم. ئۇ مەن ئېلىپ بەرگەن كۆڭلەكلەرنى ئېلىپ، كېيىشكەن گەۋدىسىگە تارتىپ كۆرىدۇ، ئەينەككە قارايدۇ. مانا كۆردۈڭمۇ ئورۇس دېگەن ھايانى بىلمەيدىكەن. ئۇ مەن تۇتقۇزغان شىپىك كۆڭلەكنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كۆڭلىكىنى سالماسمۇ، ئوھۇي مانا بەدەن دېگەن، ئاقلىقىغا ھاكمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ، پەقەت لىپتىك تارتىلغان كۆكرىكى، ئالدى - كەينى ئەۋرىتىنى ئارانلا يېپىپ تۇرغان كالتە ئىشتىنىدىن باشقا ھەممە يېرى قىپيالىڭاچ، خوتۇنۇم بىلەن ئۆي تۇتقان سەككىز يىلدىن بېرى خوتۇنۇم ماڭا ئۆزىنى مۇنداق قىپيالىڭاچ كۆرسەتمىگەندى. «توۋا» دەيمەن، لېكىن ئاۋازىمنى ئەمەس، دېمىمنى سىرتقا چىقىرالمايمەن، پۇتكۈل دىققىتىم، كۆزلىرىم ئۇنىڭ سۇتتەك ئاق بەدىنىگە تىكىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بەدىنىگە قولۇمنى تەگكۈزۈپ باققۇم كېلەتتى. ھەي، مەن ئۇنىڭغا قولۇمنى شۇنداق سوزۇشۇمغا يەنە بىر خوتۇن كىرىپ قالدى. ئۇمۇ ئو-

رۇس ئىدى، ئۇنىڭ سىمىزلىكىنى دىمەيلا قوي، قوش ئىڭەك، قېلىن كالپۇكلىرى داردىيىپ تۇرغان. ئۇلار سالامنىڭ ئورنىغا بىر - بىرىنى ئۈچ قېتىمدىن كۈنىگە بىرەر يۈز قېتىم سۆيۈشسە كەچكىچە مانا شۇنداق داردىيىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. بۇ سىمىز خوتۇنغا قارىغاندا ھېلىقى قىز خۇددى بىر پەرى ئىدى. قىز مېنى شۇنچىلىك مەھلىيا قىلىۋالدىكىن، ھېلىقى خوتۇنغا «بۈگۈن سودا قىلمايمەن» دەپ چىقىرىۋەتتىم. ئەمدى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشىمگە قىز كۆڭلەكنى كىيىپ بوپتۇ، ئۇ ماڭا چىرايلىق بىر كۈلكە ئاتا قىلىپ:

— نەچچە پۇل؟ — دەپ رۇسچە سورىدى.

— مەن كۆڭلەكنىڭ باھاسىنى ئېيتتىم. قىز چاققانلىغىنا سومكىسىنى ئېچىپ، ئىچىنى مالتىلاپ ئاختۇردى. كېيىن تولىمۇ ئېچىنارلىق ھالدا، — ھەي، پورتمىلىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ھەي! — دېدى رۇس تىلىدا.

مەنمۇ رۇس تىلىدا «ئەكىلىپ بەرسىڭىز بولىدىغۇ» دېدىم.

— ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ — دەپ سورىدى قىز يېقىملىق كۈلۈپ.

— سىزدەك گۈزەل جانانغا ئىشەنمەي، كىمگىمۇ ئىشىنەتتىمەن.

— سىز بەك كېلىشكەن ئېسىل يىگىتكەنسىز، — دەپ قىز كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ، ماڭا سۈركەلدى.

ئۇنىڭ يامپىشى يامپىشىمغا تەگكەن ھامان ئىسسىق بىر ئېقىم ۋۇجۇدۇمنى تىترەتتى، يۈرىكىم ئويناپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىنچىكە بېلىگە قولۇمنى ئاپىرىشىمغا ئۇ ئۆزىنى ناز بىلەن قاچۇردى ۋە ئاسمان رەڭ كۆزلىرى بىلەن ئىشارە قىلدى. قارىسام قېرىنشقاندەك ئىككى خېرىدار كىرىپ كېلىۋاتىدۇ، ئەلەم بىلەن لېۋىمنى چىشلىدىم. خېرىدارلار چىقىپ كېتىشىگە قىز ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— ئىسمىم تانە، «يالىبىلو» شىركىتىدە ئىشلەيمەن، ۋاقتىڭىز يەتسە مەن بىلەن بىرىپ كۆڭلەكنىڭ پۇلىنى ئېلىۋالسىڭىز، ئۇن بەش مىنۇتتىلا بارىمىز.

— ئون بەش مىنۇت بولسىمۇ بارىمەن، — دەپ دۇكاننى ئەتتىم.

بۇ قېتىم ئاشۇ نازىنىننىڭ ئالدىدا پۇل دېگەن كۆزۈمگە كۆرۈنمىدى. نازىنىننىڭ گۈزەل ۋەسلى كۆزۈمنى توساپ، كور قىلدى.

ساۋۇت ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— كوچىغا چىقىپ تاكسى توردۇق، راست دېگەندەك ئون بەش مىنۇتتا سەن مېنى قۇتۇلدۇرغان رېستوران ئالدىغا باردۇق. رېستورانغىمۇ كىردۇق. تانە مېنى بىر ئۈستەلگە باشلاپ قويۇپ:

— قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، مەن سىزنى مېھمان قىلاي، — دېدى - دە، نەگىدۇر كېتىپ قالدى.

رېستوران ئىچىگە سەپسېلىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. رېستوران ئاپاڭنىڭ ئاشخانىسىدىن تۆت ھەسسە چوڭ ئىكەن. ئۈستەلمۇ كۆپ، بۇ ئۈستەللەردە ساپلا ئەر - ئايال ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار ھەرخىل كىيىنگەن ۋە ھەر مىللەتتىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنىلا ئۇيغۇر تىجارەتچى - سودىگەرلەر كۆپتەك كۆرۈندى. ئۇلاردىن بىرنەچچىسىنى تونۇپ قالدىم. بىرى بىزنىڭ يۇرتلۇق، ئۇ ھە دېگەندە، پىچەت پۇللىرىنى تەشلەپكى بازىرىدا دەستىسى بىلەن تىزىپ قويۇپ دوللارچىلىق قىلغانىدى. ئۇ مېنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئولتۇرۇۋالدى. تۇنجى بولۇپ سودىغا كىرىشكەن ۋە يەنە تۇنجى بولۇپ چەت ئەللەرگە چىقىپ، «خەلقئارا سودىگەر» نامىنى ئالغان يەنە بىر ئاداشمۇ بىر چىرايلىق قىز بىلەن قۇچاقلىشىپ دېگۈدەك يېقىن ئولتۇراتتى.

تى. رېستوراندا قازاقلارمۇ، خەنزۇ قىزلىرىمۇ خېلى بار ئىدى. ئۇ يەردە يەنە بىزنى دائىم «پۇل بەر» دەپ بوزەك قىلىدىغان باجگىرلارمۇ، ساقچىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارمۇ قىز – چوكانلار بىلەن هاراق ئىچىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. «هىم – هە، — دەيمەن ئىچىمدە، — بىزدىن زورلۇق بىلەن ئالغان پۇللارنى ئاشۇ قىزلارغا خەجلەيدىكەنسەن – دە» بەزى ئۇستەللەردە غادىيىپ ئولتۇرغانلارمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇلار قارىماققا ئەمەلدارلار بولسا كېرەك. ئۇلار هەر خىل مىللەتتىن بولسىمۇ، پەقەت رۇس تىلىدىلا سۆزلىشەتتى. ئارىلاپ ئۇيغۇرچە، «خوشە» دېگەن سۆزلەرمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. بىر چاغدا تانە كەلدى. ئۇ ئىككى تەخسىدە كاتلېت[1]، بىر شىشە شامپان[2] ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ شامپاندىن ئىككى رومكا قۇيۇپ بىرىنى ماڭا تۇتتى.

— ئىچمەيمەن، — دېدىم.

— ئوهىتى ساتكا، تونۇشقىنىمىز ئۇچۇن ئىچمىسىڭىز بولامدۇ؟

— ئىچىپ باقمىغانىدىم.

— ئىچىپ كۆرۈڭ، تاتلىق، بۇ يەردە قىز ئىچىپ، يىگىت ئىچمىسە باشقىلار زاڭلىق قىلىدۇ. قېنى، ئىچىڭا، — دەپ تانە نازلىنىپ ماڭا سۈركەلدى.

ئۇنىڭ نازىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، رومكىنى ئالدىم.

— تونۇشقىنىمىز ئۇچۇن كۆتۈرەيلى، — دەپ تانە رومكىسىنى رومكامغا يېنىك ئۇرۇپ قويدى.

ئىچتىم، شامپان راستىنلا تاتلىق ئىكەن. ئۇ رومكىلارغا يەنە شامپان قۇيۇپ:

— بۇنى دوستلۇقىمىز ئۇچۇن كۆتۈرەيلى، — دەپ تاتلىق

---

① كاتلېت – پىشۇرۇلغان كالا گۆشى.

② شامپان – ئۈزۈم هارىقى.

كۆلۈپ قويدى.

«ۋاھ، بۇ گەپ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئەلۋەتتە. مۇھەببەتتىن. مېنى ياخشى كۆرمىگەن ھالەتتىمۇ، ئالدىڭدا بىر جانان تاتلىق كۈلۈپ ئولتۇرۇپ بەرسىلا بولمىدىمۇ» دەپ ئويلاپ ئىككىنچى رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتىم ـ دە، ئۆزۈمنى تولىمۇ راھەت ھېس قىلدىم. «شامپان دېگەن ئېسىل مەيكەن» دەپ ئۈچىنچى رومكىسىنىمۇ كۆتۈرۈۋەتتىم. تانەمۇ قىزىغاندا ھېسسىياتىمۇ قوزغالسا كېرەك، ئۇ ئورۇندۇقىنى ماڭا يېقىن يۆتكىدى. ئۇنىڭ ئېچىلىپ تۇرغان ئاپئاق ۋە يۇمشاق پامپىشى يامپىشىمغا تېگىپ كۆيدۈردى ...

بىر چاغدا يۈزلىرىم، پۈتۈن بەدىنىم قىزىغاندەك ھېس قىلدىم. قارىسام تانەمۇ مەس بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ماڭا يېپىشىپ:

— مېنى ياتىقىمغا ئەكىرىپ قوي، — دېدى.

ئۇنىڭ قولتۇقىدىن بىلىكىمنى ئۆتكۈزۈپ، زىلۋا بېلىدىن قۇچاقلاپ تۇرغۇزدۇم. سەنتىرەكلەپ يۈرۈپ رېستوران ئىشىكىدىن چىقتۇق. بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە چىققاندا، تانە ئاچقۇچنى ماڭا بېرىپ، 305 ـ ئۆينىڭ ئىشىكىنى كۆرسەتتى. ئىشىكنى ئېچىپ كىردۇق. ئۇنى لۆم ـ لۆم كارىۋاتقا ياتقۇزدۇم. شامپان مېنىمۇ خېمىرغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. قايتىپ كەتكۈم كەلمەيتتى، شۇڭا تانەنىڭ يېنىدا ياتتىم. تانە كۆزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىرايتتى، ئۇ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ماڭا قارىدى. مەن ئۇنىڭ ئۇششاق قوللىرىنى تۇتتۇم، بىلەكلىرىنى سىلىدىم، ئۇ قولۇمنى سىقىپ قويدى. مەن ئىختىيارسىز ئېگىشتىم ... شۇنداق قىلىپ بىز شۇ كېچە بىر كارىۋاتتا بىللە يېتىپ قالدۇق.

ئەتىسى تانە سەھەر ئورنىدىن تۇردى. مۇنچىغا كىردى، يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ ماڭا گەپمۇ قىلماستىن ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. مەنمۇ يۇيۇنۇپ بولۇپ رېستورانغا چۈشتۈم. تانە ئەسلىي

مۇشۇ رېستوراندا ئىشلەيدىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئالدىمغا كەلدى ۋە مېنى بۇلۇڭدىكى ئۈستەلگە باشلىدى، ئالدىمغا بولكا، سۈت ئەكىلىپ قويدى. مەن ناشتا قىلدىم، قايتاي دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا تانە بىر دەپتەرنى كۆتۈرۈپ كەلدى:

— كەچتە كېلەمسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ مېنىڭدىن.

— ئەلۋەتتە، كېلىمەن.

— هازىر تۇنۇگۈنكى تاماق، شامپان، ياتاق پۇلىنى تۆلەۋەتكىن، بولمىسا مېنىڭ هېسابىمغا يېزىشىدۇ.

مەن ئىككىلەنمەيلا تۆلىۋەتتىم.

مەن دۇكانغا قايتىپ كېلىۋېتىپ، شېرىن خىياللار دېڭىزىغا چۆمۈلدۈم. تانە ئۆزىنىڭ گۈزەل سۇمباتى، شېرىن - تاتلىق ناز - كەرەشمىلىرى بىلەن مېنى مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. كۆزۈمگە تانەدىن باشقا هېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. خىيالىمدىمۇ شۇ تانە، دۇكاندا ئولتۇرغىنىمدىمۇ تانە بىلەن خىيالەن مۇڭدىشاتتىم ... كۈندە كەچ كىرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتىم، دۇكاننى هەممىدىن بۇرۇن تاقايتتىم - دە، تانەنىڭ ئالدىغا ئۇچاتتىم، شېرىن كېچىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزەتتىم، ئەتىسى رېستورىندا ناشتا قىلاتتىم، تاماق، هاراق - ياتاق هەققى ئۈچۈن تۈتام پۇل تاپشۇراتتىم.

كۈنلىرىم شۇنداق ئۆتۈۋاتاتتى. سودامنىڭ تايىنى يوق ئىدى، كۈنلۈك سودىدىن كىرگەن پۇل شۇ كۈنلا ئاشۇ رېستورانغا تاپشۇرۇلاتتى. راستىنى ئېيتسام، پۇل كۆزۈمگە كۆرۈنمەيتتى، سودىمۇ خىيالىمغا كىرىپ - چىقمايتتى. بەزى كۈنلىرى تانەنىڭ تەلىپى بويىچە روباشكا، كۆڭلەك، نوركىلىق پەلتۇ ئالغاچ بېرىپ، تانەنى خۇش قىلاتتىم. تانە كۈندە كەچتە ئالدىمغا قوچاق ئېچىپ چىقاتتى، كۈندە يەنە شۇ شامپان، كونياك دېگەندەك كۈچلۈك هاراق، هەرخىل ياۋروپاچە ئېسىل تاماق، تانەنىڭ يۇمشاق كارىۋىتى ... كېچىكىپ ئېسىمنى يىغدىم. يەنە

كېلىپ قانداق ۋاقىتتا دېمەمسەن، پۇتكۇل پۇلۇم، دۇكاندىكى
مېلىم تۈگىگەندە. ئاخىرقى قېتىم رېستورانغا پۇل بېرەلمىدىم،
مېنى ساقچى قوغلاپ چىقاردى. مەن كوچىدا قالدىم، ھەجەر
ھەدىنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ئۇيالدىم. شۇنىڭ بىلەن رېستوران
ئالدىدىكى ئاشۇ ئورۇندۇقتا ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئاللاغا مىڭ
قەتلى شۇكرىكى، سەن مېنى ئىزدەپ تېپىپ قۇتقۇزۇپ قالدىڭ،
ئەمدى مېنى يۇرتۇمغا ئەكەتكىن، بۇ دوزىخى شەھەردىن قۇتۇ-
لاي، كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن بۇ يەرنى! خوتۇنۇم تانەدەك ئالدامچى
خوتۇنلاردىن مىڭ ھەسسە ياخشى، ئۇ پاك ۋە ماڭا سادىق. بۇ
ساۋاقتىن مەن مۇنداق يەكۈن چىقىرىمەن! گۈزەللىك بىلەن
پاكلىق يۇلتۇزى بىرلەشسە ھېيلىگەر گۈزەلنى سەتلەشتۈرىدى-
كەن، ھېيلىگەر گۈزەل بولسا، چىن گۈزەللىك ۋە پاكلىق
ئالدىدا چېنىپ، سەتلىشىپ، يىرگىنىشلىك مەخلۇققا ئايلىنىدى-
كەن. تانە ئاشۇنداق يىرگىنىشلىك مەخلۇق. ئۆز خوتۇنۇم بولسا
پاك يۇلتۇز!

## 4

— ھەي سەنمۇ ئالداندىڭمۇ؟
نۇرگۈل ئۇزۇن چېچىنىڭ ئۇچىنى چۇۋۇپ - ئۆرۈپ ئول-
تۇراتتى. ئۇ ئاپىسىغا نېمىمۇ دېيەلەيتتى؟
— مالىيە - سودا ئالىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئالىي مەلۇ-
ماتلىق قىزمۇ ئالدىنامدۇ؟
— ھوي ئاپا، مەكتەپتە بىزگە قويمىچىلار ھەققىدە دەرس
ئۆتمىگەن ...
— ئۇ ئەبلەخلەر ئالداپ ئەكەتكەن پۇل ئاز ئەمەس - دە.
— يالغۇز مەنلا ئەمەس، نۇرغۇن تىجارەتچى - سودىگەرلەر
ئالدىنىپتۇ. بىر سودىدا راسا پىشقان خەنزۇ سودىگەرمۇ مېنىڭ

بىلەن بىللە تورغاۋۇت ئېغىزىدا مىلىنى ساقلاپ تۇرغانىدى. ئۇ
ماڭا مۇنداق دېدى: «مال بەرمەكچى بولغان چەت ئەللىك:
ھازىر رىقابەت بەك كۈچلۈك، بىز تەرەپتە مال ئازلاپ كەتتى،
ئالدىن نەق پۇل تاپشۇرمىسام زاۋۇت مال بەرمەيدۇ. بىر رۇس
دوستۇمنىڭ 300 توننا تازا ئاليۇمىنى بار، ھەممە رەسمىيەتلىد
رى تولۇق، ئۇ ئاليۇمىنىنىڭ يېرىم پۇلىنى ئالدىن تاپشۇرساڭ
بېرىمەن، دەيدۇ. ھازىر بەزى ئۇيغۇر سودىگەرلەر بۇ مالغا
خېرىس قىلىشىۋاتىدۇ، دېدى. مەن ئۇنىڭدىن مال ئېلىپ يۇرۇپ
خېلى نەپ ئالغانتىم. شۇڭا ئىشىنىپ قاپتىمەن، ئۇنىڭ بىلەن
توختاملىشىپ، 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى نەق بەردىم. ئۇ
توختام بويىچە 15 كۈنگىچە مالنى بۇ يەرگە چىقىرىپ بەرمەكچى
بولدى. بۇ يەردە مالنى بۇگۈن كېلەر، ئەتە كېلەر دەپ ساقلاۋاتد
قىنىمغا ئىككى ئاي بولدى. لېكىن ئالىيۇمىنمۇ، مەندىن پۇل
ئالغۇچىمۇ يوق. قىرغىزىستانلارغا چىقىپ ئۇنى
ئىزدىدىم. ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق! ئىلگىرى ئۇ ئولتۇ-
رۇشلۇق قورۇغا بارسام قوشنىلىرى: ‹ئۇنىڭ كۆچۈپ كەتكىد
نىگە ئىككى ئاي بولدى›، دېمەسمۇ! ئۇنى تونۇيدىغانلاردىن سۇ-
رۇشتۇرسەم رۇسىيىگە كەتتى، دېيىشتى، رۇسىيە دېگەن كەتد
كەن كەڭرى زېمىن تۇرسا، ئۇنى نەدىن تاپىمەن؟ ...» ئۇ خەنزۇ
سودىگەر ئاخىر بولماي، تورغاۋۇتتىنمۇ كېتىپ قالدى. مەنغۇ
115 مىڭ دوللارنى قويمىچىغا بېرىپ قويدۇم. خەنزۇ سودىگەر-
گە ئوخشاش 200 مىڭ، ھەتتا 500 مىڭ دوللارنى قويمىچىلارغا
بېرىپ قويغانلارمۇ بار.
مېھرىگۈل قىزىنىڭ ئالدىنىپ قالغىنىغا قاتتىق ئۆكۈندى.
ئەسلىدە نۇرگۈل ئالمۇتىغا ئالۇچا، گىلاس، سەۋزە، بىھى مۇ-
رابباللىرى، قىيزا - كالىباسا ئېلىپ چىققانىدى. ئۇ دۇكان
ۋۇېسكىسىغا مەھسۇلاتنىڭ ساپلىقى، خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەتد
مىگەن مېۋىلەردىن ئىشلەنگەنلىكى، ئۇنىڭ دورىلىق قىممىتى

بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ يازغانىدى، نۇرتاي سودىدا سۇنۇپ ئېتىلىپ قالغان قوشنا دۇكاننىمۇ ئىجارىگە ئېلىپ يېمەك - ئىچمەك دۇكىنى قىلغان ۋە بۇ دۇكانغا ھەجەرنىڭ قىزى گۈلزارنى ئولتۇرغۇزۇپ قويغانىدى. گۈلزار نۇرگۈل ئېلىپ چىققان مۇراببا، گۈلقەنت، مىنېرال سۇ، مۇسەللەس، «ئىلى پېۋىسى» قاتارلىقلارنى ساتاتتى. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ساپلىقى، دورىلىق قىممىتى، قۇۋۋىتى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلەرنى ئۇنىئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىپ قويۇپ تەشۋىق قىلاتتى. بۇ دۇكانغا كەلگەن خېرىدارلار ئۈنئالغۇدىن: «گۈلقەنت جىگەرنى ياشارتىدۇ، يۈرەككە قۇۋۋەت بېرىدۇ، مېڭىنى مۇۋۋەتلەپ زېھنىنى ئاچىدۇ، بۆرەكنى كۈچەيتىدۇ، ئۆپكە كېسىلىگە پايدىلىق ...» دېگەندەك چۈشەندۈرۈشلەرنى ئاڭلايتتى ۋە قىزىقىپ سېتىۋالاتتى.

نۇرگۈل ئېلىپ چىققان ماللىرىنى مۇشۇنداق پۇل قىلىپ، بىر كۈنى يۇرتقا يارامىلىق مال ئالدىن كۆرۈپ بېقىش نىيىتىدە بازار ئارىلىدى، پۈزۈر كىيىنگەن، قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر خوتۇن:

— مەن سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەنغۇ، — دېدى نۇرگۈلگە، — مېنىڭ ئىسمىم ئايگۈل ئاكساقانۇۋا. تونۇشۇپ قويايلى.

— ياخشىمۇ سىز؟ مېنىڭ ئىسمىم نۇرگۈل ئەزىمەت قىزى.

— ھۇ، بەك چىرايلىق ئىسىمكەن. سىز بىزەر نەرسە ئالماقچىمۇ؟ دىققەت قىلىڭ، بۇ يەردە يالغان ماركىلىق تاۋارلار كۆپ، ئالدىنىپ قالماڭ.

— كۆيۈنگىنىڭىزگە رەھمەت. مەن يۇرتقا كېرەكلىك مال ئالاي دەپ بازارغا كىرگەن.

— مېنىڭچە پاختا ئېلىپ چىقىڭ. مەن پاختىكار شىركىتىنىڭ ۋەكىلى، بۇ يەرگە پاختا ئالىدىغانلار بولسا سۆزلەشكىلى

كەلدىم.

— سىز قەيەرلىك؟

— مەن سەمەرقەنت شەھىرىدىنمەن. پاختا ئالسىڭىز ئۆز پىكاپىمدا سىزنى سەمەرقەنتكە ئاپىرىمەن، يول ئۈستىدە تاشكەنتنى ھەم ساياھەت قىلىسىز.

ئۇ ئايال شۇنداق دەپ، «پاختىكار» شىركىتىنىڭ تونۇشتۇرۇشى، پاسپورتى، قانۇنىي ۋەكىللىك سالاھىيىتى، تىجارەت كىنىشكىسى قاتارلىقلارنى كۆرسەتتى. ئايگۈل پاختا ئېلىش، دېگەندىلا نۇرگۈلنىڭ ئېسىگە پاختا رەخت فابرىكىسىنىڭ دىرېكتورىنىڭ پاختا باھاسىنى ئۇقۇشۇپ كېلەرسىز، دېگەن سۆزى كەلدى. ئۇ قىزىقىپ قالدى ۋە ئايگۈلنىڭ پىكاپىغا ئولتۇرۇپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ نۇرتايغا:

— مەن ساياھەتچىلەر بىلەن تاشكەنتكە كەتتىم، — دەپ تېلېفون بەردى.

«پاختىكار» شىركىتىنىڭ ۋەكىلى نۇرگۈلنى تاشكەنتتە سەيلە قىلدۇردى، تاشكەنت پاختا بازىرىغا ئاپىرىپ نەرق - ناۋا بىلەن تونۇشتۇردى، ئوبدان مېھمان قىلدى. نۇرگۈل خۇش بولدى. ئۇ چەت ئەلدىن مۇشۇنداق بىر «ھەدە» تېپىۋالغىنىغا بەكمۇ رازى ئىدى. ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانىدا بىر ئەر پەيدا بولدى، ئايگۈل ئۇنى «ئېرىم» دەپ تونۇشتۇردى. ئۇلار سەمەرقەنتكە بارغاندىن كېيىن، ئايگۈل نۇرگۈلنى پاختا بازىرىغا باشلاپ باردى. قاتار تىزىپ، بېسىپ قويۇلغان تاي - تاي پاختا دۆۋىسىنى كۆرسەتتى ۋە ئىشىنەرلىك ئاۋازدا ئېيتتى:

— مانا، سىز ئالىدىغان پاختىمىز تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ھەممىسى بىرىنچى سورتلۇق، باھاسى تاشكەنت بازىرىدىن ئەرزان. پۇلنى تاپشۇرىسىز - دە، ۋاگونغا باسىمىز. سىز پاختىنى تورغاۋۇت سودا بېكىتىدىن تاپشۇرۇپ ئالىسىز. بىر ھەپتىدىن كېيىن پاختا تورغاۋۇتتا ھازىر بولىدۇ.

نۇرگۈل پاختىنى كۆردى، تۇتۇپ باقتى، پاختىنىڭ سۈپەتى ياخشى ئىدى، ئۇ ئىچىدە ئالىدىغان پاختىنىڭ ئومۇمىي پۇلىنى ھېسابلاپ كۆردى، سودىلاشتى. ئاخىر باھادا كېلىشىپ توختاملاشتى. شىركەت ئادەملىرى پاختىنى بىر ۋاگونغا بېسىپ بەردى. ۋەكىل ئايگۈل نۇرگۈلنى ھەجەر بۇۋىنىڭ ئۆيىگە ئەكىلىپ قويۇپ، پۇلىنى ئالدى ـ دە، كېتىپ قالدى. نۇرگۈل يۇرتىغا قايتتى، ئانىسىغا پاختا سودىسىنى قىسقىچە دوكلات قىلدى ۋە ئەتىسى ئالدىراپ تورغاۋۇت ئېغىزىغا كەتتى. پاختا كەلمىگەنىدى. نۇرگۈل بىر ئاي ساقلىدى، پاختا يوق. ئۇ روھسىزلانغان ھالدا قايتىپ كەلدى ۋە ئانىسىدىن دەشنام يېدى.

## 6

پاختا سودىسىدىكى ئالدىنىش نۇرگۈلنىڭ سودىدىكى قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپتى، مېھرىگۈل نۇرگۈلنىڭ بايانىنى ئاڭلاپ بولۇپ، قەتئىي، قوپال ئاۋازدا بۇيرىدى:

— بولدى، مەشەدە سىڭگەن نېنىڭنى يەپ يۈرگىن، چەت ئەلگە چىقىپ سودا قىلىشنىڭ مۇشۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشسۇن. بېرىپ مالىيە مەكتىپىڭدە ئوقۇتقۇچىلىقىڭنى قىل!

مېھرىگۈل نۇرتايغا تېلېفون بېرىپ، ئايگۈل دېگەن قويمىدىچىنى تېپىشقا بۇيرىدى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا نۇرتاي كىرىپ كەلدى. ئانا بىلەن ئوغۇل، قىز شۇ كۈنى كەچتە جەم بولۇشتى. نۇرتاي ئانىسىنىڭ تاپشۇرمىسىنى ئورۇنداش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى:

— ئايگۈل دېگەن ئۆچىغا چىققان قويمىچىكەن، ئۇ ئۆزى قازاقىستانلىقكەن، ئۇنىڭ سەمەرقەنتتىكى پاختا شىركىتىدە ئىشلىگەنلىكى راست ئىكەن، شىركەت مۇدىرىنىڭ دېيىشىچە،

www.uyghurkitap.com

ئۇ مۇشۇنداق قويمىچىلىق قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر تۈرمىگە تاشلىنىپتۇ، ھەددەمگە ئوخشاش ئالدانغانلار مۇدىرنىڭ بېشىنى خېلىلا ئاغرىتىپتۇ. ئايگۈل دېگىنى شىركەتنىڭ پاختا دۆۋىسىنى كۆرسىتىپ، پاختىنى ۋاگونغا قاچىلاتقۇزىدىكەن ـ دە، تۆمۈر يولنىڭ ئىككىنچى بېكىتىدىن پاختىنى يەنە ياندۇرۇپ كېلىپ جايىغا تىزىپ قويىدىكەن. مۇدىر ئالدانغانلارنىڭ پۇلىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ساقچىغا دەپتىكەن، ساقچى باشلىقى «ئايگۈلنىڭ پۇلى بولمىسا، نېمىسىنى ئېلىپ بېرىمىز؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— دېمەك، بىزنىڭ 115 مىڭ دوللىرىمىز يوقالدى، دېگىنە، — دېدى مېھرىگۈل خورسىنىپ.

— بۇنداق ئالدىنىپ مىليونلاپ دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلار ئاز ئەمەس، — دېدى نۇرتاي، — چېگرا سودىسى باشلانغان دەسلەپكى يىللىرى چەت ئەلدىن كەلگەن سودىگەرلەر ئاۋۋال مېلىنى بېرىپ، ئاندىن پۇلىنى ئالاتتى. كېيىنچە بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىز مال تالىشىپ، باغلام ـ باغلام ئامېرىكا دوللىرىنى چەت ئەللىك سودىگەرلەرگە قوش قوللاپ تۇتىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن تاشقى سودا بازىرىدا، خېرىدار مال تالىشىپ ئالىدىغان، يۇقىرى باھا قويۇپ، سودىنى بۇزىدىغان غەيرىي نورمال رىقابەت شەكىللەندى. سودىگەرلەر بىلەن شىركەتلەر مالنى باشقىلاردىن قىزغىنىپ، مالنى كۆرمەي، پۇل بېرىدىغان ئەھۋال پەيدا بولدى. بۇ سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالىدىغان سودا قويمىچىلىق دېگەن بۇ ھۈنەرنى پەيدا قىلدى، ئالدامچىلار بۇنى پۇرسەت بىلىپ، ھەددەمنى ئالدىغاندەك، ئامبىرىغا ئاز ـ تولا مېلىنى بېسىۋېلىپ، «مانا تاۋار دېگەن، كىم بالدۇر پۇل تاپشۇرسا مال شۇنىڭ» دەپ دەي ـ دەيگە سېلىپ، ئۇچراشتۇر-

ماي، بىر نەچچە سودىگەرنى قاقتى - سوقتى قىلىپ پۇلىنى
يىغىۋالدى، ئاندىن بىر كېچىدىلا مېلىنى باشقا يەرگە يۆتكەپ،
يەنە سودىگەرلەرنى ئالدىدى. ئالدىن پۇل بەرگەن سودىگەرلەر
ھەددەمگە ئوخشاش بىز تەرەپ چېگرىدا ساقلاپ ئاۋارە بولدى.
ھەتتا جاھاننىڭ يېرىمىنى سودا قىلىپ ئايلانغان، يۈز سوملۇق
پۇلنى تاماكا قەغىزى ئورنىدا ئوراپ چېكىدىغان بىر مىليونېر-
مىزمۇ قويمىچىغا يەتتە مىليون دوللارنى بېرىپ قويۇپ، سەر-
سان بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. ھازىر ئالمۇتا، بىشكەك قاتارلىق شە-
ھەرلەردە مۇشۇنداق بار دەسمايىسىنى قويمىچىلارغا بېرىپ قو-
يۇپ، ۋەيران بولغان، يۇرتىغا قايتىپ كېلەي دېسە قەرز ئالغان-
لارنىڭ قەرزىنى سۈرۈشتە قىلىشىدىن قورقۇپ، ئانا ۋەتىنىگە
قايتالمايۋاتقانلار كۆپ. بۇنىڭغا قارىغاندا ئاپا، ھەددەمنىڭ ئالدى-
نىشى ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس.

— ئەمىسچۇ بالام، سەنمۇ قايتىپ كەلگىن. سەنمۇ قويمى-
چىغا ئالدىنىپ، دەسمايەڭدىن ئايرىلىپ يۇرتقا كېلەلمەي، مېنى
قان قىلمىغىن. كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە ئۆز يۇرتۇڭ-
دا ئۇلتاڭ بولغىنىڭ، ۋەيران بولما، ھەددەڭنىڭ زىيىنى مىليو-
نېرلارغا ئاز بىلىنگىنى بىلەن بىزگە چوڭ زىيان، — دېدى
مېھرىگۇل.

— ئاپا، تاشقى سودىنىڭمۇ ئۆز قائىدە، يولى بار، — دېدى
نۇرتاي چۈشەندۈرۈپ، — مېنىڭ قىمار ئويناپ دەسمايەمدىن ئاي-
رىلىشىم، ساۋۇتكامنىڭ ئالدىنىشى، ھەددەمنىڭ ئالدىنىشىدىن
ئىبرەت ۋە ساۋاق ئالدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ سودا
ئىلمىنى تولۇق بىلمىگەنلىكىمىز، سودىدا تەجرىبىسىزلىكى-
مىزدىن كەلگەن. مەن تاشقى سودا ھەققىدە نۇرغۇن كىتاب
ئوقۇدۇم. بۇ كىتابلاردىن ئالغان بىلىمىم ۋە ئالغان ساۋىقىمنى

ئۆرنەك قىلىپ، سودىنى ئىلمىي ئاساستا قىلىمەن.

— تاشقى سودا ئىلمىدىن نېمىنى ئۆگەندىڭ، ئەمدى قانداق سودا قىلماقچىسەن؟ — دەپ سورىدى مېھرىگۈل.

— ئىشەنچ بولمىغان ئادەمگە ئالدىن پۇل - مال بەرمەيمەن، ئىمپورت قىلىمەن دېگەن مالنىڭ رەسمىيىتى تولۇق بولسا ۋە مال چېگرىغا كەلگەندە ياكى چېگرىدىن ئۆتكەندە، مالنىڭ سانى، ئېغىرلىقى، سۈپىتىگە قاراپ ئاندىن پۇل بېرىمەن. بولۇپمۇ قارشى تەرەپنىڭ تېگى - تەكتىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ ئېنىقلايمەن، ئۇنىڭ قانۇنىي ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى، تىجارەت كىنىشكىسىنىڭ راست- يالغانلىقىنى، باج تاپشۇرۇش كىنىشكىسى، ئىمپورت - ئېكسپورت ئىجازەتنامىسى، بانكا ھېسابات نومۇرى، شىركەتنىڭ ئادرېسى. شەخسنىڭ مۇقىم تۇرۇشلۇق ئورنى، تېلېفون - تېلېگراف نومۇرلىرى قاتارلىقلارنىڭ راست- يالغانلىقىنى ئېنىقلىۋېلىپ، ئاندىن توختاملىشىمەن. ھەپتە ئىلگىرى بىر خېرىدار كېلىپ، مەندىن ھەسەل، مۇراببا، ئانار شەربىتى ئالماقچى بولدى. ئۇ كۆپرەك ئالىمەن، دېگەچكە توپ باھا بويىچە بېرىدىغان بولدۇم. ئۇ ماڭا «بۇ ماللىرىڭنى شىركىتىمىزگە ئاپىرىپ، 15 كۈن ئىچىدە پۇلۇڭنى ئەكىلىپ بېرىمەن» دېدى. ئۇنىڭدىن شىركىتىنىڭ ئادرېسىنى سورىسام تومتاقلا «بىشكەك شەھىرىدە» دېدى. مەن ئۇنىڭ كىنىشكىلىرىنى تەكشۈردۈم، ھەممە نېمىسى تولۇق. شۇندىمۇ ئۇنىڭدىن شىركەتنىڭ بانكا ھېسابات نومۇرىنى سورىدىم، ئۇ چاپىنىنى ۋە سومكىسىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇردى. تاپالماي: «ئاپلا، شىركەتنىڭ ئىشخانامنىڭ ئۈستىلىدە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ» دېدى. بۇ مېنىڭدە گۇمان پەيدا قىلدى، شۇڭا مەن: «ئەپەندىم، مېنىڭ دەسمايەم ئاز، تاۋارنى ساتقان پۇلغا يەنە تاۋار ئەكىلىپ ساتىد-

مەن، خاپا بولماي ئاۋۋال پۇلنى بېرىپ ئاندىن تاۋارلىرىمنى ئېلىپ كەتسىڭىز» دېدىم. ئۇ نەچچە مەرتەم «بىر ھەپتىدىلا پۇلىڭىزنى ئەكىلىپ بېرىمەن» دەپ يېلىندى، مەن: «بولمىسا مەنمۇ سىز بىلەن بىشكەككە باراي، شىركىتىڭىزدىن پۇلۇمنى ئالاي» دېدىم. ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭدى، ئەمما چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ: «بۇنىڭغىمۇ ماقۇل، ئەمىسە كەچتە ماشىنا ئەكىلەي» دەپ كېتىپ قالدى ۋە شۇ كەتكىنىچە ئۆزىنى كۆرسەتمىدى.

نۇرتاينىڭ بۇ پاكىتلىق سۆزىدىن مېھرىگۇل ئوغلىنىڭ سو- دىدا خېلى پىشقانلىقىنى ھېس قىلدى.

www.uyghurkitap.com

## ئون ئالتىنچى باب

### «ئۇھ»

### 1

مېھرىگۈل قىزىنىڭ تويىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ گويا ئۈستىدىن بېسىپ تۇرغان تاغ ئاغدۇرۇۋېتىلگەندەك ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى ۋە «ئۇھ» دېدى. تەبىئىكى، ئۇ بىر چوڭ غەمدىن قۇتۇلغانىدى. لېكىن، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي يەنە بىر يېڭى غەم ئۇنى قىيناشقا باشلىدى. كەچ كۈزدە تەييارلانغان گۈلقەنت، مۇراببانى كىممۇ ئالمۇتىغا ئېلىپ چىقىپ ساتار؟ سودا ئىلمىنى ئوقۇپ كەلگەن قىزى ئالدىنىپ نۇرغۇن پۇلنى قويمىچىغا بې-رىپ قويغاندىن كېيىن، مېھرىگۈل بالىلىرىنى چەت ئەلگە چى-قىرىشتىن ھەزەر ئەيلەپ قالغانىدى. گەرچە نۇرتاي سودىدا قوي-مىچىلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئىلمىي يوللىرىنى ئىگىلىگەنلى-كىنى ئىسپاتلىغان بولسىمۇ، ئانا ئۇنىڭغا ئانچە ئىشىنىپ كېتەل-مەيتتى. نۇرگۈلنى چىقىراي دېسە تېخى، ئەمدى ئۇ قويمىچىغا ئالدانمىغان ھالەتتىمۇ، باشقا ئۆيىنىڭ ئادىمى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ چەت ئەلگە چىقىشىغا قۇدىلىرى ئۇنارمۇ؟ ساۋۇت ساختى-پەزنىمۇ چىقارغىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىمايتتى. سا-ۋۇت ساختىمۇ ئالدانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەتتە يىل يوقاپ كەتكەن ئېرىنى ئاران تاپقان ئايالى ئەمدى ئۇنى نېرى قىلمايۋاتات-تى. دېمىسىمۇ، ئۇ نۇرتاينىڭ بۇرۇنقى دۇكىنىنى ئېچىپ،

باللىرى بىلەن خاتىرجەم ئۆتتۈۋەرگىنى خوپ ئىدى. ئانىسىنىڭ بېشى قېتىپ تۇرغانلىقىنى بىلگەن نۇرتاي ئالمۇتىغا ئۆزى چىقىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇۋالدى:

— جېنىم ئاپا، مەندىن خاتىرجەم بول. مەن ھەرگىز بۇرۇقىدەك يامان يولغا ماڭمايمەن. ئىشىنەلمىسەڭ كۈندە ھەجەر بۇۋى ھەدىدىن تېلېفوندا ئەھۋالىمنى سوراپ تۇرغىن، ئۇ يەردە ھەجەر ھەدە ساڭا ئوخشاشلا ئانىلىق مېھرىنى بېرىپ، ماڭا كۆزقۇلاق بولىدۇ.

نۇرتاينىڭ بۇ يالۋۇرۇشلىرى بىر ئەمەس، بىر نەچچە مەرتەم تەكرارلاندى. مېھرىگۈل ئۇنىڭ ئالمۇتىغا چىقىش قىزغىنلىقىغا ھەيران:

— ۋاي تەنتەگەي، ئالمۇتىغا چىقىشقا نېمانچە زوقمەن بولۇپ كەتكەنسەن! — دەپ سورىدى ئۇ ئاخىر.

— ئۇنى زوقلاندۇرىدىغان قىزىلگۈل غۇنچىسى بار — دە، — دەپ نۇرگۈل ۋىلىقلاپ كۈلدى.

— كاپشىما، — دەپ نۇرتاي قىزىرىپ كەتتى.

نۇرگۈل ئالمۇتىغا ئىككىنچى قېتىم چىققىنىدا، ھەجەر ھەدىنىڭ قىزى گۈلزار بىلەن بىر ئۆيدە ياتقان، ئۇ بۇ بويىغا يەتكەن قىزنىڭ چىرايلىقلىقىغا تەن بەرگەن، ئىنىسىنىڭ ئۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى سەزگەنىدى، ھەتتا بۇ ھەقتە گۈلزارنى چېكىپمۇ باققانىدى. قىز ئۆيلىنىپ، پەرەڭدەك قىزارغان، شۇڭا نۇرگۈل گۈلزارنىڭمۇ ئىنىسىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. بىراق ئىككىسى ئىككى دۆلەت ئادىمى، ئارىلىقتا ئۆزۈن چېگرا بار، شۇڭا ئۇلار جورا بولالمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. شۇنداقتىمۇ نۇرگۈلنىڭ ئىنىسىغا ئىچى ئاغرىيتتى. شۇڭا ئۇ ئانىسىغا:

— بۇدا بىر قېتىم سىناپ باققىن. ئەگەر نۇرتاي قىڭغىر يول دەسسىسىلا ھەجەر ھەدە ساڭا خەۋەر قىلىدۇ. مەن چىقىپ

قۇلىقىدىن سوزۇپ ئەكىلىمەن، — دېدى.

مېھرىگۇل ئوغلىدىن قاتتىق ۋەدە ئالدى، نەسھەت قىلدى، ئاندىن چىقىشىغا رۇخسەت قىلدى. نۇرتاي يۇكلىرىنى ماشىنىسىغا بېسىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئالمۇتىغا چىقىپ يۇكىنى ھەجەر ھەدىنىڭ قورۇسىغا چۈشۈردى. ئون توت كۈنلۈك ئايدەك تولغان گۈلزار ئۇنىڭ ئالدىغا رەڭدار كېپىنەكتەك ئۇچۇپ چىقتى، ئۇنىڭ خۇشاللىقتىن كۆزلىرى چاقناپ كەتكەنىدى. بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بۇ قىز پۇلى يوق بولغاچقا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئانىسى تۇرمۇشتا بەختسىز بولۇپ قالغان. قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئېرى ھاراقكەش بولۇپ كەتتى. كۈندە ئىچىپ يۈرگەچ زاۋۇت خوجايىنى ئۇنى ئىشتىن ھەيدىۋەتتى، ئۇ ئىشسىزلىق - بىكارچىلىق تۈپەيلى ھاراقتا تېخىمۇ بېرىلىپ كەتتى. ھاراققا پۇل تاپالمىغاندا ئۆي بىساتلىرىنى سېتىشقا باشلىدى. ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن ھەجەر ھەدە چىدىيالمىدى - دە، بىر كۈنى «كۆتە كەشكىنى، ھاراقنى خوتۇن قىل» دەپ ئېرىنى قوغلىۋەتتى. ئەر ئۆيدىن شۇ چىقىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىدى. ھەجەر ھەدە ئېرىنىڭ بىر پۇلدار رۇس خوتۇن بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. بۇ ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەندە، ئوغلىنى بەش لوكچەك ئۇرۇپ، مېڭىسىنى زەخىملەندۈردى. ئۇنىڭ كۆزىمۇ غۇۋا كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. ئوغلىنى كۆپ داۋالاتقان بولسىمۇ، لېكىن خاتىرىسى ئەسلىگە كەلمىدى. ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك، ھەجەر ئىشلەۋاتقان ماگىزىن سودىدا سۇنۇپ تاقالدى. ئاخىر ئۇ جان بېقىش ئۈچۈن دوستلىرى بىلەن بىللە ئىلىغا سودىگەرچىلىك قىلىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ئەنە شۇ چاغلاردا مېھرىگۇلنىڭ چايخانىسىدا ئەتكەن چاي ئىچكەن، چۆچۈرىسىنى يېگەن، تونۇشقان، «قۇرداشكەنمىز» دېيىشىپ دوستلىشىپ قالغانىدى. ھەجەر مېھرىگۇلگە گۆش



www.uyghurkitap.com

توغراش ماشىنىسى سوۋغا قىلغان، مېھرىگۈل ھەجەرنىڭ پايپاقسىز ئايىغىغا ساپما كەش كىيىۋالغىنىنى كۆرۈپ، ئىلى تېرە زاۋۇتىدا تىكىلگەن قارا توپلى سوۋغا قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەجەر ھەر قېتىم ئالمۇتىدىن غۇلجىغا مال ئېلىپ كەلسە، مېھرىگۈلنىڭ ئۆيىگە چۈشەتتى، مېھرىگۈلنىڭ ياردىمى بىلەن ئالمۇتا خەلقىگە باب ماللارنى ئالاتتى. كېيىنچىرەك مۇشۇنداق تۇركۈملەپ كېلىپ سودا قىلىپ يۈرگەنلەرنىڭ ئايىغى نېمە ئۈچۈندۇر قىسقىراپ قالدى، ئاخىر بېرىپ ئازىيىپ كەتتى. ھەجەر بولسا كەلمەيلا قويدى.

مېھرىگۈل نۇرتاينى تۇنجى قېتىم ئالمۇتىغا چىقارغاندا، ھەجەرگە قارىتىپ خەت يېزىپ، نۇرتايغا بەرگەنىدى، نۇرتاي خەتتىكى ئادرېس بويىچە ھەجەرنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تاپتى. ھەجەر دوستىنىڭ ئوغلىنى ئۆز ئوغلىدەك كۈتتى. ئۇنىڭ ئىككى ۋاخ تامىقىنى ئېتىپ، ئۆيىنى بېرىپلا قالماي، ھەتتا ماللىرىنى سېتىشىپ بەردى. نۇرتايمۇ ئانىسىدەك ئادىمىگەرچىلىكى بار يىگىت ئىدى. ئۇ ھەجەر ھەدىگە ئۆي ئىجارە ھەققى، ئىش ھەققى بەردى. بۇنىڭ بىلەن ھەجەرنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولدى.

بۇ خىل قويۇق مۇناسىۋەت نۇرتاي بىلەن گۈلزارنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىشىگە تولۇق ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. گۈلزار بويىغا يەتكەندە مېھرىگۈلنىڭ گۈلزارلىقىدىكى بىر خۇش پۇراق گۈلدەك پورەكلىدى. قىزنىڭ قەددى - قامىتى زىلۋا، يۈزلىرى ئاق توغاچتەك جازىبىدار، تېرىسى سۈتتەك ئاق ھەم سۈزۈك، مەڭزى ئاناردەك قىزىل بولۇپ، كەڭ ماڭلىيىنى چېكىلەك چېچى يېپىپ تۇراتتى. گىلاسىرەك لەۋلىرى سەل ئېچىلىپ تۇراتتى. ئۈنچىدەك سەدەپ چىشلىرى كۈلگەندە پارقىراپ كېتەتتى. ئىڭىكى ئۈستىدىكى زىنىقى بىلەن مېڭى ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. نۇرتاي ئۇنىڭ بۇ ھۆسن - جاما-

www.uyghurkitap.com

لىغا مەھلىيا بولۇپ قاراپلا قالدى. گۈلزار بۇگۈن لەيلى قازاق-
تەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ نۇرتاينى ئەمدى كەلمەي قالارمۇ
دېگەن غەمدە يۈرەتتى، ئەمدى بۇ غەم پۈرردە ئۇچۇپ، قەلبى
شادلىنىپ باشقىچىلا ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ كېپىنەكتەك ئۇچۇپ
يۈرۈپ داستىخان راسلىدى. يۇيۇنۇپ راھەتلىنىپ قالغان نۇرتاي
ئۈستەلنىڭ بىر بېشىدا ئولتۇردى. قىز ئۇنىڭ قارشىسىدا چاي
قۇيۇپ ئولتۇردى. نۇرتاي قىز سۇنغان پىيالىنى ئېلىۋېتىپ
ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى:
— ئاھ، زارىقىپ كۈتكۈن كۈنۈم ئاخىر كەلدى، سىزنى
شۇنچە سېغىنىپ كەتتىمكى...
قىز ئاناردەك قىزىرىپ، قويۇق كىرپىكلىرى بىلەن كىيىك
كۆزلىرىنى ياپتى. ئۇ نان ئۇشتىۋېتىپ، نۇرتايغا لاپپىدە بىر
كۆز تاشلىدى ـ دە:
— كەلگىنىڭىزگە مەنمۇ خۇش بولدۇم، مەن سىزگە ھار-
دۇق ئېشى ئېتىپ بېرەي، — دېدى يېقىملىق ئاھاڭدا.
نۇرتاي قىزنىڭ ياقۇتتەك سۈزۈك، مەرۋايىتتەك نۇر چې-
چىپ تۇرغان يۈزىگە ئاشىقلارچە تىكىلىپ تۇرۇپ:
— شۇنداق قىلسىڭىز بەكمۇ خۇش بولاتتىم، — دېدى.
قىز مىيىقىدا كۈلۈپ يەنە چاي قۇيدى. چاي ئېچىلىپ
بولدى. گۈلزار داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ ئۆيدىن چىقتى. نۇر-
تاي ئادەتتە ياتىدىغان ئۆيىگە كىرمەكچى بولدىيۇ، تۇرۇپلا ئاشخانا
ئۆيىگە كىرگۈسى كەلدى. گۈلزار يەڭلىرىنى تۈرۈپ خېمىر
يۇغۇرۇۋاتقانىكەن، نۇرتاي كىلىپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تۇردى. ئۇ
قىزنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە كۆز ئۈزمەي قارايتتى. گۈلزار:
— نېمانچىزا قارايدىكىن، ئادەمنى ھودۇقتۇرۇپ، — دەپ
غۇدۇڭشىدى.
— سىزنىڭ گۈزەل ۋەسلىڭىزگە تويۇۋالاي دەيمەن.
— ئەتىلا كەتمەيسىزغۇ؟

— سىز رۇخسەت قىلغاندا كېتىمەن.

ئارىغا جىملىق چۈشۈۋىدى، نۇرتاي ئېيتتى:

— ھەدەمنى ئۇزاتتۇق.

— ئۇزاتتۇق؟ — گۇلزار چۈشىنەلمىدى، — نەگە؟

— ئېرىنىڭ ئۆيىگە.

— ۋىييەي، ئۇزاتتۇق دېسىڭىز يىراق سەپەرگە چىققان چېغى دەپتىمەن، نۇرگۇل ھەدە توي قىپتۇ - دە؟

— ھەئە، ئۇ ئېرى بىلەن بەختلىك، بىز قاچانمۇ شۇنداق بولارمىز؟

— سىزنىڭ توي قىلىشىڭىزغا يولىڭىز ئېچىلىپتۇغۇ؟

— «بىز» دەۋاتىمەن، — دەپ نۇرتاي «بىز»نى سوزۇپ ئېيتتى.

— ياخشى كۆرگەن قىزىڭىز ماقۇل بولسىلا بولىدىغۇ.

— ياخشى كۆرگەن قىزىم ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، ماقۇللۇق بىلدۈرەر، دېگەن ئۈمىدتىمەن.

قىزنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. بۇ كۆزلەردىن بىلگىلى بولىدىكى، ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ ئويناپ كەتكەنىدى. ئۇ نۇرتاي كۈتمىگەن جاۋابنى بەردى:

— سىز دېگەندەك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

— سىز، سىز، مې - مېنى، ياق - ياقتۇرمامسىز؟

— ياقتۇرمايمەن دېمىدىم. سىز باشقا دۆلەت گراژدانى. مەن باشقا دۆلەتنىڭ. دۆلەتلەر چېگرىسى بىزنىڭ بىرگە ئۆتۈشىمىزگە يول قويمايدۇ.

— چىن مۇھەببەتنىڭ چېگرىسى بولمايدۇ، مۇھەببىتىمىز ھەقىقىي سۆيگۈ، مەڭگۈلۈك بولىدىكەن، ھەر قانداق چېگرىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

— لېكىن...

— نېمە لېكىن؟

— مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلالمايمەن، بۇ يۇرت ئەجدادلىرىمىنىڭ مۇقەددەس زېمىنى، بىزنىڭ ئۇلۇغ زېمىنىمىز بۇ زېمىندا كۆكلەپ، بۇ زېمىنىمىزنى گۈللەندۈرۈش مېنىڭ بۇرچۇم.

قىزنىڭ ئويماقتەك ئاغزى گەپتە، قولى گۆش توغراش ماشىنىسىدا ئىدى، ئۇ گۆشنى ماشىنىغا سېلىپ توغرىدى، ئاندىن گاز ئوچاقنى ياقتى ـ دە، قازان ئاستى. ئۆي تېمىغا تارتىلغان تۇرۇبىدىلا گاز بار ئىدى. قىز قازانغا ماي قۇيدى، ماي چۇچۇپ بولغاندىن كېيىن پىياز سېلىپ قورىدى، تۇز، لازا سالغاندىن كېيىن سۇ قۇيۇپ تۇۋاقنى ياپتى. ئۇ غەمكىن ئولتۇرغان نۇرتايغا قاراپ قويۇپ، ماشىنىدا خېمىر يايدى ۋە ئىنچىكە قىلىپ توغرىدى.

2

ئۇ گىرىنى تەرلەپ تۇرۇپ ئىچكەن نۇرتاي خېلى يېنىكلەپ ھاردۇقى چىقىپ قالدى. قىز قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇپ بولۇشىغا ئۇ مۇنداق دېدى:

— گۈلزار، مەن سىزگە ئاددىي بولسىمۇ سوۋغات ئەكىلدۈم.

— قېنى؟

— ياتاق ئۆيدە، كۆرۈپ باقامسىز؟

قىز نۇرتاي بىلەن بىللە نۇرتاي ياتىدىغان ئۆيگە كىردى. نۇرتاي سېرىتمىلىق خالتىنى ئېچىپ، بىر كۆكلەكلىك گىرىپ-تېشتىن، ئاق خۇرۇم توپلى، يېپەك پايپاق ئېلىپ بەردى. قىز توپلىنى كىيىپ، ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى. ياردىغان چېغى، رەختنى يېيىپ مەيدىسىگە كۆتۈردى ۋە تاش ئەينەك ئالدىغا كېلىپ قارىدى. قىزنىڭ خۇشاللىقى يۈزىگە چىقتى. يۈزى ئانارەدەك قىزاردى، ئالمىدەك كۆكرىكى ئېگىز ـ پەس

كۆتۈرۈلدى، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. نۇرتاي ئۇنىڭغا كۆز ئۇزمەي قاراپ:

— قانداق، ياردىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يارىمامدىغان، مىڭلارچە رەھمەت سىزگە، — دېدى قىز ۋە رۇسلاردىن يۇقتۇرۇۋالغان ئادەتنى قىلىپ، نۇرتاينىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

نۇرتاينى شۇ كەمگىچە يات قىزلار مۇنداق سۆيۈپ باقمىغاندى. قىزنىڭ كۆيدۈرگۈچ لېۋى ئۇنىڭ پۈتكۈل جىسمىنى كۆيدۈردى، ھەتتا ئۇ بىھوش بولۇپ قالغاندەك ھالەتتە تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ كۆيدۈرگىنىڭ كۈچى بىلەن قىزنىڭ يۇمشاق، سىلىق قولىنى تۇتتى، بىئىختىيار ھالدا يالۋۇردى:

— ئېھ مېنىڭ پەرىزاتىم، مەن سىزنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن، سىزنى بىر ئۆمۈر بەختلىك قىلىمەن. بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل كىيىملەر بىلەن پۈركەيمەن، مېنى سىز ھازىر سۆيگەندەك مەڭگۈ سۆيەرسىزمۇ؟

قىز قولىنى تارتىۋالمىدى، بەلكىم بۇ شېرىن - شېكەر سۆزلەر ئۇنىڭغا خۇشياقمىغاندۇ، ئۇ جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى.

— گۈلزارىم گۈزەل، سىز مېنىڭ كۆكتىكى نۇرلۇق يۇلتۇزۇم، سىزنىڭ جىسمىڭىز قۇياشنىڭ سانسىز زەر نۇرلىرى بولۇپ مېنى ئىللىتقاي!

قىزلار مانا شۇنداق شېرىن مۇھەببەت سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق شېرىن سۆزلەر ئۇلارنى ئىللىتىدۇ، ئېرىتىدۇ. گۈلزارمۇ ئېرىغاندىمۇ؟ ئۇ نۇرتايغا ئىللىق تەبەسسۇم ئاتا قىلدى. ئۇ نۇرتاينىڭ قاپقارا، قويۇق قاشلىرىغا، چوڭ قارا كۆزلىرىگە، قاڭشارلىق بۇرنىغا، قېلىن كالپۇكلىرىغا خۇددى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قارىدى. بۇنداق كېلىشكەن يىگىتنى ھەر قانداق قىز ياقتۇرۇشى تەبىئىي. گۈلزار يىگىتنىڭ چىن يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان بۇ چىن سۆزلىرىنى جاۋابسىز

قالدۇرۇشنى ئەدەبسىزلىك دەپ قارىسا كېرەك، جاۋاب بەردى:
— مەن ئويلىنىپ كۆرەي.

### 3

ئۈچ كۈنگىچە گۈلزار ئۆزىنى نۇرتايدىن قاچۇرۇپ يۈردى. نۇرتاي ئانىسىنىڭ نەسىھىتىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايتتى. ئۇ دۇكاننى تازىلاپ، رەتلەپ ئاچتى. تۆتىنچى كۈنى ئۇ ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا ھەجەردىن ئۆتۈندى:
— مەن دۇكاندا يېتىشەلمەيۋاتىمەن، گۈلزار ماڭا ياردەملەشسە، مائاشىنى تولۇق بېرىمەن. دۇكاندا سودا قىلىشنى ئۆگىنىپ قالسا، مەن يۇرتقا مال ئېلىپ كەلگىلى كەتكەندىمۇ ئاچار ئىدى. بۈگۈن باجگىر كېلىپ، ئالتە ئاي ئاچمىغان دۇكاندىن باج ئالدى، بىكارغىلا باج تۆلىگۈچە گۈلزار ئېچىپ تۇرسا زىيان بولماس ئىدى.
ھەجەر قىزىغا قارىدى، قىز بىر قىزىرىپ، بىر ئۆڭدى.
— بوپتۇ، گۈلزار ماقۇل تاپسا ياردەملەشسۇن.
گۈلزار ئىچىدە خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ نۇرتايغا ئەركىلەپ:
— يامان ئادەمكەنسىز جۇمۇ! — دېدى.
— «بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار يار - يار» - دېگەن ناخشا بىلەن جاۋاب قىلدى نۇرتاي.
ئۇلار دۇكانغا بىرىش ئۈچۈن كوچىغا چىقىپ تاكسى ساقلىدى. ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ كۆزى بۇ ئىككىسىدە بولدى. بىر ئايال ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ تىل قاتتى:
— زەپ كېلىشكەن يىگىت بىلەن قىز ئىكەن، خۇدد تاھىر - زۆھرەدەك.
بۇ گەپلەردىن نۇرتاينىڭ بېشى كۆككە يەتتى، گۈلزار بولسا

ئولتۇرۇۋاتقان كۈننىڭ شەپقىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئەمما ھېلىقى ئايالنىڭ ماختىشى ئۇنىڭ قەلبىنى ئېرىتىۋەتكەنىدى. ئۇلار كىرا ماشىنىسىدا ئون بەش مىنۇتتىلا دۇكانغا كېلىشتى. نۇرتاي دۇكاننى ئېچىپ سايراپلا كەتتى:

— سودىدا پۇل پۇلنى تاپىدۇ، دېگەن ئەقىدىگە ئەمەل قىلىدىمىز. بۇ پۇلنى دەسمايە قىلىپ، يۇمىلىتىپ پۇل تېپىش دېگەننىڭ.

— ماڭا ئاۋۋال بۇ ماللىرىڭىزنىڭ باھاسىنى دەپ بېرىڭ، — دېدى قىز.

— گۈلقەنتنىڭ باھاسى 250 تەڭگە①، مۇراببانىڭ 200 تەڭگە.

— ۋاي نېمانچە قىممەت!

— باھانى يۇقىرى قويىمىز، خېرىدار تۆۋەن سورايدۇ، شۇندا سىز «كەم بولار، ئوبدانراق سوراڭ» دەيسىز، خۇشامەت قىلمايسىز.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — چۈشىنەلمەي سورىدى گۈلزار.

— باھانى تۆۋەن قويسىڭىز خېرىدار سۈپەتسىز مالكەن، دەپ ئالماي كېتىدۇ. بىراق مال بولسىمۇ باھانى يۇقىرى قويسىڭىز سۈپەتلىك مالكەن، دەپ ئالىدۇ.

— بۇ خېرىدارنى ئالداشقۇ! — دېدى قىز تۇمشۇقىنى سوزۇپ.

— ئالدامچىلىق سودىدىكى پۇل تېپىشنىڭ بىر يولى، ئالدامچىلىقنى بىلمىگەنلەر سودىدا زىيان تارتىدۇ.

— مەن شۇ كەمگىچە بىر كىمنى ئالداپ باقمىغان.

— مەنمۇ شۇنداقتىم. ساۋۇت ساختىيا دېگەن شېرىكىمدىن ئالداش، بازار رىقابىتى، ئۇچۇر دېگەنلەرنى ئۆگەندىم.

① قازاقىستان دۆلەت پۇلى بولۇپ، 160 تەڭگە بىر يۈەنگە تەڭ.

www.uyghurkitap.com

بىر خېرىدار كەلدى، گۈلزار ئۇنىڭ بىلەن خۇشخۇي قىيا-پەتتە كۆرۈشۈپ نېمە لازىملىقىنى سورىدى. نۇرتاي خېرىدارنىڭ ئالدىغا ھەر خىل مۇراببا، گۈلقەنتلەرنى تىزىۋەتتى، ئۇ بىر مۇراببا شىشىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئاپئاق قوشۇقتا مۇراببا ئالدى ـ دە، خېرىدارغا تەڭلىدى:

— يەپ كۆرۈڭ، تېتىسا ئېلىڭ.

بۇرۇتلۇق خېرىدار مۇراببانىڭ تەمىنى تېتىدى، ئۇ لەۋلىرىنى تامشىپ قويۇپ، قوشۇقتىكى مۇراببانىڭ ھەممىسىنى يېدى. بۇنىڭدىن خېرىدارنىڭ ئاغزىغا تېتىغىنىنى بىلگەن نۇرتاي دەرھال سورىدى:

— قانچە بوتۇلكا بېرەي؟

— بىر بوتۇلكىسى قانچە؟

— 250 تەڭگە.

— ۋۇي، بەك قىممەتكەن.

— ھۆرمەتلىك ئەپەندىم، قانچە تەڭگىگە ئالىسىز؟

— 180 تەڭگە بولسۇن.

— ياخشى سورىدىڭىز، ئەپسۇسكى، بىزنىڭ توپ باھادا ئالغىنىمىزغىمۇ يەتمىدى. ئوبدانراق باھا قويارسىز.

خېرىدار تۇرۇپ كېتىپ 200 تەڭگىگە سورىدى.

— رەھمەت، سىز مال تونۇيدىكەنسىز، بۇ مۇراببانىڭ خىمىيۋى ئوغۇت ئىشلەتمىگەن باغنىڭ ئالما مۇرابباسى ئىكەنلىكىنى بىلدىڭىز. بىراق باھانى بەك تۆۋەن قويدىڭىز، بىزگە زىيان بولىدۇكى، پايدا بولمايدۇ.

— ئۇنداقتا، 220 تەڭگىگە بېرەرسىز؟

— سىزگە بەرمەي كىمگە بېرىمەن، قانچە بوتۇلكا بېرەي؟

— تۆت بوتۇلكا.

نۇرتاي چاققانلىق بىلەن تۆت شىشە مۇراببانى يەشكىتىن ئېلىپ خالتىغا سالدى، يېپتا باغلاپ خېرىدارنىڭ ئالدىغا قوي-

ـدى. گۇلزار خېرىدار بەرگەن 880 تەنگىلىنى ئېلىپ كاسسىغا قويدى.

— يەنە كېلىپ تۇرۇڭ، — دەپ نۇرتاي خېرىدارنى ئۇزىتىپ قويدى.

نۇرتايىنىڭ بۇ خىل سودىسىدىن گۇلزار ھەيران بولدى، نۇرتاي ئۆزىگە تەنقىد نەزەردە قارىغان قاراكۆزگە:

— مانا كۆردىڭىزمۇ، 160 تەڭگىلىك مۇرابىبانى باھانى يۇقىرى قويۇپ 60 تەڭگە پايدىسىغا ساتتۇق. بۇنى «پۇل تېپىش ھۇنىرى» دەيمىز. ساۋۇت ساختا مۇشۇنداق ماھىرلىق بىلەن نۇرغۇن پۇل تاپقان. بىراق ئۇ پۇل تېپىشنى بىلىپ خەجلەشنى بىلمىگەچكە ۋەيران بولدى.

نۇرتاي ساۋۇت ساختىنىڭ سودىدىكى تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىللە پۇلىنى قانداق سورۇۋەتكىنىنى ھېكايە قىلىپ بەردى. قىز «توۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتتى ۋە نۇرتايىنىڭمۇ شۇ يولغا كىرىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلدى. ئۇ نۇرتايىنىڭ بۇ يامان يولغا كىرىپ قالماسلىقى ئۇچۇن ئۇنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل جاۋاب بېرىش نىيىتىگە كەلدى.

گۇلزار سودا قىلىشنى ئۆگىنىۋالدى، خېرىدارلارنى ئىلىق كۇتۇۋالدى. ئەمما باھانى يۇقىرى قويۇشقا رايى بارمىدى. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن نۇرتاي:

— گۇلزار، 220 تەڭگىلىك مۇرابىبانى 180 تەڭگىگە ساتقىنىڭىز نېمىسى، بۇ قىپقىزىل زىيان بولىدىغۇ؟ — دېدى خاپا بولۇپ.

— سىز ئۆتكەندە 160 تەڭگىلىك مۇرابىبا دېگەنتىڭىزغۇ، بىر بوتۇلكىدىن 20 تەڭگە پايدا ئالسىڭىز بولمىدىمۇ؟

نۇرتاي لېۋىنى چىشلىدى، ساددىلىق قىلىپ راست گەپ قىلىپ قويغىنى ئۇچۇن پۇشايمان قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 4

دۇكانغا ھەرخىل ياشتىكى ئەر ـ ئاياللار كېلىپ تۇراتتى، بولۇپمۇ بىرنەچچە ئالىپتە يىگىت تولا كېلەتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئالغان نەرسىسىنىڭ تايىنى يوق ئىدى. ئۇلار گۈلزارغا قىزىق لەتىپىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ كۈلدۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئەچىدىكى بىرى ئىككى كۈندە بىر كېلىۋېلىپ گۈلزارنى گەپكە سالاتتى، گۈلزار ئۇنىڭ بىلەن ئېچىلىپ سۆزلىشەتتى. نۇرتاينىڭ بۇنىڭدىن زەردىسى قايناتتى. نۇرتاي پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسا بۇ گۈزەل جانانىدىن ئايرىلىپ قالىدىغىنىغا كۆزى يەتتى. بىر كۈنى سودا ئانچە بولمىدى. شۇڭا ئۇ گۈلزارغا دېدى:

— بۇگۈن سودىنىڭ تايىنى يوق، دۇكاننى ئېتىپ قايتايلى.

گۈلزار خۇشال بولدى. نۇرتاي گۈلزارنى ئۆزى ياتقان ئۆيگە باشلاپ كىردى. ھويلىدا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ ئۈستەلگە قېزا، كالباسا قويدى، ئاندىن ئۆزى ئىچمەن دەپ ئەكەلگەن مۇسەللەستىن ئىككى شىشە، ئىككى ئىستاكان ئېلىپ كەلدى. گۈلزار ئاشخانىغا چىقىپ قېزا بىلەن كالباسانى توغراپ ئەكىردى. نۇرتاي شىشىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىككى ئىستاكانغا قۇيدى، بىر ئىستاكاننى گۈلزارنىڭ ئالدىغا قويدى. كالباسا چايناۋاتقان گۈلزار.

— مەن ئىچمەيمەن، — دەپ نېرى ئىتتىردى.

— ماڭا قاراڭا، بەخت ـ سائادىتىمىز ئۈچۈن ئىچەيلى. بۇ بىر كاۋاس، ئۇسسۇزلۇق، خالاس. ھېچنېمە قىلمايدۇ.

قېزىنى يەپ سەل ئۇسسىغان گۈلزار مۇسەللەستىن بىر يۇتۇم ئىچتى، يېرىم ئىستاكان مۇسەللەسنى بىرلا كۆتۈرۈۋەتكەن نۇرتاي گۈلزارغا كۈلدۈرگە گەپلەر قىلىپ بېرىشكە باشلى-

دى:

— توققۇزتارا دېگەن يەردە بويى بىر مېتىر، بېشى يوغان، تەتەي پۇت، قوللىرى باللارنىڭكىدەك كىچىك بىر چاقچاقچى بار ئىدى. ئۇنى كىشىلەر «پىپى» دەپ ئاتايتتى. ئۇ ئاغزىدىن لەتىپە، چاقچاق ياغدىدىغان قىزىقچى ئىدى. ئۇ قانۇن ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىۋاتقاندا، كەچلىكى ئاپامنىڭ رېستورانىغا كېلەتتى. ئۇنى كەلدى، دەپ رېستورانغا پۇلدار سودىگەرلەر، ئەمەلدارلار كېلەتتى، ئۇلار خاس ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، قىممەت باھالىق تائاملار، ئىچىملىكلەرنى بۇيرۇيتتى. پىپىنىڭ لەتىپىلىرىنى ئاڭلاپ راسا كۈلۈپ، ھاردۇقىنى چىقىراتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ لەتىپە ئېيتىۋاتقىنىنىڭ ئۇستىگە كىرىپ قالدىم. ئۇ مۇنداق بىر لەتىپىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقانىكەن:

— تېرىسى تۇتۇپ تۇرمىسا، ئۇستىخىنى تۆكۈلۈپ كەتكۇدەك ئورۇق خوتۇنۇم بار. ئۇ بىر پاشا چاقسا ئىككى كۈن بالنىستا ياتىدىغان ئىنجىمارۇق.

— ھي - ھي - ھي! تازىمۇ ئورۇقكەن - دە، — دەپ كۈلدى قىز.

— پىپىغا شۇنداق خوتۇن تەگمىسە بېجىرىمى تېگەمتى، — دەپ قويۇپ نۇرتاي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — خوتۇنۇم مېنىڭ چاقىرغۇمدىكى «ئايال» دېگەن خەتنى ئۆگىنىۋالغانىكەن، بىر ئاخشىمى يوتقانغا كىرىپ ئۇخلاي دەپ يېتىشىمغا چاقىرغۇ سىگنال بەردى، خوتۇنۇم چاقىرغۇغا شۇنداقلا قاراپ: «ھوي، مانېمەڭنى ئاڭلا، قايسى قىز تېلېفون قىلدىكى» دېدى. «قىزلارنىڭ تېلېفون بەرگىنىنى قانداق بىلدىڭ؟» دەپ سورىسام، ئۇ ئاممىۋى ھاجەتخانىغا كىرىپ يۇرۇپ ئىشىك بېشىدىكى «ئايال» دېگەن خەتنى تولا كۆرۈپ كۆزۈم پىشىپ قاپتىكەن دېدى.

— ھي - ھي - قي - قي! — دەپ گۈلزار راسا كۈلدى.

نۇرتايمۇ تەڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، ئاغزىغا كالىپاسادىن بىر كېسىم سالدى. گۈلزار كۈلكىسىنى بېسىپ نۇرتاينىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ:

— يەنە بىرنى ئېيتىپ بېرىڭا، بەك قىزىقكەن، — دەپ يېلىندى.

نۇرتايغا قىزنىڭ كۈلكىسى، مانا شۇنداق بىلىكىنى تۇتۇپ يېلىنىشلا كېرەك ئىدى، ئۇ مۇسەللەستىن ئىچىپ، قېزىدىن بىر كېسىم يەپ تۇرۇپ قىزغا زورلىدى:

— سىز بۇ ئۇسسۇزلۇقنى ئىچسىڭىز ئېيتىپ بېرىمەن.

لەتىپىگە قىزىققان قىز بىر ئىستاكان مۇسەللەسنىڭ ھەممىسىنى ئىچتى.

— پېپى، مۇنداق بىر لەتىپە ئېيتىپ بەرگەنىدى: «ماھىرە ئىسىملىك بىر قىز چۇشۇمگە كىرىپ قاپتۇ، مەن جۆيلۈپ: ‹ماھىرە ـ ماھىرە›، دەپ چاقىرىۋېرىپتىمەن. يېنىمدا ياتقان خوتۇنۇم بۇنى ئاڭلاپتۇ. ئەتىگەنلىكى كىيىنىۋېتىپ: ‹ھەي خوتۇن، ئايىغىمنى ئەكىلىۋەتە›، دېسەم، ئۇ بۇتناپ: ‹ماھىرەيىڭ ئەكىلىپ بەرسۇن» › دېمەسمۇ. ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ يانچۇقۇمدىن غاچچىدە يۈز سومنى چىقاردىم ـ دە: ‹مە، ماۋۇ پۇلغا بىر چىرايلىق توفلى ئېلىپ كىيگىن، ئەرتىسىنىڭ ئايالى كونا ئاياغ كىيىپ يۈرسە يۈزۈم تۆكۈلىدۇ›، دەپ بەردىم. ئاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى، بىر كۈنى خوتۇنۇم سوراپ قالدى: ‹دادىسى، ماھىرە دەپ جۆيلىمەس بولۇپ قالدىڭىزغۇ! ›»

گۈلزار كۈلۈپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى، يۇمىلىدى، ئۇ نۇرتايغا قاراپ كۈلەتتى. نۇرتاي يەنە بىر ئىستاكان مۇسەللەسنى تەڭلىۋىدى، گۈلزار ئېلىپلا ئىچىۋەتتى ـ دە، ئوڭدىسىغا ياتتى، نۇرتاي قىزنىڭ كەيپى تۇتقىنىنى سەزدى. گۈلزارنىڭ يېتىشى ھەرقانداق يىگىتنى ئۆزىگە تارتاتتى. نۇرتاينىڭ كۆزىگە خۇددى ئاسماندىكى ئاي كارىۋاتقا چۈشۈپ ياتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

نۇرتاي قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، جۈرئەتسىزلىك بىلەن ئولتۇردى ـ دە، قىزنىڭ يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تەلمۈردى. بۇ كىيىك كۆزلەر پارقىرايتتى، ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرى يېرىم ئېچىلىپ قالغانىدى. قىزنىڭ كۆزلىرى سەل قىسىلىپ خۇمارلاشتى، نۇرتاي قىزنىڭ قولىنى سىلاپ قويدى. ئالىقان ئالىقانغا تەگدى، بۇنىڭدىن چىققان ئوت ئىسسىق نۇرتاينىڭ بەدىنىگە يۈگۈردى، بەدەنىنىڭ مەركىزى يۈرەك ئويناپ كەتتى. بۇ بەلكىم نۇرتايغا كەلگەن مۇھەببەت كەلكۈنى بولسا كېرەك، ئۇ بۇ مۇھەببەت كەلكۈنى ئىچىدە قەلەم بىلەن يېزىپ ئىپادىلىگۈسىز بىر سېزىمنى بېشىدىن كۆچۈرۈۋاتاتتى. ئۇ قىزغا سىرلىق رەۋىشتە باغلانغاچقا قەلبىنى لەرزىگە سالغان تۇيغۇسىنى ئىزھار قىلىشقا ئالدىرىدى:

— ئاھ گۈلزارىم، مەن سىزنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمەن. سىزچۇ؟! ماڭا جاۋاب بېرىڭچۇ، مېنى ئازابلىماڭا!

گۈلزار تاتلىققىنا بىر كۈلكىسى بىلەن جاۋاب بەردى. نۇرتاي بۇ كۈلكىگە تېخىمۇ مەسخۇش بولدى. ئۇ: «كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق تاتلىق كۈلسە پۈتكۈل ئىنسان غەمسىز ياشار ئىدى، بۇ كۈلكە نېمىدېگەن چىرايلىق، كىشىنى غەمدىن خالاس قىلىدىغان تاتلىق كۈلكە ـ ھە!» دەپ ئويلىدى.

— ئاھ گۈزىلىم، — دېدى نۇرتاي ھېسسىياتلار قاينىمىغا چۆكۈپ قولىنى قىزنىڭ بېلىگە كىرگۈزدى، — سىز مېنىڭ پەرىشتەم، سىز ئوقۇۋاتقىنىڭىزدىلا سىزگە ئاشىق بولغانمەن، سىز ئۈچۈن جېنىمنى، بارلىقىمنى قۇربان قىلىشقا تەييارمەن، ئەي ھۆر پەرى، جاۋاب بېرىڭچۇ!

# 5

گۈلزار نۇرتاي ئېيتقاندەك ھۆر- پەرى ئىدى، ئۇنىڭ ھۆر پەرى بولۇشى قەلبىنىڭ گۈزەللىكىدە، ئۇ ساددا، مۇلايىم تەبىئەتلىك، ئالىي پەزىلەتلىك، پاك بەندە ئىدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىدا ياش ئوقۇتقۇچىلار، ئەمەلدارلارنىڭ بەڭۋاش بايۋەچچىلىرى، ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلغان، كەينىگە كىرىۋالغان، گۈلزار ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مۇنداق جاۋاب بېرىپ قۇتۇلغان: «مەن تېخى بىر ئوقۇغۇچى، باشقا ئىشلارنى ئويلىماي، بىلىم ئېلىشنىلا ئويلايمەن. تەكلىپىڭىزگە خۇش بولدۇم. تەكلىپىڭىزنى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە ئويلىنىپ باقاي. رەنجىمەسلىكىڭىزنى سورايمەن.» گۈلزار مانا شۇنداق بىلىم ئىشقىدا كۆيۈپ يۈرگەن ئۆتكۈر ئەقىل ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭغا تەكلىپ بەرگەنلەر «ئېرىماس مۇز يۈرەك» دەپ ئاتاشقانىدى. نۇرتايمۇ دەسلەپ ئۇنى كۆرگەندە، قۇياش تەپتىدە ئېرىگەن مۇزدەك ئېرىپ، گەپ قىلالمىغانىدى. ئۇ قىز ئىشقىدا ئېرىپ، قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالغان چاغلىرىمۇ بولدى. بۇ چاغدا ئۇ ئىچىشنى ئۆگەندى، قىمارغا كىرىشتى. ئۇ ئاخىرى بۇ يامان ئىشلار «تاش يۈرەك» نى ئېرىتىش ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ توڭلىتىۋەتكىنىنى سەزدى، ئۇ شۇندىلا بۇ خىل يامان ئىشلار ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزەلمەيدىغىنىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ قولىنى بۇ ئىشلاردىن بىراقلا سىلكىدى ــ دە، ئانىسىنىڭ نەسىھىتىنىڭ تولىمۇ توغرىلىقىنى بىلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا سودىغا دائىر كىتابلارنى ئوقۇدى، گۈلزارغا ياقىدىغان شېرىن-شېكەر سۆزلەرنى ئۆگەندى. ئۇنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى ئاستا ــ ئاستا ئۈنۈم بېرىشكە، گۈلزار ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا، «مۇز يۈرىكى» ئېرىشقا باشلىدى. بۇگۈن بولسا، ئۇ گۈلزارغا قۇياشتەك ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈپ، ئېرىتىۋاتىدۇ. ئاخىر «مۇز يۈ-



www.uyghurkitap.com

رەك» تىن سادا چىقتى:
— مەنمۇ سىزنى ...
گۈلزار شۇنداق دەپ ئورنىدىن لىككىدە تۇردى، نۇرتايمۇ تەڭلا تۇرۇپ كەتتى ۋە ئەپچىللىك بىلەن قىزنىڭ بېلىنى چىرمى- ۋالدى، قىز بېشىنى كەينىگە تاشلىدى. نۇرتاي سول قولى بىلەن گۈلزارنىڭ بېشىنى ئالدىغا ئەگدى - دە، قىزنىڭ لېۋىگە سۆيۈۋالدى. گۈلزار نازۇك قوللىرى بىلەن يىگىتنىڭ مەيدىسى- نى ئىتتىردى. شۇ ئارىدا دەرۋازا ئۇرۇلدى. گۈلزار نۇرتاينىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى. ئەتىسى ئەتىگەنلىكى گۈلزار دۇكانغا بارغۇچە ئۇن چىقارمىدى. بەلكى يىكاپىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋالدى. ئەمما بۇ كۈنى دۇكان سودىسى ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى.
ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە، نۇرتاي ئەكەلگەن گۈلقەنت، مۇ- راببانىڭ يېرىمى سېتىلىپ بولدى. مېھرىگۈلدىن كۈن ئارىلاپ تېلېفون كېلىپ تۇرغانىدى. نۇرتاي بۇگۈن ئانىسىغا «ئاپا ئالمۇ- تىغا كەلگىن، ھەجەر ئانا ۋىزا ئەۋەتتى» دەپ تېلېفون بەردى. «بۇ يەردە چېچىمدىن تولا ئىشىم تۇرسا، قانداقمۇ، يېنىڭغا چىقىمەن!» دېدى ئانا. نۇرتاي: «مەن ھەجەر ئانىنىڭ قىزى گۈلزارغا ئۆيلىنىدىغان بولدۇم، چىقىپ تويۇمنى قىلىپ قوي- غىن» دەپ گەپنى ئوچۇقلا قىلدى. «ۋاي ئانمەي، — دېدى مېھرىگۈل، — يۇرتىمىزدا قىز تېپىلمىغاندەك، چەت ئەلنىڭ قىزىنى ئالماقچىمۇسەن!» «ئايىئاق ئاپا، — دەپ يالۋۇردى نۇر- تاي، — مېنى چۈشەنگىن، مەن گۈلزارغا ئۈچ يىلدىن بېرى ئاشىق بولۇپ قالغانمەن. ئۇ شۇنداق ئەخلاق - پەزىلەتلىك ئوبدان قىز، ھەدەمدىن سورا. مەن ئۇنىڭغا ئۆيلەنسەم، قازا- قىستان دۆلىتىنىڭ پۇقرالىق كىنىشكىسىنى ئالالايمەن، ئۇ چاغدا مېنى بۇ يەردىن قوغلىيالمايدۇ، خالىغانچە باج ئالالمايدۇ. گۈلزار دۇكاننى ئاچىدۇ، مەن يېنىڭغا بېرىپ مال ئەكىلىپ

بېرىمەن. ئۇ سودىغا ئۇستا بولۇپ كەتتى». «ۋاي خۇدا، ما ئىشنى كۆرمەمدىغان ...» ئانا شۇنداق دەپلا تۇرۇپكىنى قويۇپ قويدى.

## 6

بىر ئالىپتە رۇس يىگىتى دۇكانغا كۈندىلا كېلىۋالىدىغان قىلىق چىقاردى. ئۇ دۇكانغا كىرسىلا گۈلزارغا چاقچاق قىلاتتى. گۈلزار ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلسىمۇ، ھەتتا سىلكىسىمۇ سۆركىلىپ غىلجىڭلايتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ رۇس يىگىت گۈلزارغا چاقچاق قىلىۋاتقاندا گۈلزارنىڭ ئاكىسى ئالدىيار ئۇشتۇمتۇتلا پەيدا بولدى. ئالدىيار نۇرتاينىڭ دۇكىنىغا كەمدىن ـ كەم كېلەتتى، بەلكىم ئۇ بۈگۈن سىڭلىسىدىن پۇل سورىغىلى كەلگەندۇ. نۇرتاي ئالدىيار بىلەن دۇكان ئالدىدا پاراڭلىشىۋاتقاندا، دۇكان ئىچىدىن گۈلزارنىڭ:

— ھوي لۈكچەك، تارت قولۇڭنى! — دېگەن رۇسچە ئاچچىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئالدىيار سىڭلىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دۇكانغا ئېتىلىپ كىردى. ئۇ گۈلزارغا ئېسىلغان رۇس يىگىتىنىڭ كەينىدىن كېلىپلا ئۇنىڭ گەجگىسىگە بىر مۇشت سالدى. رۇس يىگىت كەينىگە بۇرۇلۇشىغا قاڭشىرىغا يەنە بىر مۇشت تەگدى. رۇس يىگىت: «نو ياپىنىۋايمايت! سەن تېخى تىرىكمىدىڭ» دېگىنىچە ئالدىيارنىڭ بېشىغا بىر مۇشت سالدى. ئالدىيار سەنتىرەكلەپ بېرىپ، دۇكاننىڭ تېمىغا تىرىلىپ قالدى، ئاڭغىچە دۇكانغا كىرگەن نۇرتاي رۇس يىگىتىنىڭ ئىڭىكىگە بىر مۇشت ئۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىككىسى مۇشتلىشىپ كەتتى. نۇرتاي رۇس يىگىتىنىڭ قورسىقىغا بىرنى تەپتى. ئۇ ئېڭىشىپ قالدى، شۇ ھامان نۇرتاي ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى ـ



www.uyghurkitap.com

دە، يۈزىگە بىر باش ئاتتى، يىگىت دۇكان ئىشىكىدىن ئۇچۇپ چىقىپ ئوڭدىسىغا چۈشتى. ئۇ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— ئىۋۇشكا، ساشا ...

— شۇ ھامان تۆت يىگىت پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن چاچكەرە يىپ بىلەن باغلىنىپ كەينىگە تاشلانغانىدى، قىزىل، يېشىل، ئالا - تاغىل رەڭدە كۆڭلەك، شىم كىيىشكەنىدى. ئۇلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ نۇرتايغا ئېسىلدى. نۇرتاي ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرۇپ ئۇيغۇر تىلىدا:

— گۈلزار، ساقچىغا تېلېفون بېرىڭ، — دەپ ۋارقىرىدى.

نۇرتاي ئالدىغا كەلگەنگە مۇشت ئاتتى، يېنىدىن ھۇجۇم قىلغىنىغا پەشۋا ئاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن بىرى ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋىدى، دۇكاندىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان ئالدىيار ئۇنىڭ بىلەن مۇشتلاشتى، ئۇ لۈكچەك يامان نېمە ئىكەن، ئالدىيارنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ يىقىتتى. تېلېفون بېرىپ بولغان گۈلزار:

— ئاكا، — دەپ يۈگۈرۈپ چىقتى.

سۆيگەن قىزىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى نۇرتاينىڭ غەزىپىنى ئۆرلەتتى، ئۇ «قەيەردىلا بولمىسۇن، بىز خەق بوزەك بولاتتۇق-مۇ، مانا ساڭا» دەپ ئالدىيارنى ئۇرۇپ يىقىتقان لۈكچەكنىڭ قۇلىقى تۈۋىگە بىرنى قويدى، لۈكچەك يىقىلىشىغا:

— گۈل - نزار، بۇ - بۇ لۈك - چەكلەر مې - مېنى ئۇرغانلار!، مېنى مېيىپ قىلغانلار مۇشۇلار، — دەپ ئالدىيار ۋارقىرىدى.

بۇنى ئاڭلىغان نۇرتايدا، بۇ لۈكچەك - زومىگەرلەردىن قىساس ئېلىش غەزىپى قوزغالدى، ئۆز يۇرتدىشى، كەسپدىشى-نى ئۈچ لۈكچەك بىرلىشىپ ئۇرۇۋاتقىنىنى كۆرگەن بەش نەپەر قوشنا دۇكاندارلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، لۈكچەكلەرنى سالدى. ئالدىيار ۋارقىراپ تۇرۇپ بىر لۈكچەكنى ئۇرۇۋاتاتتى. ئۇ:

— ھۇ ئەبلەخ، مېنى مۇشۇنداق ئۇرۇپ يىقىتىپ، كۆز،

بىشىمغا تيىپ، كۆزۇمنى، مىڭەمنى مىيىپ قىلىشقانىڭ، ئەمدى مىيىپ قىلىش نۆۋىتى ماڭا كەلدى، — دەپ ئاسپىدا يانتاقاننىڭ باش - كۆزىگە تىيىپ يۇمىلاتقىلى تۇردى.

دەل شۇ پەيتتە ساقچىلار يىتىپ كەلدى. ساقچى باشلىقى فورمىسىنى كىيگەن بىرى پۇشتەك چىلىپ مۇشتلىشىشنى توختاتتى. قالغان ساقچىلار يوپۇرۇلۇپ كىلىپ بەش نەپەر لۇكچەكنىڭ قولىغا كويزا سىلىپ ئۇلگۇردى. ساقچى باشلىقى:

— نۇ سارتتار، جارايسىڭ، بول سۇمرايلارنى پاكىتىمەن ئۇستىيالماي جاتىردىك، سىندەردە پولتسىيگە[1] بارىپ، جاغدايدا ئەيتىڭدار، — دىدى قازاق تىلىدا.

— مانا مەن بۇلارنىڭ جىنايىتىنى بىلىمەن، مەنلا باراي، دەپ ئالدىغا چۇشتى ئالدىيار.

— جوق، بول ماجىراغا قاتىستىداردىڭ بارى بارادى.

— هەي ناچالنىك[2]، مۇنۇ دۇكاندارلاردا ئەيىب يوق. ئۇلار لۇكچەكلەر بۇ ئىككىمىزنى قاتتىق ئۇرغىنىغا چىدىماي ئاجرىتىپ قويماقچى بولغانلار. ئىككىمىزلا بىرىپ پاكىت كۆرسەتسەك يىتەر، ئۇلارنى ئاۋارە قىلماڭ.

— ئۇندا جۇر.

ساقچىلار لۇكچەكلەر، ئالدىيار، نۇرتايىنى ئىلىپ كەتكەندىن كىيىن گۇلزار دۇكاننى ئەتتى - دە، ئۆيىگە باردى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپلا ۋارقىرىدى:

— ئاپا، ئاكام ئىسىنى يىغدى. ئۇ ئەسلىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىنى ئۇرۇپ مىيىپ قىلغان لۇكچەكلەرنى تونۇدى. پولتسىيە لۇكچەكلەرنى ئىلىپ كەتتى.

هەجەر هەدە بىرلەهزە قىتىپ قالغاندەك بولدى، ئۇ:

---

[1] پولىتسىيە ـ ساقچى ئىدارىسى دىگەن مەنىدە.
[2] ناچالنىك ـ رۇسچە، ساقچى باشلىقى دىگەن مەنىدە.

— ئالدىيار قېنى، نۇرتايچۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ئۇلارنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بېرىڭلار، دەپ ئېلىپ كەتتى.
— يۇر، پولىتسىيىگە بارىمىز.

## 7

بۇ جېدەلدىن كېيىن گۈلزار نۇرتايغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتتى. گۈلزارلا ئەمەس، ھەجەر ھەدە ئائىلىسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ، ئۇلار بىر ئائىلە كىشىسىدەك ئېجىل - ئىناق ياشاشقا باشلىدى. نۇرتاي ئالدىيارنى سىڭلىسىغا ياردەم بېرىشكە دۇكانغا ئەكىرىۋالدى ۋە دۇكىنىدىن خاتىرجەم بولۇپ يۇرتقا قايتتى. ئۇ يۇرتتىن مۇراببا، گۈلقەنتلا ئەمەس، ئانار شەربىتى، ئارمان تالقىنى، ئەنجۇر مۇرابباسى، ياڭيۇ، كۆزلۈك كىيىملەر، سۇنئىي مەرۋايىت، باللار كىيىمى ۋە ئويۇنچۇقلىرى ئېلىپ يەنە ئالمۇتىغا چىقتى. ئۇ سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ھەدىسىگە ئۆزىنىڭ گۈلزار بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكىنى ئېيتتى، ئۇ بۇ ئىش خۇسۇسىدا ئانىسى بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ بېرىشى لازىملىقىنى تاپىلىدى. نۇرگۈل ئىنىسى ئالمۇتىغا قاراپ ماڭغان كۈنىلا ئانىسىنىڭ ئالدىغا باردى.

— ئانىجان، — دېدى نۇرگۈل ئانىسىغا ئەركىلەپ، — بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

— خۇش خەۋەرلا بولسا جان دەپ ئاڭلايمەن.

— ئوغلۇڭ ساڭا تازىمۇ چىرايلىق بىر پەرىزاتنى كېلىن قىلىپ بەرمەكچى، ئۇ كېلىنىنى مەنمۇ ئوبدان بىلىمەن.

— نۇرتاي ئۆتكەندە تېلېفوندا ئۆيلىنىمەن، دەپ گېپىنى قىلغان گۈلزارمۇ؟

— ھەئە، خۇش بولغىنىكى مېھرىبان ئاپا، ياق دېمە. سەن بىز بالىلىرىڭ ئۈچۈن ياشلىق باھارىڭ، گۈلدەك چاغلىرىڭنى خازان قىلدىڭ، ئۈچ پەرزەنتىڭنى ئوقۇتۇپ قاتارغا قاتتىق بىزنى دەپ يىگىرمە نەچچە يىل تۇل ئولتۇردۇڭ، نۇرغۇن كېچە-لەرنى ئۇيقۇسىز، نۇرغۇن كۈنلەرنى ئېغىر ئەمگەك ۋە غەم بىلەن ئۆتكۈزدۈڭ، بىز ئۈچۈن جىسمىڭغا لايىق بولمىغان ئېغىر ئەمگەكلەر، ھاشارلارغا قاتناشتىڭ، تالاي كۈنلەرنى ئاچ - توق ئۆتكۈزدۈڭ، بىر كۆڭلىكىڭگە توققۇز ياماق سالدىڭ… مانا بۈلارنىڭ ھەممىسىگە چىدىدىڭ، نېمە ئۈچۈن؟ بىزنى قاتارغا قېتىش، خەلققە يارامىلىق ئادەم قىلىش ئۈچۈن! بىزنى ئۆزۈڭ-دەك بەختسىز بولۇپ قالماي، غەمسىز، بەختلىك ياشىسۇن، دەپ شۇنداق قىلدىڭ. نىشانەڭگە بىر - بىرلەپ يېتىۋاتىسەن، ئارزۇ - ئارمىنىمىزغا يەتكۈزۈۋاتىسەن، سېنىڭ ئەمدى كۈلىدى-غان چېغىڭ كەلدى. كۈلگىن ئاپا، قاقاقلاپ كۈلگىن، سېنىڭ شاد كۈلكەڭنى ئەل كۆرسۇن!

قىزىنىڭ بۇ تەسىرلىك سۆزلىرى مېھرىگۈلنى كۈلدۈرمە-دى، ئەكسىچە ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈش ئېلىپ كەلدى. نۇر-گۈل ئانىسىنى مېھىر بىلەن قۇچاقلىدى، ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلى-رىنى سىپاپ سىلىدى. مېھرىگۈل ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە:

— ماڭا چەت ئەللىك كېلىن كېرەك ئەمەس! — دېدى كەسكىن قىلىپ.

— چەت ئەللىك بولسا نېمە بوپتۇ؟

— جان - جىگەر ئوغلۇمنى مەندىن تارتىۋالىدۇ.

— ئوئۇش، يوق خىياللاردا بولىدىكەنسەن، نۇرتاي ئالمۇ-تىغا چىقىپ - كىرىپ يۈرسە بولمىدىمۇ، بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىساڭ كېلىننى ئېلىپ كەلسەك بولىدىغۇ.

— نۇرتايدەك كېلىشكەن بالامغا يۇرتۇمدىن قىز چىقماپتۇ-مۇ؟ بۇ يەردىمۇ چىرايلىق، ئوقۇمۇشلۇق قىزلار تولۇپ يېتىپ-

تۇ، شۇلاردىن چىكىپ تۇرۇپ بىرنى تاللىۋالسا بولمىدىمۇ؟
— جېنىم ئاپا، ئوغلۇڭنىڭ قەلبىنى چۈشەنسەڭچۇ، نېمە دېسەم بولار، بوپتۇلا، يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ دەۋېرەي، كۆ-ڭۈل دېگەن باشقا گەپ. قىزلا بولسا بولىۋەرمەيدۇ ـ دە. نۇرتاي گۇلزارنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ، كۆڭلىنى بەرگەن ...
— مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا رازى ئەمەسمەن!
مېھرىگۇل گەپ تۇگىدى، دېگەندەك ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

8

نۇرتاي ئالمۇتىغا كېلىپ، نۇرگۇلگە كوندە دېگۇدەك تېلې-فون بېرىپ، ئانىسىنىڭ گۇلزار بىلەن بولىدىغان توي ئىشىغا قوشۇلغان ـ قوشۇلمىغانلىقىنى سورايتتى، بىر قېتىمقى تېلې-فوندا نۇرگۇل شۇم خەۋەر يەتكۈزدى:
— ئاپام يېقىن كېلەر ئەمەس، ھەتتا ساڭا ئەڭ چىرايلىق بىر قىزنى تېپىپ قويۇپتۇ، سېنى كېلىپ كۆرۈپ باقسۇن، دەيدۇ، تېخى!
بۇ گەپنى ئاڭلاپ نۇرتاينىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى، ئۇ بىر كېچە ئۇخلىماي ئويلاندى. ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كەلدى. ئەتىسى ئۇلار دۇكاندىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، گۇلزار سورىدى:
— نېمە بولدىڭىز، چىرايىڭىز تاتىرىپلا كېتىپتۇغۇ؟
— كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم.
— نېمىشقا ئەمدى؟
— سىزنىڭ دەردىڭىزدە.
قىز پىسسىڭىدە كولدى ۋە دېدى:
— كوندە بىللە يۈرىمىزغۇ.
— كوندۇزى ۋاقىت دېگەن سودا ئىشى بىلەن ئۆتۈپ كېتىد-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

دۇ، سىزنى كېچىسى بەك سېغىنىمەن.
— ئالدىرىماڭ، كېچىسىمۇ بىللە بولىدىغان كۈنلەر كېلەر.
— ئىلاھىم تېزراق كەلسىدى.
— نېمانچە ئالدىرايسىز؟
— گۈلزار، ھازىر مېنىڭ ھۇجرامغا كىرىپ، توي كۈنىنى
رەسمىي بېكىتىۋالايلىچۇ.
— ئالدىرىمايلى، تېخى ئاپامنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى يوق.
— ئالدىرىمىسام بولمايدۇ، ئاپام ماڭا لايىق تېپىپ قويۇپ-
تۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىزنىڭ چىرايى ئۆزگىدى، ئۇ بىردىن غەمگە
پېتىپ قالدى. ئۇ نۇرتاينىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ھۇجرى-
سىغا كىردى. نۇرتاي يەنە كالباسا، پېچىنە، كەمپۈت، مۇراببا
ۋە مۇسەللەسلەرنى ئۈستەلگە تىزدى، ئۇلار يەپ - ئىچكەچ
پاراڭلاشتى.
— سىز بۇ قېتىم بارغىنىڭىزدا ئاپىڭىزغا توي قىلىدىغىنى-
مىزنى دېگەنمىتىڭىز؟
— ھەددەم ئارقىلىق دېگەن.
— قوشۇلۇپتۇمۇ؟
— ......

جاۋاب ئورنىغا نۇرتاينىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرى قىزنى لىك-
كىدە كۆتۈردى ۋە قۇچىقىغا ئالدى. مۇسەللەسنىڭ قىزىتىشى
قىزنىڭ قان تومۇرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋەتتىمۇ ۋە ياكى نۇر-
تاينىڭ ئانىسى تاپقان غايىبانە قىزدىن قىزغاندىمۇ، گۈلزار نۇر-
تاينى چىڭ قۇچاقلىدى. نۇرتاي پىچىرلىدى:
— گۈزىلىم، سىزنىڭ پاك مۇھەببىتىڭىز ئالدىدا باش ئې-
گىمەن. ئىككىمىزنىڭ يۈرىكى ئىككى پارچە گۆش ئەمەس،
كۆيۈۋاتقان مۇھەببەت چوغى. سىز مېنىڭ شادلىقىم، بەختىم،
ھاياتىم، مەن سىزنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك قىلى-

مەن!

گۇلزارمۇ ناز بىلەن پىچىرلايتتى، ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارى، شېرىن سۆزى نۇرتاينى مەپتۇن قىلدى. ئۇ قىزنى باغرىغا بېسىپ، ئۇزمەي سۆيدى. قىز يېرىم بىھۇش ھالغا چۈشۈپ، ئىختىيارىنى نۇرتايغا بەردى. نۇرتاي بارغانچە قىزىپ گۇلزارنى كۆتۈردى ـ دە، كارىۋاتقا باستى. قىز بىردىن تولغىنىپ كەتتى ۋە ئاچچىق ئاۋازدا:

— تېگىشلىك بولمىغان جايغا قول ئۇزاتماڭ! — دېدى.

قىزنىڭ سۆزى كەسكىن ۋە قەتئىي ئىدى. بۇ ئاۋاز نۇرتاينى ھوشىغا كەلتۈردى، ئۇ كېكەچلىدى:

— مە ـ مەن ... مە ...

— سۆيسىڭىز مەيلى، — دېدى قىز ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — ئەمما ئېپپىتىم بىلەن ئويناشماڭ!

گۇلزار كارىۋاتتىن چۈشتى، بارماقلىرىنى تارغاق قىلىپ پېشانە چاچلىرىنى تارىدى، يوپكىسىنىڭ ئېتىكىنى تۈزىدى. ئۇ نۇرتايغا قاراپ قويۇپ نەسىھەت ئاھاڭىدا دېدى:

— سىزنى ياخشى كۆرگەچكە سىز بىلەن بىللە ئولتۇرغانتىم. سىز بولسىڭىز ئەخلاقسىزلارچە ئالدىراۋاتىسىز، بۇ دېگەن مەڭگۈلۈك ئىش، ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس!

— مېنى كەچۈرۈڭ، بىئىختىيار شۇنداق بولدى، ئىختىيارىم ئۆزۈمدە ئەمەس. سىزنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن ...

نۇرتاي گۇلزارنىڭ قىزلىق ئېپپىتىنى قوغدىغىنىدىن سۆيۈندى ۋە ئۇنى نىكاھىغا ئېلىپ مەڭگۈ بىرگە ئۆتۈشكە بەل باغلىدى. ئۇ بۇ ئىرادىسىنى قىزغا جىددىي قىلىپ ئىزھار قىلدى. قىز ئېچىلدى:

— بىز راستتىنلا ئۆي تۇتالايمىزمۇ ـ ھە!

— چوقۇم.

— بىراق مېنىڭ سىز بىلەن بىرگە كېتىشىمگە ئاپام ئۇنى-

مايدۇ.
بۇ ئىش نۇرتاينىمۇ قىيناۋاتاتتى. ئۇ «مەن ھەرگىز چەت ئەلدە ئىچ كۆيئوغۇل بولۇپ قالمايمەن، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن زېمىننىم مۇھەببەتتىن ئەلا ۋە ئۇلۇغدۇر. ئۇنداقتا گۈلزارچۇ؟» دەپ ئويلايتتى. بۇ قىيىن مەسىلىگە ئۇنىڭ ياش مېڭىسى ئەقىل بەردى: «ھەدەڭگە يالغان خەت ياز، خەتتە ‹بىز زاگىستىن① ئۆتۈپ بولدۇق. نىكاھ ئوقۇلسىلا، ئەر ــ خوتۇن بولىمىز. ئەڭ ياخشىسى ئاپام ئىككىڭلار چىقىپ تويۇمنى قىلىپ قويۇڭلار، بولمىسا مەندىن ئايرىلىپ قالىسىلەر، مەن يۇرتقا ئاياغ باسماي قويىمەن، دەپ يازغىن.» نۇرتاي شۇ كۈنى ئاخشىمى بۇ خەتنى يازدى ۋە خەتنى ئەتىسى پوچتىغا سېلىۋەتتى.

8

نۇرتاينىڭ ھىيلىسى كارغا ياراپ قالدى. مېھرىگۈلدىن: «توي قىلىشىڭغا رازىمەن، توي ۋاقتىنى خەۋەر قىل» دېگەن تېلېفون كەلدى.
— ۋاي تۇل خوتۇنلارەي، ۋاي بىچارە غەمگۇزارلىرىمەي، ئاپام بىچارىمۇ مېنى چەت ئەلگە كېتىپ قالارمۇ، دەپ ئۇنىمىغاندى. ئانىلاردىكى بالا غېمى، بالىغا كۆيۈنۈش نېمىدېگەن ئوخشىغان ــ ھە! — دېدى گۈلزار ئەھۋالنى نۇرتايدىن بىلىپ.
ئۇلار زاگىسقا بېرىپ، توي خېتى بىلەن بىللە قازاقىستان دۆلىتىنىڭ پاسپورتىنىمۇ ئالدى. نۇرتاي خۇشال ھالدا:
— بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش دېگەن مۇشۇ، — دەپ پەخىرلەندى.
— پاختەك دېگىنىڭىز نېمە ئۇ؟

---

① زاگىس ـ رۇسچە سۆز بولۇپ، توي خېتى ئېلىش مەنىسىدە.

— بىر پاختەك سىز، يەنە بىرى پاسپورت، — دېدى نۇرتاي.

— ھىم، چۈشەندىم، سىز مېنى ياخشى كۆرۈپ ئەمەس، پاسپورتقا ئىگە بولۇپ پۇل تېپىش ئۈچۈن ئالىدىكەنسىز - دە؟

— ياقەي جېنىم خوتۇنۇم، سىزنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن.

— ۋىيىەي، خوتۇنۇم دەپ سەت گەپ قىلماي، سۆيۈملۈكۈم، رەپىقەم دېمەمدىكىن.

— ماقۇل سۆيۈملۈكۈم، ئەمدى قۇتلۇق توي كۈننى بېكىتەيلى.

— توي كۈننى بوۋام بىلەن ئاپام بېكىتىدۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن نۇرتاي ھەدىسىگە تېلېفون بەردى:

— 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تويىمىز بولىدىغان بولدى. سىلەر 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كېلىڭلار. ئۆي قاتارلىق ھەممە نەرسە تەييار، پەقەت يەرلىك كەمپۈت، ئۆي پىچىنىسى ئالغاچ كېلىڭلار، دۇكانغا دەمسەن؟ ھە، دۇكانغا مۇرابىا، گۈلقەنت، ئانار شەربىتى، شىپىتىڭ پۆلۈش، شىپىتىڭ دۇخاۋا، مەنقارا، چىدىغانغا چىقارغان، گىرىپتىشىنلاردىن ئېلىپ كېلىڭلار، قىزنىڭ تويلۇق كىيىمى دېدىڭمۇ؟ دۇكانغا دەپ ئالغان ماللاردىن قىلساق بولىدىغۇ، نەچچە كىشىلىك دەمسەن؟ يەتتىغۇ دەيمەن، بوۋىسى، ئاپىسى، ئاكىسى ۋە باشقا تۇغقانلىرى، ھە، خوش!

نۇرگۈل يەتتە كىشىلىك ئەمەس يەتتە يۈز كىشىلىك رەختە ئەكەلدى. بۇ چېچەن قىز «ھەم ساياھەت، ھەم تىجارەت» دېگەن ئۇسۇلنى قوللاندى. ئۇ ئالمۇتىلىقلارنىڭ ئىنىسى بۇيرۇغان رەختلەرگە ئېھتىياجى بارلىقىنى سەزدى. مېھرىگۈل بىلەن نۇرگۈلنى نۇرتاي قاتناش بېكىتىدە كۈتۈۋالدى. مېھرىگۈل ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كەتتى، نۇرگۈل چاقچاق قىلدى:

— سودىدىكى ئالدامچىلىق ئۇسۇلى بىلەن ئاپامنى ئالدىغ-

نىڭنى ئاللىبۇرۇن بىلگەنتىم، ھەي ھىيلىگەر سودىگەرەي!
نۇرتاي ئىنزاتارتىپ مالنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بولۇۋالدى.
— ھوي ھەدە، بىر تاتۇر ماشىنىدا مال ئەكەپسەنغۇ!
— دۇكىنىڭغا چۈشۈرۈپ، سەن بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققان يەردە مەن قاراپ تۇرامدىم، — دېدى نۇرگۈل خۇشخۇيلۇق بىلەن:
نۇرتاي ئۇلارنى بىر سودىگەر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى، ئۇ دۇكانغا كەلگەندە، تاتۇر ماشىنىنى باشلاپ ئېلىپ كەتكەن ئالدىيار يۈكلەرنى چۈشۈرۈۋاتقانىكەن. ئۇ خاتىرجەم بولۇپ مېھرىگۈل چۈشكەن ئۆيگە قايتتى. ئۇلار چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغانىكەن.
— يۈكنى چۈشۈرۈپ بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى مېھرىگۈل نۇرتاي كىرىپ كەلگەندە.
— ھەئە.
— ئولتۇرۇپ چاي ئىچكىن.
— ئەمدى قېلىنلىق قىلىپ ئۇ ئۆيگە بارما. بىز بىلەن تۇرغىن، ھۇجرىنى قەيەردىن ئالدىڭ؟
— ئاشۇ، مەن تۇرۇۋاتقان ھۇجرا بولار دەپ...
نۇرگۈل ئانىسىغا لاپپىدە بىر قارىدى، مېھرىگۈل:
— ھە، ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ كىرىدىكەنسەن - دە؟! — دېدى قاپىقىنى ھىمىرىپ.
— ئىچ كۈيئوغۇل ئەمەس ئاپا، ئۇ قورۇ بەك كەڭرى، ھەر قانچە كۆپ مال بولسىمۇ پاتقۇدەك ئامبىرى بار، ھەم بىخەتەر. مۇشۇ جەھەتنى كۆزدە تۇتقانتىم.
— بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ھەجەر ھەدىنىڭ قورۇسىدا تۇرغىنى تۈزۈك. ئۇ يەر شەھەردىن يىراق بولغاچقا تىنچ، ئۇ يەردە ساپلا ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. شەھەردە ئوغرى، بۇلاڭچى كۆپ، —

دەپ ساھىبخان خوتۇن ئاربلاشتى.

— بولدىلا ئاپا، قەيەردىن ئۆي تۇتسا تۇتمايدۇ، ئۇ ۋاقىتلىق ئولتۇرىدىغۇ، يۇرتقا قايتقاندا، يېنىمىزدا تۇرسا بولىدىغۇ، — دېدى نۇرگۈل.

نۇرگۈلنىڭ كېيىنكى سۆزى مېھرىگۈلنى بىرئاز خاتىرجەم قىلدى. نۇرگۈل ئەمدى ھەجەر ئائىلىسىنى تونۇشتۇردى:

— ھەجەر ھەدە ئوبدان ئايال، ئۇ تاڭ سەھەردە ئىشقا كېتىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە كېلىدۇ، دادىسى مەسچىتنىڭ كۆزەتچىلىكىنى قىلىدۇ، كېچىسى مەسچىتتە كۆزەتچىلىك قىلىپ، كۈندۈزى قورۇسىدا بولىدۇ. بارغاندا كۆرىسەن، بىزنىڭ بۇرۇنقى قورۇيمىزغا ئوخشاش بېغى، ئوتياشلىقى بار. نۇرتاي بىلەن كېلىنىڭ ئەتىگەنلىكى ھوجرىسىدا چايلا ئىچىدۇ، كەچتە بىراق كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئىچ كۆيئوغۇل دېگىلى بولمايدۇ.

— ھە، مۇنداق دە، سەنزە بۇ ئائىلىنىڭ ئىپى - جىپىنى بىلىپ بوپتىكەنسەن - دە؟ ۋاي سېنىڭ ئەقلىڭدىن ئۆرگىلەي، — دېدى مېھرىگۈل كۈلۈپ.

ئۇلار ئەتىسى ئولتۇرۇپ توينىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشتى.

**9**

مېھرىگۈللەر توي تارتىپ بارغاندا، ھەجەر بۇۋىنىڭ قولۇم-قوشنىلىرى مېھرىگۈلگە ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن قاراپلا قالدى. مېھرىگۈل ھەجەر بۇۋىنىڭ ئالدىغا تولۇن ئايدەك كۈلۈپ باردى، ئۇلار قەدىردانلارچە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. خوتۇنلار نۇرگۈلنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدى:

— بىر - بىرىدىن چىرايلىقكەن!

نۇرگۈل بۇ توي خۇددى ئانىسىنىڭ تويىدەك مېھرىگۈلنى

قالتىس ياساندۇرغانىدى، ئۇچىسىغا گۈلچىكەندىن تىكىلگەن كۆڭلەكنى كىيىنگۈزگەنىدى. ئەينى چاغدا شەھەر باشلىقىنىڭ خوتۇنى ئالغىلى ئۇنىمىغان ئالتۇن بىلەزۈك مېھرىگۈلنىڭ بىلىكىدە پارقىراپ تۇراتتى. بارماقلىرىدا قۇيما ئۈزۈك، بويىنىغا سالغان ئالتۇن زەنجىرىنىڭ ئۇچىدا كۆك گۆھەر نۇر چېچىپ تۇراتتى، قۇلىقىدا ئايخاڭزا ھالقا، مەيدىسىدە زۇننار، دىرۇژبىلىق ئاياللار ئۇنىڭ ئالتۇن ـ گۆھەر جابدۇقلىرىغا ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى، ئۆز ئارا پىچىرلىشاتتى. ئەسلىدە بۇ يەردە تويغا ئەر-خوتۇن قولتۇقلىشىپ كېلەتتىكەن، گۈلزارنىڭ بوۋىسى قاتتىق تۇرۇۋالغاچقا، ئۇيغۇر ئادىتى بويىچە ئەتىگەنلىكى ئەرلەرنى ئۈزدىتىپ، نىكاھ ئوقۇلدى، ھاراق ـ شارابمۇ مەنئىي قىلىندى.

تويدىن كېيىن چەكسىز بەختكە چۆمگەن نۇرتاي بىلەن گۈلزار مېھرىگۈلنى پىكاپقا ئولتۇرغۇزۇپ، پۈتۈن ئالمۇتا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ساياھەت ئورۇنلىرىنى سەيلە قىلدۇردى، ئۇلار يەنە چېلەك، ئۇيغۇر رايونى، توقماق، ياركەنت قاتارلىق ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان يەتتە سۇ ۋادىسىنى سەيلە ـ ساياھەت قىلدى. مېھرىگۈلنىڭ بۇ سەيلىدىن كۆڭلى يايرىدى. ئۇ «ھە، سەيلە ـ ساياھەت كەسپىنى يولغا قويسام بولغۇدەك، يېڭى بەرپا قىلغان شىپاڭ بىر ياخشى ساياھەت ئورنى بولىدىكەن، يەنە تېخى دەريا بويىدا 2000 مو ئورماننى يول ياستىپ، ساياھەت ئورنى قىلسام بولىدۇ، شەھەر خەلقى ئەتىگىنى كېلىپ، كەچكىرگۈچە سەيلە قىلىپ سالقىنداپ راھەتلىنەرسۇن» دېگەننى كۆڭلىگە پۈكتى. بۇ مېھرىگۈلنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى سەيلە ـ ساياھەت بولغاچقا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇنىڭغا كېلىنىنىڭ ساددا، خۇشخۇيلۇقى ياقتى ۋە ھاردۇقى چىققاندەك ئىككىنچى قېتىم «ئۇھ» دېدى.

نۇرگۈلگىمۇ گەپ كەتمەيتتى. ئۇ پۈزۈر ياسىنىۋېلىپ ئالمۇتىنىڭ ھەممە بازىرىنى ئارىلىدى. يەرلىك ماگىزىن، سودا

سارايلىرىغا كىردى، مالنىڭ توپ، پارچە باھاسىنى سوراپ بىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە چوڭ سان بار ئىدى. ئۇ يۇرتداش خوتۇن - قىزلارنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىقىنى بىلەتتى، يۇرتداشلىرى ئاليۇمىنىدىن ئىشلەنگەن قاچىلارنى ئىشلەتمەي، ئۇنى «سالامەتلىككە زىيانلىق» دەپ، تۆمۈردىن قۇيۇلۇپ سىرلانغان قاچا - قۇمۇچلارنى ئىشلىتىشكە يۈزلەنگەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ بۇ قاچا - قۇچىلارنىڭ باھاسىنى بىلىۋېلىپ، قاچا - قۇچا زاۋۇتىغا باردى. زاۋۇتتا بازاردىن كۆپ ئەرزان ئىدى. ئۇ بىر ماشىنا سىرلانغان كورا، چۆگۈن، چاشكا سېتىۋالدى. ئۇ يەنە قىرىمنىڭ پەمىل چېيى، تاشكەنتنىڭ قۇرۇق مېۋىلىرىدىن سېتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن نۇرتاينىڭ يانچۇقىنى قۇرۇقداپ قويدى.

ھەجەر بۇ ۋاقىت ئىچىدە قۇدىسىنىڭ دۆلىتىگە چىقىش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى. مېھرىگۇل قۇدىسى، كېلىنى، ئوغلى ۋە ھەجەرنىڭ دادىسىنى ئېلىپ قايتتى. نۇرگۇل ئۇلاردىن بۇرۇن ئىككى ماشىنا يۈك بىلەن كېتىپ قالغانىدى. مېھرىگۇل ئۆز يۇرتىدا توي چېيى بەرمەكچى، قۇدىسىنى يۇرت - مەھەللىگە تونۇشتۇرماقچىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون يەتتىنچى باب

## ئۆي يولغا چىقىپ كەتكەندە

### 1

— جىرىڭ ـ جىرىڭ ـ جىرىڭ!

— ھەي، ئالو، سىزگە كىم كېرەك؟ — ھە، مەن مېھرىگۇل، دادىڭىز ئۆيى ئالدىدا يېتىۋالدى؟! نېمىشقا ـ ھە؟ ھازىر بارىمەن.

مېھرىگۇل قىيىناتامغا نېمە بالا كەلگەندۇ، دېگەن ئەندىشە ئىچىدە ئاتاينى يېنىغا ئېلىپ كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇردى. ئۇ 85 ياشلىق قېيىناتىسىنىڭ توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ئالدىدا ئولتۇرغىنىنى كۆردى. ئۇ قېيىناتىسىنىڭ ئالدىغا ئىتتىك باردى:

— دادا، سىلىگە نېمە بولدى؟

— ئون سەككىز ئاتىدىن قالغان جايىمنى بۇزغۇزمايمەن. يامان بولساڭ ھەي كاتتىۋاش، مېنىمۇ قوشۇپ كوڭكاڭغا[1] باس!

بوۋاي مېھرىگۇلگە ئەمەس، سەل نېرىدا غادىيىپ تۇرغان بىر كىمگە قولىنى شىلتىپ دوق قىلاتتى. مېھرىگۇل بىلەن ئاتاي بوۋاينىڭ ئىككى قولتۇقىدىن يۆلىدى:

— ھە، كەلدىڭلارمۇ بالىلىرىم، مۇنۇ بۇزغۇنچىلارنىڭ جا-

---

① بۇرۇن يۇك ماشىنىسىنى كوڭكا دەيدىغان.

يىمىزنى بۇزۇشقا يول قويماڭلار.

ئۇلار بوۋاينى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئۆيىگە ئېلىپ كىردى.

— ۋەكىل مېھرىگۇل، سىزنى مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى چاقىرىدۇ، — دېدى بىرى ئۆيگە كىرىپ.

— هازىر چىقىمەن.

مېھرىگۇل قېيىناتىسىغا ئۇسسۇزلۇق بەردى. تەسەللى گەپ-لەرنى قىلدى ۋە يول ياساشنىڭ خەلققە پايدىسىنى چۈشەندۈردى. ئۇ بوۋاينىڭ توختىماي تەكرارلىغان گېپىدىن قورۇ - جاينىڭ يولغا چىقىپ كېتىدىغىنىنى بىلگەندى. ئۇ پۈتۈن بىر كوچىنىڭ ئۆك قانتىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆرۈۋېتىلگىنىنى كۆرگەندى. ئۇ بوۋايغا:

— دادا، خاپا بولمىسىلا، بۇ يالغۇز سىلىگە ئەمەس، نەچچە يۈز يەرلىك ئاھالە خەلقىگە كەلگەن ئىش. يول كەڭرى ھەم ئاسفالتلىق بولسا ئوبدان ئەمەسمۇ، پاتقاق، توپا يولنىڭ ئورنىغا سىلىق، پاكىز يول بولغىنى ئوبدانغۇ!

— قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق خەقنى ماكانىدىن ئايرىيدىغان يولنى، مەن ئاشۇ پاتقاق، توپا يولنى ياخشى كۆرىمەن. سىز بىلمىدىڭىز قىزىم، كوچىنىڭ بېشىدىكى كىم ئىدى، ئەجەب ئىسمىنى ئۇنتۇدۇما، ھە، ئۇ تېخى بۇلتۇرلا ئاستىنى دۇكان، تۆپىسىنى ئۆزى ئولتۇرىدىغان قىلىپ ئىككى قەۋەتلىك چىرايلىق بىنا سالغانىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ بىناسىنىمۇ بۇزۇشتى، ئۇ بۇ زىيانغا چىدىماي، ياپياش تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى. مەنغۇ بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەم، بىراق ئون سەككىز ئەۋلاد مۇشۇ قورۇدا ياشاپ كەلگەن - دە، ئۇ خەقنىڭ بۇ ئۇزاق يىللىق ئۆيۈمنى بۇزۇشقا نېمە ھەققى بار؟

— مېھرىگۇل ۋەكىل، سىزنى شەھەر ...

— چىقىمەن دېدىمغۇ! — دەپ مېھرىگۇل يەنە قىچقىرىپ كىرگۈچىگە توڭلا تەگدى.

مېھرىگۈل بوۋايغا سىلىق، يۇمشاق گەپلەر قىلىپ ئاران تىنچلاندۇردى ـ دە، كوچىغا چىقتى، كوچىدا بىرەر يۈزدەك ئادەم توپلىشىپ تۇراتتى. مېھرىگۈل ھېلىقى غادىيىپ تۇرغان ئادەمدىن:

— مەندە نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى.

— شەھەرلىك ھۆكۈمەت زايۇملىكىدىن جىبىر غىلاڭغىچە كەڭ-لىكى 80 مېتىرلىق يول ياساشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. يولنىڭ بۇ چېتىدىكى ئۆيلەر يولغا چىققاچ بۇزغانىدۇق، بوۋاي سىزنىڭ قېيناتىڭىز بولغاچقا كۆچۈپ كېتىشىنى ساقلىدۇق، ئەمما بوۋاي بەك جاھىلكەن، «بۇ ئۆيدىن ئۆلۈكۈم چىقىدۇ، تىرىكىم چىقمايدۇ» دەپ يېتىۋالدى. ئۆزىڭىز بىر نېمە قىلىسىڭىزكەن.

— سىز ئۆي ئىگىلىرىگە ئولتۇرغۇدەك ئۆي، بىرەر ماكان تېپىپ بەردىڭىزمۇ؟ — كەسكىن سورىدى مېھرىگۈل.

— پۇل بەردۇق.

— سىز پۇلغا ئولتۇرالامسىز، ئۇخلىيالامسىز؟

توپلاشقانلار پاراققىدە كۈلۈۋېتىشتى، غادىيىپ تۇرغان ئا-دەم:

— سىز مېنى بىلەمسىز، مېنى سوراققا تارتىشقا، مازاق قىلىشقا سىزگە كىم ھوقۇق بەردى؟ — دېدى تېرىكىپ.

— خەلق بەردى، — دېدى مېھرىگۈل قىسقىلا قىلىپ.

— توپتوغرا، بىز ئۇنى خەلق قۇرۇلتىيىغا بىزنىڭ دادى-مىزغا يېتىدۇ، بىز ئۇچۇن سۆزلەيدۇ، دەپ ۋەكىلىمىز قىلىپ سايلىغان.

— ئۇچۇ، ساڭا ئوخشاش چىچىنى ئال دېسە بېشىنى ئالىدى-غانلاردىن ئەمەس. سەن ئاۋۋال بىزگە ئۆي ـ ماكان تېپىپ بېرىپ ئاندىن بۇزمامسەن؟

تەرەپ ـ تەرەپتىن دېيىلىۋاتقان قائىدىلىك، ئورۇنلۇق گەپلەر مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋەتتى.

www.uyghurkitap.com

مېھرىگۈل غۇلغۇلىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولۇپ دېدى:

— قېرىنداشلار، بۇ يەردە ۋارقىراشنىڭ زىيىنى باركى، پايدىسى يوق. مەن ھازىرلا شەھەر باشلىقىنىڭ يېنىغا بېرىپ سۆزلىشىپ كۆرەي، ئاۋۋال سىلەرنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا ئۇندەيمەن. ھەر ھالدا پۇلۇڭلار بولسا قورۇ - جاي سېتىۋېلىڭلار، ئورۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە ۋاقىتلىق ئولتۇرۇپ تۇرساڭلارمۇ بولار. يول ياساش ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان چوڭ ئىش، يولىمىز راۋان بولسا، ئىشىمىز ئاسان بولىدۇ. ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي ئۆي ئىزدەپ كۆرۈڭلار.

بۇ تەكلىپ قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك كۆپنىڭ غەزىپىنى بىر ئاز باستى. ئۇلار بىردىن - ئىككىدىن تارقىلىپ كېتىشتى. مېھرىگۈل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىغا:

— قېيناتامنىڭ ئۆيىنى ئەتە بۇزۇڭلار، ھازىر ئاۋۇ ماشىناڭلاردا يۈك - تاقىسىنى بىزنىڭ قورۇغا ئاپىرىپ قويساڭلار، — دېدى.

مېھرىگۈل ئاتايىنى يۈك - تاقا، ئۆي بىساتلىرىنى بېسىشقا قالدۇردى. ئۆزى ئۆيگەر كىرىپ، قېيناتا - قېينانىسىغا يۇمشاق گەپلەرنى قىلىپ، كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. چولپاننى چاقىرىپ كېلىپ، بوۋاي - موماينىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى جىكىدى. ئاندىن شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە باردى. شەھەر باشلىقى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقانىكەن.

مېھرىگۈل شەھەر باشلىقىغا كۆڭلىدىكى گەپنى ئوچۇقلا دېدى:

— نېمە ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئۆز پۇقرالىرىنى قانۇن بويىچە قوغدىمايدۇ؟ بىر نەچچە يىلدىن بېرى ھە دېسە ياقا يۇرتتىن

كەلگەن پۇلدارلار يەرلىك خەلقنىڭ قورۇلىرىنى سېتىپ بېرىش-
كە قىستاپ، نۇرغۇن يەرلىك ئاھالىنى شەھەر سىرتىغا قوغلى-
دى. ئۇلار نەچچە ئون ئاتىدىن بېرى ياشاپ كەلگەن مەھەللىسى،
ئۆي ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ، شەھەر سىرتىدىكى ساسلىق، ئۆي-
دۆڭ يەرلەرگە چىقىپ ئۆي سېلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار
قورقىنىدىن ئاغزىدا دېيەلمىگىنى بىلەن بۇ ئىشتىن ئىچ- ئىچى-
دىن نارازى. مېنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، دەپ دىلىدى-
كى نارازىلىقنى ئېيتىپ، يىغلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ خوجايىنلار
تاۋار ئۆي سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىمەن، دېسە يەرلىك ئاھالى-
لەرنىڭ بىچىرىم ئۆيلىرىنى بۇزغۇچە، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن
زېمىنىدىن قوغلىغۇچە باشقا ئاق يەرلەرگە بىنا سالسا بولماسمى-
دى؟

— سىز دېگەن ساسلىقلارغا بىنا سالسا، ھېچكىم
ئالمايدۇ ـ دە، — دېدى شەھەر باشلىقى.

— مېنىڭچە ئالىدۇ، مەسىلەن، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا يېشىل-
لىق پۈركەنگەن تۈپتۈز يەر بار، ئەنە شۇ كەڭ زېمىنغا بىنا
سالسا، بۇ كونا شەھەردىن چوڭ بىر يېڭى گۈزەل شەھەر بىنا
بولىدۇ. شەھىرىمىزگە ئېقىپ كەلگەنلەر بۇنداق گۈزەل شەھەر-
گە جان دەپ ماكانلىشىدۇ.

— ھەي مېھرىگۈل، بۇنىڭغا پىقىرنىڭ چىشى ئۆتمەيدۇ.

— ئەمىسە، ئۆيى يولغا چىقىپ كەتكەنلەرنى ۋاقىتلىق ئو-
رۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇشقا چىشىڭىز ئۆتەر؟

— ئۆتىدۇ. بۇنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن مېھرىگۈل تېلېفون ئارقىلىق شەھەر
باشلىقىدىن مۇنداق جاۋاب ئالدى:

— سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئاقىلانە پىكىر، — دەپ قاراپ،
بىر ئايغىچە ئۆيى بۇزۇلىدىغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئۆي
بۇزۇشنى قارار قىلدۇق. خاتىرجەم بولغايسىز.

— خەلق خاتىرجەم بولسا، مەنمۇ خاتىرجەم بولىمەن!

## 2

مېھرىگۇلنىڭ قېيناتىسىنىڭ قورۇسى بەك ياخشى يەردە ئىدى، ئۇنىڭ قورۇسى ئىچىدىن بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ ئۆتەتتى. قورۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 28 گەز، كەڭلىكى 29 گەز ئىدى. بۇ قورۇ بوۋايغا دادىسىدىن مىراس قالغانىدى. قورۇنىڭ كوچا تەرىپىدە پېشايۋانلىق بەش ئېغىز ئۆي بولۇپ، ئەزىمەت ئېتىلىپ كەتكەندىن كېيىن نۇرگۇل بوۋا - مومىسىغا ھەمراھ بولۇپ تۇرغانىدى. بۇ قورۇدىن كەڭلىكى ئون بىر گەز، ئۇزۇنلۇقى 28 گەز قىسمى يولغا چىقىپ كەتتى، ئاتاي بۇزۇلغان ئۆيلەرنىڭ مۇزدەك چىڭ چىققان لىم، چەڭزىلىرىنى ئۆستەڭنىڭ تۆپىسىگە باستۇردى. ئەمدىلا «ئۇھ» دېگەن مېھرىگۇل قۇدىسى، نۇرتاي بىلەن كېلىنىنى ئوبدان ئوينىتىپ، تۇغقانلىرىنىڭكىگە ئاپىرىپ، ئاندىن يولغا سېلىپ قويۇشىغا بۇ ئۆيلەر يولغا چىقىپ كەتتى. ئاتاي نۇرتايىنى ئالمۇتىغا ماڭماستا بۇ قورۇغا باشلاپ كەلدى:

— قارا ئاكا، بۇ قالغان يەرگە جاڭىرلاپ تۇرىدىغان بىنا چۈشىدۇ. بىنانىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى قەۋىتى دۇكان، رېستوران بولسا، ئۈچىنچى قەۋىتىدىن ئالتىنچى قەۋىتىگىچە ئولتۇراق ئۆي قىلساق دەيمەن.

— قانچە دۇكان سالماقچىسەن؟ — دەپ سورىدى نۇرتاي.

— رېستوراننىڭ كەڭلىكى سەككىز، دۇكاننىڭ ئۈچ مېتىردىن بولسا، قانچە دۇكان بولىدۇ؟ — سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى ئاتاي.

— يەتتە دۇكان بولىدۇ.

— بىر دۇكاننىڭ يىللىق ئىجارە ھەققى 20 مىڭ سوم،

بىز سالىدىغان دۇكان ئىككى ئېغىزدىن، يەنى ئالدى دۇكان، كەينى ئۆي بولغاچ 40 مىڭ سوم دەۋەرگىن، رېستوراننىڭ يىللىق ئىجارىسى 60 مىڭ سوم بولىدۇ.

— ۋاھ، ئۇنداقتا ئىككى رېستوراندىن 120 مىڭ، بەش دۇكاندىن 200 مىڭ كىرىم بار دېگىنە.

— بۇنىڭدىن 40 مىڭنى چىقىرىۋەتكىن.

— نېمىشقا؟

— بىر دۇكان ئورنىغا دەرۋازا قويىمىز.

— دەرۋازىنىڭ نېمە كېرىكى؟

— بىنانىڭ كەينىدە يەنە بەش مېتىر كەڭلىكتە يەر قالىدۇ - دە.

— بىنايىڭ بەك تار بولۇپ كەتمەمدۇ؟

— ياق، ئوتتۇرىسى كارىدورلۇق بولۇپ، كوچا تەرىپى دۇ-كان، باغ تەرىپى ۋە بىنانىڭ ئۈستى ئولتۇراق ئۆي بولىدۇ. بىنا ئىككى ئىشىكلىك بولۇپ، باغ تەرەپتىن ئىشىك ئېچىلىدۇ. باغنى بىر چىرايلىق گۈلزارلىققا ئايلاندۇرىمىز.

— ۋاھ، ئۇنداقتا بەك ياخشى بولىدىكەن.

— ئەمىسە بۇ يەرگە بىنا سېلىشىمغا قوشۇلدۇڭ-ھە؟!

— قوشۇلدۇم.

3

ئاكا - ئۇكا ئىككىسى مەسلىھەتتە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، ئويلىرىنى مېھرىگۈلگە ئېيتتى، مېھرىگۈل:

— بۇغۇ ياخشى چارىكەن، بۇنىڭغا قانچىلىك پۇل كېتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كەم دېگەندە ئۈچ مىليون.

— بۇ پۇلنى نەدىن تاپىسەن؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ئاكامدا بارغۇ؟
— مەندە نەدىمۇ مۇنچە كۆپ پۇل بولسۇن!
— ھە، مانا، پۇلۇڭ بولمىسا بىنانى قانداق سالالايمىز؟
— قۇرۇق گەپتە قۇيرۇق يوق. پۇلۇڭ بولسا، كىشلەر ساڭا قەرز بېرىدۇ. پۇلۇڭ بولسا، يۇزۇڭ يورۇق، يولۇڭ ئوچۇق بولىدۇ. بىر تىيىن پۇلۇڭ يوق تۇرۇپ، بىنانىڭ گېپىنى قىلىسەن، بىز ئەتە ماڭىدىغان بولدۇق، تەييارلىق قىلىۋالاي.
نۇرتاي شۇنداق دەپ چىقىپ كەتتى. ئاتاي ئانىسىغا بوش ئاۋازدا مۇنداق دېدى:
— مەنچۇ ئاپا، پۇلسىزلا بىنانى سالىمەن، پۇل ئۆزلۈكىدىن كېلىدۇ. تىجارەتچىلەر، دۇكاندارلار بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇلار بىنا سېلىنىشتىن بۇرۇن دۇكانلارنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئالدىن بېرىدىغان بولۇشتى. مەن يەنە تېلېۋىزور، رادىئودا ئېلان بېرىپ، كىمكى ئالدىن پۇل تاپشۇرسا، شۇنىڭغا ئۆي ساتىدىغىنىمنى ئېلان قىلىمەن.
مېھرىگۈل بۇ كىچىك ئوغلىغا بىر ھازا قاراپ قالدى، بىر ئىشنىپ ــ بىر ئىشەنمەي سورىدى:
— ئۇلار يوق ئۆيلەرگە پۇل بېرەمدۇ؟
— شىركىتىڭ نامىدىن ئېلان بېرىمەن ۋە توختام تۈزىمەن.
— قېنى ئۇرۇنۇپ باق.
بۇ رۇخسەت سۆزى مېھرىگۈلنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى. ئاتاي ئانىسىغا جىكىدى:
— بۇنى شىركەتتىكى شېرىكلەرگە ئېيتما، بولمىسا ئۇلار پايدىغا شېرىك بولۇۋالىدۇ.
ئاتاي ئاۋۋال بىنانىڭ شەكلىنى سىزغۇزدى، بىنا سالىدىغان زېمىننىڭ ئوتتۇرىسىغا ياغاچ خادا ئورنىتىپ، ئۇچىغا چېرتيوژنى مىقلىدى، ئاۋات يەرلەرگە ئېلان چاپلىدى. تېلېۋىزور، رادى-

ئۇدا ئۆي سېتىۋالغۇچى ۋە دۇكان ئىجارىگە ئالغۇچىلار ئۈچۈن ئېلان بەردى، ئاندىن بىنا سېلىشنى شەھەرلىك قۇرۇلۇش شىركىتىگە كۆتۈرە بەردى. بىنا ئورنى شەھەرنىڭ كىندىكى بولۇپ، ئاۋات بازارغا تۇتاش ئىدى. شۇڭا ئېلان بېرىلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن تىجارەتچىلەر، ئۆي سېتىۋالغۇچىلار كېلىشكە باشلىدى، ئاتاي ئۇلار بىلەن توختاملاشتى، پۇلىنى ئالدى، بىنا قۇرۇلۇشى باشلاندى. ئون ئۈچ ئايدىن كېيىن ئاتاي سۇپەت تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بىنانى ئۆتكۈزۈۋالدى، ئۆيگە پۇل بەرگەنلەرگە كەم پۇلىنى ئېلىپ ئۆي بەردى، دۇكانلارنى بىر يىللىق ئىجارىسىنى ئالدىن بەرگەنلەرگە بەردى. ئۇ خۇشال ھالدا مېھرىگۇلگە:

— مانا ئاپا، ئەمدى چالا ئوقۇغان، كەمبەغەل، بىر تىيىن پۇلى يوق بالاڭ دەسمايىلىك خوجايىن بولدى، بۇ دەسمايە بىلەن يەنە بىر بىنا سالىمەن.

— شىركەتتىكى ئىشىڭچۇ؟ — دەپ سورىدى مېھرىگۇل.

— مېنىڭ ئورنۇمغا چولپان ئىشلىسۇن. مەن «ئۆي - زېمىن بىناكارلىق شىركىتى» قۇرىمەن. ھازىر شەھىرىمىزدە پۇلدارلار كېلىپ، بىر پۈڭ يەرنى 50 ـ 40 مىڭ يۈەندىن سېتىۋېلىپ ئاھالىلەر رايونى قۇرۇشقا كىرىشتى. مەن قۇرسام بولمامدىكەن؟

— سەن تايچاق ئەمەس، رەسمىي ئات بوپسەن بالام، — دېدى مېھرىگۇل زوقلىنىپ، — مەن ئون نەچچە يىل جاپا تارتىپ تاپقان پۇلنى سەن بىر يىلدىلا تاپتىڭ.

ئاتاي شىركەت قۇردى، ھەممە رەسمىيەتلەرنى ئۆتىدى. ئۇ بىناكارلىق تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ ئىشقا ئورۇنلىشالماي يۈرگەن ئىككى ئاغىنىسىنى شىركەتكە قوبۇل قىلدى. ئاتاي شەھەرنىڭ مەركىزى مەھەللىلىرىدىن قورۇ - جاي، يەر سېتىۋالدى. ئاندىن كوچا چىڭداپ، بورتخانىدا بورت ئويناپ يۈرگەن ئىشسىز

ياشلاردىن بىر قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇردى، ئۇستا بىناكارلارنى ياللىۋالدى. ئۇ، تۇنجى بىنانى سالغاندا، نۇرتاي ئالمۇتىدىن پولات چىۋىق، قاڭالتىر ئەۋەتىپ بەرگەنىدى، ئەمدى ئاتاي ئاكىسى بىلەن رەسمىي توختاملىشىپ، شۇ خىل ماتېرىياللارنى يەنە بۇيرۇتۇپ سېتىۋالدى.

— كىچىك تايچاقنىڭ ئىشى ھەممىڭلارنىڭ ئىشىدىن ئېشىپ كەتتى جۇمۇڭ قىزىم! — دېدى بىر كۈنى قېيناتىسى مېھرىگۈلگە.

— بۇرۇنقى مۈشكۈزدىن كېيىنكى قۇلاق ئېشىپ كېتىپتۇ، دېگەن شۇ ئىكەن، — دەپ جاۋاب قىلدى مېھرىگۈل.

ئۇ قېيناتا ـ قېينانىسىنى ئاتاي سالغان بىناغا ئەكىلىۋالغان، بۇ بىناغا يەنە نۇرگۈلمۇ كۆچۈپ كەلگەنىدى. ئۇلارغا مېھرىگۈللەر قوشۇلۇپ، ئۈچ ئائىلىنىڭ قازىنى بىر بولدى. مېھرىگۈل بىر قىزنى ئائىلە خىزمەتكارلىقىغا ئالدى. ئاشۇ قىز بوۋاي ـ مومايىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئاتاي ئانىسىغا بىرىنچى قەۋەتتىن يوغان تۆت ئېغىزلىق ئۆينى ئايرىپ بەرگەن، ھەدىسىگە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئىككىنچى قەۋەتتىن قالدۇرغانىدى. ھازىرچە نۇرتاي بىلەن ئاتايغا تەۋە ئۆي ئىجارىگە بېرىپ تۇرۇلدى.

بوۋاي ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ زېمىنىدا بولغىنىدىن تولىمۇ خۇش ئىدى. ئۇ كۈندۈزى بىنا ئالدىغا چىقىپ، دۇكاندار قويۇپ بەرگەن يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، ئۆتكەن ـ كەچكەن تونۇشلىرى ئۇنىڭغا سالام بېرىپ ھال سورايتتى. تەڭتۇشلىرىدىن ئىككىسى ھاسىسىنى دوكۇلدىتىپ كېلىپ، چۈشكىچە بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى. ئۇلارنىڭ گېپى تۈگىمەيتتى. كېيىن ئۇلار بوۋاينىڭ بېغىدا تاھارەت ئېلىشىپ مەسچىتكە بېرىشاتتى. شۇڭا بوۋاينىڭ كۆڭلى خاتىرجەملىك ئىچىدە خۇشۋاق ئۆتۈۋاتاتتى. ئاتاي: «ھە خۇش بولۇڭ بوۋا، سىز دېگەن XX ئەسىرنى

www.uyghurkitap.com

ئارقىغىزغا قالدۇرۇپ XXI ئەسىرنىڭ قىزىق دۇنياسىدا ياشاۋاتىسىز ئەمەسمۇ!» دەپ چاقچاق قىلاتتى. بوۋاينىڭ خۇشال بولۇشىدىكى يەنە بىر، بەلكى مۇھىم سەۋەب ئۇ ئاتام زاماندىن بېرى ئالتۇن قوزۇق بولۇپ كەلگەن ئۆز زېمىنىدا ياشاۋاتقانلىقى ئىدى. بۇ زېمىن نەچچە ئەۋلاد ئاتا – ئانىنى پەپىلەپ ئۆستۈرگەن خاسىيەتلىك زېمىن ئىدى!

4

ئاتاي بوۋاينىلا ئەمەس، ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ بىر نەچچە بىنا سالدى. نۇرتاي ئەۋەتكەن پولات چىۋىقلار ئاتاينىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىگە زور مەدەت بولدى، بۇ يەردە پولات چىۋىق قىس، ئۇنى سېتىۋېلىشمۇ تەس ئىدى. ئاتاي بىنالار كۆپ سېلىنىپ ئېھتىياجدىن ئاشقىنىنى سېزىپ دەرھال تېلېۋىزوردا ئېلان بەردى «شىركىتىمىز بىنا ئۆيلەرنىڭ باھاسىنى ئون پىرسەنت چۈشۈرۈپ ساتىدۇ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ سېتىۋېلىشقا ئالدىراڭ!»

بۇنىڭ ئۈنۈمىمۇ ياخشى بولمىدى.

— ماڭا قارا ئوغلۇم، — دېدى بىر كۈنى مېھرىگۈل، — مىڭ ئەرزانلاتقىنىڭ بىلەنمۇ خەلقتە پۇل يوق. ياخشىسى ئايمۇ ئاي تۆلەش ياكى ئىجارىگە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ باق.

ئاتاي ئانىسىنىڭ بۇ پىكرىنى دەڭسەپ كۆردى ۋە ئانىسىنىڭ مەسلىھەتىنى توغرا تاپتى. سېتىلماي قالغان ئۆيلەرنى ئىجارىگە بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېلان بېرىۋىدى، ھەتتا بەشىنچى، ئالتىنچى قەۋەتلەردىكى سېتىلماي قالغان ئۆيلەرنىمۇ ئىجارىگە ئالغۇچىلار چىقتى.

ئاتاينىڭ ئىشىدا يەنە بىر قىيىنچىلىق بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ يەر – زېمىن، قورۇ ئېلىش تەسكە توختاپ كەتكەنىدى،

ئۆيلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، تۆپىسىدىن توپا چۇشۇپ تۇرغان ئۆيلەردە ئولتۇرغانلارمۇ ئۆي ـ زېمىنىنى سېتىشقا ئۇنىمايتتى. ئۇلار «بۇ بىزنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىنىمىز، بۇ زېمىنىنى ساتقۇچە بېشىمىزنى ساتىمىز» دەپ تەرسالىق قىلىشاتتى، ئاتاي نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. مېھرىگۇل ئۇنىڭ چۈشكۈن روھىنى كۆتۈرمەك ئۈچۈن، ئۆزى قول سالدى، يول ماڭدى. شەھەر بىلەن مەھەللىنى تۇتاشتۇرىدىغان يەردە بىر چوڭ باغ بار ئىدى. يەر ئىسلاھاتىدا، باغ خوجايىنىنىڭ تەركىپى پومىشچىك ئايرىلىپ، باغ رايونىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەن، كېيىن كوممۇنىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان، ئاخىردا كەنتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا قالغان، ئاشۇ كوللېكتىپ ئىگىلىك يىللىرىدا باغ ياخشى پەرۋىش قىلىنمىغاچقا مېۋىلىك دەرەخلەر قۇرۇپ، باغ قورۇيلىققا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. مېھرىگۇل كەنت باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ، باغنى ئۆزىگە سېتىپ بېرىشنى سورىدى. يېزا باشلىقىغا باردى، بۇ ئىككى باشلىق با مەسلىھەت بويىچە سېتىشقا قوشۇلدى.

— ئاتاي، باغنى سېتىپ بېرىدىغان بولدى. بىراق بىر موسىنى 150 مىڭ يۈەن دەيدۇ، — دېدى مېھرىگۇل.

ئاتاي باغنى بىلەتتى، ئۇ چوڭ يول ياقىسىدا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، كەڭلىكى 87 مېتىر كېلەتتى، ئاتاي ھېسابلاپ كۆردى: «بىنانىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى قەۋىتىنى دۇكان قىلسام 120 دۇكان چۈشىدۇ. بىر دۇكانىنىڭ ئىجارىسى مۇنچە پۇل بولسا، ھەممىسى ...

— بولدى، ئالدىم ئاپا، — دېدى ئاتاي كەسكىن ھالدا.

— ھوي، زىيان تارتىپ قالمامسەن؟

— باشقىلار بىر پۇڭ يەرنى 50 مىڭ سومدىن ئېلىۋاتىدۇ، مەن 15 مىڭ سومدىن ئالسام قانداق زىيان بولىدۇ؟

— ئۇلار ئالغان يەر دېگەن قاتناش بېكەتنىڭ يېنى، شە-

ھەرىنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىدە، بۇ باغ ئاۋات يەردىن يىراق تۇرسا،

— ھەي ئاپا، بۇ باغ ئەتراپى بارغۇ، يەنە بەش يىلدىن كېيىن شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىگە ئايلىنىدۇ، بۇ تەرەپتە ئىسلاھات شەھىرى قۇرۇلۇۋاتقىنىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟

مېھرىگۇل گەپ قىلمىدى، ئەمما كەنت، يېزا باشلىقلىرى بىلەن سۆزلىشىپ يۈرۈپ باغنىڭ ھەر موسىمنىڭ باھاسىنى 110 مىڭ يۈەنگە چۈشۈردى. بۇ ئىشتىن ئاتاي بەك خۇش بولۇپ، ئانىسى بىلەن بىللە باغقا باردى ۋە پىلانىنى مۇنداق شەرھلەپ بەردى:

— باغنىڭ چوڭ يول تەرىپىگە بىر بىنا چۈشىدۇ، بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيلەر دۇكان بولىدۇ. ئىككىنچى قەۋەتتىن بەشىنچى قەۋەتكىچە ئولتۇراق ئۆي بولىدۇ. بۇنىڭ قارشىسىغا بەش قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسى، ئىككى يېنىغىمۇ بىنا چۈشىدۇ. ئوتتۇرىسى باغ ۋە گۈللۈك بولىدۇ.

— پۇلۇڭ يېتەمدۇ؟

— قۇرۇلۇش بانكىسىدىن قەرز ئالىمەن.

— ئىككى مىليون يۈەننى مەن بېرەي، ئاكاڭ بۇ قېتىم پولات چىۋىق، قاڭالتىر ياردەم قىلسۇن، سەن پەقەت خىش، قۇم - تاش، سېمونت، ۋاھاكازالارغا پۇل خەجلە، شۇندا بانكىدىكى پۇلۇڭ يېتىپمۇ قالار، ئىمكان قەدەر قەرز ئالمىغىنىڭ ياخشى، قەرز دېگەن بوينۇڭغا سېلىنغان سىرتماق.

— ۋاي - ۋاي جېنىم ئاپا، ئاغزىڭ ناۋاتتەك تاتلىق بولغاچ مۇشۇنداق تاتلىق سۆزلەر چىقىدۇ، جۇمۇ!

ئاتاي شۇنداق دەپ ئانىسىنى يېنىك قۇچاقلاپ قويۇپ بېشىنى ئانىسىنىڭ مۇرىسىگە قويدى.

— ۋاي، بالام مەن پۇلنى سىلەر ئۈچۈن تاپىمەن - دە، قېرىغىنىمدا پۇل تېپىپ گۆرۈمگە ئەكېتەتتىممۇ؟

## 5

ئاتاي مېھرىگۇلنىڭ مەسلىھەتى بويىچە لايىھە تۈزۈپ، قۇ-رۇلۇش ئىنژېنېرىغا كۆرسەتتى. ئىنژېنېر ئۇنىڭ ئىمارەتنىڭ لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزدى:

— بىرىنچى قەۋەتنى دۇكان قىلىسىڭىز پەلەمپەي ئايرىم بولۇشى كېرەك، بولمىسا، ئىمارەتنىڭ كۆرۈنۈشى سەت بولۇپ قالىدۇ. بىرىنچى قەۋەتنىڭ ئالدى ئۆيىنى دۇكان، كەينى ئۆيلە-رىنى ئولتۇراق ئۆي قىلىسىڭىز ياقا يۇرتتىن كەلگەنلەر ئىتتىك سېتىۋالىدۇ. ئۇلار ھەم ئولتۇراق ئۆيگە، ھەم دۇكانغا ئېرىشە-لەيدۇ. بۇنداق دۇكاننىڭ باھاسى يۇقىرى بولسىمۇ ئالىدۇ.

— دۇكان ئۈستىگە بەش قەۋەت ئولتۇراق ئۆي سالساق بولار؟

— تۆت قەۋەت سالسىڭىز بولىدۇ. ھازىر بىنانىڭ بەشىن-چى، ئالتىنچى، ... قەۋەتلىرىدە ئادەم ئولتۇرماس بولدى.

— مەن كەلگۈسىنى ئويلىغانىدىم. بۇ يەرگە ئادەم دېگەن مىغىلداپ كېلىۋاتىدۇ. يەنە ئادەم كۆپىيىۋەرسە ئۆي كېرەك - دە.

— بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. ئادەم كۆپىيىپ، ئۆيگە ئېھتى-ياج ئاشسا ئىمارەتنىڭ ئۈلىنى يەتتە، ھەتتا ئون قەۋەت ئۆينى كۆتۈرىدىغان قىلىمىز، ئۆي ئېھتىياجى ئاشقاندا تۆپلەپ ئۆي سالىمىز.

— بۇ خېلى بۇردىسى بار چارىكەن، — دېدى ئاتاي. ئۇ بىر دەم ئويلىنىۋېلىپ سورىدى، — ئۈلىنى ئۆتكەندە سالغان بىنالار-نىڭ ئۈلىدەك قىلىمىزمۇ؟

— بىنانىڭ ئۈلىنى چوڭقۇر كولاپ، ھەر بىر مېتىردا بىر ئىچىنى توپاق بىلەن تىندۇرۇپ چىڭدايمىز، يەر بېتىگە بەش مېتىر قالغۇچە شۇ ھالەتتە تىندۇرىمىز، بىنانىڭ تۆت مېتىر

قىسمى تىندۇرۇلىدۇ، خىش قويغان تامنىڭ بىرىنچى قۇرىنىڭ كەڭلىكى ئىككى مېتىر، تىندۇرغان توپا قىسمى بىر مېتىر بولىدۇ. مانا بۇ بىنانىڭ ئۇلى بولىدۇ. ئىمارەتنى سېمونت تاختا بىلەن ياپماي، بىر كورپۇس بىنانىڭ ئۆگزىسىنى بىر تۇتاش توقۇلغان پولات چىۋىق بىلەن يېپىپ ئۈستىگە سېمونت لاي قۇيىمىز، شۇندا سىزنىڭ يىگىرمە يۇرۇش ئۆيىڭىز تا بەشىنچى قەۋەتكىچە مۇستەھكەم پولات بولىدۇ. مەسىلەن، يىگىرمە يۇ-رۇش ئۆينىڭ 280 تېمى پولات چىۋىق، سىمونت لاي بىلەن بىر تۇتاش بېتونلىنىدۇ، دېمەك، بەش كۋادراتمېتىرلىق بىر بىنانىڭ بىر قەۋىتىنى سەكسەن توننا بېتون بېسىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىنانىڭ ئۆگزىسىنى بېتون تام كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، توققۇز بال يەر تەۋرىسىمۇ بىناغا تەسىر يەتمەيدۇ.

— ئۇلغا پولات چىۋىق ئىشلەتمىسەك بوش بولۇپ قالامدۇ؟

— ياق، بىز ئۇلىنى بايا ئېيتقاندەك ئون مېتىر چوڭقۇر كولاپ، يىگىرمە سانتىمېتىر قېلىنلىقتا تام ھۇلىنى بېتونلايمىز، بېتوننىڭ تۆپىسىگە ئىككى مېتىر كەڭلىكتە خىش تىزىمىز، تام بىر مېتى كۆتۈرۈلگەندە تامنىڭ ئىچى - تېشىنى توپا بىلەن تىندۇرۇپ خاڭدايمىز، ئاندىن يەنە بىر مېتىر ئېگىزلىكتە خىش قويىمىز. يەر ئاستى ئۆينىڭ ئاستى تېمىغا يەتكەندە تام ئۈستىگە ۋە تۆت بۇرجىكىگە پولات چىۋىق قويۇشنى باشلايمىز. ئۇلى شۇندا توققۇز قەۋەتكە ياراملىق ئۇل بولىدۇ.

— بۇ بولىدىكەن.

— ئەمىسە شۇ بويىچە بىنانىڭ چېرتيوژىنى ئىشلەيمەن جۇ-مۇڭ!

# 6

— ئالو، ئاكاما؟ ھە، ھەممىمىز ياخشى، ئاپام ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ. ھە، مەن توّت بىنا سالماقچىدىم، ئۇنىڭغا بىر يېرىم مىڭ توننا پولات چىۋىق، ئىككى توننا قاڭالتىر لازىم بولىدىكەن. بۇلار بۇ يەردە قىس، ئەۋەتىپ بېرەلەرسەنمۇ؟ ھە، نېمە، قۇرۇلۇش مەبلىغىنى دەمسەن؟ ئاپام ئىككى مىليون يۈەن بەردى. بانكىدىن ئىككى مىليون يۈەن قەرز ئالدىم. قالغىنى ئۆزۈمدە بار. ھە، نېمە، پولات چىۋىقنىڭ پۇلىنى ئالامسەن؟ ئاغزىڭغا ناۋات سېلىپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. ماڭا قارا ئاكا، قۇرۇلۇش ساھا قاراشلىق بولۇپ قالدى، پولات چىۋىق قانچە تېز كەلسە، بىنالار شۇنچە تېز پۈتەتتى. تېزراق، ھە، بولىدۇ، بولىدۇ، خەير - خوش! يەڭگەمگە سالام ئېيتىپ قوي!

ئاتاي تۇرۇپكىنى جايىغا قويۇپ، ئۆي ئىچىدە ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى. مېھرىگۇل ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ:

— ھە، نۇرتاي ياردەم قىلىمەن، دەپتۇ - دە، — دېدى.

— ياردەم قىلغاندىمۇ ئاپا، ئۆز پۇلىغا ئېلىپ ئەۋەتىپ بېرىمەن، دېدى.

— شۇنداق قىلىدۇ - دە، — دېدى مېھرىگۇل جىددىي قىلىپ، — مېنىڭ بالىلىرىم مېنىڭ - سېنىڭ دېيىشمەيدۇ - دە. تاپقان - تەرگىنىمىز ھەممىمىزنىڭ.

ئاتاي ئۆيدىن خۇشال چىقتى. ئۇ قۇرۇلۇش ئەترىتى باشلىقىنى تېپىپ ئەترەت ئەزالىرىنى يىغدۇردى. ئۇلارنى باغقا باشلاپ باردى. ئىنژېنېر ئۇلارغا قۇرۇلۇش چېرتيوژىنى چۈشەندۇردى. ئاتاي:

— ئەتىدىن باشلاپ باغدىكى ئالما، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋە دەرەخلەرنى قومۇرۇڭلار.

دەرەخلەر قومۇرۇلۇپ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆل بويىغا

يىغىلدى، كۆلنىڭ تۆت بۇرجىكىدە ئىككى تۇپ توپ دەرىخى، ئىككى تۇپ يېسە ئېغىزدا ئېرىيدىغان قۇم ئالما دەرىخى بار ئىدى. بۇ دەرەخلەر ئاسمانپەلەك ئېگىزدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئەترەتتىكىلەرنىڭ بۇلارنى قومۇر ۋۇۋىتىشكە قولى بارمىدى. ئەترەت باشلىقى ئاتاينى تاپالماي، مېھرىگۈلدىن سورىدى، مېھرىگۈل:

— كەسمەڭلار، ئاتاي كەس دېسىمۇ كەسمەڭلار، ئۇ 270 يىللىق تارىخقا ئىگە دەرەخلەر، — دېدى قەتئىي ھالدا.

بۇ گەپ ئۇستىگە ئاتاي كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ:

— بىنانىڭ چىرتيوژىغا قاراپ باقايلى، ئەگەر بىنا چۈشىدىغان يەرگە توغرا كەلسە كېسەيلى، — دېدى.

— مەن كەسمەڭلار دېگەندىكىن، بىرەر ئىشنى بىلىپ دەۋاتىمەن، ئۇ بۇ مەھەللىنىڭ تارىخى، بىنا سالمىساڭ سالما، ئۇلارنى كېسىمەن دېگۈچى بولما، كەسسەڭ بوۋاڭغا ئوخشاش دەرەخ ئاستىدا يېتىۋالىمەن.

— ماقۇل جېنىم ئاپا، بىرەر كورپۇس بىنانى سالمىسام سالمايمەنكى، سەن خاپا بولىدىغانلىكى ئىشنى قىلمايمەن. ھەرگىز سۆزۈڭنى يەرمايمەن.

ئاتاي ئېسىنى بىلگەندىن بېرى ئانىسىنىڭ سۆزىنى يەرماي كەلگىنى راست. ئۇ «ئاپا دېگەن ئۇلۇغ، ئاپام ماڭا ئاپئاق سۈتىنى بەرگەن، كېچىلىرى ئۇخلىماي ئەللەي ئېيتىپ مېنى ئۇخلاتقان، ئۆزى يېمەي، ماڭا يېگۈزگەن، ئاغرىسام كۆيۈپ - پىشىپ داۋالاتقان. مېنى ئوت - كاۋاپ بولۇپ ئىشلەپ ئوقۇتقان ۋە مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتۈرگەن، ماڭا ئەقىل بەرگەن، يول كۆرسىتىپ، يولۇمنى قۇياشتەك يورۇتقان، ئۇ ماڭا ھەم ئانا، ھەم ئاتا، ئۇنىڭ سۆزى خاتا بولسىمۇ ئاڭلايمەن» دېگەن ئەقىدىدە ئىدى.

ئاتاي باغقا بېرىپ چېرتيوژغا قاراپ كۆردى ۋە:

— ئەجەب پەيزى يەردىكەن، تۆت بىنانىڭ ئوتتۇرىسىدىكەن. تۆت بىنانىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆل، تۆت تۈپ تارىخىي دەرەخ، پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە بۇ - ھە! — دېدى شادلىق بىلەن.

— باغقۇ تازىلاندى، ئىمارەتنىڭ ئۇلىغا قوزۇقمۇ قېقىلدى، توپا قېزىش ماشىنىسى ئۇن نەچچە كۈندىلا ئۇلىنى كولاپ بولدىدۇ. پولات چۈشۈق قېنى؟

ئىنژېنېرنىڭ بۇ سوئالى ئاتاينى تەمتىرىتىپ قويدى، ئاكىسىغا قايتا - قايتا تېلېفون بەردى. نۇرتاي: «زاۋۇتلار بىلەن ئۇقۇشۇۋاتىمەن، ئالغان ھامان ئەۋەتىمەن» دېگەنلا جاۋابنى قىلاتتى. ئىككى ھەپتە ئىچىدە بىنانىڭ ئۇلى كولىنىپ، توپا تاغدەك دۆۋىلەندى. يەنە پولات چۈشۈق يوق، مېھرىگۈلمۇ نۇرتايغا تېلېفون قىلدى. پولات چۈشۈقلار يەنە كەلمىدى. ئاتاينىڭ گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى. ئانا دېگەن بالىلىرىنىڭ غېمىدە يۈرىدىغۇ، مېھرىگۈلنىڭ چارەك ئەسىردىن ئارتۇق ئۆمرى ئاشۇ بالىلىرىنىڭ غېمىنى يېيىش بىلەن ئۆتتى، بالىلار چوڭ بولغانسېرى غېمىمۇ چوڭ بولىدىغىنىنى ئۇ ھېس قىلدى. ئۇ نۇرتايغا يەنە تېلېفون بەردى:

— ھوي، ئىنىڭنى ساراڭ قىلغۇڭ بارمۇ، پولات چۈشۈق نېمىشقا كەلمەيدۇ؟ ...— ھە، ھە، ھوي، نېمە دېدىڭ؟! — نۇرتايغا كايىۋاتقان مېھرىگۈل بىر تۇيۇقسىز خۇش خەۋەردىن ھاياجانلانغانلىقىدىن گېپىنىڭ ئاخىرىنى قانداق چۈشۈرۈشنى بىلەلمەي سورىدى ۋە تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىقىغا مەھكەم چاپلىدى، — گۈلزار تولغاق يەۋاتىدۇ، دېدىڭمۇ؟ ۋاي ئانىمەي، ئاسانلىق بەرگەيسەن، قانچىم بولسا ئۇچۇپ بارارىدىم.

مېھرىگۈلنىڭ كاللىسىدىن ئەمدى ئاتاي، پولات چۈشۈق دېگەن سۆزلەر غايىب بولدى. لېكىن بىر غەم ئورنىنى يەنە بىر

مۇھىم غەم ئىگىلىدى. ئۇ نەۋرىلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلىسا خۇش بولاتتى، كېلىنىنىڭ تۇغۇتىدا بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى خىيال قىلسا، كۆڭلى غەش بولاتتى. «ئەزىمەتتىنىڭ نەۋرىسى!» دەپ ئىچىدە تەكرارلايتتى.

كەچلىك تاماق ئاتاي ئەڭ ياقتۇرۇپ يەيدىغان جىلتا مانتا ئىدى. ئاۋاقتا دۆۋىلەنگەن مانتا ئاتاينىڭ ئالدىغا قويۇلغاندا، ئاتاي قول ئۇزىتىپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ قوشۇما قاشلىرى تۈرۈلگەن، يوغان قارا كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەنىدى.

— ھوي بالىمۇي، مانتىغا يامانلاپ تەتۈر قارىماي يېسەڭچۇ، شورپىسى قېتىپ قالسا تەمسىز بولۇپ قالىدۇ، — دەپ مېھرىگۈل ئىككى مانتىنى ئاتاينىڭ ئالدىدىكى خونچىغا سېلىپ قويدى.

— يېگۈم يوق!

— ماڭا قارا، ئادەم دېگەن ئۈمىدۋار ياشىشى كېرەك، ئۆزىنىڭ ئارزۇ - نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن يەتكۈدەك ئىرادە، غەيرەت بولۇشى كېرەك. ئاكاڭ پەرزەنت كۆرۈش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، ئالدىراشكەن، يەڭگەڭنىڭ تۇغۇتى بەك قىيىن بولۇۋېتىپتۇ. دوختۇر «بالىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئالىمىز» دەپتۇ. شۇڭا توختاملىشىپ قويغان زاۋۇتقا بارالمايۋېتىپتۇ. ئاللا ئىگەم كېلىنىمگە ئاسانلىق بەرگەي.

— ھە، مۇنداق دېگىنە، ما ئىشنىڭ توغرا كېلىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان، ئەستاغپۇرۇللا.

— نېمە ئەستاغپۇرۇللا، بالا مۇھىممۇ، سېنىڭ ئىمارىتىڭمۇ؟

دوق پۇرىقى چىقىپ تۇرغان بۇ سوئال ئاتاينى سەگەكلەشتۈردى. ئۇ دۇدۇقلىغان ھالدا چۈشەندۈردى:

— ئاپا، مە - مەن، قۇرۇلۇشنىڭ توختاپ...

— ئاۋۋال تامىقىڭنى يە، ساغلام تەندە ساغلام ئەقىل بولىد-

دۇ، يېمەي - ئىچمەي ئاھ ئۇرۇۋەرسەڭ ئىشىڭ كەينىگە كېتى-
دۇ، ئويلىنىپ بىر چارە تاپارمىز.
— ئەمدى مېنىڭ ئويلىغان بىلەنمۇ ئەللىك ئادەمنىڭ ئىش
ھەققىنى بىكارلا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.
مېھرىگۈل مانتا يەۋېتىپ ئويلاندى، ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر
پىكىر كەلدى. ئۇ:
— بولمىسىچۇ، ئىشچىلارغا ئىش تېپىپ بەرگىن.
— قانداق ئىش تېپىپ بېرەلەيمەن؟
— خۇمدان سالسۇن!
— خۇمدان؟! ۋاھ - ھا - ھا!
— مېنى زاڭلىق قىلغۇدەك بولدۇڭمۇ، ئاۋۋال ئاڭلا، —
دېدى مېھرىگۈل، — بىنا چۇشمەيدىغان يەرگە بىر خۇمدان سالدۇ-
سەن، ئىشچىلار خۇمدان پۈتكۈچە كېسەك قۇيىدۇ، توپىسى
خىشقا باب سېغىز توپىكەن، توپىنى يۆتكەشكە بېرىدىغان پۇلۇڭ
بىلەن خىش تەييار بولىدۇ، خىشنى توشۇش ھەققى، خىش
ھەققى چۆنتىكىڭدە قالىدۇ. ئاڭغۇچە ئاكاڭمۇ پولات چىۋىقنى
ئەۋەتىدۇ.
— ۋاي - ۋاي، بىر چوڭنىڭ، بىر كىچىكنىڭ گېپىنى
ئاڭلا، دېگەن گەپ بەكمۇ توغرىكەن، ئەقلىڭگە رەھمەت ئاند-
جان، بۇ بەكمۇ ياخشى چارە بولدى.
ئاتاي ئەمدى مانتىنى نېرى - بېرى ئىتتىرمەي يېدى -
دە، دۇئادىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
مېھرىگۈل ئوغلىنىڭ كەينىدىن رازىمەنلىك بىلەن قاراپ
قالدى. مېھرىگۈلنىڭ مىجەزى ئاتايدا بار، ئۇمۇ ئانىسىدەك
قىلىمەن، دېگەننى قىلماي قويمايتتى، قۇرۇلۇش مەيدانى قايناپ
كەتتى. بىر گۇرۇپپا ئىشچىلار لاي ئېتىۋاتقان، بەش گۇرۇپپا
كىشى كېسەك تۆكۈۋاتقان، بىر گۇرۇپپا كىشى خۇمدان ياساۋات-
قان قاينام - تاشقىنلىق مەنزىرە بارلىققا كەلگەنىدى. تومۇز

كۈنلىرى بولغاچ بۇگۈنى تۆككەن كىسەك ئەتىسىلا قۇرۇتتى. ئۇلار 10 مىڭ كىسەكنى خۇمدانغا سېلىشتى، بۇ كېچىسى ئاتاي ئۆيگە بارماي، خۇمداندا بولدى. ئەتىسى كەچتە ئۇلار قىپقىزىل خىشنى خۇمداندىن چىقاردى. خاپىلىقمۇ، خۇشاللىقمۇ بەزىدە گېزەك كېلىپ قالىدۇ. خىش چىققان كۈنى نۇرتايدىن: «ئاپا، كېلىنىڭ ئوغۇل تۇغدى» دېگەن خۇش خەۋەر كەلدى، بۇ چاغدا ئاتاي ئانىسىنىڭ ئالدىغا «ئەقلىڭ بويىچە تۇنجى خىشىمىز دۇنياغا كەلدى» دەپ بارغانىدى. بۇ ئىككى خۇشلۇقتىن مېھرىگۈلنىڭ بېشى كۆككە يەتتى، ئۇ خۇددى كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان لاچىندەك هالغا كەلدى. بۇ لاچىننىڭ ئاۋازى ئالمۇتىدىكى ئوغلىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى:

— مۇبارەك بولسۇن ئوغلۇم، باتۇر كېلىنىم گۈلزارنى، نەۋرەمنى مەن ئۇچۇن «ھۆببە» قىلىپ قويغىن، ئاھ، داداڭ بولسا قانچىلىك خۇش بولار ئىدى، — دېدى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن نۇرتايدىن يەنە تېلېفون كەلدى:

— ئاپا، نەۋرەڭنى دوختۇرخانىدىن ئۆيگە ئېلىپ چىقىۋالدىم. ئۇ ساغلام، بۇدۇرۇق. ئۇنى ھەجەر ئانا ئۆزى بېقىۋاتىدۇ. گۈلزارنىڭ سالامەتلىكى نورمال.

— مەن چىقايمۇ؟ ئۇچۇپ چىققۇم كېلىۋاتىدۇ.

— سېنى ئاۋارە قىلغۇم يوق، ئەتە پولات چىۋىقنى پويىزغا سالىمەن، ئاتاي بۈگۈنلا تورغاۋۇت ئېغىزىغا ماڭسۇن! — دېدى نۇرتاي.

بۇ خەۋەر ئاتاينى تاغدەك خۇش قىلىۋەتتى، ئەمدى ئۇ جىددىيلەشتى، ئالدىرىدى، ئىشچىلار قالغان توپىنى كىسەك قۇيۇپ تۈگىتىشكە ئالدىراشتى...

ئىشچىلا توم پولات چىۋىققا ئۇششاق چىۋىقلار بىلەن تور توقۇشقا، بىرى پولات چىۋىقنى كەسسە، يەنە بىرى پولات چىۋىقنى ئۆلچەم بويىچە ئېگىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئىنژېنېر ئاتايغا

دەپ بەرگەن پىلان بويىچە قۇرۇلۇش تېز ئېلىپ بېرىلدى. تۆت بىنالىق ئىمارەت پۈتتى. كىشىلەر سېتىۋېلىپ، بۇ بىنالارغا ئورۇنلاشتى، شۇندىلا مېھرىگۈل قىزى ئارقىلىق ئاتايدىن گەپ ئالدى ۋە چولپاننىڭ ئائىلىسىگە ئەلچى كىرگۈزدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

# خاتىمە

بۈگۈن مېھرىگۈلنىڭ سەيلىگاھىنىڭ تۆكمە كۈنى، مېھرىگۈل ۋە ئۇ باشلىغان تۈل خوتۇنلارنىڭ قۇتلۇق بايرىمى. بۈگۈن ئۇنىڭ بېغى، شىپاڭلىرى سەيلىگاھچىلار بىلەن تولغان، خوتۇن- قىزلار ئەتىرگۈل، قىزىلگۈللەرنى ئۈزۈپ، پۇراپ - پۇراپ تويماي، قولىقىغا قىستۇرغان، سەيلىچىلەر ئىككى قەۋەتلىك، ئاق مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇرغان شىپاڭنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقىپ مېھرىگۈل باشچىلىقىدىكى تۈل خوتۇنلار بەرپا قىلغان باغ، گۈللۈك، ھەر خىل ئويۇنچۇقلار، ئورمانىنى ۋە شوخ ئەزىم دەريانى تاماشا قىلماقتا. شىپاڭنىڭ بىر ئىشىكى ئىلى دەرياسىغا قارىتىلغان، ياشلار بۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، دۆڭنى يېرىپ ئاچقان يول بىلەن دەريا بويىغا بېرىشماقتا، ئۇلار تامبىلىدىن باشقا كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، دەريانىڭ شوخ سۈيىدە ئۈزۈپ راھەتلىنەمەكتە.

— مېھرىگۈل ھەدە، مۇئەللىم كېلىۋاتىدۇ!

مېھرىگۈل نازۇكئاي كۆرسەتكەن باغ يولىغا قارىدى، ئۇ دەرۋازىدىن شىپاڭغىچە ياسالغان ئاسفالت يولدا ئىككى تەرەپكە ھەۋەس بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان مۇئەللىمنى كۆردى ۋە ئالدىغا ئوقۇغۇچىسىدەك يۈگۈردى. مۇئەللىم نەچچە يىل ئىچىدىلا قېرىپ قاپتۇ، ئۇ داۋۇتنىڭ، نۇرگۈلنىڭ ۋە تۈل خوتۇنلارنىڭ تويلىرىغا كەلگەندە بەك تىمەن ئىدى، ئۇ ئەمدى ھاسىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئەمما مۇئەللىم قېرىغىنىغا تەن بەرگۈسى كەلمىگەندەك،

مەزمۇت دەسسەپ مېڭىۋاتىدۇ، چىرايى يەنىلا قىزىل، نۇر يې-
غىپ تۇرىدۇ، يۈزىدىن تەبەسسۇم كەتمەپتۇ. مېھرىگۈل ۋە ئۇ-
نىڭ دوستلىرى مۇئەللىم بىلەن ئىللىق، تۇغقانلارچە كۆرۈش-
تى، سىپايە ئەھۋال سوراشتى. مۇئەللىم ئۇلارنىڭ بۇ خىل
سىپايە مۇئامىلىسى، يۈزۈر كېيىنىشلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى
ئەينى چاغدىكى تۈل خوتۇنلارغا ئوخشىتالمىدى، بەلكى ئالىي
مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشاتتى. مېھرى-
گۈل ئۇستازىنى كەينىگە قايتۇرۇپ، مۇرابىبا - گۈلقەنت زاۋۇتى-
غا ئېلىپ باردى. گۆش كونسېرۋا زاۋۇتى، قېزىخانىلىرىنى
كۆرسەتتى.

— ئەمدىچۇ قىزىم، مېنى ھېلىقى سىز يۆلەۋاتقان تۈل -
خوتۇنلارنىڭ ئۆيلىرىگە باشلاپ بېرىڭ، — دېدى مۇئەللىم.

— ئاپتوموبىلنى چاقىرىڭ، — دەپ مېھرىگۈل داۋۇتقا پى-
چىرلىدى.

— قېرىساممۇ كۈچ - قۇۋۋەتتىن ئايرىلمىدىم، يىلىكىم
پۈتۈن، پىيادە بارايلى، — دېدى مۇئەللىم مېھرىگۈلنىڭ نىيى-
تىنى بىلىپ.

مۇئەللىم ھەربىر تۈل خوتۇننىڭ قورۇسىغا كىردى. قوتان-
لاردىكى ئوتتۇز - قىرىق تىن قوي، ئۆچكە، كاتەكلەردىكى
توخۇلارنى كۆردى. بۇلارنىڭ خوجايىنلىرى بولغان تۈل خوتۇنلار
بىلەن سۆزلەشتى. مۇئەللىم ھەممە قورۇغا كىرمەكچى بولۇۋې-
دى، مېھرىگۈل:

— ئۇستاز، ھەممە تۈل خوتۇنلارنىڭ قورۇسىدا مۇشۇنداق
قوتاندا بورداۋاتقان قويلار، سىيىرلار ۋە توخۇلار بار. سىز
چارچاپ قالدىڭىز، قورسىقىڭىزمۇ ئېچىپ كەتكەندۇ، شىپاڭغا
قايتايلى، — دەپ ئېلىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

مۇئەللىمنىڭ كۆزى باغقا سەيلە ـ ساياھەتكە كىرگەن ھەر-
خىل ياشتىكى ئەر ـ خوتۇنلاردا ئىدى. جۈپ ـ جۈپ ئوغۇل-
قىزلار ئالما دەرەخلىرى ئارىسىدا يۈرۈشەتتى. ئۇششاق بالىلار
مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ ئوينىشىۋاتاتتى.

— بۇ بالىلارمۇ باغقا بىر سوملۇق بىلەت ئېلىپ كىرەمدۇ؟

— بۇلار مەھەللىمىز بالىلىرى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇ-
غۇچىلىرى بولغاچقا مېھرىگۈل ھەدەم ئۇلاردىن بىلەت ئالماڭلار،
مەن ئاشۇ بالىلار ئۈچۈن باغ بەرپا قىلدىم، دەپ پۇلسىز كىرگۈ-
زۈشنى يولغا قويغان. ئۇلارنىڭ ئاكا ـ ھەدىلىرى ئوقۇۋاتقىنىدا
مۇشۇ ئالما قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنى تى-
كىشكەن، — دېدى تۇرانقىز.

مۇئەللىمگە ئوخشاش بوۋاي ـ مومايلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار
ئاستا مېڭىشىپ باغنىڭ ئاستىدىكى چىملىقلاردا ئايلىنىپ يۈرۈ-
شەتتى. مۇئەللىم مېڭىپ كېتىۋېتىپ باغنى تاماشا قىلارىكەن،
ئالما دەرەخلىرى ئارىسىدىكى ياپيېشىل چىملىق ئۈستىدە قەد
كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر شىرەلىك شىپاڭلارنى، شىپادا شىرەنى
چۆرىدەپ يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان ھەرخىل ياش-
تىكى خوتۇن ـ قىزلارنى كۆردى. ئۇلار شىرەگە تىزىلغان
مېۋە- چېۋە، مەززىلىك تائاملارنى ھوزۇر قىلىپ يېيىشىۋاتات-
تى، ياپيېشىل چىملىقتا سېلىنغان گىلەم ـ پالازلار ئۈستىدىكى
يۇمشاق كۆرپىلەردە بەدەشقان قۇرۇپ ۋە ياكى يەك تىز بولۇپ
ئولتۇرغانلار سازغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىشىۋاتاتتى، ئوت-
تۇرىدا بىر نەچچە جۈپ قىز ـ يىگىت ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى.
ئالما شاخلىرى ئارىسىغا قونغان بۇلبۇللار ئۇلار بىلەن بەسلەش-
كەندەك سايرىشاتتى. ئۇلار شىپاڭغا كىلىشتى. مۇئەللىم ئالتە
قىرلىق، ئالتە پەلەمپەيلىك شىپاڭنىڭ ئۈستى چادىر شەكلىدە

ئاق قاڭالتىر بىلەن يېپىلغىنىغا، ئۇنىڭ ئاق مەرمەردەك پارقى- راپ تۇرغىنىغا قاراپلا قالدى. مېھرىگۈل مۇئەللىمنى شىپاڭنىڭ بىرىنچى قەۋىتىگە باشلاپ كىردى. ئوتتۇرىسىغا قويۇلغا بورت تاختىلىرىدا ياش بالىلار بورت ئويناۋاتاتتى، چۆرىسىگە VCD ئاپپاراتلىرى، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقلار قويۇلغانىدى. ئۇلارنى كىچىك بالىلار قىزىقىپ ئويناۋاتاتتى. مۇئەللىم بۇ يەردىن چى- قىپ، ئاق مەرمەر پەلەمپەيگە قەدەم قويدى. ئۇ پەلەمپەي سالا- سۇنىغا تايىنىپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى ۋە شىپاڭنىڭ ئىك- كىنچى قەۋەت گىرۋەكلىرىگە ئويۇلغان گۈل نەقىشلىرىنى تاماشا قىلدى. ئۇ بىر تۈۋرۈك بىلەن يەنە بىر تۈۋرۈك ئارىلىقىدىكى گىرۋەك ئاستىغا ئويۇلغان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ باش سۈرىتىگە ھۆرمەت كۆزى بىلەن تىكىلدى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا ئويۇلغان خەت- لەرنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
مېنى قېرىتىمەن، دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.

ئۇ ئوقۇپ بولۇپ ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى:
— لوتۇن دۇنيادا بىرىنچى بولۇپ يىللارغا لايىقىدا جاۋاب بەرگەن ئۇلۇغ شائىر. بۇ شېئىردىكى روھ مېھرىگۈلنىڭ ئىرا- دىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مېھرىگۈل ئۈچ پەرزەنتىنى يېتىشتۈ- رۈپ ۋايىغا يەتكۈزدى.
— سىز بەرگەن بىلىمنىڭ خاسىيىتىدە ئەزىمەتنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى ئىلىم - پەنگە تايىنىپ، جەمئىيەتكە ئازراق

www.uyghurkitap.com

ئىش قىلىپ بەردى. ئەزىمەت شۇ تاپتا ئوغۇللىرى بىلەن قىزى-دىن، ۋە مەندىن رازى بولسىلا بولغىنى، ئۇنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىنى ئادا قىلغىنىمدىن خۇشمەن.

— سىزدىكى ئىرادە پولاتتىمۇ يوق. سىز تەڭرىتاغلىرىدەك مەزمۇت تۇرۇپ، ئېرىڭىزنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇردىڭىز. ھەممە تۇل خوتۇنلار سىزدەك مەردانە ياشىغاي، — دېدى مۇئەللىم مەنىلىك قىلىپ.

مۇئەللىمنىڭ مېڭىسىدە ئۆتكۈر پىكىر دۇردانىلىرى پەيدا بولدى. كۆزلىرى زېمىننىڭ ھەربىر گۈزەللىكىدە ئىدى. مۇئەللىم پىكىر ئېقىمىغا تولغان ھالدا يىراققا نەزەر سالدى. ئىلى دەرياسى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ، كۈمۈش يولدەك ئىز سىلىپ ئاقاتتى، مۇئەللىمنىڭ لەۋلىرىدىن يالقۇن دۇردانىلىرى تۆكۈلدى:

— ياھ، بۇ زېمىننى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كېتىۋاتىمەن. بىزنىڭ مىللىتىمىز ئەزەلدىن مۇشۇنداق قاقاسلىقلارنى باغۇ - بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ كەلگەن، باشقىلارمۇ مېھرىگۈلدەك بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ، يارامىلىق ئادەم قىلسا، زاۋۇتلار قۇرسا، باشقىلار يول ئۇچۇن بۇزغان زېمىنىمىز ۋە قاقاسلىق، تاشلىق يەرلەرنى باغۇ بوستانلىققا، گۈلزارلىققا ئايلاندۇرسا، بۇ زېمىن ھەقىقىي ئالتۇن زېمىنغا ئايلىنىدۇ. پۇلدار خوجايىنلار مېھرىگۈلنىڭ يولىدا ماڭسا يۈز مىڭلىغان ئىشسىز ياشلارنى ئىش بىلەن تەمىنلىگەن بولاتتى، زېمىنىمىزدا لاغايلاپ يۈرىدىغانلار، ئاچ - يالىڭاچلىق قالمىغان بولاتتى. مانا، — دەپ مۇئەللىم مېھرىگۈلگە يۈزلەندى، — سىز بالىلىرىڭىزنى ئوقۇتۇپ ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك ئادەملەرگە ئايلاندۇردىڭىز، بالىلىرىڭىز سىزنىڭ ئىزىڭىزنى بېسىپتۇ. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپمۇ ئىش-

سىز يۈرگەنلەرنى ئىش بىلەن تەمىنلەپتۇ، بىز مانا شۇنداق
باشقىلارغا يالۋۇرماي، ئۆزىمىزگە تايىنىپ ياشاشنىڭ يولىنى
تېپىشىمىز كېرەك. زېمىنىمىزنىڭ بايلىقى مول، ئالتۇندىن
قىممەت. يول تاپساق بۇ بايلىقتىن تولۇق بەھرىمەن بولالايمىز.
ئاتاي ئۆز زېمىنىغا بىنا سېلىپ پۇل تاپتى، بوۋا - مومىسى،
سىز ۋە ئاكا - ھەدىسىنى ئاشۇ بىناسىغا ئولتۇرغۇزۇپ خاتىرجەم
قىلدى. يەر — ئالتۇن قوزۇق دېگىنىمىز مانا شۇ. بىز ئاتا -
بوۋىمىزنىڭ كەڭ قورساق، مېھماندوست پەزىلىتىنى داۋاملاش-
تۇرايلىكى، ھەرگىز قىزىل كۆزلەرنى دورىمايلى. بەزى پۇل
تاپقان كىشىلەر بۇ زېمىننىڭ بايلىقىنى شۈلۈكتەك شوراپ،
تويماس قارنىغا تىقىۋاتىدۇ، ئەۋلادلىرىمىزغا بىرەر نەرسە قالدۇ-
رۇشنى ئويلىمايۋاتىدۇ، ھەتتا ئاتا - بوۋىمىز بەرپا قىلغان باغۇ
بوستانلىقلىرىمىزنى بۇزۇپ، زاۋۇت - كارخانا قۇرۇۋاتىدۇ،
بۇنداق بىنالار چۈشكەنلا يەردە يېشىللىق، دەل - دەرەخ يوقاۋا-
تىدۇ. ئۇلار يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ھەرخىل ئېسىل نەرسىلەر-
نى ئىشلەپچىقىرىپ بايلىق توپلاۋاتىدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن مېھ-
رىگۇلدەك قاقاس، تاشلىق يەرلەرگە زاۋۇت، بىنا سالمايدۇ؟
نېمە ئۈچۈن مېھرىگۇلدەك، بۇنداق تاشلاندۇق يەرلەرنى باغۇ
گۈلزارلىققا ئايلاندۇرۇپ، خەلقنى راھەتلەندۈرمەيدۇ؟ ئۇلار
قىلچىمۇ خەلقنى ئويلىمايدۇ، ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرۇشنىلا
ئويلايدۇ، مەئىشەتلىك تۇرمۇشنىلا ئويلايدۇ. بىز ئۇلارنى دورى-
ماي، مېھرىگۇلنى دورىشىمىز، مېھرىگۇلدەك يىراققا نەزەر
سېلىپ باشقىلار تۈگەتكەن بايلىقلارنى قايتا يارىتىپ، ئەۋلادلى-
رىمىزغا قالدۇرۇشىمىز كېرەك. مانا بۇ ياشاشنىڭ ھەقىقىي
قىممىتى!
ئۇنىڭ بۇ مەنىسى چوڭقۇر سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلا-

www.uyghurkitap.com

ۋاتقان داۋۇت، خاسىيەت، تۇرانقىز، بەختىگۇل، تۇردى، تۇرغۇنئاي، ھېزىم، كامىل، نازۇكئاي، گۆھەرلەر ۋە باشقا سايابەتچىلەر زوقلاندى، مۇئەللىمگە ھەشقاللا ئالقىشى ياڭرىتتى.

مېھرىگۇل مۇئەللىمنى دەريانىڭ ئۇدۇلىدىكى پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى. گۆھەر كېلىپ مۇئەللىمنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ چۈشۈردى. ئۇلار دەريانىڭ قىرغىقىغا چىقتى. سالقىن شامال ئۇلارنى قارشى ئېلىپ يۈزىنى سىپاشتى، ئۇلار كۆپ چىقىش تەرەپكە ماڭدى، مۇئەللىم كۆز ئالدىدىكى ئۇزۇن كەتكەن دەريانىڭ قىرىدىن تارتىپ باغقا تۇتاشقان قېلىن ئورمانغا بىئىختىيار كۆز تاشلاپ تۇرۇپ قالدى.

— بۇ بىزنىڭ دەريا سۈيى زېمىننى يالاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بەرپا قىلغان ئىھاتە ئورمىنىمىز، كۆلىمى 2000 مو، بىر سوملۇق بىلەت ئېلىپ بۇ ئورمانغا كىرگەن سايابەتچىلەر خالىغانچە سەيلە قىلىدۇ، بۇ يىل 200 مىڭ سوم سەرمايە چىقىرىپ، ئۆيمانلارنى تىندۇرۇپ، يول ياسىدۇق، بىر چوڭ سۇ ئۈزۈش كۆلى قازدۇق، — دېدى مېھرىگۇل.

— ئورمان، باغ، گۈلزارلىق، دەريا مانا بۇلار ئىنسانلارغا ساپ ھاۋا، ساغلاملىق بېغىشلايدۇ، — دېدى مۇئەللىم، — بۇزۇلۇۋاتقان ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ ۋە تولۇقلايدۇ.

— سىز كۆرستا ئۆتكەن دەرسلىرىڭىز بويىچە مۇشۇنداق قىلىشقا، تەبىئىيلىكنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتۇق، — دېدى مېھرىگۇل.

داۋۇت مۇئەللىمنى قولتۇقلاپ، دەريا قىرىغا سېلىنغان يەنە بىر ياغاچ شىپاڭغا باشلىدى، 12 تۆۋرۈكلۈك بۇ ئۇزۇن شىپاڭنىڭ چۆرىسى سالاسۇنلۇق بولۇپ، ئىچىگە گىلەم، گىلەمنىڭ

چۆرىسىگە كۆرپە سېلىنغانىدى، بۇ يەردىكى ياش مېھمانلار دۇر-رىدە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، كىرگەنلەرگە سالام قىلىشتى. مېھ-رىگۇل ئۇلارغا مۇئەللىمنى تونۇشتۇردى.

— ئەزىمەت، داۋۇت، ئۇچىمىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىمىز، كېيىنكى چاغلاردا بىزگە كۆكەرتىش ھەققىدە تەلىم - مەسلىھەتلەر بېرىپ كەلگەن ئۇستازىمىز. سىلەرنىڭ ئۇستاز بوۋاڭلار!

ئاندىن ئۇ قىزى، ئوغۇللىرى، كېلىنلىرىنى تونۇشتۇردى.

— بىلىمەن، نۇرگۇلنىڭ ئەرەنچە ياسىنىپ ئالمۇتىغا چىق-قىنىنى، نۇرتايىنىڭ سودا ئىلمى بىلەن ساۋۇتنىڭ تەجرىبىسىنى بىرلەشتۇرۇپ نەتىجە قازانغىنىنى، ئاتايىنىڭ بىنا سالغىنىنى، چولپاننىڭ يۇلتۇزدەك تۇل خوتۇنلارنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ قوي بورداتقىنىنى بىلىمەن، گۇلزار ۋە ئۇنىڭ ئاپىسى ھەجەر خانىم-نىمۇ ئوبدان بىلىمەن.

— قانداق بىلىسىز مۇئەللىم؟ — دەپ سورىدى تۇرغۇنئاي.

— مېھرىگۇلنى بىلىش ئۇچۇن بالىلىرىنى بىلىش كېرەك. ھەجەر خانىم، دادىڭىز ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ، ئېلىپ كەلسىڭىز بوپتىكەن.

— قېرىپ قالدى.

— مەندىنمۇ قېرىمۇ؟

— ياقەي، سىز تېخى ياشلاردەك تىمەن.

— ھەي، توقسان باھار - يازنى ئۆتكۇزدۇق. بىر پۇتىمىز گۆرگە ساڭگىلىدى، دەڭا.

— يەنە ئۇزۇن ئۆمۇر كۆرىسىز، بىزنىڭ ئەتىر زاۋۇتىمىز-نى كۆرىسىز، — دەپ مېھرىگۇل ئۇنى تۆرگە ئۆتكۈزدى. مۇئەل-لىم دۇئا قىلغاندىن كېيىن، مېھرىگۇل شۇنداق دېدى، —

www.uyghurkitap.com

قەدىرلىك ئۇستاز، ئاتايىنىڭ تويىغا كەلمىدىڭىز، ھەر ھالدا بۇگۇنكى چىللاقتا كەلگىنىڭىز بەك ئوبدان بولدى. ھازىر بىزنىڭ قۇدامدىن باشقىلار كېلىپ بولدى. قۇدام كەلگۇچە ياشلىرىمىزغا بىر ئاز تەلىم بېرىپ قويالارسىزمۇ؟ ئەگەر ئېغىر كۆرمىسىڭىز.

— بىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇرچى بالىلارغا بىلىم بېرىشتۇر. ئەگەر ياشلىرىمىز زېرىكمەي ئاڭلىسىلا بىرنەچچە ئېغىز پاراڭ قىلىپ بېرەي.

— ئاڭلايمىز، — دەپ چۇرقىراشتى ياشلار.

— بالىلىرىم، ھەرقاچان، ھەردائىم مېھرىگۇلدەك ياخشى-لىقنى دوست تۇتۇڭلار. ئۇ ھە دېگەندە، ئائىلىق مېھرى بىلەن ئۇچ بالىسىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشنىڭلا غېمىدە ئەڭ ئېغىر ئەمگەكلەرگە قىلدى. كېيىن يول تېپىپ ئۆلدى، يېرىم ئاچ-يېرىم توق يۇرگەن تۇل خوتۇنلارغا ياردەم قىلدى. بۇ ياخشىلىقى ئۇنىڭغىمۇ ياخشىلىق ئېلىپ كەلدى، روناق تاپتى، مىليونىر بولدى. ئۇ ئۆزىنى بېيىتىش بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى. ئۇ يېرىم ئاچ - يېرىم توق يۇرگەن تۇل خوتۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ يېتىم بالىلىرىنى ھامىيلىققا ئالدى.

مېھرىگۇل ئۆزىنى ماختىشقا خىجىل بولدىمۇ ياكى بىرەر ئىشى چىقتىمۇ، ئاستا چىقىپ كەتتى. خاسىيەتقىز سۆز قىس-تۇردى:

— 42 تۇل خوتۇننىڭ 51 بالىسى ئوقۇشتىن قالغانىدى، مېھرىگۇل ئۇلارنىڭ ئوقۇش راسخوتىنى تۆلەپ قايتا مەكتەپكە ئەكىردى، ئۇلارنىڭ يەنە كىيىم - كېچەكى، كىتاب - دەپتەر پۇللىرىنىمۇ بەردى. بۇ بالىلارنىڭ ئالدى ھازىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ، مېھرىگۇل ئۇلاردىن ئىقتىسادى ناچارلىرىنىڭ ئو-قۇش راسخوتىنى ئۇستىگە ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

— مانا، ئۇ نېمىدېگەن مەرىپەتپەرۋەر ـ ھە، بايىلا كۆرۈپ كەلدىم، — دېدى مۇئەللىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەھەللىدىكى تۇل خوتۇنلار 30 ـ 40 تىن قوي بورداۋېتىپتۇ، ھەممىسىنىڭ سېغىن سىيىرى بار ئىكەن، بىرمۇ مېكىيىنى يوق تۇل خوتۇنلارنى ئاپىسىنىڭ يولىنى تۇتقان ئاتاي بىلەن چولپان قىز يۆلەپ ھاللىق تۇرمۇشقا ئىگە قىپتۇ. بىكارچىلىق بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، بىكارچىلىق سىزنى ھەرخىل كويلارغا سالىدۇ. بۇ يەردە بارمۇ ـ يوق، بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، بىر ياش كومۇنانىڭ قاتتىق تۈزۈمى، ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ كۆپچىلىكنىڭ بايلىقىنى بۇزۇپ ـ چېچىشى تۈپەيلى ئىشچان يىگىتتىن مەككىنىڭ رۇدىپىيىغا ئايلانغانىدى. ئۇنى مېھرىگۈل ئۆزىنىڭ توغرا يولىغا باشلىدى. ئۇ چىرايلىق قىزغا ئۆيلىنىپ بېيىدى، ھازىر ئۇ ئابرۇيلۇق ئادەم بولدى.

تۇردى پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. تۇرغۇنئاي ئۆزىنى «چىرايلىق» دېگىنىدىن خۇش بولۇپ، تۇردىغا ئوتلۇق كۆزىنى تاشلىدى. مۇئەللىم سالماق ئاۋازدا، خۇددى سىنىپتا دەرس ئۆتكەندەك، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپادىن قېچىڭلار، بۇ سىزنى رەسۋايى ئەزىم قىلىدۇ. شەھىرىمىزدە تۇنجى بولۇپ تىجارەت باشلاپ خەلقئارا سودىگەر دەرىجىسىگە يەتكەن بىر قېرىندىشىمىز ئالمۇتىدا ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەنىدى، ئاقىۋىتى نېمە بولدى؟ بار دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ، كوچىدا قالدى، نۇرتاي ئۇنى ۋاقتىدا قۇتقۇزمىغاندا، ئۇ توڭلاپ ئۆلگەن بولاتتى. بۇلارنى نېمىشقا دەۋاتىمەن؟ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن!

چىللاققا ساۋۇت ساختا كەلمىگەنىدى. ئەمما مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلار ئۇ دەۋاتقان سودىگەرنىڭ ساۋۇت ساختا ئى-

كەنلىكىنى بىلدى.

— ھازىر ياشلىرىمىز ئارىسىدا زەھەرلىك چېكىملىكتىن ئىبارەت خەلقىمىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى تەرپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلۈۋاتقانلار كۆپ، بۇ ئەخمەقلەر ئۆزلىرىنىڭ ياش ھاياتىنى زەھەرلەپلا قالماي، پۈتكۈل ئائىلىسىنى زەھەرلەپ ۋەيران قىلىۋاتىدۇ. بىز ھاياتىمىزنى ئۈمىد بىلەن ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك. مەھەللەڭلەردىن بىر ئۈمىدۋار تۇل ئانا چىقتى، ئۇ كۈرمىڭ قىيىنچىلىقلار، ئېغىرچىلىق، جاپا - مۇشەققەت، ھەسرەت- نادامەتلەرنى يەڭدى، قانداق قىلىپ يەڭدى؟ ئۇ ھاياتقا ئۈمىد بىلەن قارىدى، شۇڭا قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كەلدى. بىز ئۇنىڭدەك ئۈمىدۋار بولۇپ، ئۇنىڭدەك ھەممە بىلەن ئىناق ئۆتۈشىمىز، با مەسلىھەت بىلەن ئىش كۆرۈشىمىز، خۇش مۇئامىلىلىك، ئەمما پولات ئىرادىلىك بولۇشىمىز كېرەك. مەن ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىمەن!

ئۆزلۈكىدىن ياڭرىغان ئالقىش ساداسى دەريانىڭ شاۋقۇنىنى بېسىپ كەتتى. بۇ ئالقىش ياڭراتقانلار ئاتاي، چولپان، نۇرتاي، نۇرگۈللەرنىڭ دوستلىرى ئىدى. ئۇلار توقسان قىش ۋە يازنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان مۇئەللىمنىڭ قورۇقلىرىغا، ئاپئاق چاچ ۋە كەسمە بۇرۇتىغا قاراپ چاۋاك چالاتتى. مۇئەللىمنىڭ ئاغزىدىن چىققان دۇردانىلەر ياشلارنى ھېكمەت دۇنياسىغا باشلىغانىدى. بۇ ئالقىشنىڭ ئاخىرى مېھرىگۈل باشلاپ چىققان يېڭى قۇدىلارغا تەقدىم قىلىندى. مېھرىگۈل چولپاننىڭ دادىسىنى مۇئەللىمنىڭ سول تەرىپىگە، قېيىناتىسىنى ئوڭ تەرىپىگە، چىشى قۇدىسى بىلەن قېيىنانىسىنى ھەجەر بىلەن نۇرگۈلنىڭ قېينانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئولتۇرغۇزدى. ئاشخانىنىڭ چاققان كۈتكۈچى قىزلىرى خاسىيەتنىڭ ئىشارىتى بىلەن قولىغا سۇ ئالدى، داستىخان سالدى. داستىخان يازنىڭ نازۇ نېمەتلىرى، تاتلىق- تۈرۈم، زاۋۇتنىڭ بولكا - پېچىنىلىرى بىلەن تولدى.

— ئەزىز مېھمانلار، — دېدى مېھرىگۈل پەگادا قول قوش-تۇرۇپ تۇرۇپ، — داستىخانغا باقىلى.
سىن چايدىن كېيىن، ھورنان، تۇخۇم پوشكىلى، قورداق، ۋەنزە، قىيما ۋە تونۇر كاۋاپلار، «دەريانىڭ ئادەم يامپىشىدەك يوغان بېلىق قورۇمىسى تارتىلدى. مېھمانلار «ئېلىڭلار، بېقىڭ-لار!» دەپ ئۆزئارا تەكلىپ قىلىشىپ بۇ مەززىلىك تائاملارنى يېيىشكە باشلىدى. سازەندىلەر ئىشتەي نەغمىسىنى باشلىۋەتتى، دەرەخ شاخلىرىدىكى قۇشلار داستىخانغا ھېرىسمەنلىك بىلەن قارىشىپ تۇرغانىدى، ساز چېلىنغان ھامان سايراشقا باشلىدى. قۇشقاچلار شاختىن - شاخقا سەكرەپ ۋىچىرلاشتى. «كاككۇك» دېگەن جاراڭلىق ئاۋاز ئالاھىدە ئاڭلىناتتى، بۇلبۇللارنىڭ ناۋا-سى سازدىنمۇ يېقىملىق ئىدى. دەريا دولقۇنلىرىنىڭ شارىلدى-شى، قۇشلارنىڭ بەزمىسى، سازنىڭ نەغمىسى قوشۇلۇپ، مېھ-مانلارغا ئاجايىپ بىر ئومۇمىي خور تەقدىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشتىيىنى ئاچتى، ھە، تەبىئەت ئەلمىساقتىن بېرى ئىنسانلار-نى بېقىپ كەلگەن، ئىنسانلارغا ھوزۇر - ھالاۋەت، شادلىق ئاتا قىلىپ كەلگەن، ئۇلارنى ساغلام، باتۇر، ئەقىللىق، دانا قىلىپ يېتىشتۇرگەن. بۇنى بىلگەن مېھمانلار ئۆزلىرىنى تەبىئەت قوي-نىغا باشلاپ كېلىپ، ھوزۇرلاندۇرغان مېھرىگۈل ۋە ئۇ باشلى-غان تۇل خوتۇنلارغا رەھمەت ئېيتتى. رازى - رىزا بولدى.
تائام يېيىلىپ، داستىخانلار يىغىلدى، ساز ئەمدى ئۇسسۇل پەدىسىگە چېلىندى. مېھرىگۈل ساھىبخان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇسسۇلنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭغا نۇرگۈل جورا بولدى، داۋۇت، كامىللارمۇ چۈشتى، مېھرىگۈل نازۇكئاينى ئۇسسۇلغا تارتىپ قويۇپ چەتكە چىقتى، نۇرگۈل ئېرىنى ئۇسسۇلغا تارت-تى، ئۇلار بىرنەچچە بېقىشىپ ئويناپ، نۇرتاي بىلەن گۈلزارنى تارتتى، نۇرتاي ئۇسسۇلنى ياخشى بىلمىگەچكە قوللىرىنى پۇلاڭ-لىتىپ قويۇپلا ئاتاينى، گۈلزار چولپاننى تارتتى. چولپان تار-

تىنىپ چۆشمىگەندە، ئۆنىڭ قىز قولدىشى قولىدىن شۆرەپ چۆشۆرۆپ ئۆزىمۇ ئويناپ كەتتى. ئاتاي چولپان بىلەن بېقىشىپ ئوينىدى.

مېھرىگۆل ئەمدى «ئۆھ» دېيىشنىڭ ئورنىغا ئۆزى يېتىلىش-تۆرگەن قىزىلگۆلدەك ئېچىلدى. ئۆنىڭ جاراڭلىق كۆلكىسىدىن بالىلىرىمۇ خۆش بولۆپ، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كۆلدى. نۆر-گۆلنىڭ بەش ياشلىق قىزى، نۆرتاينىڭ ئۆچ ياشلىق ئوغلىمۇ كۆلمەكتە. ھەجەر بۆۋى، قۆدىلارمۇ كۆلمەكتە، ئاتاينىڭ بىرمۆ چىشى قالمىغان بوۋا ـ مومىسىمۆ كاما ئېغىزىنى ئېچىپ كۆل-مەكتە، ئۆلار كېلىنى، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىدىن زوقلىنىپ كۆل-مەكتە ئىدى. مېھرىگۆلنىڭ قولىغا قول، پۆتىغا پۆت بولغان خاسىيەت، تۆرانقىز، تۆرغۆنئاي، نازۆكئاي، گۆھەرلەرمۆ كۆ-لەتتى. ئۆسسۆل ئوينايتتى، ناخشا ئېيتاتتى، داۋۆت مېھرىگۆل-نى بىئارام قىلغان ناخشىنى «ئاغىنەمنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرەي» دەپ ئەزىمەتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىپ ناخشا ياڭراتتى.

— ھە، ئويناڭلار، كۆلۆڭلار، بالىلىرىم، — دېدى ھايا-جانلانغان مۆئەللىم، — بۆ سىلەرنىڭ ھاردۆق چىقىرىدىغان كۆ-نۆڭلار!

2001 ـ يىلى 6 ـ ئاي

[General Information]
书名=土地之情　维吾尔文
SS号=40300809